نۇشرۋان يائوشېف

# ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن



ISBN 978-7-105-12668-2

定价：35.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net



[redacted]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نۇشرۋان يائۇشيۋ

# ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئۆمەرجان نۇرى
ئابلىز ئورخۇن

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن

1993 ـ يىللىق «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدا
يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى شاھ
مەخمۇت جوراسنىڭ «ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» نامـ
لىق تارىخىي ئەسىرى ئېلان قىلىندى. ئەسلىي پارسچە يېـ
زىلغان بۇ ئەسەرنى 1916 ـ، 1917 ـ يىللاردا شىنجاڭدا كەڭ
كۆلەملىك جەمئىيەت تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە بولغان ياش
تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائۇشېف خوتەندىكى ساياھىتى مەزـ
گىلىدە، قاراقاشلىق ئۆلىما ئەيسا قازى دېگەن زاتتىن ئاردـ
يەتكە ئېلىپ، تاتارچىغا تەرجىمە قىلىپ، تاتارىستاندا چىـ
قىۋاتقان يېرىم ئايلىق ژۇرنال «شۇرا»دا ئۇلاپ ئېلان قىلغان.
1990 ـ يىللاردىكى ئىمكانىيەتنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلىـ
دىن قولىمىزدا نوشىرۋان يائۇشېف ھەققىدە تۈزۈكرەك مەـ
لۇمات بولمىغاچقا، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدا
نوشىرۋان يائۇشېف ھەققىدە ھېچقانچە چۈشەنچە بېرىلمىگەـ
نىدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە شۇ ژۇرنالدا ھۇسەيىن ئەبەيدۇللانىڭ
نوشىرۋان يائۇشېف ۋە ئۇنىڭ ساياھىتىگە دائىر قىسقا ماقاـ
لىسى ئېلان قىلىندى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئوقۇرـ
مەنلىرى ئارىسىدا نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە
ھەرھالدا بىر چۈشەنچە پەيدا بولغان بولسىمۇ، تاكى 2000 ـ
يىللارغا قەدەر، بۇ ھەقتە قانائەتلىنەرلىك بىر مەلۇماتقا ئېـ
رىشەلمەي كەلدۇق. 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «شىنجاڭ
تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدا نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ھاياتى
ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات



يۇرگۈزگەن ياپونىيەلىك ئوئىشى شىنئىچىرو ئەپەندىنىڭ «نوشىرۋان يائوشىپىنىڭ ساياھىتى ھەققىدە» ناملىق بىر پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ نوشىرۋان يائوشىپىنىڭ ۋاپاتىدىن 80 يىل كېيىن يېزىلغان، ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئىلىم ئەھلىگە قايتا تونۇتۇلغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئەمگەك ئىدى. بىز مۇشۇ ماقالىدىن نوشىرۋاننىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق ئۇچۇرغا ئېرىشتۇق.

ئوئىشى قاتارلىق بىرنەچچە ياپون ئالىمىنىڭ ماقالىلىرىنى ياپونچىدىن تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە سۇنغان ھەمدە مۇشۇ كىتابنى تۈزگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان تارىخچى ئۆمەرجان نۇرى ئوئىشىنىڭ 2002 - يىللاردىكى خوتەن ساياھىتىدە ئۆزىنىڭ نوشىرۋان يائوشىپىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىستىكىنى بىلدۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئوئىشى شىنئىچىرو ئەپەندى نوشىرۋان ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يىل تەرتىپى بويىچە تۈرغۇزۇلغان ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى ۋە شىنجاڭغا ئائىت بارلىق ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

ئەنە شۇ ئاساستا بىز نوشىرۋاننىڭ ماقالىلىرىنى ئودۇللۇق نەشرگە تەييارلاپ «مىراس» ۋە «كۆكبۇلاق» ژۇرناللىرىدا نەشر قىلدۇردۇق. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق سانلىرىدا ئۇلاپ بېسىلدى. ئاز كەم 100 يىل ئىلگىرىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەققىدە يېزىلغان بۇ ماقالىلەر ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا كاتتا قىزىقىش پەيدا قىلدى، بىر قىسمى قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا كۆچۈرۈپ بېسىلدى. نوشىرۋاننىڭ ژۇرنال خاراكتېرىگە ماس كەلمەيدىغان يەنە بىرمۇنچە ماقالىسى تېخىچە نەشر قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇراتتى، مۇشۇ پۇرسەتتە بىز

ئاشۇ ماقالىلەرنىمۇ تولۇق ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ بۇ توپلامغا كىرگۈزدۇق. ماقالە ئىچىدىكى بارلىق جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇلار ۋە ئېتنىكناملار «مىراس» ۋە «كۆكبۆلاق» ژۇرناللىرىدا قانداق ئېلىنغان بولسا، بۇ قېتىممۇ شۇ پېتى ئالدۇق. روسىيە دائىرىسىدىكى تۈركىي خەلقلەرگە مۇناسىۋەتلىك «ئايىنە» ۋە «قۇياش»تا ئېلان قىلىنغان 25 پارچە ماقالىسى بۇ كىتابتىن ئورۇن ئالالمىدى. «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان 70 پارچە ماقالىسى ۋە «ۋاقىت» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان 53 پارچە ماقالىسى ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك 91 پارچە ماقالىسىنى تاللاپ نەزىرىڭىزگە سۇندۇق.

ماقالىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇشتا، ئۇنىڭ تۈزگەن تەرتىپتە ئېلان قىلىنغان يىل دەۋرى بويىچە ئورۇنلاشتۇردۇق. ئەسلىدە بىر تېمىدىكى بىر يۈرۈشلۈك ماقالە ئارىسىغا ئارىلاپ باشقا تېمىدىكى ماقالىلەر قىستۇرۇلۇپ قالغان بولغاچقا، ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى.

مەزكۇر توپلامغا بىز نوشىرۋاننىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى، ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئايرىم ماقالە يېزىپ ئولتۇرماي، ياپون ئالىمى ئۇئىشى شىنئىچىرونىڭ ماقالىسىنى يۇقىرىقى سوئاللارغا تولۇق جاۋاب بولالايدۇ، دەپ قاراپ، كىتابنىڭ باش قىسمىغا ئورۇنلاشتۇردۇق. نوشىرۋاننىڭ فوتو سۈرىتىنى ئىزدەپ كۆرگەن بولساقمۇ، تاتارىستان ۋە باشقىرتىستاندا نوشىرۋاننىڭ فوتو سۈرىتى ۋە ئارخىپى تولۇق، بىلىدىغانلارمۇ يوق چىقتى. ھەتتا، مىرقاسىم ئوسمانوف بىلەن ر . ف . مەردانوف تۈزگەن «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ بىبلىيوگرافىك كۆرسەتكۈچى» (قازان، 2000 ـ يىلى، تاتارچە نەشرى)دىمۇ نوشىرۋاننىڭ ماقالىلىرىنىڭ تىزىملىكى كەم چىقتى. شۇڭا، بۇ توپلامنى نوشىرۋاننىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرى تولۇق كىرگۈزۈلگەن دەپ



ئېيتالايمىز.

ھېچبىر ئىش كەم - كۈتىسىز بولمىغىنىدەك توپلامنى تەييارلاش جەريانىدا بەزىبىر سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. بىلگۈچىلەرنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇشۇ پۇرسەتتە بىز بىزنى نوشىرۋاننىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈش ۋە نەشرگە تەييارلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان ھۆرمەتلىك ئۇئىشى ئەپەندىگە سەمىمىي رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

2011 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىچىدىكىلەر

نوشىرۋان ياۋشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە ............
............ ئوئىشى شىنئىچىرو (ياپونىيە) 1
مەركىزىي ئاسىيا ........................ 1
يېرى باينىڭ ئېلى باي ........................ 5
ئۆلۈكتىن ياردەم كۈتۈش ........................ 9
ئالتەشەھەر تۈركلىرى تۇرمۇشىدىن (1) ............ 11
كوچادا ........................ 18
دىن ئالىملىرى ئارىسىدا ........................ 19
ئىلىم تارقىتىش ........................ 25
ئالتەشەھەردە ساياھەت (1) ........................ 30
ئافاق خوجا مازىرى ........................ 44
ئالتەشەھەردە ساياھەت (2) ........................ 48
ئالتەشەھەر تۈركلىرى تۇرمۇشىدىن (2) ............ 55
مەركىزىي ئاسىيا تارىخى ........................ 62
ئارتۇش تەسىراتى ........................ 68
ئالتەشەھەر خەلقى نېمىدىن لەززەتلىنىدۇ؟ ............ 76
ئالدانماڭلار ........................ 81
ئالتەشەھەر تۈركلىرى (1) ........................ 84
ئالتەشەھەر تۈركلىرى (2) ........................ 91
ئىزاھ ........................ 97
چىن مۇسۇلمانلىرى ۋە تۇڭگانلار ........................ 100
خاتىرىلەر ........................ 105
مۇسابايېفلار مويكىسىدا ........................ 108



ئالتەشەھەر تۈركلىرى (3) ........................ 111
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (1) ..................... 117
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (2) ..................... 124
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (3) ..................... 133
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (4) ..................... 143
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (5) ..................... 147
دىنىي ۋە ئېتىقادىي بىر مەسىلە ......................... 152
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (6) ..................... 155
تۈركىي تىل ........................................ 158
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (7) ..................... 164
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (8) ..................... 174
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (9) ..................... 183
تۈرلۈك مەسىلىلەر (1) ............................... 188
تۈرلۈك مەسىلىلەر (2)................................ 202
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (10) .................... 209
ئالتەشەھەر ........................................ 217
ساياھەتتىن بىر پارچە ................................ 220
ئالتەشەھەرلىكلەر ھاياتىدىن (1) ........................ 226
ئالتەشەھەر تۈركلىرى ھاياتىدىن (2) ..................... 237
ئالتەشەھەر تۈركلىرى ھاياتىدىن (3) ..................... 249
ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (11) .................... 261
ئالتەشەھەر تۈركلىرى ھاياتىدىن (4) ..................... 266
چىن مۇسۇلمانلىرى ئۇچۇن شەرىئەت ئىدارىسىنىڭ كېرەك-
لىكى ............................................ 271
كاشغەر خاتىرىلىرى .................................. 276
ئالتەشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار (1) ..................... 283
ئالتەشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار (2) ..................... 288
كاشغەردە ئۆزگىرىش .................................. 293

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ھالىدىن (1) ........................ 294
كاشغەر مەدرىسەلىرى .................................... 297
كاشغەر مۇسۇلمانلىرى ھالىدىن (2) ........................ 301
كاشغەر ....................................................... 303
ئورۇس ۋە چىن مۇسۇلمانلىرى ............................ 305
كاشغەر مۇسۇلمانلىرىدا توي ............................. 306
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (1) .............................. 310
ئالتەشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار (3) ..................... 316
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (2) .............................. 322
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (3) .............................. 326
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (4) .............................. 330
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (5) .............................. 342
خوتەندە مەكتەپ ئېچىلغان ۋاقىت ........................ 347
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (6) .............................. 350
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (7) .............................. 355
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (8) .............................. 362
مەركىزىي ئاسىيادا دىنىي ۋە مىللىي بايراملار .......... 369
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (9) .............................. 371
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (10) ............................. 374
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (11) ............................. 378
چىن مۇسۇلمانلىرى ھالىدىن .............................. 384
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (12) ............................. 387
چىندىكى «ئالتەشەھەر»دىن ............................... 389
ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (13) ............................. 391
كاشغەر نەشر ـ مائارىپ جەمئىيىتى ...................... 394
ئالتەشەھەردە تىجارەت .................................... 397
چىن مۇسۇلمانلىرى ھاياتىدىن (1) ........................ 400
ئالتەشەھەردە مەشرەپلەر ................................. 402




www.uyghurkitap.com

چىن مۇسۇلمانلىرى ھاياتىدىن (2) ........................ 406

ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (14) ............................ 411

ئالتەشەھەردە ئەرەبلەر ................................ 414

چىن مۇسۇلمانلىرىدا رامىزان ئېيى ..................... 416

چىن مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ............................ 418

چىن مۇسۇلمانلىرى تۇرمۇشىدىن ..........................421

خوتەندىن ............................................. 423

«ئالتەشەھەر» مۇسۇلمانلىرىدا مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش مەسى-لىسى ............................................. 424

ئالتەشەھەردە ۋابا .................................... 426

خوتەندە چۇما ......................................... 429

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ..................... 431

مەركىزىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ۋە مەتبۇئات ............ 435

چىن ۋە رۇسىيە تۈركىستانى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ... 437

ئالتەشەھەردە خوتۇن - قىزلار ھاياتى .................. 440

كاشغەردە ............................................. 443

ئەندىجاندىن .......................................... 445

**قوشۇمچە:** 1. نوشىرۋان يائۇشېۋ ماقالىلىرىنىڭ تىزىملىكى ............................................. 448

2. نوشىرۋان يائۇشېۋ ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ تى-زىملىكى ............................................. 455

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە

ئۇئىشى شىنئىچىرۇ (ياپونىيە)

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغاندەك، 19 ـ ئەسىرنىڭ كې-
يىنكى يېرىمىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە
ئەنگلىيەلىك فورسىسنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى، رۇسىيەنىڭ
كىروپاتكىن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى، ياۋروپا،
ئامېرىكا ۋە ياپونىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، ساياھەتچىلەر
شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەققىدە كىشى-
نىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى. يات
دىندىكى بۇ كىشىلەر بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى سوغۇققانلىق
بىلەن كۆزەتكەن بولسىمۇ، ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي
ئەھۋاللارنى ئىگىلەشتە چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمىغان.
بۇلاردىن سىرت رۇسىيە ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىكى تۈرك
زىيالىيلىرى ئارىسىدىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يې-
زىپ قالدۇرغانلار بار. 1850 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تەك-
شۈرۈشكە كەلگەن رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئار-
مىيە كاپىتانى، قازاق شەرقشۇناس چوقان ۋەلىخانوف؛ 1914 ـ
يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ «ئىتتىھات ۋە تەرەققىيات
ھەيئىتى» قەشقەرگە ئەۋەتكەن ئۇسۇلى جەدىت ئارقىلىق پان-
تۈركىزم، پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلغان، رودوس ئارىلىدا
تۇغۇلغان ئەخمەت كامال[1] ھەم ئۇفادا تۇغۇلغان تاتار (ۋولگا
تاتارلىرىدىن) مۇخبىر نوشىرۋان يائۇشېفلار شۇلار جۈملى-
سىدىندۇر.





بۇ كىشىلەر ئىسلام دۇنياسىدا زامانىۋى مەدەنىيەتنى بۇرۇنراق قوبۇل قىلغان رايونلاردىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ «قالاق» ئىسلام مۇھىتى ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىنىڭ كۆپ ھاللاردا بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلماي بولمايدۇ. ياخشى يېرى، ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلاردىن بولغاچقا، يەرلىك خەلقتىن ئۇچۇر ئىگىلىشى ناھايىتى ئاسانغا چۈشكەن. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا سىڭىپ كىرەلىگەچكە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ئىشەنچلىك، قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يائۇشېف 1910 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاكى 1917 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تاشكەنتتە بىمەزگىل ۋاپات بولغانغىچە بولغان نەچچە يىل ئارىلىقتا رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ساياھەت قىلغاچ، رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەرەللىك گېزىت ـ ژۇرناللىرىغا ماقالە، ساياھەت خاتىرىسى ئەۋەتىپ، ئەينى چاغدىكى تۈرك ـ تاتار جەمئىيىتىدە كەڭ تونۇلغان شەخس بولۇپ قالغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمىدە جانلانغان گېزىت ـ ژۇرناللار رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، بولشېۋىكلار تەرىپىدىن «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى» دېگەن بەتنام بىلەن تەقىب قىلىنغان، كېيىن ھەتتا كىشىلەر قەلبىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن. بۇ ماقالىدە مەن ئىلىم ساھەسىدە ھازىرغىچە نوشىرۋاننىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يېزىلغان بىر قىسىم ماقالىلەر ئارقىلىق نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرىمەن ھەمدە ئۇنىڭ «ئورتاق تۈرك تىلى» غا مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى[2] تىلغا ئېلىش بى-

بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئالەمگە مەشھۇر ساياھىتى ھەققىدە توختىلىمەن.

نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ يازغانلىرى مېنىڭ تەتقىقاتىنى تامام بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا، بولۇپمۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلاردۇر، بۇلار گەرچە يائۇشېفنىڭ سەپەر كەچۈرمىشلىرى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتنى سىلجىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە دەپ قارايمەن.

## 1. ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر

يائۇشېف ئۇفا (ھازىرقى باشقىرتىستان جۇمھۇرىيىتى-نىڭ پايتەختى) ۋىلايىتىنىڭ بەربەي ناھىيە بوغادى يېزا مىڭتال كەنتىدىكى ئوتۇن كۆمۈرى ساتىدىغان شىرىيەزدان ئەخمەت ئوغلى يائۇشېف ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، 1880 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇ-غۇلغان بولسا كېرەك[3]. مىڭتال كەنتى ئاقسۆگەكلەر رايونى بولسىمۇ، يائۇشېفنىڭ ئائىلىسى ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى. يائۇشېف سەككىز يېشىدىن 11 يېشىغىچە مىڭتال كەنتىدىن ئۈچ ـ تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان ئۇرازايىباش كەنتىدىكى ئاتاۋۇللا سادەتۇللا ئوغلى ئاچقان ئىپتىدائىي مەكتەپ («قۇر-ئان كەرىم» يادلاشنى ئاساس قىلىدىغان، مەسچىتلەرنىڭ ھۇجرىلىرىدا ئېچىلغان باشلانغۇچ مەكتەپ)تە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1907 ـ يىلى شەيخۇللا شەرىپكوف ئىسىملىك ئى-مامدا ئوقۇغان. بۇ ئىمامنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى چاغدىكى يا-ئۇشېف «ئۇچىسىغا كونىچە تىكىلگەن پەشمەت، پۇتىغا پايپاق بىلەن چورۇق كىيگەن كەمبەغەل» بولۇپ، «بۇخاراغا بارايمۇ،

تۈركىيەگىمۇ؟ ئاللاھ مەدەت بەرمىسە مېنىڭ خىراجەت قىلى-
غۇدەك ھېچنېمەم يوق» دەپ ئىمامدىن مەسلىھەت سورىغان-
كەن. ئىمام ئۇنىڭغا ئۇرپېنبۇرگدىكى ھۈسەينىيە مەدرىسەسى-
دە ئىلىم تەھسىل قىلىش، دەپ مەسلىھەت بەرگەن. بىراق يا-
ئۇشېۋ ھۈسەينىيە مەدرىسەسىگە بارماستىن، ئۇفادا ئېچىل-
غىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ئالىيە مەدرىسەسىگە كىرگەن.

ئالىيە مەدرىسەسى 1906 - يىلى 10 - ئايدا ئۇفا شە-
ھەرلىك ئۇچىنچى مەسچىتنىڭ ئىمامى زىرىپ ئەپەندى، زى-
يائىدىن كامالى قاتارلىق بايلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە
ئېچىلغان بولۇپ، مەكتەپتە ئىستانبۇل، قاھىرەلەردە تەلىم
ئالغان مۇدەررىسلەر دىنىي ئىلىملەردىنلا ئەمەس، پېداگوگى-
كا، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، ئالگېبرا،
خىمىيە دەرسلىرىنى ئۆتەتتى، شۇڭا بۇ مەكتەپ ئەينى دەۋردە
ھۈسەينىيە، قازاندىكى مۇھەممەدىيە مەدرىسەلىرى بىلەن
باراۋەر مېڭىپ، يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان
مەكتەپ سانىلاتتى. مەكتەپ ئېچىلغاندا بىر ئالىي كۇرس بى-
لەن ئىككى تەييارلىق كۇرسى ئېچىلغان بولۇپ، جەمئىي 82
ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. كېيىنكى يىلى 10 - ئايدا يۇرۇش-
لەشتۈرۈلگەن پار، سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىق ئەڭ ئىلغار ئەس-
لىھەلەر سەپلەنگەن ئۈچ قەۋەتلىك، كاھىشتا سېلىنغان مەك-
تەپ ياتىقى پۈتۈپ، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەھىرىمەن بولۇ-
شىغا بېرىلگەن[4]. ئۇزۇن ئۆتمەي يائۇشېفمۇ بۇ مەكتەپكە ئو-
قۇشقا كىرگەن. يائۇشېۋ ئالىيە مەدرىسەسىنى پۈتكۈزگەندىن
كېيىن، شاھادەتنامىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋۋال ئۇفانىڭ جەنۇبىدى-
كى بىپايان كەتكەن قازاق يايلىقىغا كىرگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي
قازاق پەرزەنتلىرىنى ئاساس قىلغان مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى-
سى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپىرىنى
باشلىغان مەزگىلى ئېنىق بولمىسىمۇ، مۆلچەرلىشىمچە ئو-

نىڭ «تۈركىستاننىڭ دېھقانچىلىقى» ناملىق تۇنجى خەۋىرى «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1912 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇ مۇشۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەم باسقان. ئەينى چاغدا كۆپ سانلىق ئىلغار تاتار زىيالىيلىرى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان. 1884 ـ يىلى قىرىم تاتارلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرى ئىسمائىل غاسپىرالى رۇسلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلەشتۈرۈش سىياسىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئىسلام جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش مەقسىتىدە، يۇرتى باغچاسارايدا دىنىي دەرسلەرگە پەننىي دەرسلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپتە يولغا قويۇلغان يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى (ئۇسۇلى جەدىت)نى قوللىغۇچىلار جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز تەسىرىنى رۇسىيە تەۋەسىگىلا ئەمەس، ئوسمان ئىمپېرىيەسى تەۋەلىكىدىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغىمۇ تېز سۈرئەتتە كېڭەيتكەن. غاسپىرالى ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق تۈركىي خەلقلەر چۈشىنەلەيدىغان «ئورتاق تۈركىي تىل» غايىسى جەدىتچىلەرنىڭ تۈركلۈك ئېڭىنى ئويغاتقان[5]. يائۇشېفمۇ جەدىتچىلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلىش ئىرادىسىمۇ تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ تەسىرىدىن خالىي ئەمەس ئىدى.

«بىز ئۇلۇغلىغان تۈرك يەرلىرىنىڭ مۇكەممەل تارىخى يېزىلغانلىقى ئەزەلدىن مەلۇم ئەمەس، تاتار تارىخى، ئوسمانلى تارىخى، قىرىم، كاپكاز تارىخى دېگەندەك ئايرىم ئاددىي تارىخلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخىغا ئائىت بىرمۇ كىتاب يوق»، دەپ زارلانغان يائۇشېف ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇمىي تارىخى، يەنى پۈتكۈل تۈركلەر-



www.uyghurkitap.com

نىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىشىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات بۆرچى
دەپ ھېسابلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيانى ساياھەت قىلىش مەقسى-
تىمۇ زۆرۈر بولغان تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش ھەم تا-
رىخىي ئاسارئەتىقىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئىدى. يائۇ-
شېۋ تۈركىستان گېنېرال گوبېرناتورلۇقى تۇرۇشلۇق تاش-
كەنت، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنت،
شەرقتىكى ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپى مەركىزى بۇخارا قا-
تارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغان. زىيارەت جەريانىدا، سەمەر-
قەنتتە تۇرغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، كۇتۇپخانىلارنى ئا-
رىلىغان، مەدرىسەلەرنىڭ مۇدەررىسلىرى ۋە تالىپلىرى بىلەن
پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغاچ،
ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپ قوللىنى-
لىدىغان تىل — پارس تىلىنى ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشقان.
شۇنىڭدىن باشلاپ مۇخبىرلىق پائالىيىتىگىمۇ رەسمىي كى-
رىشكەن. بۇ دەل رۇسىيەگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇ-
سۇلمانلىرىنىڭ نەشرىياتچىلىق پائالىيىتى تازا گۈللىنىۋات-
قان مەزگىل ئىدى. سەمەرقەنتتە جەدىتچى ئۆلىما، جەدىتچى-
لىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى بولۇپ تونۇلغان مەھمۇد بېھ-
بۇدى 1913 - يىلى 4 - ئايدا «سەمەرقەنت» گېزىتى، يەنە 8 -
ئايدا «ئايىنە» ژۇرنىلىنى چىقارغان؛ 1914 - يىلى تاشكەنتتە
«سادايى تۈركىستان» ژۇرنىلى بىلەن قوقاندا «سادايى پەرغا-
نە» ژۇرنىلىنى نەشر قىلغان. يائۇشېۋ بۇ گېزىت - ژۇر-
نالالارغا مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىدىكى تۈرلۈك ماقالىلەرنى
ئەۋەتكەن[6]. يائۇشېۋ يەنە «سەمەرقەنت» گېزىتى نەشر قىلى-
نىشىنىڭ ئالدىدا مەھمۇد بېھبۇدى بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىر-
لەشكەن. يائۇشېۋ زىيارەت خاتىرىسىنىڭ مەزمۇنىنى قازاندا
چىقىدىغان «قۇياش» گېزىتىگە ئەۋەتىپ تۇرغان. شۇنىڭدىن
كېيىن يائۇشېۋ «قۇياش» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولۇش

سوۋېتى بىلەن، بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە 20 پارچىگە يې-
قىن ماقالە يازغان. 1914 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سەمەرقەنتتە زى-
يارەتتە بولغان بۇخارالىق بىر مۇدەررىسنىڭ ئەسلەپ بېرى-
شىچە، يائۇشېۋ تاتار گېزىتلىرىنىڭ ئاۋانگارت مۇخبىرى،
پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلىش بىلەن نام چىقارغان ئابدۇل-
رەشىد ئىبراھىمنىڭ «ئالەمى ئىسلام»[7] دېگەن كىتابىنىڭ
تەسىرىگە قاتتىق ئۇچراپ، ئۆزىمۇ ئاشۇنداق بىر ئەھمىيەت-
لىك ساياھەت قىلىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشكەن. بۇ مۇدەر-
رىس سەمەرقەنتتە يائۇشېۋقا دۇنياغا ساياھەت قىلىشنىڭ
تەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، «ئابدۇلرەشىد ئىبراھىمچە زىيا-
رەت» قىلماي، ئۇيغۇرلار يۇرتىغا بېرىشقا نەسىھەت قىلغان.

## 2. ئۇيغۇرلار يۇرتىغا سەپەر

يائۇشېۋ 1914 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەر-
دە پويىز بىلەن سەمەرقەنتتىن قوقانغا ئاتلانغان. قوقاندىن
ئەۋەتىلگەن خەۋەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا «قۇياش» گېزىتىنىڭ
مۇخبىرلىقىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. شۇ-
نىڭدىن كېيىن قانداق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ئې-
نىق بولمىسىمۇ، ئىلى ئارقىلىق چىن تەۋەلىكىگە كىرىپ،
روزا ھېيتتا (1914 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 25 ـ
كۈنىگىچە) تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شىخو بىلەن
ماناسنىڭ ئارىلىقىدىكى كەنتلەردىن ئۆتۈپ، قۇربان ھېيتتا
(1914 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ
كۈنىگىچە) كۇچاغا يېتىپ كەلگەن. 1915 ـ يىلدىن باشلاپ
ئورېنبۇرگدا نەشر قىلىنىۋاتقان «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ مۇخ-
بىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، مۇخبىرلىق پائالىيىتىنى

قايتا باشلىغان. «ۋاقىت» گېزىتى ئىدارىسىدىن ئايدا ئىككى
سان چىقىدىغان «شۇرا» ژۇرنىلىدىمۇ ھەر ساندا دېگۇدەك ما-
قالە ۋە سەپەر خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرغان. «ۋاقىت»
گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلى رۇسىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس،
ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، رۇسىيە مۇسۇل-
مانلىرىنىڭ ۋەكىللىك نەشر ئەپكارلىرى ئىدى. بۇنداق كۆپ-
لىگەن خەۋەرلەرنى يېزىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن يائۇشېف
ئالدىنقى قاتاردىكى مۇخبىر دەپ قارالغان. ئەمدى ئۇيغۇر
جەمئىيىتىنىڭ يائۇشېفنىڭ نەزەرىدە قانداق ئەكس ئەتتۇ-
رۇلگىنىگە نەزەر سالايلى: ئۇ «تۈركلەرنىڭ يۇرتى» بولمىش
ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن بىر خىل زوقلىنىش ھېسسىيا-
تىدا بولغان. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىياغىلا ئەمەس، ئۇيغۇرلار
رايونىغىمۇ شۇنداق مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قارىغان. ئۇ
كۇچاغا يېتىپ كەلگەندە، «چىنىي تۈركىستان تۈركلىرىگە
رەھمەت ئېيتمىسام بولمايدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تىل، ئۆرپ -
ئادىتىگە زوقلىنىدىكەن، دورامچى ئەمەسكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇلاردا تۈركىي تىل ۋە تۈرك ئادەتلىرى تولىمۇ ياخشى ساق-
لىنىۋېتىپتۇ»، دەپ بايان قىلغان. بىراق ئۇنىڭ ئەكسىچە،
يەنە قاششاق ئەنئەنىگە جاھىللىق بىلەن ئېسىلىۋېلىش
ئەھۋالىنىمۇ كۆرگەن. كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق، يەنى جەنۇب-
تىكى «ئالتە شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان بوستانلىقلاردىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئۇنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرگەن. يا-
ئۇشېف جەمئىيەتتىكى قاششاقلىق، نادانلىق، نومۇسنى
سېتىش، قىمار ئويناش، مەيخورلۇق، سوپىلىق، شامانچە
ئۆرپ - ئادەتلەرنى قاتتىق سۆككەن. بىراق، ئۇ چېقىمچىلىق
ۋە تۆھمەت زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتى
ھەققىدىكى ئاچچىق تەنقىدلىرىنى قايتا داۋاملاشتۇرالماي
قالغان. ئۇ دىنىي ئىشلاردا پۈتۈنلەي تەرتىپسىز، قالايمىقان-

www.uyghurkitap.com

چىلىقتا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى «مەھكىمەئى شەرئىي» قۇرۇپ ئىدارە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئالغان. بۇ خەۋەر ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ يۇرتى باغچاسارايدا تەسىس قىلىنغان «تەرجىمان» گېزىتى (1915 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى سانى)نىڭ 1 ـ بېتىگە بېسىلغان. بۇنىڭدىن بۇ خەۋەرنىڭ تاتار زىيالىيلىرى ئىچىدە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇرلاردا بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغان. ئۇ يەنە بىر جەدىتچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن باشلانغۇچ مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يەتكەچكە، كۆپچە ئۇيغۇرلىرىغىمۇ يېڭىچە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆچەپ چۈشەندۈرۈپ، ئەمەلىي مىسال تەرىقىسىدە، ئۆزى شەخسەن 40 ــ 50 بالىنى يىغىپ مەكتەپ ئاچقان، قەلەم ـ قەغەزلەرنى ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەن. ئۇ ـ قۇتۇش بىرەر ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار چەت تىلىنى ئۆگەنسۇن دېگەن باھانە بىلەن، بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغان بولسىمۇ، قېلىپ قالغان بەش ـ ئالتە ياشلىق بالىلار «تۈركىي تىل» ئۆگىنىپ تەلەپپۇز ۋە ئىملا قائىدىسى بويىچە خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن. بىراق، نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ قىسقا ۋاقىتتا ئازغىنە ئوقۇغۇچى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگۈدەك نەتىجە قازىنالمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

1915 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كۆچادىن ئاتلىق يولغا چىققان يائۇشېف تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئاقسۇ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىن ئۆتۈپ، 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ يەردە ئەسلىي ساياھەتنىڭ مەقسىتى بولمىش تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش، بولۇپمۇ «تارىخى رەشىدىي»نىڭ قول يازمىسىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىر مەزگىل تۇرغان



بولسىمۇ، ساقلىنىۋاتقان تارىخىي كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك «خۇراپىيلىق ۋە توقۇلمىلار بىلەن تولغان خوجا ـ ئىشانلار تەزكىرىلىرى» بولغاچقا، يائۇشېۇ ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتسىز كىتابلار بولۇپ چىققان. قەشقەردە يېڭىچە مائارىپنىڭ ئاۋانگارتى بولمىش ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مۇڭداشقان پۇرسەتتە «ساپ تۈركىي تىل»دا يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» قول يازمىسىنىڭ ئېنىگلىز سەيياھلار تەرىپىدىن ئەپكېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يائۇشېۇ ناھايىتى بىئارام بولغان. قەشقەردىكى ئىسلام ئېتىقادى ئەھۋالى ھەققىدىمۇ كۇچادىكىگە ئوخشاش ھېسسىياتتا بولۇپ، كۆڭلى قاتتىق غەش بولغان، بىراق قەشقەردە ئىسلاھات سىناق قىلىنغان. 1907 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان بولسىمۇ، ئاران ئىككى ـ ئۈچ يىلچە داۋاملاشقان. 1914 ـ يىلى ئۇستۇنئاتۇشتا، مۇسابايېفلارنىڭ ياردىمىدە ئەخمەت كامال «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد»نى قۇرۇپ، يېڭىچە مائارىپ ئۇسۇلى بويىچە تەلىم ـ تەربىيەنى باشلىغان. يائۇشېۇ قەشقەرنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە، بۇ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار قەشقەردە ئىككى ئورۇندا باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەردىن مەمنۇن بولۇپ: «بۇلتۇر يېڭىچە مائارىپنى چەكلەپ، جەدىتچىلەرنى ‹كاپىر› دەپ ئاتىغان قەشقەرنىڭ داموللىلىرى بۇ يىل ھەممىسى ئۆزگىرىپتۇ، يېڭىچە مائارىپقا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بۇنداق قالتىس نەتىجىلەرنى كۆرۈپ ئۆز ياردەملىرىنى ئايىماپتۇ»[8] دەپ يازىدۇ.

1915 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قەشقەردىن ئاتلانغان يائۇشېۇ يېڭىسار، قىزىل، ئاقراباتتىن ئۆتۈپ، 19 ـ كۈنى يەكەنگە يېتىپ كەلگەن، يەكەندە بىر ئايدىن ئارتۇقراق

تۇرغان. 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەنە ئاتلىنىپ، قاغىلىق، گۇمىلاردىن ئۆتۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خوتەنگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆزۈندىن بېرى خىيال قىلىپ كەلگەن تارىخىي ماتېرىياللارنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن، خوتەندە قاراقاشلىق ئەيسا قازى دېگەن كىشىدىن ئارىيەت ئالغان كىتابلار ئىچىدە ئەركەبەگ خاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن، شاھ مەھمۇت بىننى مىرزا فازىل جوراس يازغان بىر تارىخىي ئەسەر بار ئىدى. ياۋشېف بۇ ئەسەرنى تاتارچىغا تەرجىمە قىلىپ، «شۇرا» ژۇرنىلىدا «ئالتە شەھەر تارىخىدىن پارچە» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلغان. يەنە ئەينى چاغدا خوتەندىمۇ يېڭىچە مەكتەپلەر تېرىمىسىدا پاراكەندىچىلىك كېلىۋاتقان بولۇپ، بىر يىلنىڭ ئالدىدا خوتەندە ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپ مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان. قەشقەردىن كەلگەن مۇھەممەت ئىبنى ئىنايەتۇللا 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خوتەندىكى تەسىرى زور كىشىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا يېڭىچە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى مەكتەپنى داۋاملاشتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان. شۇ مەزگىلدىكى «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىدىكى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ياۋشېفنىڭ نامى ئۇيغۇرلارغا تونۇلغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خوتەندىن يولغا چىقىپ، 9 ـ كۈنى كېرىيەگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ سەپەردىشى بولغان كېرىيەلىك سودىگەر قاسىم ھاجى قارشى ئالغان، ئۇ قاسىم ھاجىنىڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇنغا 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەكتەپ ئاچقۇزغان، ئۆزى يېڭىچە مەكتەپنىڭ ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئون نەچچە ئوقۇغۇچىغا «تۈركىي تىل»دا ئوقۇش ـ يېزىشنى ئۆگەتكەن. 1916 ـ يىلى بىر يىلنى خوتەن بىلەن كېرىيەدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەسلىي كەلگەن يولى بىلەن 1917 ـ

يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ھەمدە سەپەر تەييارلىقى پۈتسىلا، يەنە تىبەت ئارقىلىق ھىندىستانغىچە بېرىپ ساياھەت قىلىش ئويىدا بولغان. بىراق، قەشقەرگە تۇيۇقسىز روسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەن. ئۇ قەشقەردە كۆرگەن «ۋاقىت» گېزىتىگە ئىنقىلابتىن كېيىنكى روسىيە ۋەزىيىتى خەۋەر قىلىنغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا گېنېرال گوبېرناتورنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە بولغان مۇستەبىتلىكى يوقىلىش بىلەن بىرگە، نۇرغۇن سىياسىي، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قۇرۇلغان، يېڭىدىن گېزىت ـ ژۇرناللار نەشر قىلىنغانىدى. 3 ـ ئايغا كەلگەندە، جەدىتچىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان «شۇرائى ئىسلام» دېگەن ئاپتونومىيە تەشكىلاتىمۇ قۇرۇلغانىدى[1]. يائۇشېۋ سەپەرنى بىردىن توختىتىپ، يۇرتى روسىيەدىكى «ئىنقىلاب ۋە ئەركىنلىك»نى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، 4 ـ ئايدا قەشقەردىن يولغا چىقىپ روسىيە تەۋەسىگە كىرگەن. ئوش، ئەنديجان، قوقانلاردىن ئۆتۈپ، 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تاشكەنتكە يېتىپ كەلگەن. بىراق، شىنجاڭغا سەپەر قىلىپ قايتىپ كەلگەن يائۇشېۋقا تاشكەنتتىكى تاتارلار سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان. «شۇرائى ئىسلام»مۇ يولباشچىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى، مۇتەئەسسىپلەر بىلەن سۈركىلىش قاتارلىق نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئىچىدە تۇرغاچقا، پائالىيىتىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. يائۇشېۋ ئۇلارغا بولغان ئۈمىدسىزلىكىنى يوشۇرالمىغان. شۇڭا ئۇ تاشكەنتتىن تېزلا ئايرىلىپ، سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تەييارلىقىدا بولغان. ئەپسۇس، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يائۇشېۋ تاشكەنتتە 30 يېشىدا بىمەزگىل ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغانلىق مۇسىبەت خەۋىرى تارقالغاندا، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ

باش مۇھەررىرى رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن يائۇشىفنىڭ تالانتىغا ئىچىنىپ: «ئۇنىڭ خەۋەرلىرى ۋە كۆرگەنلىرى - ئاڭلى-غانلىرىنى ‹سەپەر خاتىرىسى› شەكلىدە رەتلەپ نەشر قىلىپ تارقىتىش زۆرۈر. ئەگەر ئۇنىڭ ئاغىنە - بۇرادەرلىرى زامانداشلىرى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى يىغىپ نەشر قىلا-سا، قالتىس ئىش بولاتتى»، دەپ چاقىرىق قىلغان. بىراق، ئىنقىلابتىن كېيىنكى ۋەزىيەت شۇنداق قىلىشقا يار بەرمىگەن.

## 3. خاتىمە ئورنىدا

يائۇشىف پائالىيەت ئېلىپ بارغان 1910 - يىللار رۇ-سىيە ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئارى-سىدىلا ئەمەس، شىنجاڭدىمۇ جەدىتچىلىك ھەرىكىتى تازا جانلانغان مەزگىللەر ئىدى. يائۇشىف كۇچا بىلەن كېرىيەدە ئۆزى يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللى-نىشتىن سىرت، قەشقەر، خوتەنلەردە يەرلىك جەدىتچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى گېزىت - ژۇر-نال يۈزىدە ماختىغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇ جەدىتچىلىك ھەرى-كىتىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۆھپە قوشقان. بۇ ماقالىدە ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ئەمەلىي پاكىتلار كۆرسىتەلمىگەن بولسامۇ، تۆ-ۋەندىكى بىرقانچە ئېھتىماللىقنى ئەسلەتمە قىلىپ ماقالەمنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن. قەشقەردىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەر جەدىتچىلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەن، بۇ خىل قارشى-لىشىش ئاقىۋەتتە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ جەدىتچىلەرنى باستۇرۇشىغا سەۋەب بولغان. شۇڭا، جەدىتچىلىك ھەرىكىتى-



www.uyghurkitap.com





نىڭ قىيىنلىقى ھەمدە چىندا ئىسلاھات ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن كىشىلەر تازا جانلىنىۋاتقان مىللەتچىلىك ھەرىكە-تىگە يۈزلەنگەن. بۇ ھەرىكەت 1933 ـ يىلى قەشقەردە تىك-لەنگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بىلەن نەتىجىلەنگەن. قەشقەردىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يې-تەكچىلىرىنىڭ بىرى بولغان، 1920 ـ يىللاردا ئۆزبېكىس-تاندا مۇھاجىر بولۇپ يۈرگەن ھاجى ئەلى «ۋاقىت» گېزىتى-گە ئەۋەتكەن ماقالىسىدە، «ئۆتمۈشتە ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان ئانا يۇرتۇم نۇرسىز، يولسىز، سۇسىز قې-لىپ خارابىلىشىۋاتىدۇ»، دەپ يۇرتىدىكى جاھالەتتىن زارلى-غان[10]. ئۇ «ۋاقىت» گېزىتىگە ماقالە ئەۋەتكەن[11] ئىكەن، ئەل-ۋەتتە يائۇشېفنىڭ خەۋەرلىرىنىمۇ كۆرگەن بولسا كېرەك. يا-ئۇشېفنىڭ خەۋەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ نەشر ئەپكارىدا قوللىنىلغان جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم ۋە مىللەت ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆزلۈكىنى شەكىللەندۈ-رۈشكە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك: غەربلىكلەرنىڭ ماقالىلىرىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆز جۇغراپىيەۋى ئۇقۇم سۈپىتىدە قوللىنىلغان، بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇرلارغا سىرتتىن كىرىپ سىڭگەن، ئەمما بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىشى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىش[12]. بۇ ئاتالغۇ پە-قەت تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى جايلارنى كۆرسەتكەن. ھا-زىر ئۇيغۇرلاردىكى «ئالتە شەھەر» دېگەن ئۇقۇم بەزىدە «يەتتە شەھەر»، «سەككىز شەھەر» دېگەن ئۇقۇملارغا ئالمىشىپ تۇ-رىدۇ. مەزكۇر بوستانلىق شەھەرلىرى قەشقەر، خوتەن، ئاق-سۇدەك چوڭ شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، ئۇچتۇرپان، يېڭىسارىدەك كىچىك شەھەرلەرنى چوقۇم ئۆز ئىچىگە

ئېلىش ـ ئالماسلىقنى مۇئەييەنلەشتۇرگىلى بولمايدۇ. ئابدۇقادىر داموللا 1915 ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن ماقالىسىدە «بىزنىڭ قوشنىلىرىمىز، شەرقتە ئاقسۇلۇقلار، چىنلىقلار، شىمالدا قىرغىزلار، جەنۇبتا تىبەتلەر، غەربتە بۇرۇندىن باشلاپ بىزلەرگە ئۇستاز بولۇپ، دىن ۋە مەدەنىيەت ئۆگەتكەن پەرغانە ۋە بىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس مەدەنىيەتگاھىمىز بۇخارائى شېرىپتۇر»،[1] دەپ بايان قىلغان. قەشقەردە تۇغۇلغان ئابدۇقادىر داموللا ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا «ئالتە شەھەر»نىڭ بىرى بولغان ئاقسۇ ئاھالىسى «قوشنا»لىقنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىگەن. بەلكىم ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا «ئالتە شەھەر»، «ش ت» دېگەن ئاتالغۇلار ئۇلار ياشاۋاتقان بوستانلىقلار دائىرىسىدىن كەڭرەك جۇغراپىيەۋى ئۇقۇم مەنىسىنى بېرەلمىگەن. بىراق، كېيىنچە ئۇلار «ش ت» دېگەن ئۇقۇمنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلغان. يائۇشېۋ «ش ت» دېگەن سۆزنى ئانچە ئىشلەتمىگەن. كۆپ ئورۇندا «چىنىي تۇركىستان» يەنى «چىن تەۋەلىكىدىكى تۇركىستان» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن، ئۇ يازغان ماقالىلەرنى ئوقۇغان يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇ يات ئاتالغۇنى غەلىتەلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان زېمىنىنىڭ «چىنىي تۇركىستان»، «ش ت»، «تۇركىستان»» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا كېرەك. ئاشۇ جۇغراپىيەۋى ئۇقۇم دائىرىسىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى قوللاپ شۇنداق ئاتىغاندىمۇ، ئۇلاردا شۇنىڭغا مۇناسىپ جۇغراپىيەۋى ئۇقۇمنىڭ بولماسلىقى ۋە نېمە ئۇچۇن «ش ت» ئاتالغۇسىنى دۆلەت نامى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ھازىر بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغا ئۆزلىشىش جەريانىنى

ئايدىڭلاشتۇرۇش شىنجاڭنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھەرىكىتىنى چىقىش قىلىپ ئويلاش مۇھىم تېما.

ئىزاھلار:

① ساۋادا مىنورۇنىڭ چوقان ۋەلىخانوفنىڭ تەكشۈرۈش سەپىرىنىڭ جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان «يەتتەسۇدىن قەشقەرگىچە» دېگەن ماقالىسى (تاكى زاۋاياما ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىللىق ئىلمىي ژۇرنىلى، ئومۇمىي 41 ـ سان) بىلەن ئەخمەت كامال ھەبىبزادىنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە ئوئىشىنىڭ «قەشقەردىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى — مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

② سېرگېي زېنكوۋسكىي: «رۇسىيەدىكى پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزم»، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، 1967 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 114 — 115 ـ بەتلەر؛ ئېدۋارد ئالۋورس: «قىرىم تاتارلىرىنىڭ ھاياتلىق كۈرىشى».

③ 2002 ـ يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تاتار ئېنسىكلوپېدىيە سۆزلۈكى»دە نوشىرۋاننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق قىلىپ 1886 ـ يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن. — ن ت.

④ ئالىيە مەدرىسەسىنى پۈتكۈزگەن كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى بولۇپ، قازاقىستان، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىلگەن. يائۇشېف ئوتتۇرا ئاسىيانى ساياھەت قىلغان چاغدا، بىرقانچە شەھەردە تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆرۈمچىدىكى تاتارلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەرتىپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان زىننەتۇللاھ ئەپەندى جىگىتبايمۇ ئالىيە مەدرىسەسىنى پۈتكۈزگەن.

⑤ كوماتسى خىسائو: «ئىنقىلابىي ئوتتۇرا ئاسىيا — جەدىتچىنىڭ پورترېتى»، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى، 56 — 59 ـ بەتلەر.

⑥ بۇلار رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن «ئايىنە»دۇر. «ئايىنە»دىكى ماقالىلەردە يائۇشېفنىڭ ئىسمى ئېنىق يېزىلمىغان، پەقەت «ن.ي» دېگەن ئىككىلا ھەرپ يېزىلغان، بىراق «ن» ھەرپىنىڭ ئالدىغا «سەي-

ياھ» سۆزى قوشۇلغانلىقى ھەمدە ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا يا- ئۇشبۇ ئىككەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

⑦ ئابدۇرەشىد ئىبراھىم 1907 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئوتتۇرا ئا- سىيا ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1908 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرى قايتا قازاندىن يولغا چىقىپ، سىبىرىيە، موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە، ياپو- نىيە، كورېيە، چىن، سىنگاپور، ھىندونېزىيە، ھىندىستان، ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە ساياھەت قىلغان. بۇ ھەقتە ئابدۇرەشىد ئىبراھىم يازغان «ئالەمى ئىسلام — رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ياپونىيە- نىڭ مېيجى دەۋرى» دېگەن كىتابىنىڭ ياپونچە تەرجىمىسىگە قاراڭ.

⑧ بۇ كىتابنى ئاكىمۇشكىن پارىسچە تېكىستى بىلەن رۇسچە تەرجىمىسىنى قوشۇپ ئىزاھ يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇ پايدىلانغان ئەسلىي كىتابنى ۋ.ۋ.بارتولد 1916 - يىلى تاشكەنتتە باقىجانباي دې- گەن كىشى ساقلىغان كىتابلار ئارىسىدىن ئۇچراتقان. ئەجەبلىنەرلى- كى، ئوخشاش ۋاقىتتا يائۇشبۇ يەنە بىر قول يازمىنى تاپقان.

⑨ كوماتسىنىڭ كىتابى 123 — 125 - بەتلەر.

⑩ ئوئىشىنىڭ ماقالىسى 17 - بەت.

⑪ ھاجى مۇھەممەت نەۋرۇز ھاجى ئوغلى «قەشقەر» — «ۋاقىت» گېزىتى، 1914 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانى.

⑫ داموللا ئابدۇقادىر: «باياتى ھەقىقەت»، «شۇرا» ژۇرنىلى، ئو- رېنبۇرگ، 1915 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشرى، 23 - سان.

⑬ ۋاڭ كې: «ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەققىدە تەتقى- قات»، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995 - يىلى ياپونچە نەش- رى، 8 - بەت.

(ياپونچە «كوبى ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخشۇناسلىق يىللىق ژۇرنى- لى»نىڭ 1998 - يىلى 5 - ئايدا نەشر قىلىنغان 31 - سانىدىن تەر- جىمە قىلىندى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

# مەركىزىي ئاسىيا

سىبىرىيە، بالقاش كۆلى، قىرغىز دالاسى، ئورال كۆلى، خەزەر دېڭىزى، ئىران مەملىكىتى، ئافغانىستان، ھىندىستان، چىن ۋە موڭغۇلىيە بىلەن چېگراداش بۈيۈك بىر ئۆلكىدە بىرنەچچە ئەسىرلەر بويى تۈرك ۋە موڭغۇل خەلقلىرى ھۆكۈم سۈرگەنىدى. ئۇلار قۇرغان بۇ خانلىقلار ئاسىيا قىتئەسىدە ۋە بەلكى يەر يۈزىدىكى زور ھۆكۈمەت ۋە ئىمپېرىيەلىرى ئىدى. ئۇلار يەر يۈزىدە مەدەنىيەت ئاساسىنى قۇرۇپ، زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەتتە پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرىدىن ئۈستۈن چىققان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەت جەھەتتە دۇنيادا بىرىنچىلىكنى ئالغان ياۋروپالىقلار ئۆتمۈشتە مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا ئەسىر ئىدى. ھازىر بولسا شۇ ياۋروپالىقلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ئاسارئەتىقىلەرنى تېپىش ئۈچۈن ئۆز ئىچىدىن مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ئەۋەتىپ تۇرماقتا ۋە شۇ يولدا مىڭلاپ ۋە مىليونلاپ پۇل سەرپ قىلماقتا.

دېمەك، مەركىزىي ئاسىيا يەر يۈزىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەسلىي يۇرتلىرىدۇر. ئۆتمۈشتىكى تۈرك خانلىقلىرى ئۇزاق ياشىيالمىدى، مۇنقەرز بولدى. بۇ خانلىقلار ھالاك بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يۇرتلارنىڭ نامى يوقالمىدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يوقالمايدۇ ۋە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بىز تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۇ ھەقتە كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر قۇسۇر بار. ئۇ بولسىمۇ،

بۇ ئۇلۇغ يۇرتقا بېغىشلانغان مۇكەممەلرەك بىر تارىخ كىتابى يازالمىغانلىقىمىزدۇر. «تاتار تارىخى»، «ئوسمانلى تارىخى»، «قىرىم ۋە كافكاز تارىخى» دېگەندەك تۈركلەرنى توپلارغا ئايرىپ يېزىلغان ئۇششاق - چۇششەك تارىخلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمىي تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە بېغىشلانغان تارىخ كىتابى يوق دېيەرلىكتۇر.

مەركىزىي ئاسىيادىن چىققان ئاسارئەتىقىلەر بىلەن ياۋروپا مۇزېيلىرى توشقان. ئۇلار دائىم مەركىزىي ئاسىيادىن چىققان تەگمىشلەرنى تەكشۇرۇپ تەتقىق قىلىپ تۇرماقتا. ئۆتكەن يىلى گېرمانىيەلىك بىر سەيياھ كونا نەرسىلەرنى ئىزدەش ئۈچۈن، مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۇچا شەھىرىگە كېلىپ سەككىز ئاي تۇرغان. «مىڭئۆي» دېگەن يەرنى قازدۇرۇپ بەك كۆپ قەدىمىي ئەسەرلەر — تارىخىي يازمىلار، تاشتىن ياسالغان سۈرەت ۋە ھەيكەللەرنى تېپىپ ئەكەتكەن.

بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت يىل ئىلگىرى ياۋروپالىق سەيياھلار كېلىپ، كونا تۇرپاننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى دەقيانۇس دېگەن ئەسكى شەھەر خارابىسىنى قېزىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى تاپقان. ئەمما، بىزلەر يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئەسەرلەرنى ئىزدەش تۇگۇل، يەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلارنىمۇ ساقلىيالمايمىز. بىزدە ئۇنىڭلىك كۈچ - قۇۋۋەتمۇ يوق. قولىمىزدىكىلەرنىڭ ئۆزىنىلا يوقىتىپ قويماي تۇتۇپ تۇرالىساقمۇ بەك ئۇلۇغ ئىش قىلغان بولاتتۇق. سەمەرقەنتتىكى قىممەتلىك ئەسەرلەر، ئۆزكەنت ۋە توقماقتىكى 1000 يىللىق مۇنارلار يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاسارئەتىقىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كىچىكرەك بولسىمۇ، بىر جەمئىيەت تەشكىللەپ، شۇ جەمئىيەت ۋاستىسى ئارقىلىق مەزكۇر ئەسەرلەرگە مەخسۇس بىر مۇزېي ئېچىش ياكى كونا بۇيۇم ۋە

يازمىلارنى يىغىپ قويۇش كېرەك ئىدى. مەركىزىي ئاسىيادا تۈرك ۋە موڭغۇل خەلقلىرىگە تەئەللۇق تۈركچە ۋە مانجۇچە تارىخىي ئەسەرلەر كۆپ تېپىلىدۇ.

مەركىزىي ئاسىيادا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بىر نەرسە باركى، ئۇ بولسىمۇ تىلدۇر. يۈزدە بىر پىرسەنت پارسىي، ئەرەبىي، چىنچە ۋە موڭغۇلچە سۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەڭ ساپ تىل ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى دېسەم، ھەرگىز خاتا سۆزلىگەن بولماسمەن. پارس تىلى ناھايىتى قەدىمىي بىر تىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىككىنچى بىر تىل ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ كىرىشى تەبىئىيدۇر. بۇنىڭدىن رۇس ۋە فىرانسۇز تىللىرىمۇ ئۇلۇشسىز قالمىغان. يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، چاھارشەنبە، پەنجشەنبە... بىزلەر كۈن ئىسىملىرىنىمۇ ئۇنتۇغاندۇرمىز.

بۇنىڭ مۇنداق بولۇشى، يەنى ئۆز تىللىرىمىز ئۇنتۇلۇپ، پارسچە، ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ئارىلىشىشى ئۆز بوشاڭلىقىمىزدىندۇر. بىزنىڭ بەزىبىر مۇتەئەسسىپ سوپىلىرىمىز ئىشنى تەتۈرسىگە بۇراپ، بۇزۇقچىلىققا تارتىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆز تىلى بار تۇرۇقلۇق، پارسچە ۋە ئەرەبچە ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىشىدۇ.

شۇنداق، بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلارغا رەھمەت ئوقۇشقا تېگىشلىكمىز. بۇلار ئۆز تىللىرىنى، ئۆز ئۆرپ - ئادەتلىرىنى سۆيىدۇ. بۇلار دوراشقا قىزىقمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇلاردا قەدىمىي تىل ۋە قەدىمىي ئادەتلەر بەك ياخشى ساقلانغان.

ئۇنتۇلغان سۆزلىرىمىزنىڭ تېپىلىشى پارسىيلاشقان، ئەرەبىيلىشىپ قېلىپتىن چىقىپ بۇزۇلغان تىلىمىزنى تۈزىتىشنىڭ مۇمكىنلىكى مەركىزىي ئاسىيادا ئوچۇق ۋە روشەن بىلىندى.

شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، تىلىمىز تۈزىلۇر. بەل-

كى، ئۇ چاغدا مەركىزىي ئاسىيامۇ ئىلگىرىكى ھالىغا كېلۇر.

مەركىزىي ئاسىيا! مەركىزىي ئاسىيا! مەركىزىي ئاسىيا!
سەن بىزنى ئۇنتۇما، بىزمۇ سېنى تىلىمىزدىن چۈشۈر-
مەي، زىكرىڭ بىلەن مەشغۇل بولايلى.

نوشىرۋان يائۇشېف، كۇچا

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى 4 — 8 - سانلىرى، 110 — 111 - بەتلىرىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## يېرى باينىڭ ئېلى باي

بۇ ماقال ئېيتىلغان زامانىغا قارىغاندا بەك توغرا، بەك لايىق ۋە بەك تەبىئىيدۇر. بىراق، بۇ ماقال بەدەۋلىك زامانىدا ئېيتىلىپ قالغان بولسا كېرەك. چۈنكى چارۋىچىلىقتىن باشقا ھۈنىرى بولمىغان خەلقلەرنىڭ بايلىقلىرى يەر بايلىقىدۇر، توغرىسى، يەرنىڭ كەڭلىكى بىلەن مۇتاناسىپ بولۇشى بەلگىلىك. بۇنىڭغا مىسال كېرەك بولسا، قىرغىز - قازاقلار تۇرمۇشىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

قازاقلار يەرلىرى كەڭ ۋە باي زامانلاردا ناھايىتى باي بولۇپ، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يەرلىرى قولدىن كېتىپ ئازايغىنىدەك، تۇرمۇشلىرىمۇ قىسىلىپ چەكلىنىشكە باشلىدى. مال ئازايدى. كىگىز ئۆي ئىچىدە، سايىدە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، قورساق تويغۇزۇپ، گۆش يەپ، قىمىز ئىچىشلەر شېرىن چۈشتەك ئېغىزدا قالدى. ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ خەقنىڭ ئىشىنى قىلىپ كۆرمىگەن، ھەتتا ئۆز ئىشلىرىنىمۇ قىلىشتىن ئېرىنىدىغان ئەركەكلەر ياۋاشلىشىپ، مۇھاجىر رۇسلارغا قارا ئىشچى بولۇپ، خىزمەتكە كىرىشكە باشلىدى. ئاچ قورساق يۈرۈشكە بولمايدۇغۇ ئاخىر! بىرلا مال بېقىشنىڭ ئۆزى بىلەن قورساق تويمايدۇغۇ! زامانلار ئۆزگەردى. كىگىز ئۆيدە يانپاشلاپ يېتىپ، قورساق تويغۇزۇشقا مۇمكىن بولماي قالدى.

بۇ يەر ـــ ئالتەشەھەرنىڭ يېرىمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، خەلقى كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ، قەددى پۈكۈلۈپ، ماغدۇرسىز بولۇشقا باشلىدى. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟



ياق، يۇقىرىقى ماقال توغرا ھەم مۇشۇ زامانغىمۇ لايىق. پەقەت بۇ ماقال ئازراق شەرھى ۋە ئىزاھقا موھتاج.

«يېرى باينىڭ ئېلى باي» دېگەن سۆز بۇرۇنقى زامانلاردا مۇتلەق شۇنداق مەنىدە ماڭسىمۇ، بۇ زامانغا بىر شەرت بىلەن تەتبىق قىلماي بولمايدۇ. يەنى «يېرى باينىڭ ئېلى باي بولۇر»، ئەگەر ئۇنىڭدا ئىلىم ۋە تېخنىكا بولسا. بۈگۈنكى دەۋردە يەر ھەرقانچە كەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۆتمۈشتىكىدەك ئۇنچىۋالا كەڭ ئەمەس. بەس، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق بىلەنلا باي بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ مۇشۇ كۈنگىچە ئۆز قوللىرى بىلەن ئىشلىنىۋاتقان پۈتكۈل لازىمەتلىكلىرى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنلەي ئېتىباردىن قالدى. زاۋۇت ۋە فابرىكا ماللىرى كېلىپ نەپىسلىكى ۋە ئەرزانلىقى بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ خەلقنى ئۆزىگە قاراتتى. قول ئىشلىرىغا خېرىدار ئازايدى. شۇ سەۋەبلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ بازىرى ئۆلدى. يۇرتقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ بارچىسى ئاقچا ھېسابىغا كېلىدىغان بولدى. بىراق قولدا پۇل يوق. پۇل كېلىدىغان يوللارمۇ قۇم باسقاندەك ئېتىلدى. مانا شۇ سەۋەبلىك «بايلىق»مۇ مەركىزىي ئاسىيالىقلارغا ئارقىسىنى قىلىپ، ھۈنەرلىكلەرگە يۈز كۆرسىتىشكە باشلىدى.

دېمەك، يەرنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ بېيىش ئىلىم ۋە تېخنىكىغا باغلىق ئىكەن. ئەگەر بۇ ماقال ياۋروپالىقلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ، شۇلارنىڭ ئۆزىگە قارىتا ئېيتىلغان بولسىدى، ئۇ چاغدا بۇ سۆزنى ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغان بولاتتى.

«يېرى باي» دېگەندە، ئۇ يەرنىڭ تېرىقچىلىقتىكى ھوسۇلدارلىقىلا ئەمەس، بەلكى سانائەت جەھەتتىكى مەدەن بايلىقىمۇ نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەن-

دىلا، ئاندىن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ يېرىمىز بار بولسىمۇ، ئۇكمىن ئۆزلىرىنىڭ گاداي ۋە موھتاجلىقتا قېلىشلىرىنىڭ سەۋەبى ئوچۇق مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى بىزدە ئىلىم ـ تېخنىكا يوق. يەرنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىشقا، ئۇنىڭدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنى تونۇش ۋە بىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىلىم كېرەك. بەس، شۇڭا ماقالىنىڭ ھېچقانداق نامۇۋاپىق يېرى يوق.

مانا ئالتەشەھەر، بۇ يەر دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى ئۆزىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن، مىس، تۆمۈر، يەر كۆمۈرى، نېفىت ۋە كىرسىن بار. تۇپرىقى پۈتۈنلەي مۇنبەت بولمىسىمۇ، سۇيىنىڭ مولluqى، ھاۋاسىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن كېۋەز، بۇغدايدىن تارتىپ تۈرلۈك ئاشلىق، مېۋە ـ چېۋە، يەل ـ يېمىشلەر چىقىپ تۇرىدۇ. دېمەك، يەر باي، بىراق ئادەملىرى بەك پېقىر ۋە موھتاجدۇر. تىرىقچىلىقنى ئاز قىلىدۇ. ھورۇنلۇق، ئىشسىزلىقنى ئۆزلىرىچە پەزىلەت دەپ بىلىشىدۇ. قارنى ئاچ تۇرسىمۇ، يەنىلا قىڭغىيىپ يېتىشنىلا ياقتۇرىدۇ. بۇلار ئىلىم ۋە تېخنىكىدىن بەك قورۇق قالغان. ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپلەرمۇ يوق. مانا شۇ سەۋەبلىك يەرنىڭ ئاستىدىكى بايلىقلار يەر ئۈستىگە چىقالمايدۇ. بۇنى مۇسۇلمانلار بىر ياقتا تۇرسۇن، چىن ھۆكۈمىتىمۇ قىلالمايدۇ.

يۇقىردىن گىلەم توقۇش، مىستىن چەينەك، چۆگۈن ياساشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىكى يوقنىڭ ئورنىدا، بۇ يەردىكى بارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى روسىيەدىن كېلىدۇ.

چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئازلىقى تۈپەيلىدىن پەقەت ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىككىلا ئارا تۇرالايدۇ.

مانا شۇ سەۋەبلىك (قولىدا تېخنىكىسى بولمىغاچقا) يېرى شۇ قەدەر باي بولسىمۇ، ئۆزلىرى ئاچلىق، نامراتلىق ۋە زەبۇنلۇقتا ياشايدۇ، يېمەك - ئىچمەك بەك ئەرزان، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بولسا قىممەت.

ھەممىدىن يامىنى، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئۆمۈرلىرى بەك خارلىقتا ئۆتىدۇ:

سەبىي قىزلارنى سەككىز - توققۇز يېشىدىلا ئەرگە بېرىدۇ. 12 — 13 ياشقىچە ياتلىق قىلىنمىغان قىزلار ئەيىبلىك سانىلىدۇ. بىر قىز بىر ئەردە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرالمايدۇ. بىر ئەر، ھالى يەتسە يىلىغا 40 — 50 قىزغا ئۆيلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئەرسىز قالغان خوتۇنلار بەك كۆپ ئۇچرايدۇ. بالىلىق ئاياللارغا ياش بولسىمۇ ئەر چىقمايدۇ. بەك كۆپ قىزلار مۇساپىرلاردىن ھامىلىدار بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار كۈنىگە ئۈچ - تۆت تىيىنغا مويكىلاردا يۇڭ يۇيۇپ، ئىشلەپ بالىلىرىنى ئۆزلىرى تەربىيەلەيدۇ!

ئەگەر قولىدا ئىلىم - تېخنىكىسى بولغان بولسىدى، يەرلىرى باي بولغاندىكىن ئەرلىرىمۇ باي بولغان بولاتتى.

نوشىرۋان يائۇشېف، كۇچا

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى 6 — 8 - سانى، 168 — 169 - بەتلىرىدىن)



www.uyghurkitap.com

# ئۆلۈكتىن ياردەم كۈتۈش

تەسەۋۋۇپ ئەھلى ئارىسىدا پارسىي شېئىرلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان بېدىل ھەزرەتلىرى بۇ ھەقتە نېمە دەيدۇ:

ريش كاوى چيست اميد بىز مردكان،
زين مز ارت انكه چيزى يافت جز نبش نيست

تەرجىمىسى:
ئۆلۈكلەردىن ياردەم كۈتۈشتەك ئەخمەقلىق بولۇرمۇ؟
كېپەن ئوغرىسىدىن باشقا ئادەم قەبرىدىن نېمە تاپسۇن؟

بۇخارا ۋە مەركىزىي ئاسىيا موللىلىرى بېدىل شېئىرلىرىنى ھەرقانچە سۆيۈپ ئوقۇسىمۇ، ئۇنى قۇرئان ئايىتى باراۋىرىدە كۆرۈپ مۇتالىئە قىلىسىمۇ، نېمە سەۋەبتىندۇر، قەبرىدىن ياردەم سوراش ھەققىدىكى يۇقىرىقى شېئىرىنى كۆزى كۆرمەيدۇ، كۆرسىمۇ ئوقۇمايلا قويىدۇ. ئەگەردە كۆرگەن، ئوقۇغان بولسىدى، «شۇرا»دا قەبرىلەردىن ياردەم سوراشنىڭ يارىماس ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەرگە قارشى تۇرمىغان بولاتتى، ئەكسىچە، تەنقىد قىلغانلىغا تەشەككۈر ئېيتقان بولاتتى.

ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان قائىدىسىز ئادەت ۋە بۇزۇق ئېتىقادلارنى كۆڭۈلدىن سۈپۈرۈپ چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن خېلى كۈچ كېرەك.





باش ئاغرىسىمۇ قەبرىگە، كۆز ئاغرىسىمۇ قەبرىگە يۇگۇرىدۇ. بالىلىق بولساڭمۇ قەبرىگە، بالا تاپالمىساڭمۇ قەبرىگە چاپقان، بالا كەلسىمۇ شۇ قەبرىگە، قازا كەلسىمۇ شۇ قەبرىگە بارغان. مەكتەپمۇ شۇ يەر، مەدرىسەمۇ شۇ يەر. تېۋىپمۇ شۇ يەردە، مۇدەررىسمۇ شۇ يەردە....

ئۆلۈكلەردىن، قەبرىلەردىن ياردەم تىلەش، ئۇنىڭدىن ئۆز ھاجەتلىرىنى سوراش چىنلىقلاردىن كەلگەن بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ ئىش چىن ۋە موڭغۇللاردا كۈچلۈك. بۇ ئىشنى ئۆسۈۋاتقان بىر تېرەككە ئوخشاتساق، چىنلىقلار ئۇنىڭ تومۇرى، ئالتەشەھەر ئەھلى ئۇنىڭ ئۆزىكى، غەربىي مەركىزىي ئاسىيا شېخى، تاتارلار ياپرىقى ياكى شاخنىڭ ئۇچى دېيىشكە لايىقتۇر.

قىسقىسى، خۇراپات ۋە باتىل ئېتىقادلارغا بېرىلىشنىڭ سەۋەبى نادانلىق ۋە جاھالەت بولسا كېرەك. چىنلىقلار بىلەن مەركىزىي ئاسىيالىقلاردىكى ئەپسانە ۋە خۇراپاتلىقتىن مەدەنىي ۋە مەرىپەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئۈچ - تۆت ياشلىق بالىلىرىمۇ قاقاھلاپ كۈلۈشىدۇ.

بۇلار ئادەمنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان ئىشلارنى قەتئىي رەۋىشتە «شۇنداق بولغان، مۇنداق بولغان» دەۋېرىدۇ ھەمدە شۇنداق يالغانلارغا ئۆزلىرى ئىشىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئۆلۈكتىن ياردەم كۈتۈشى ئادەتتىكى بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېف، كۈچا

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى 7 — 8 - سانى، 206 - بەتتىن)

## ئالتەشەھەر تۈركلىرى تۇرمۇشىدىن (1)

بۇ يەردىكى تۇرمۇشنى ئىككىگە ئايرىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ: بىرى ئەرلەر تۇرمۇشى، يەنە بىرى خوتۇن - قىزلار تۇرمۇشى.

ئەرلىرى غايەت ساددا ۋە تۈز بولغانلىقى ئەكسىچە، خوتۇن - قىزلىرى بەك قائىدە - يوسۇنلۇق، تەكەللۇپى تولا.

ئەرلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز قوللىرىدا ئىشلەنگەن نەرسىلەر بولۇپ، خوتۇن - قىزلارنىڭ كىيىملىرى پۈتۈنلەي رۇس ماللىرىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى خوتۇن - قىزلار تاپقان - تەرگىنىنى ئۈستىبېشىغا خەجلەيدۇ. ئالتۇن ھالقىسى، كۈمۈش بىلەزۈكى، بەش - ئالتە دانە ياخشى چاپىنى بولمىغان خوتۇن - قىز ئادەم قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق پەزىلەت، پۈتكۈل بەخت - سائادىتى، كامالىتى يالغۇز كىيىم بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ.

باشلىرىغا ئەرلەردەك دوپپا ۋە تۇماق كىيىپ يۈرىدۇ. ئاياغلىرىدا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ ۋە قونچلۇق ئۆتۈك بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كىيىملىرى پۈتۈنلەي چىنچىدۇر.

يۈزلىرىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرۈپ، كالپۇكلىرىنى قىزىل بوياپ يۈرىدۇ. قىسقىسى، ياسىنىش - تارىنىشتا ھېچ نۇقسان يوق.

كوچىدا يۈرگەندە يۈزلىرىگە «چۈمبەل» دېگەن ئاق تورنى يېپىپ، تۇماقنىڭ ئاستىدىن ئاپئاق لېچەكنى چىقىرىپ، ئارقىغا تاشلاپ ماڭىدۇ. لېچەك دېگەن چىمىلدىقتەك ئاق ۋە

يۇپقا نەرسىدىن ئىبارەت بولۇپ، باشتىن ـ ئاياغقىچە تاشلى-
نىپ تۇرىدۇ. يۇرگەندە مۇمكىنقەدەر كىشىلەرنى قىزىقتۇ-
رۇشقا تىرىشىدۇ.

خوتۇن ـ قىزلار بېزەككە ئامراق بولغاندەك، ئەرلىرىمۇ
شۇنداق پۇزۇر كىيىنگەن يورغىلاپ يۇرگۇچى قىزلارغا ۋە
يورغا ئاتلارغا ئامراق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە خوتۇننى
كۆپرەك ئېلىش سۈننەت ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك ساۋابلىق
ئىش. ئاشۇ خىل ئېتىقادنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، بۇ
يەردە ئۆمرىدە 100 دىن ئارتۇق قىزغا ئۆيلەنگەن كىشىلەر
كۆپ ئۇچرايدۇ. خوتۇن ـ قىزلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇش، ئاغ-
زىدىن قان كەلگۈچە قىيناش ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ.
بۇلارنىڭ نەزەرىچە: بارلىق قۇت ـ سائادەت ۋە بارچە يېتۈكلۈك
كۆپرەك خوتۇن ئېلىپ ئۇلارنى قاتتىقراق قىيناشتىدۇر.

خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ كۈندىلىك رىزقى ئۈچۈن 16 پۇل
(ئۈچ تىيىن) بېرىپ، ئۆزلىرى كۈندۈزى ئاشخانىلاردا تاماق
يەپ، كېچىلىرى مەشرەپ سورۇنلىرىدا كەيپ قىلىپ يۈرۈش-
نى مۇستەھەپ دەرىجىسىدە ياخشى ئىشلاردىن دەپ بىلىدۇ.

مەيلى شەھەرلەردە بولسۇن، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن،
كوچىلار بەك تار ۋە ئەگرى ـ بۈگرى بولىدۇ. بۇنى چىمەن-
لىكلەر بۇخارادىن ياكى بۇخارالىقلار چىمەنلىكلەردىن ئالغانمۇ؟
ھېچ بىلەلمىدىم. شۇنداقتىمۇ چىن بۇخارادىن قېرى بولغان-
دىكىن، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئۇستاز بولۇشى ئېنىق.

ئۆيلەر لايدىن ياسالغان بولغاچقا، ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان-
دەكلا كۆرۈنىدۇ. يۇرتتا زىننەت ۋە كۆركەملىك يوق. ئۇستى-
دىن قارىسا، زور بىر قەبرىستانغا ئوخشايدۇ. ئۆيلەر بىر ـ
بىرىگە تۇتاش سېلىنغاچقا، ئىشىك ئالدى ئوچۇق تۇرمايدۇ.
شۇڭلاشقا دېرىزە ئورنىتىشقىمۇ ئورۇن يوق. دېرىزىمۇ ئور-

ناتمايدۇ. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىكى كىچىككىنە بىر تۆشۈكتىن ئاززاققىنە يورۇق چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئۆي ئىچى قۇياش نۇرىنى كۆرمەيدۇ. ماڭدا ـ تاپسىلىرى لايدىن بولىدۇ. قىش خىلى سوغۇق بولسىمۇ، مەش قويۇلمايدۇ. پەنجىرە قويۇلمايدۇ. شۇڭا قۇياش نۇرىمۇ چۈشمىگەنلىكتىن هاۋا بۇزۇلۇپ، ئۆي ئىچى سېسىپ تىنچىق بولۇپ كېتىدۇ.

ئىچىۋاتقان سۇلارغا تۇرلۇك پاسكىنا نەرسىلەر تاشلىنىدۇ، يازلىقى كىر ـ قات يۇيۇلىدۇ.

## دىۋانىلەر

بۇ يەردە دىۋانە ۋە قەلەندەر بەك كۆپ. تەپسە تۆمۈر ئۇزگىدەك، ئۇرۇشسا بەش كىشىنى بىردىن سېلىپ يىغىشتۇرغۇدەك تېنى تازا ياش ـ ياش يىگىتلەر دىۋانىلىككە بېرىلىپ، كوچا ـ كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدۇ. بۇ دىۋانىلەر ئارىسىدا بەك ئوساللىرىمۇ بولىدۇ. بىرەر كىشىگە ئاچچىقى كەلسە، كوچىدىكى ئۇششاق بالىلارنى قىينايدۇ. نان ساتقۇچى ئاياللارنىڭ نانلىرىنى بۇلاپ يەيدۇ، سۈتچى خوتۇنلارنىڭ سۈتىنى ئىچىۋالىدۇ. ئوتۇنچىلارنىڭ ئوتۇنىنى تارتىۋېلىپ قالايدۇ.

بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى دىۋانىلەرنىڭ قارغىشىدىن بەك قورقىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا هېچنېمە دېيەلمەيدۇ. ئۇلارنى هەقىقىي مەجنۇن (ئاشىق ياكى ساراڭ) دەپ ئويلايدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەجنۇنمۇ ئەمەس، دىۋانىمۇ ئەمەس، پەقەتلا هۇرۇنلۇق ۋە بىكار تەلەپلىكىدىن ـــ ئىشتىن قورققانلىقىدىن شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يۈرىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇتۇنلەي ئاندىن تۇغما يالىڭاچ يېتى يۈرىدۇ.

## مەدداھلار

بۇ يەرنىڭ مەدداھلىرى كوچىلاردا «ئابا مۇسلىم» قىسسەسىنى سۆزلەيدۇ. «رۇستەم» ۋە «ئاپراسىياپ» قىسسەلىرىنى ئوقۇيدۇ. يەرلىك خەلق ئۇنداق قىسسەلەرنى بەك ئىخلاس بىلەن تىڭشايدۇ. لېكىن گېزىت ئوقۇمايدۇ ۋە گېزىتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. مەتبۇئات يېڭىلىقلىرىدىن قىلچە خەۋىرى يوق. 2000 يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يالغانلاردىن، خام خىيال ۋە خۇراپاتتىن لەززەتلىنىدۇ.

پەن ـ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، ئىنساپ ـ ئادالەت، مىللەت ۋە مەنىۋىيەت، دىيانەت، شەرىئەت، مەسلىھەت ۋە كېڭەش، چىرايلىق مۇئامىلە ۋە چىرايلىق دوست ـ ئاغىنىدارچىلىق، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، مەكتەپ ـ مەدرىسە، مىللىي مەتبۇئات، مىللىي ئەدەبىيات دېگەندەكلەرنى بىلمەيدۇ. دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى چۈشەنمەيدۇ. پۈتكۈل تۇرمۇشى قۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئازراقلا شامال چىقسا، ھازىرلا توزۇپ كېتىدىغاندەك ئارانلا تۇرىدۇ.

## چەنتو

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەيدۇ. «سىز كىم بولىسىز؟» دەپ سورىسا، «چەنتو بولىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

چەنتو — چىنلىقلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئات بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

«يۈگىمە باش» دېگەن مەنىدە. چىنچە «چەن» — ئۇرالغان، «تو» — باش دېگەن سۆزدۇر.

چىنلىقلار ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى تۇڭگانلاردىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارنى «چەنتو» دەپ ئاتايدۇ.

بۇ يەردە مىللىي تارىخ، ئانا تىلى ۋە مىللىي ئەدەبىيات ئوقۇتىدىغان مەكتەپ ـ مەدرىسەلەر يوق. بولسىمۇ بۇخارا ئۇسۇلىدا. مانا شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى بىلەلمەي يۈرۈشىدۇ. بۇ يەردە ئۆز ئانا تىلىدا توغرا يازالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغان ۋە مىللىي تارىختىن خەۋەردار بىرمۇ كىشى يوق. پەقەت كاشغەرلىك داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

— سىز كىم؟

— ئەلھەمدۇلىللاھ چەنتو.

مانا جاھالەت دېگەن.

بۇلار ئۆزلىرىنى «چەنتو» دەپ بىلگىنىدەك، رۇسلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۆزبېكلەرنىمۇ «ئەنجانلىق» دەپلا ئاتايدۇ. بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئارىسىدا قېرىنداشلىق نىشانى كۆرۈنمەيدۇ. قېرىنداشلىق بىر ياقتا تۇرسۇن، ئارىلىرىدا دۈشمەنلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى شۇ قەدەر يامان، شۇ قەدەر سوغۇقكى، خۇددى مۇز بىلەن تۇز.

بۇلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك ياقۇپبەگ ۋاقتىدا تۇغۇلغان. چۈنكى ياقۇپبەگ مەركىزىي ئاسىيالىق، چەنتولارنىڭ تەبىرىچە ئەنجانلىق ئىدى. بۇنىڭدىن 50 — 60 يىل ئىلگىرى رۇس مەركىزىي ئاسىيا ئۆزبېكلىرى بىلەن ئالتەشەھەرلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مۇستەقىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇش نىيىتى بىلەن بولسا كېرەك، چەنتولارنى ئۆز ئىدارىسى ئاس-

تىغا ئالماقچى بولدى. لېكىن چەنتولار باش ئەگمىدى. ئارىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلاندى. ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى چەنتولارنى قىردى، قەتلىئام قىلدى. ياقۇپبەگ ھەرقانچە تىرىشسىمۇ مەقسىتىنى ئۇقتۇرالمىدى. چۈنكى چەنتولاردا ئۇنى چۈشەنگۈدەك ئاڭ يوق ئىدى. نادان خەلقنى ئۇيۇشتۇرماق قۇمدىن ئارقان ئەشكەندەك قىيىن بىر ئىش. توغرا، ئۇلار سوقۇشتىن كېيىن ياقۇپبەگكە بويسۇندى، لېكىن ئۆز پايدىلىرىنى بىلىپ ئەمەس، بەلكى ياقۇپبەگنىڭ تايىقىدىن قورقۇپلا باش ئەگدى.

ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئىشى ئاساسسىز ئىدى. ئۇ ئۇلارنى ئادەم قىلىشى، ئۇلارغا ئاڭ بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ياقۇپبەگنىڭ تىككەن دەرىخى يىلتىز تارتالمىدى. ياقۇپبەگ ئۆلۈشى بىلەن تەڭ چەنتولار يۈز ئۆرۈدى. ياقۇپبەگ ئەشكەن ئارقان ئۈزۈلدى. مەنسەپ تەمەسى بىلەن ئۆزئارا قىرغىنچىلىق باشلاندى. بىرئاز تارتىشىش بىلەن جەڭگى - جېدەلمۇ بېسىقتى. ياقۇپبەگ قۇرغان نېگىز يىمىرىلدى. لېكىن ئىش ئۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. چەنتولار بىلەن ئەنجانلىقلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى، قېرىنداشلىق يىپى ئۈزۈلدى. مېھىر - مۇھەببەت ئوتى ئۆچۈپ ئارىغا سوغۇقلۇق چۈشتى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى دۈشمەنلىك.

ھازىرمۇ بۇ دۈشمەنلىك ئاسانلىقچە يوقىلىدىغاندەك ئەمەس.

قاچانكى بۇلار ئوقۇشقا باشلىسا، ئىپتىدائىي تەلىم بولسىمۇ يولغا قويسا، ئۆزلىرىنى تونۇسا، كاللىسىغا ئاڭ كىرسە، شۇندىلا يۈرەكتىكى «مۇز بىلەن تۇز» ئېرىسە ئېرۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ دۈشمەنلىك ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالىدۇ ۋە بارغانچە ئۇلغىيىپ، كۈچىيىپ بارىدۇ.

چەنتولارنىڭ رېئال دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقە - باغلى-

ـنىشلەرىنىڭ يوقلۇقى، خىيالىي، مەۋھۇم ۋە خۇراپات ئالەـ
ـمىدە قانداق پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدىغانلىقلىرى ھەققىدە يېـ
ـزىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ تۇرىمەن.

نوشىرۋان يائۇشېف، كۇچا

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى 8 ـ سانى، 232 ــ 233 ـ بەتلىرىدىن)





# كۇچادا

«قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىد قائىدىسى بىلەن ئوقۇش، قايسى زاماندا كىم تەرىپىدىن چىقىرىلغان؟ «مىن لىم تجويدالقران فهواسم» سەھىھ ھەدىسمۇ؟ دۇرۇس ھەدىس بولسا «تەجۋىد»تىن قانداق مۇراد ھاسىل قىلىمىز؟ «ھەرپ ئۆزگەرسە مەنىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ» بولغاندا، تەجۋىدچە بەك كۆپ ھەرپ ئۆزگەرتىلىدۇ. بەزى ھەرپلەر پۈتۈنلەي ئالمىشىدۇ. بۇ سوئالغا ئەرەبىيات ئالىملىرىدىن جاۋاب كۈتىمەن.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى 8 ـ سانى، 254 ـ بەتتىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دىن ئالىملىرى ئارىسىدا

«خەلق نەزەرىگە»[①] ، «ئۇفاق پىكىرلەر»[②] دېگەن كىتابلار يېڭىلا قولۇمغا تەگدى. ھەۋەس ۋە لەززەت بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. لېكىن «دىنىي تەدبىرلەر»[③] دېگەن كىتابنى ئۇچرىتالمىدىم.

«خەلق نەزەرىگە»نىڭ 92 ـ بېتىدە « ئىماندا، بولۇپمۇ ئىسلام ئەقىدىسىدە ئەڭ بۈيۈك ئەھمىيەتلىك ئىش ئىنسانىيەتنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بەخت ـ سائادىتىگە ئاساس سېلىشتۇر. ئىسلامىيەت ئەقىدىسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئەھمىيىتى باشقا ئەقىدىلەرگە سېلىشتۇرغاندىكى ئالاھىدىلىكى بۇ يەردە بولۇشى كېرەك. ئىمان دۇنيادا ئىنساننىڭ پاكلىقىغا، ئىس-

① مۇسا جارۇللا بىگىيېفنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، تولۇق نامى «خەلق نەزەرىگە بىرنەچچە مەسىلە». 1912 ـ يىلى قازاندىكى «ئېلېكترو ـ تىپوگرافىيە ئۇمىد مەتبەئەسى»دە بېسىلغان. 93 بەتلىك بۇ ئەسەردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئارقىدا قېلىش سەۋەبلىرى، تىل ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرى، ئىمان بىلەن ئەمەلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمىسى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى شەرھلەنگەن.

② مۇسا جارۇللا بىگىيېفنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، تولۇق نامى «بۈيۈك ماۋزۇلاردا ئۇفاق پىكىرلەر». 1914 ـ يىلى سانكىت پېتېربۇرگدىكى «تىپ.م.ئا.مەقسۇتوف»دا بېسىلغان، بۇ ئەسەردە قازانلىق ئىسلاھاتچى ئۆلىما زىيا كامالىنىڭ «دىنىي تەدبىرلەر» دېگەن كىتابى ۋە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپقا قارشى كۆز قارىشىنى تەنقىد قىلىپ ھەم تەنقىدىي مەزمۇندىكى 23 ماقالىدىن تەركىب تاپقان، خىلاپەت، تەسەۋۋۇپ، مۆجىزە، سىراج ۋە مىراج ھادىسىلىرى، قۇرئان تەرجىمىلىرى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى شەرھلەنگەن.

③ زىيا كامالىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1913 ـ يىلى ئۇفادا بېسىلغان. ئىسلامغا ئۇيغۇن بولمىغان ئەقىدىلەرنى تازىلاش ئۈچۈن ھەربىر مىللەت «قۇرئان كەرىم»نى ئۆز ئانا تىلىدا مەنىسىگە يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇشىنى تەرغىب قىلغان كىتاب.





تىقامىتىگە، ئىمانىغا، ئىجتىهاتىغا، گۇناھىغا، ئىززىتىگە،
سالاھىيىتىگە ئاساس بولالىسا، ئەنە شۇنداق ئىمان ئىسلامد-
يەت ئىمانى بولىدۇ. ئاخىرەت سەمەرىسى بوگۇنكى سائادەت-
نىڭ سەمەرىسىدۇر ياكى ‹لائەقل لاهەققە› (ئەقىلسىز بۇنىڭ-
دىن نېسىۋىسىزدۇر)دۇر. بەخت ـ سائادەتنى دەرۋىشلىك،
مىسكىنلىكتىن، راھەتنى يوقلۇقتىن ئىزدەش ھىندىستان
گادايلىرىنىڭ، بىراخمانلىرىنىڭ پەلسەپىسىدۇر. ھەر دىنىنىڭ
ئەڭ بۈيۈك غايىسى مەبۇدىغا ئوخشىماقلىقتۇر. بىزنىڭ مەبۇ-
دىمىز بۇتپەرەسلەرنىڭ مەبۇدىغا ئوخشاش جېنى يوق سەنەم
(بۇت) ئەمەستۇر. بىزنىڭ مەبۇدىمىز مۇقتەدىر، سائى، ئە-
زىز، كەبىر، غېنى، كەرىم، مالىك، سەييىد، ئامىر، ھاكىم،
ھېكىم، ئاللاھۇرەببۇلئالەمىن ھەزرەتلىرىدۇر. بىزدە ئىلىم،
قۇدرەت، سانائەت، ئىززەت، بۈيۈكلۈك، بايلىقىقا ئوخشاش كا-
مالەتلەرنىڭ بولۇشى دىنىمىز، ئىمانىمىزنىڭ ۋاستىسى بى-
لەن ئىشقا ئاشقۇسىدۇر. شۇ كامالەتلەرنىڭ ھەربىرى دىنى-
مىزنىڭ غايىسىدۇر، شەرىئىتىمىزنىڭ يارلىقىدۇر. دىنىنى
تىلىنىڭ ئىقرارىغا، كۆڭۈلنىڭ ئېتىقادىغا ئۆي قىلماق ئا-
جىزلىق، دەرۋىشلىك پەلسەپىسىدۇر»، دەيدۇ.

بۇ سۆزلەرنىڭ توغرىلىقىغا گۇمانىم يوق.

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىدا ئۇ سۈپەتلەرنىڭ ھېچبىرى
بولمىغانلىقتىن دىن، ئىمان، ئىقرار ۋە تەستىققا تېخىمۇ
توغرىسى، دەرۋىشلىككە قالغانلىق بۇلارنىڭ ئارىسىدا نامرات-
لىق ۋە موھتاجلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقتىن ياش ۋە مەسۇم
بالىلىرىنى، قىزلىرىنى 15 ـــ 20 سومغا ياتلارغا سېتىش-
تەك ناچار ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. بۇلار يۇقىرىدا دېيىلگەن سۈ-
پەت ۋە پەزىلەتلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. دىن ئەزەلدىن كۆ-
ڭۈللىرىدىلا ساقلىنىدۇ، ئەمەلىيىتىدە يوق. دىنىي، ئىلمىي،
مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەر تەسىس قىلىنمايدۇ.



مىللەت ۋە ئىسلامىيەت جانسىز، روھسىز قۇرۇق جىسىم-دىنلا ئىبارەت.

دېمەك، بايلىقنىڭ پايدىسى، نامراتلىقنىڭ زىيىنى ئوپ-ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇڭلاشقا بايلىقنى دىننىڭ ئاساسى، ئىماننىڭ تۈۋرۈكى دېسەك خاتا بولمىسا كېرەك. «خەلق نەزەرىگە» مۇ بۇنىڭ توغرىلىقىنى بەك ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر، مۆھتەرەم ئالىم مۇسا[1] ئەپەندى

---

① مۇسا جارۇللاھ — (1875 — 1939) دادىسىنىڭ ئىسمى يارۇللا (يارۇللا قىسقارتىلىپ جارۇللاھ تەلەپپۇز قىلىنىپ ئومۇملىشىپ قالغان) ئانىسىدىن باشلانغۇچ بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، 13 ياشقا كىرگەن يىلى قازاندىكى كۆلبويى مەدرىسەسىگە بارىدۇ، كېيىنچە بۇخاراغا بارىدۇ. بۇ يەردە ئەرەبچە، پارسچە ۋە باشلانغۇچ ئىسلام بىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ. 1896 - يىلى رۇسىيەگە قايتىپ كېلىدۇ. ھىجاز، مەككىدە تۆرلۈك دەرسلەرگە قاتنىشىدۇ، ھىندىستاندىكى دىيوبەند مەدرىسەسىدە ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن قايتىدىن قاھىرەگە قايتىپ كېلىدۇ. مىسىردا ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن، بېيرۇتقا بارىدۇ. قولى قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن، بېيرۇتتىن دەمەشققە پىيادە بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار.

1926 - يىلى مەككىدە ئېچىلغان دۇنيا مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيىغا مۇسا جارۇللا يەتتە كىشىلىك بىر ھەيئەت بىلەن مەككىگە بېرىپ، كاشغەر مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا قاتناشقان.

1930 - يىلى 10 - ئايلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى تاشلاپ رۇسىيە چېگراسىدىكى سىمخانادىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ، بىر سودىگەرنىڭ تۆگە كارۋىنىغا قوشۇلۇپ كاشغەرگە بارىدۇ. ئۇ كاشغەردىكى بىرەر مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلىش ئارقىلىق كاشغەردە يەرلىشىپ قېلىش ئۈمىدىدە بولىدۇ. ئەمما، ئۆمەر ئاخۇنباي ئۆيىدە ئىككى ئايچە مېھمان قىلىپ ئېلىپ قالمايدۇ. ئۈچ ئاي داۋام قىلغان ئاتلىق سەپەردىن كېيىن ئافغانىستانغا بارىدۇ. ئافغان شاھى نادىرشاھ ئۇنى ياخشى قارشى ئالىدۇ. پادىشاھنىڭ ياردىمىدە ئالغان بىر پاسپورت بىلەن ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىگە بېرىپ، كوتا دوستلىرىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ.

1933 - يىلى ئىران ۋە ئىراق ساياھىتىدە ئىراننىڭ مەشھەد، تەبرىز ۋە تېھران شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان شىئە ئۆلىمالىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن باغدادقا بارىدۇ ۋە نەجەفتە 26 كۈن تۇرىدۇ. 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بەزى يېرىم قالغان تەتقىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قاھىرەگە كېلىدۇ. 1937 - يىلى ھىندىستانغا كېلىدۇ. 1938 - يىلى ياپونىيەگە قېچىپ





«ئۇفاق پىكىرلەر» ناملىق ماقالىسىدە مۆھتەرەم ئالىم زىيا[1]
ئەپەندىنىڭ «بايلىق ئىمانىنىڭ تۇۋرۇكى» دېگەن سۆزىنى
ياراتمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: «مۆھتەرەم مۇئەللىپ ئەپەندى
ماقالىسىنىڭ بىرقانچە بېتىدە ‹بايلىقنى ئىمانىنىڭ تۇۋرۇكى›
دەپ كۆرسىتىپتۇ. مۇئەللىپنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە ئازراق خا-
تالىق بولسا كېرەك»، دەيدۇ.

مېنىڭچە مۇئەللىپ ئەپەندىنىڭ بايلىقنى ئىمانىنىڭ تۇۋ-
رۇكى دەپ كۆرسىتىشى ئۇنىڭ خاتالىقى ئەمەس، بەلكى بىر
ئوخشىتىشتۇر. نۇرغۇن موللىلىرىمىزنىڭ نامراتلىقنى ئى-
مانىنىڭ تۇۋرۇكى قىلىپ كۆرسىتىشلىرىگە قارشى مۇبالىغە

---

كەتكەن دوستى قازى ئابدۇرەشىد ئىبراھىمدىن تەكلىپنامە تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. يا-
پونىيەدە ئۇنىڭ بىلەن ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. كې-
يىن ھىندىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. كابۇلدا قېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما پىشا-
ۋۇردا ئەنگلىيەلىكلەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئىككى يىل زور قىيىنچىلىقلار بىلەن
تۈرمىدە ياتىدۇ.

1939 ـ يىلى ياز ئاخىرىدا ئىستانبۇلغا يولغا چىقىدۇ. يولدا پاراخوتنىڭ
پالۋباسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ قولى ۋە پۇتى سۇنۇپ كېتىدۇ. دوختۇرخانىغا ئې-
لىپ كېلىنىپ، ئىككى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنىدۇ. ئابدۇرەشىد ئىبراھىم-
نىڭ قىزى فەۋزىيە خانىم ۋە ئالىمجان ئىدرىس ئۇنىڭغا قارايدۇ. 10 ـ ئاينىڭ
28 ـ كۈنى قاھىرەدە ۋاپات بولىدۇ. نامىزى سەيىدى نەفىسە مەسچىتىدە ئوقۇ-
لۇپ، ئەففىدىكى ھىدۋىيە جەمەتىنىڭ پادشاھلىق مازارلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

① زىيا كامالى (1873 — 1942) — يەنى زىيائىددىن كامالى ئۇفادا تۇ-
غۇلغان. ئەسلى قازان تاتارلىرىدىن. ئۇفادىكى ئوسمانىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇغان،
ئوقۇش نەتىجىسى ئەلا بولغاچقا، ئۇفا «خەيرىيەت جەمئىيىتى» مىسىردىكى ئەز-
ھەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. زىيا كامالى ئەزھەردە مۇھەممەت ئابدۇھىنىڭ ۋە ئىس-
تانبۇل، مەدىنىدىكى ئالىملارنىڭ تەسىرىدە ئىسلاھاتچى بولۇپ يېتىشكەن.
1904 ـ يىلى ئۇفاغا قايتىپ كېلىپ ئوسمانىيە مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك
قىلغان. 1906 ـ يىلى «ئالىيە مەدرىسەسى»نى ئاچقان. مەدرىسە مۇدىرى بولۇش
بىلەن بىرگە سەزگۈر تېمىلاردا دەرس بەرگەن. يەھۇدىي شەرقشۇناس ۋامبېرى بى-
لەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان. 1923 ـ يىلى ئورېنبۇرگنىڭ مۇپتىسى بول-
غان. 1930 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ، 1942 ـ يىلى سامارادا گۇلوم جازاسى بې-
رىلگەن. ئۇنىڭ «پەلسەپەئى ئىسلامىيە» (تۆت قىسىم)، «پەلسەپەئى ئېتىقادىيە»،
«پەلسەپەئى ئىبادەت»، «پەلسەپەئى ئىسلامىيەدىن ئاللاھنىڭ ئادالىتى» (تۆت قى-
سىم)، «دىنىي تەدبىرلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بېسىلغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاڭسىز، پىكىرسىز موللىلارنىڭ خەلقنى مىللەتنى ئىشتىن، بايلىقتىن يەزدۇرۇشكە تىرىشىپ مەسچىتلەردە مۇنبەرلەردە، يىغىنلاردا خاتا پىكىر تارقىتىشلىرىغا قارشى قەلبى ئۆرتىنىپ، ئېچىنىپ سۆزلىشى تەبىئىيدۇر.

مىللىتىمىزنىڭ قەلبى، يۈرەكلىرى نادان موللىلارنىڭ مەنتىقىسىز نەسىھەتلىرى بىلەن زەھەرلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئۇلارنىڭ باتىل ئېتىقادلىرىنى يىمىرىش ئۈيى بىلەن «بايلىق ئىمانىنىڭ تۇۋرۇكى، نامراتلىق ئىمانغا، دىنغا ئەيىب كەلتۈرىدۇ» دېيىشى ئورۇنلۇق ئوخشىتىش، كۆركەم يۈرەك سۆزىدۇر.

ھايات ۋە مەدەنىيەت دۇنياسىدا بىرىنچى ئاساس بولغان يېڭىلىققا، بۇنىڭغا قاتنىشىشقا، ئىش - ھەرىكەتكە ۋە بايلىققا خەلقنى ئۈندەشتىنمۇ ئۇلۇغ خىزمەت بولۇرمۇ؟

نامراتلىق سەۋەبىدىن دىنىمىزغا، ئىمانىمىزغا ۋە بارچە ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزغا قۇسۇر ۋە نۇقسان يېتىدىغانلىقى مەلۇم.

مۆھتەرەم زىيا ئەپەندىنىڭ مىراج ۋە باشقىلار ھەققىدە يازغانلىرىمۇ ھازىرقى زامانغا قاراپ، خەلقنى خۇراپاتتىن ھەقىقەتكە، مەنىۋىيەتتىن ماددىياتقا يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

توغرا، زىيا كامالى ئەپەندىدە قىزىققانلىق، خەلقنىڭ ئەخمەقلىقىگە تەخىرسىزلىك، جاھالەت ۋە خۇراپاتقا ئۆچمەنلىك قىلىشتەك سۈپەتلەر بار. قىزىپ كېتىپ مۇبالىغىلىك سۆزلەرنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىش ئېھتىماللىقىمۇ بار. ئەمما، ھەر ھالدا بايلىق توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى خاتاغا تارتىشنىڭ ئۆزى خاتالىقتۇر ياكى بولمىسا زىيا ئەپەندىنىڭ روھىي دۇنياسىدىن خەۋەرسىزلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

توغرا، تىكەنسىز چىچەك بولماس. بوستانلىقتا بۇلبۇلمۇ، قاغىمۇ بولىدۇ. لېكىن، چىچەكنى تىكەندىن ئايرىغاندا چىچەككە زىيان يېتىشتىن، چېگىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ يەڭ - ئېتەكلەرنى قىسقا تۇتۇش كېرەك. قىسقىسى، تەنقىد چىن مەنىسىدىكى تەنقىد بولسۇن، مۇنازىرە تۇسىنى ئالمىسۇن.

توغرا، بىزگە ھەممىدىن بۇرۇن يېگىلىق كېرەك، تىل كېرەك، ئېتىقاد كېرەك، ئىلىم، تېخنىكا، تىجارەت، زىرائەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا مىللىي شېئىرىيەت، مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي رومان، مىللىي مۇزىكا، ئويۇن - كۈلكىمۇ كېرەك. مىللەتكە بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەر كېرەك. شۇ كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بار قىلىش ئۈچۈن بايلىق كېرەك، ئاقچا كېرەك.

نوشىرۋان يائۇشېف، كۇچا

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى 8 — 9 - سانى، 261 — 262 - بەتلىرىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىسى

# ئىلىم تارقىتىش

قارا خەلقنى ئاقارتىش، ئاڭسىز خەلق ئارىسىغا ئىلىم تارقىتىش، نادان خەلقنى ئەپسانە ۋە خۇراپاتلىقتىن پاكلاپ ھەقىقەت تەرەپكە يۈزلەندۈرۈش، ئۇلارنى شەخسىيەتچىلىك ۋە ھايۋانىيلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت ۋە ئىسلامىيەت يولىغا باشلاش، بىكارچىلىق ۋە ھۇرۇنلۇق كېسەللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، يېڭىلىق ھەرىكىتىگە ئاتلىنىپ مەۋجۇتلۇق ۋە تۇرمۇش مەيدانىغا باشلاپ مېڭىشتەك ئېغىر ۋەزىپە بولمىسا كېرەك.

ياق، ئويۇن – تاماشىنىڭ زامانى كەتتى. ئەمدى كۆزنى ئاچىدىغان زامان كەلدى. تەرەققىيات ۋە ئىنقىلاب دەۋرى باشلاندى. زامانى ئاخىر بولدى. مەھشەر ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەدەنىيەت قۇياشى پارلاپ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈردى. ئىنسانىيەت ھەرىكەتكە كەلدى. ئۆلمەپ، ئاسقاقلاپ، يورغىلاپ بولسىمۇ، تىرىشىپ – تىرمىشىپ ئالغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. قايسىبىرلىرى قۇش كەبى كۆكتە پەرۋاز قىلماقتا، بېلىق كەبى سۇدا ئۈزمەكتە. ئەمما، قۇياش نۇرىدىن مەھرۇم قالغانلار سايىدە سولاشقان بوغدايدەك سارغىيىپ قۇرۇشقا باشلىدى. مۇنقەرز ۋە ئاسارەتتە قالدى.

مەدەنىيەت قۇياشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قېلىپ، جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز ياتقۇچىلار كىملەر، ئۇلار قەيەردە؟ بۇلار چىندا، ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىدۇر. دۇنيادا بۇلاردىنمۇ تۆۋەن قالغان يەنە بىر خەلق بولمىسا كېرەك.

بۇخارا ۋە سەمەرقەنت تەرەپلەردە يۈرگىنىمدە، ئۇلاردىكى نادانلىق، ئۇلاردىكى قارا قورساقلىق، ئۇلاردىكى ئەخمەقلىققە قاراپ بەك كەيپىم ئۇچقانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردىكى جاھا-لەت ئۇنچىۋالا كەيپىم ئۇچقۇدەكمۇ ئەمەس ئىكەندۇق. ئاز بولسىمۇ مەكتەپلىرى، تەرتىپسىز بولسىمۇ مەدرىسەلىرى، ئۆزلىرىگە تۇشلۇق زىيالىي ۋە مۇھەررىرلىرى، مەتبۇئات ۋە كىتابلىرى، جەمئىيەتلىرى، ھۈنەرۋەنلىرى، ھىممەتسىز بولسىمۇ بايلىرى، كۆز ئۇستىدىكى قاشتەك ئىككىگىنە بول-سىمۇ، قانۇن بىلگەن قانۇنچى ۋە ئادۋوكاتلىرى بار ئىدى.

بۇلاردا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق. ئالتەشەھەر-دە ئومۇمنىڭ پايدىسىغا ئىش قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. دىن نۇقتىئىنەزەرىدە بىرىنچى پەرز ھېسابلانغان ئوقۇ - ئو-قۇتۇش توغرىسىدىكى پەرۋاسىزلىقلارنى يېزىشقا قەلەم ئا-جىزلىق قىلىدۇ. ئىنسانىيەت ۋە ئىسلامىيەت نۇقتىسىدىن سۆزلەشكە ئېغىز، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلارغا قۇلاق يوق. تۇرمۇش ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي شەخسىيەت ۋە شەھۋانىيەتتىن ئىبارەت: قىمارۋازلىق، هاراقكەشلىك، پا-ھىشىۋازلىق، ئوغرىلىق، بىر - بىرىنى ئېزىش ۋە جەبىر - جاپا سېلىشتەك ئەخلاقسىزلىقلارغا گىرىپتار بولغان.

ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ لازىملىقى ھەققىدە بۇ خەققە جىق سۆزلىگەن بولسامۇ، تاشقا ياغقان يامغۇردەك قىلچە تەسىر قىلمىدى. گەپ چۈشەندۈرۈش تەس كەلگەچكە، ئۆرنەك قىلىش ئۈچۈن كۈچادا بىر مەكتەپ ئېچىپ، باللارنى ئوقۇ-تۇشقا باشلىغانىدىم، لېكىن سۆز بىلەن قايىل قىلالمىغى-نىمدەك، ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەت بىلەنمۇ بىر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمىدى.

باشتا 40 — 50 بالا ئوقۇشقا تىزىملاتقانىدى. ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىر تىيىن ئالماي، ھەتتا قەغەز - قەلەم قاتارلىقلار-

نىمۇ ئۆزۈم بېرىپ تۇردۇم. كىتاب يوق بولغاچقا، يازدۇرۇپ ئوقۇتتۇم. بىر ئايغىچە خېلى ياخشى ئوقۇغانىدى، كېيىن كۆچا ئامبىلىنىڭ بېسىمى بىلەن چىنچە ئوقۇتۇشنى كىرگۈزۈشنى باھانە قىلىپ، بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. مەكتەپتە ئاخىرى بەش ـ ئالتە ياشلىق بالىلاردىن بارى ـ يوقى ئالتە ـ يەتتە بالا قالدى. ئامبالنىڭ ۋە خەلقنىڭ بۇ قەدەر ناچار مۇئامىلىلىرىگە غەزەپلەنمەي، قولۇمدا قالغان بالىلارنى ئۆزۈم تۇرغان كىچىككىنە بىر ئۆيدە ئوقۇتۇۋەردىم، ھېلىھەم ئوقۇتماقتىمەن. ھازىر قولۇمدىكى ئالتە بالا تۆركىيچە ئوقۇش ۋە توغرا ئىملادا يېزىشنى ئۆگىنىپ بولدى. بۇنى كۆرۈپ بالىلىرىنى چىقىرىۋالغان كىشىلەر ئۆكۈنچتە قالدى.

مۇشۇ كۈنلەردە رۇسىيەلىك سودىگەر ئۆزبېكلەر (بۇ يەردە پەرغانە ۋە مەركىزىي ئاسىيادىن كېلىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالىچاقىلىق بولۇپ قالغان 30 — 40 ئۆيلۈك ئۆزبېك قېرىنداش بار) ئۆزئارا باش قوشۇشۇپ، يىغىمدىن بىر مەكتەپ ئاچماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئوقۇتقۇچىلىققا پېقىرنى تەكلىپ قىلماقچى.

مۇنداق تەكلىپنى باش ئۈستىگە دەپ قوبۇل قىلىمەن. ئۆزۈم كېتىپ قالسامۇ، ئورنۇمغا ئۆزۈمدەك بىر ئوقۇتقۇچى تېپىپ بېرىشنىمۇ ئۈستۈمگە ئالىمەن. لېكىن بۇلارمۇ ئۇيۇشۇپ بىر يەرگە كېلەلمەيۋاتىدۇ. گېپى ئاغزىدىلا قېلىپ، ئىشلار ھامان خام پېتى قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئاڭلىق ۋە پىكىرلىك ئادەملەر بەك ئاز. بارى: تاشكەنتلىك ئەيساخان ئەپەندى، ئەلى خوجا ئىشان، مەرغىلانلىق ئەزەمخان تۆرە. بۇلاردىن باشقىلىرىنىڭ مەكتەپ بىلەن كارى يوق.





قورۇق خام خىيال ۋە خۇراپات بىلەن كىرلىنىپ قاتقان كۆڭۈلنى ئاقارتىش، ئاڭ كىرگۈزۈپ چىرىگەن مېڭىنى نۇرلاندۇرۇش، تازىلاش، ئۆلگەن يۈرەككە ھېسسىيات بېغىشلاش، ئۆز ئۆيىدىن باشقا يەرنى كۆرمىگەن، زامان يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز يۈرگەن، ھەممە بەخت - سائادەتنى يېيىش، ئىچىش، ئايدا نەچچە خوتۇن يەڭگۈشلەشلا دەپ ئويلايدىغان خەلق ئارىسىغا ئىلىم تارقىتىش ۋە ئۇلارنى ئىلىم، تېخنىكا ۋە ئويغارلىققا ئۈندەش بەسى مۇشكۇل ئىش ئىكەن.

ئابدۇللا بوبى[1] ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە قىلغان ئىلمىي خىزمەتلىرى تۈگىمەس ماختاش ۋە مۇكاپاتلارغا لايىق-

① ئابدۇللا بوبى — (1871 - 1922) ساراپۇل شەھىرىنىڭ بوبى يېزىسىدا تۇغۇلغان. بوبى مەدرىسەسىدە دادىسىدىن تەلىم ئالغان ۋە كېيىن دادىسى بىلەن بىرلىكتە مۇدەررىسلىك قىلغان. 1895 - يىلى ئاكىسى ئۇبەيدۇللا ئىستانبۇلدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاكا - ئۇكا بىرلىكتە بوبى مەدرىسەسىدە جەدىتچە ئوقۇتۇش بىلەن، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدا داڭ چىقىرىدۇ. ئاچىسى مۇخلىسە (1869 — 1937) 1917 - يىلىدىن باشلاپ ئورېنبۇرگ مۇپتىلىقىنىڭ قازىلىقىغا تاللىنىپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى تۇنجى ئايال قازى بولۇپ قالغان، سوۋېتلەر زامانىدا تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن) قىزلار مەكتىپى ئاچىدۇ. مۇتەئەسسىپ موللا ئىشمۇھەممەد بىن دىنمۇھەممەد (1839 — 1919) جەدىتچىلەرنى «كاپىر» دەپ جار سېلىش بىلەنلا قالماي، چار ھۆكۈمىتىگە چاقىدۇ. نەتىجىدە ئابدۇللا بوبى 1911 - يىلى «پانئىسلامىست، پانتۈركىست» دېگەن تۆھمەت بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. 1913 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ، غۇلجىغا كېلىپ يەرلىشىدۇ. غۇلجىدا ئۆزى مەدرىسە ئىسلاھاتى ۋە ئەسەر يېزىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ («بوبى مەدرىسەسى تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى مۇشۇ مەزگىلدە يازغان)، خانىمى قىزلار مەكتىپى ئاچىدۇ. 1917 - يىلى يۇرتىغا قايتىدۇ. بىر مەزگىل تىرويىتسكتا مەدرىسە مۇدىرى بولىدۇ. 1922 - يىلى ئاددىي بىر كېسەل بىلەن 51 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

ئابدۇللا بوبىنىڭ «تەئەددۇدى زەۋجاتى ھىفزىسسىھھاتە تەتبىق»، «تەرەققىئى فۇنۇن دىنسىزلىقى مۇجىپمۇ؟»، «ھەقىقەت ياخۇد دوغرۇلۇق»، «تاتارچە خۇتبە ئوقۇش دۇرۇسمۇ؟»، «زامانى ئىجتىھاد مۇنقەرىزمۇ - ئەمەسمۇ؟» ۋە «تەۋھىد» (مۇھەممەت ئابدۇھنىڭ ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى) قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا 20 جىلدلىق ماقالىلىرى ۋە ئەسەرلىرى ساقلانغان.



تۇر. بۇ كىشىنىڭ يالغۇز غۇلجىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالتەشەھەردا ئىلىم تارقىتىشقا زېھنىنى سەرپ قىلىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋارمىز. بۇ يەردە خەلقنى ئىلىمغا، ئوقۇشقا ئۈندەيدىغان زاتلارنىڭ كۆپرەك بولۇشى لازىم ئىدى.

نوشىرۋان يائۇشېف، كۇچا

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 8 ــ 9 ـ سانى، 280 ــ 281 ـ بەتلىرىدىن)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# ئالتەشەھەردە ساياھەت (1)

## (كوچادىن كاشغەرگە)

كوچا ئەتراپىدا يادىكارلىقلار بەك كۆپ، بارچىسىدىن ھەيران قالارلىقى، «مىڭئۆيدۇر». كوچانىڭ غەربىدە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە تاشتىن قېزىپ ياسالغان بەك قەدىمىي ئۆيلەر بار. بۇ يەر خەلقى ئۆينىڭ كۆپلۈكىدىن مۇبالىغە قىلىپ «مىڭئۆي» دەپ ئاتاشقان. لېكىن قايسى زاماندا، كىمنىڭ ياسىغىنىنى بىلگۈچى يوق. بەزىلىرى: ئاپراسىياپ ياساتقان دەيدۇ، يەنە بىرلىرى: پەرھات شېرىنگە سېلىپ بەرگەن، دەيدۇ.

بۇ ئۆيلەر قاتتىق تاشتىن بەك پۇختا ياسالغان، ئىچلىرى ئۈچ ـ تۆت تۇرلۇك بوياق بىلەن بېزەلگەن. نەقىش ۋە بېزەكلىرى ئادەم ۋە باشقا ھايۋانات رەسىملىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئادەم رەسىملىرى موڭغۇل ۋە چىنلىقلارغا ئوخشايدۇ. 83 ھۇجرىغا كىرىپ كۆردۇم. چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى ئوخشاش. ئۆيلەر ئومۇمەن بۇخارا مەدرىسەلىرىنىڭ ھۇجرىلىرىغا ئوخشايدۇ. دېرىزىلىرى يوق. كىچىكلىرى 90، چوڭلىرى 476 مۇئەككەب (كىۋادرات مېتىر) كېلىدۇ. تاغ ئىچىدىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئاققان بىر دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر يارغا سېلىنغان. ئىشىكلىرى دەرياغا قارايدۇ. كۆپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يار يېمىرىلىپ، بەك كۆپ ئۆيلەر خاراب بولغان. بۇنىڭغا يېقىن يەردە بەك قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىمۇ بار. بۇ يەردىن كونا

www.uyghurkitap.com

ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرى، ھايۋان سۆڭەكلىرى چىقىدۇ، تۇمۇر زاتى تېپىلمايدۇ.

ئۆتكەن يىلى گېرمانىيەدىن لېكوك ئىسىملىك بىر سەييياھ كېلىپ، بۇ ئەتراپتا تەتقىقات يۈرگۈزگەن. كونا نەر- سىلەرنى 11 ھارۋا، 40 تۆگىگە ئارتىپ ئەكەتكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا: «مىڭئۆي بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىل- گىرى ھىندىلار تەرىپىدىن ياسالغانىكەن. كېيىن بۇ يەرلەرنى موڭغۇللار ئىستېلا قىلغان، بىرنەچچە ئەسىردىن كېيىن بۇ يەرگە ئەرەبلەر كەلگەن. ئۇيلەر ياسالغاندا تۇمۇر ئەسۋاب بول- مىغان». مۇنداق ئۆيلەر ئالتەشەھەرنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ بار.

1915 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، يەرلەر ياشار- غان، دەرەخلەر يوپيۇرماق چىقىرىشقا باشلىغان، ئۆرۈكلەر ئاپئاق چېچەك ئاچقانىدى. يالغۇز ئۆزۈم ئات مىنىپ، تەڭرى- تاغلىرىنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن كاشغەرگە يۈردۈم.

قىزىل، سايرام، باي، ياقائېرىق، قارايۇلغۇن دېگەن يەر- لەردىن ئۆتۈپ، جام يېزىسىغا كەلدىم (غۇلجا ـ ياركەنت، كۇچا ـ كاشغەر يوللىرى قوشۇلىدىغان يەر). ئىشچى ـــ قارا خەلق چۈشىدىغان سارايغا چۈشتۈم. بۇ ساراي يالاڭ ئاياغ ۋە جۇل ـ جۇل كىيىملىك ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

ئەمدىلا چاي ئىچىشكە باشلىغانىدىم، بالىغا ئۇلاشقان چىۋىندەك ئولىشىۋالدى. بېچارىلەر ئاچ ـ يالىڭاچ، ئارىسىدا بەك قېرىلىرىمۇ بار ئىدى.

ـــ نەگە بارىسىز؟

ـــ ئىلىغا چىقىمىز.

ـــ نېمە ئۈچۈن؟

ـــ ئاش ئىزلەپ، پۇل تېپىش ئۈچۈن.

ـــ قەيەرلىك سىز؟

— كاشغەرلىك، ئارىمىزدا ياركەنت، خوتەنلىكلەرمۇ بار.

ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقتىم. يولدا تۈركۈم - تۈركۈم كىشىلەر ئۇچرىدى. ئۇلار جامغا قاراپ كېتىپ باراتتى. ئېرلەر شەكلەرگە خۇرجۇن، ئوزۇق - تۈلۈك ئارتىشقان بولۇپ، ئۆزلىرى ياياغ يۈرەتتى. ئارىلىرىدا ئەمچەكتىكى باللىرىنى كۆتۈرگەن ياش خوتۇن - قىزلارمۇ بار ئىدى. ئاپئاق ساقاللىق قېرىلارمۇ بار ئىدى. ئاياغلىرى يالىڭاياق، ئۇچىسىنى ئىلىلىتقۇدەك كىيىمىمۇ يوق ئىدى. كۆزلىرى كۆكەرگەن، يۈزلىرى سارغايغان. ئېغىزلىرى ئېچىلغان. پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىغانىدى. بۇ بىچارىلەرمۇ ئاچلىقتىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەپ ئىلىغا سەپەر قىلغانىدى.

## ئاقسۇ

كۇچا بىلەن ئاقسۇ ئارىسى 250 چاقىرىم چامىسىدا بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا ئادەم ئاز. ئادەمگە قارىغاندا مۈنبەت يەر ئاز. مال بېقىش، تېرىقچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. لېكىن ئىشلىرىدا بىرمۇ يېڭىلىق كۆرۈنمەيدۇ. ئېتىز ئىشىنى ئاز قىلىدۇ. ئىش ۋاقتى بولسىمۇ، كوچا - كويلاردا ساقاللىق كىشىلەر ۋە سەبىيلەرنىڭ ئوشۇق ئويناپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. 20 — 25 ياشلىق يىگىتلەر ئالدىلىرىغا بەش — ئالتە تال تۇخۇم، گازىر، سەۋزە، پىياز قويۇپ سودا قىلغان قىياپەتتە ئولتۇرىدۇ. بۇلار كۆپ بولسا كۈنىگە بەش تىيىنلىق سودا قىلىدىغاندۇ. كەتمەن چېپىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئېرىنىدۇ، ھۇرۇندۇر، مانا شۇڭلاشقا، بۇ يەرنىڭ خەلقى ئومۇمەن پېقىر ۋە موھتاجلىقتا ياشايدۇ.

ئاقسۇدىمۇ ئىشلار مانا مۇشۇنداق. بۇ يەردىمۇ شۇ ئىش-

سىزلىق، شۇ ھۇرۇنلۇق، شۇ ئاچلىق، شۇ پېقىرلىق، شۇ جاھالەت، شۇ پەسكەشلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ.

كوچا ـ كويلىرى بۇخارا كوچىلىرىدەك بەك تار ھەم ئەگرى ـ بۈگرى، ئىمارەتلەر خارابە، ۋەيرانلىقتىن ئىبارەت. پاكىزلىققا دىققەت قىلىنمايدۇ، ئۆيىدىن چىقىرىلغان نىجاسەتلەر كوچىلارغا، ئىچىۋاتقان سۇلارغا تاشلىنىدۇ.

ئاقسۇ ئادەملىرىنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمى «پوقاق» دېگەن بويۇن ئىششىقىغا مۇپتىلا. بۇنىڭ كىچىكلىرى ئىككى قاداق، چوڭلىرى ئىككى پۇت ئېغىرلىقىدىكى گىر تېشىدەك كېلىدۇ. بۇلار بۇنى سۇدىن بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە سىفلىس[1] دېگەندەك ئاغرىقلارمۇ كۆپ، تېۋىپ، دوختۇرلار يوق.

**مائارىپ:** بۇ يەردە ئىلىم ۋە مائارىپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىلەرمۇ يوق. مەكتەپ مەدرىسەلىرى، مەسچىت ۋە خانىقالىرى خارابە ھالىدا. تورۇس ـ شىپلىرىنى تور باغلىغان، ئىچىگە كىرىپ ناماز ئوقۇغۇدەك ھالى يوق، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان.

ئۆزىنى بەك بىلىملىك سانىغان، شەھەردە بىرىنچى دەرىجىدە باي سودىگەرلەردىن بىرىگە مەكتەپ ۋە بالا تەربىيەسى ھەققىدە سۆز قىلماقچى ئىدىم.

ــ مېنىڭ ئۆزۈم سالدۇرغان بىر مەكتىپىم بار، يۈزلەپ بالا ئوقۇيدۇ، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر موللا ئوقۇتىدۇ، ئۆزى ئەرزان، يىلىغا 10 ــ 15 سوم زاكات بەرسەڭ بېشى كۆككە يېتىدۇ، ــ دېدى.

ــ ئەرزان بولغىنى بىلەن بالىلارنىڭ ئۆمرى زايە كېتىدۇ ـ شۇ، ــ دېدىم.

بۇ يەردە مەكتەپلەردە ئوقۇش مۇددىتى يەتتە ـ سەككىز

---

① سىفلىس ــ يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەل.





يىل بولۇپ، شۇ ئەسنادا «ھەپتىيەك»، «نامە ھەق»، «چاھار كىتاب»، «خوجا ھاپىز»، نەۋايى ۋە بېدىلنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇتۇلىدۇ.

مەدرىسەلەردە ئوقۇش مۇددىتى 20 — 25 يىل بولۇپ، ئەئۇزۇ، بىسمىللاھ بەھسى، «شەرھى ئابدۇللا»، «شەرھى موللا»، «شەرھى ۋەقايە» ۋە بۇلارنىڭ ھاشىيەلىرى ئوقۇتۇلىدۇ.

**سانائەت:** ئالتۇن - كۈمۈشتىن ھالقا، بىلەزۈك قويۇش، مىستىن چەينەك، تۆمۈردىن تاقا ياساشتەك ھۈنەر ۋە سەنئەتلىرى بار.

**زىرائەت:** كېۋەز، تېرىق، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەر ۋە تۈرلۈك مېۋە - چېۋىلەر چىقىدۇ. يەر - سۇ كۆپ، پەقەت ئىشلەيدىغان ئادەم ئاز. تېرىقچىلىق ۋە تىجارەت ئىشلىرى ئومۇمەن رۇسلارنىڭ قولىدا. لېكىن ئاقسۇدا تاتارلاردىن بىرمۇ كىشى يوق.

يەرلىك خەلق كۆپىنچە قارا ئىش، دۇئاگۇيلۇق، دەرۋىشلىك، قەلەندەرلىك، دېۋانىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقلىرىنى تەقدىر - پېشانىگە پۈتۈلگەن دەپ قارايدۇ.

بۇلار ناماز ئوقۇماق ۋە ھەج قىلماقتىن باشقا ئىشلارنى بىلمەيدۇ. روھانىيلىرى بەك نادان، خەلقنى جاھالەتكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى خۇراپاتلار بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. «ئاغرىغان باشقا تۆمۈر تاياق» دېگەندەك، ئۇلارنى ھەمىشە دۇنيادىن بەزدۈرۈش يولىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. دۇنيانى تاشلاپ، يەر ۋە مۈلكىنى سېتىپ بولسىمۇ، ھەج قىلىشقا ۋە كۆپرەك خوتۇن ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇلارنىڭ نەسىھەتلىرى تەسىرسىزمۇ قالمايدۇ. يەرلىرىنى سېتىپ، خوتۇن ۋە بالىلىرىنى ئاچ - يالىڭاچ پېتى ئۆيىدە قالدۇرۇپ، مەككە تەرەپكە سەپەر قىلغۇچىلارمۇ كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئائىلە تەربى-

يەسى بىلەن كارى يوق. بۇلار بالا تېپىشقىلا ئىنگە، بالا ئۇۋ-غۇشنى ئانىغا، ئانىنى خۇداغا تاپشۇرىدۇ. بالىنى چىن ئىن-سان قىلماق، ئىلمى، پىكرى، ئادىمىيلىك جەھەتتىن تەربى-يە قىلماق قاتارلىق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئېسىگە كىرىپ چىق-مايدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەسۇم بالىلار ھايۋان بىننى ھايۋان بولغان پېتى قالىدۇ.

ئاقسۇ ئەتراپىدا نېفىت بۇلاقلىرى بار ئىكەن. ئىشلەت-كۈچى يوق بولغاچقا، ئىسراپ بولۇپ ياتىدۇ.

## ئايكۆل

ئاقسۇدىن چىقىپ ئايكۆل يېزىسىغا كەلدىم. ئىككى ـ ئۈچ ئارشىن[1] قېلىنلىقتا بەك قېرى دەرەخلەرنى ئېتىبارغا ئالغاندا، بۇ يۇرت خېلى قەدىمىي بولسا كېرەك. بۇ يەردە مەۋلانا سەييىد جالالىددىن بۇخارى دېگەن بىر ئەۋلىيانىڭ قەبرىسى بار. قەبرىنى زىيارەت قىلىپ، شەيختىن ئايكۆل ئا-تالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سورىغانىدىم: «قەدىم زاماندا ئاسماندىكى ئاي يوقىلىپ كېتىپ، ئالتە ئايغىچە كۆرۈنمە-گەن. كېيىن بۇخارايى شېرىپتىن مەزكۇر ۋەلى كېلىپ دۇئا قىلغانىكەن. ئاي مانا مۇشۇ كۆلدە كۆرۈنگەنىكەن»، دېدى. بۇ بىچارە ئاي نەسىردىن ئەپەندى زامانىدىمۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولغانىدى، ئىسىت.

ئىككى كۈن يۇرۇپ سۇنايىئېرىق، شوتاقۇدۇق دېگەن مەنزىللەردىن ئۆتۈپ، «چىلان» دېگەن يۇرتقا كەلدىم. بۇ يەردە يېمەك ـ ئىچمەكنى شەھەرلەردىن ئەكېلىپ، يولۇچىلارغا سېتىش بىلەن كۈن كەچۈرىدىغانلار بار ئىكەن. چۈنكى بۇ يەرلەر قۇملۇق، چۆل. مۇندا يامغۇر ياغمايدۇ، زىرائەت ئۆز-

① ئارشىن — تۆت غېرىچ ياكى 80 سىم.

مەيدۇ، توغراق، يۇلغۇن دېگەن ئوتۇنلارلا چىقىدۇ، ئىقىن سۇلار يوق، قۇدۇق سۇلىرى ئاچچىق، تۇزلۇق.

## پېرە ئويىنىتىش

قۇياش پاتقاچ، مەن چۈشكەن ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىن داپ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. «بۇ يەردە پېرە ئويىنىتىۋاتىدۇ»، دېدى. كۆرۈشكە باردىم. ئويۇن باشلىغۇچى باخشى بىلەن كۆرۈشتۈم:

— سىز بۇ باخشىلىقنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟

— بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ باخشى بولۇپ كەلگەن. بىز جىن سوققان، بالا تۇغمىغان ئاياللارغا پېرە ئوينايمىز. مانا بۇ خوتۇننىڭ پۇتى ئاغرىق ئىكەن، شۇڭا پېرە ئويىنىتىش ئۈچۈن مېنى بىر كۈنلۈك يەردىن ئېلىپ كەلدى.

— ئۇزاق ئوينامسىز؟

— ساقايغىچە ئوينايمىز، ئۈچ - تۆت كۈندە ساقىيىدۇ، ئەگەر جىندىن بولغان بولسا.

قىسقىچە تەرتىپى:

ئۆينىڭ ئۆگزىسى تېشىلىپ، قىل ئارقان ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆي تۆپىسىگە ئارقان باغلىغان يەرگە تۇغ باغلىنىدۇ ئارقاننىڭ بىر ئۇچى چىڭ تۈگۈلۈپ ماڭدىغا بېكىتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئويۇن باشلىنىدۇ. ئويۇن باشلانغاندا ئۆي ئەتراپىتىكى كىشىلەر، ئەر - خوتۇن، بالىچاقا بىلەن لىق تولىدۇ. باخشى قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلىدۇ. بىر قولى بىلەن ئارقاننى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. ئاغرىقمۇ يەنە بىر ياقتىن ئىككى قولى بىلەن ئارقاننى تۇتۇپ باخشىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. باخشى ئاللىنېمىلەرنى ئوقۇپ ئاغرىقنى سۈپكۈچ قىلىدۇ، بىر قولى بىلەن

جىن قوغلايدۇ.

يەنە بىر ياقتا ئۈچ ئادەم داپ چېلىپ تۇرىدۇ. قاتتىق ئاۋازدا پېرە ناخشىسى ئوقۇيدۇ. داپ، ناغرا، ناخشا ئاۋازلىرى ئۆينى بىر ئالىدۇ. ئوچاقتا ئوت يېنىپ تۇرىدۇ، قازاندا كۆپ-پە تېرە قىزىتىلىدۇ. ئوچاققا قىزىتىش ئۈچۈن گۇرجەك قو-يۇلىدۇ.

باخشى بىلەن ئاغرىق كىشى بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇرى-دۇ، ئاندىن ئىككى ئايال بېرىپ ئارقانىنى ئايلىنىپ داپ ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. داپ قىزىغانچە ئۇسسۇلمۇ قىزىيدۇ. ئۆيى-دىن چاڭ - توزانلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇسسۇلچىلار ھالى-دىن كەتكەنگە قەدەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇلار ھېرىپ توختى-غاندىن كېيىن، باشقىلار چۈشۈپ ئوينايدۇ. ئادەملەرنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ كۈلۈشىدۇ ۋە قىيقاس سالىدۇ. ئاغرىقمۇ ئىختىيارسىز كۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى بىرئاز كۆتۈرۈ-لىدۇ.

بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئاغرىق ئۆزى تۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن يۇقىرىغا قاراپ ئايلىنىشقا باشلايدۇ. باخشى بولسا ئاغرىقنى قامچا بىلەن ساۋاپ تۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق جىننى قوغلايدۇ. ئاغرىق كىشى ھالىدىن كەتكەنگە قەدەر ئوينايدۇ. تەرلەپ كىيىملىرىنىمۇ سېلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن باخ-شى ئۆزى چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئاندىن ئاغرىقنى ئارقان يېنىغا سوزۇپ ياتقۇزۇپ، قازاندىكى ئىسسىق كۆرپە بىلەن دۈمبىسى ۋە قورسىقىنى ئورايدۇ، گۇرجەك بىلەن ئەملەيدۇ. ئاغرىق كىشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئارقانىنى ئايلاندۇرغۇ-زىدۇ. بىر تۇتام سامانىنى ياندۇرۇپ، ئاغرىق كىشىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە تۇتۇپ تۇرىدۇ. تىرىك توخۇنى پۇتىدىن تۇتۇپ ئوتتا قىزىتىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاغرىقنى ئىسلايدۇ.

بۇ ئويۇننى ئۈچ سائەت كۆردۇم - دە، چىقىپ كەتتىم.

ئۇلار تۇنبويى پىرە ئويناپ چىقتى. ئەركىنىرەك پۇرسەت تې-
پىپ، بۇ ئىشنى بېشىدىن ئايىغىغىچە كۆرۈپ تەپسىلىيرەك
يېزىش خىيالىم بار.

ياقاقۇدۇق، چېدىركۆل، تۇمشۇق، پىچاقسۇندى، چارباغ
دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ مارالبېشىغا كەلدىم. سايئېرىقتىن
بۇ يەرگىچە ئومۇمەن چۆل. پەقەت تۇمشۇق، چارباغ تەرەپلە-
رىدىلا ئازراق مۇنبەت يەرلەر، تاتلىق سۇلار بار ئىكەن. بۇ
يەرلەردە تېرىقچىلىق قىلىنىسىمۇ، لېكىن ياۋا چوشقىلار
ۋەيران قىلىۋېتىدىكەن. بۇ يەردە يولۋاس دېگەندەك يىرتقۇچ
ھايۋانلارنىمۇ بار دەيدۇ.

## مارالبېشى

ناھىيە بازىرىچىلىك بىر شەھەردۇر. كوچىلىرى تار ۋە
ئەگرى - بۈگرى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، تۇرىدىغان
ئۆيلىرى دېرىزىسىز، قاراڭغۇ بولغانىنىڭ ئەكسىچە، قەبرىلەر
پىششىق خىشتىن ناھايىتى چوڭ ھەم پۇختا قىلىپ ياسال-
غان. ئۆلۈمگە مەھكۇم خەلقلەر بۇ دۇنيا ئۆيىدىن ئاخىرەت
ئۆيىنى ياخشىراق كۆرسە كېرەك. بۇ يەرلەردە رۇسىيەلىكلەر
ئاز، تاتارلار يوق. بۇ شەھەرنىڭ ئامبىلى رۇسىيە پۇقرالىرىغا
يەر سېتىپ بەرمەيدىكەن.

خەلقى نادان، تەرتىپلىك مەكتەپلىرى يوق. بۇ يەردىمۇ
ئىشسىزلىق، موھتاجلىق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە
مۇنچا، لامپا، ساماۋەر دېگەندەك نەرسىلەر بولمايدىكەن.

بەش - ئالتە كۈندىن بېرى، توغراق ئورمىنى ئىچىدىن
مېڭىپ كېلىۋاتىمەن. ھېسابسىز كۆپ ئوتۇنلار يەردە چې-
رىپ، تۇپراق بولۇپ ياتىدۇ.

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مۇنبەت يېرى ئاھالىگە



قارىغاندا كۆپ. تېرىسا ھەرقانداق نەرسە ئۈنىدىكەن. لېكىن تۆمۈريول بولمىغاچقا، ئاشلىق سېتىپ پايدا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ يەر شەھەرگە يىراق.

## ئۆردەكلىك

بۇ يەردە ئەتراپتىكى ئۆيلەرنى قوشقاندا 1000 ئۆيلۈك ئادەم بار. جۈمە كۈنى بازار بولىدىكەن. خەلقى مال بېقىش، تېرىقچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. چىنلىق ئەمەلداردىن باشقا مۇپتى، قازى، ئەلەملىرى بار. بۇ يەردە مۇنتىزىم مەكتەپ تۇگۇل ئادەتتىكىسىمۇ يوق. 11 — 12 ياشلىق بالىلارنىڭ كوچىلاردا ئاندىن تۇغما ھالدا قىپيالىڭاچ بولۇپ، تۇپىغا مىلىنىپ ئويناپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىمدە، «ھەي ئىسىت، شۇ بالىلارنى ئوقۇتۇپ ئادەم قىلغان بولسىدى»، دەپ كېتىسەن.

بۇ يەردىكى كىشىلەر شەھەردە بولسۇن، يېزىدا بولسۇن، ئەرلەر بىلەن خوتۇن - قىزلار كوچىلاردا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرىدۇ. بىكارچى. بۇلار ھورۇنلۇقنى ئەرلىرىدىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك. ھېچبولمىغاندا چاچلىرىنى تاراپ، ئۇستىباشلىرىنى يۇيۇپ، ئۆيىنى تازىلىغان بولسىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالاڭ ئاياغ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن. نۆۋەت بىلەن پىت بېقىشىدۇ.

چاڭزا دېگەن يەردىن ئۆتۈپ تۇرۇشۇمغا، ئارقامدىن سالتاڭ ئاتلىق بىر كىشى يېتىشىپ كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

— يول بولسۇن!

— كاشغەرگە.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— نەدىن كەلدىڭىز؟
— كۇچادىن.
— مەككە - مەدىنىدە تۇرامسىز؟
— ياق، رۇسىيەدە.
— ھە!! رۇسىيەنى ھازىر سوقۇشۇۋاتىدۇ، دېگەن بىر گەپ بار، راستمۇ؟ كىم بىلەن سوقۇشۇۋاتىدۇ؟
— گېرمانىيە...
— رۇس كىمگە قارايدۇ؟
— ھېچكىمگە قارىمايدۇ، ئۆز ئالدىغا ناھايىتى چوڭ پا- دىشاھ.
— بۇ گېرمانىيە دېگەن كاپىرمۇ، مۇسۇلمانمۇ؟
— بىلمەيمەن...
— گېرمانىيەنىڭ ئاسماندا ئۇچىدىغىنى راستمۇ؟
— راست.
— خۇدانىڭ قۇدرىتى، يە قانىتى بولمىسا ئۇنىڭ. نەچ- چە ياشقا كىردىڭىز؟
— ... ... ...
— خوتۇن بارمۇ؟
— يوق، ئۆزىڭىز نەچچە ياشتا؟
— ئەللىكتە، خۇدا خالىسا. بىزنىڭ بۇ يەردە خوتۇن ئەرزان. تېخى يېقىندىلا بىر - ئىككى تەڭگە چىقىم قىلىپ 14 ياشلىق بىر قىز ئالغانىدىم، يېنىدا ئىككى كۈن يېتىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنى قويۇۋېتىپ، ئاخشام يەنە بىرنى ئالدىم. بالىلارنىڭ ئانىسى قېرىپ قالدى، ئۇ... بولمايدۇ. بىز پەيزاۋاتقا دائىم بېرىپ تۇرىمىز، ھەر بارغاندا بىرنى ئالماي كەلمەيمىز. ئۈچ - كۈن تۇرىمىزدە تالاق خېتىنى بېرىۋېتىپ كېتىمىز، ناھايىتى ئۈچ - تۆت تەڭگىلا چىقىم بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



— يەك ئاز بېرىدىكەنسىز، ئۇنىڭ ئىدىيىت ساقلاپ ئول-تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇ ئۈچ - تۆت تەڭگە يەتمەس.

— ھا - ھا - ھا، — دەپ كۈلدى.

## پەيزاۋات

پەيزاۋات ناھىيە ھاكىمى تۇرىدىغان يەر بولۇپ، پىرى مۇنبەت ۋە مەھسۇلدار. بۇ يەردە كېۋەز كۆپ تېرىلىدۇ. خەق ئالتەشەھەردە كېۋەز تېرىشقا پەيزاۋاتتەك ئېسىل يەر يوق دېيدىكەن. خەلقىدىمۇ موھتاجلىق ۋە پېقىرلىق ئانچە سېزىل-مەيدۇ. باشقا شەھەرلەردىكىدەك كوچىلاردا قىمار ئوينايدى-غانلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. خەلقىمۇ جانلىق، تېتىك كۆرۈنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەردە مەكتەپ يوق. گېزىت ئوقۇيدى-غانلارمۇ يوق.

پەيزاۋات خەلقى مۇپتى ۋە روھانىيلارنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلىرىدىن شىكايەت قىلىدۇ: «بىر مۇپتى بىر باي تۇڭگان بىلەن شېرىكلىشىپ ئىككى ئايلىق مۆھلەت بىلەن 30 پىرسەنتلىك ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تارقىتىدۇ. مۇسۇلمان بولدى، ئىمان ئېيتتى دەپ مۇسۇلمان قىزلارنى ياتلارغا نى-كاھلاپ بېرىدۇ. مەدرىسە ۋەخپىلىرىنى سېتىشقا توغرا دەپ پەتىۋا چىقىرىپ، مۆھۈرلىرىنى باسىدۇ، ئارىدىن پايدا ئالى-دۇ. بۇ سۆزلىرىمىز ھەق ۋە راست، بۇنى ھەممە ئادەم بىلى-دۇ. مۇپتىنىڭ ئىسمى بىلەن ياز، ئىسمى...» دەيدۇ.

پەيزاۋاتتىن كاشغەرگىچە بولغان 55 چاقىرىم يەر مۇن-بەت ۋە ھوسۇلدار، زىرائەت ۋە دەل - دەرەخ (سۇئىي ئور-مان)تىن ئىبارەت. ئالتەشەھەردە زىرائەت، دەل - دەرەخ ۋە باشقا مېۋىلەر ئۆستۈرۈلىدۇ. يەرنى ئوغۇتلايدۇ. بۇ يەردە ئو-

غوت بەك چوڭ تاغارلارغا تولدۇرۇلۇپ، توكمەي ـ چاچماي يەرگە ئېلىپ بېرىپ چېچىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاز تېرىلسىمۇ، ھاسىلات ياخشى بولىدۇ.

بۈگۈن (4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى) كاشغەرگە يېتىپ كەلدىم. كاشغەر خەۋەرلىرىنى ئىككىنچى مەكتۇبۇمدا يازىمەن.

ئالتەشەھەرنىڭ تىرىكچىلىك ئۇسۇلى ھەر جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوخشايدۇ. پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى رۇسىيە ھىمايىسىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، تۆمۈريوللار ياسىلىپ، زامانىۋى قوراللار كەلدى. تىجارەت، زىرائەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىر ئىزغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئالتەشەھەردە بولسا پۈتۈن ئىش نوھ ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى پېتىچە قالدى، يارغۇنچاق بىلەن ئۇن تارتىش، لامپا ئورنىغا جىنچىراغ يېقىش، ساماۋار ئورنىغا قۇم چۆگۈن ئىشلىتىش، كوچىلاردا يالاڭ ئاياغ، يالاڭ تۆش، يىرتىق ئىشتان پېتى يۈرۈش، قىزلىرىنى يات مىللەتلەرگە بېرىش، ئىشسىزلىق، ھورۇنلۇق سەۋەبىدىن موھتاجلىقتا قېلىپ، دەرۋىشلىك، دىۋانىلىككە يېرىلىش، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سۈپەتلەر بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

كۇچا ـ كاشغەر يولى ناھايىتى تەكشى بولۇپ، تاغۇ تاش، ئويمان ـ چوڭقۇرلار يوق، تۆمۈريول سېلىشقا بەك قولايلىق. يول بويى تەگرىتاغلىرىدىن نېفىت، كۆمۈر چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر بۇ يەرلەرگە تۆمۈريول سېلىنغان بولسا، مەدەنىيەت، زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، خەلق ئىقتىسادى كۆتۈرۈلگەن بولاتتى.

لېكىن مۇتەئەسسىپ چىن ھۆكۈمىتى ئۇنداق ئىشلارنى بىلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، پۇل يېتىشمەيدۇ، پۇللار تېگىشلىك



ئورۇنغا خەجلەنمەيدۇ. شەھەر ئەتراپىغا سېپىل، قەلئە، قور-غانلارنى سالدۇرىدۇ. بۇنىڭ مۇھىتنى بۇلغاشتىن باشقا ھېچ-قانداق پايدىسى بولمىسا كېرەك.

يوللاردا كۆۋرۈك يوق، شەھەر كوچىلىرى توپىلىق، چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. تاش يوق. قورغانلارغا خەجلىگەن پۇللارنى يوللارغا، كۆۋرۈكلەرگە، شەھەرلەرنى يا-ساشقا ئىشلەتكەن بولسا ياخشى بولماسمىدى.

نوشىرۋان يائۇشېف، كاشغەر

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى 8 — 11 - سانى، 332 — 336 - بەتلىرىدىن)

# ئافاق خوجا مازىرى

كاشغەردە «ھەزرىتى ئافاق خوجام» دېگەن بىر قەبرە بار. بۇ يەر ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا رەۋزەئى سائادەتتىنمۇ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس سانىلىدۇ. بۇ قەبرە شەھەرنىڭ ئۈچ چاقىرىم شەرقىي شىمال تەرىپىدە. بۇ يەردە زىيارەتچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس بازارلار ئېچىلغان. زىيارەتچىلەرنىڭ سانى يوق. ئالتەشەھەرلىكلەر بارچە مۇراد ـ مەقسەتلىرىنى بۇ يەردىن ئىزدەيدۇ، ھاجەتلىرىنى شۇنىڭدىن سورايدۇ.

شەنبە كۈنى مەنمۇ مەزكۇر قەبرىنى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ يولغا چىقتىم. يولدا ئاتلىق، پىيادە، ئېشەكلىك ۋە ھارۋىلىق كىشىلەر ئۇرۇشقا ماڭغان ئەسكەرلەردەك مازارغا كېتىپ باراتتى. ئەرلەر، خوتۇن ـ قىزلار، مۇسۇلمانلار، چىنلار ئارىلاش. بۇ كۈنى شەھەردە ئادەم شالاڭداپ قالغانىدى. تىلەمچى، قىمارۋاز، پالچى، قەلەندەر، تېرىقچى ـ دېھقان، بۇزۇقلاردىن تارتىپ، موللا ـ مۆتىۋەرلەرگىچە قالماي كەلگەنىدى.

مانا، بىر ئاز مېڭىپ بازارغا ئوخشايدىغان بىر يەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە ھەر خىل كىشىلەر بار. دۇكان، ئاشخانا، چايخانىلار قۇرۇلغان. خەلق مىغ ـ مىغ قايناپ تۇرىدۇ. كوچا ـ كويلار، مازار پۈتۈنلەي ئادەم بىلەن تولغان. بۇ يەردە پاھىشىلەر بىلەن چىنلىق[1]لار، تىلەمچىلەر بىلەن قىمارۋازلار، موللىلار بىلەن ئاخۇنلار ئارىلاش يۈرىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتماسلىققا چىدىغىلى بولمايدۇ: بۇ يەردىكى پاھىشىلەر پۇ-

① چىنلىق ــ خەنزۇلار.

تۇنلەي مۇسۇلمان خوتۇن ـ قىزلىرىدىن ئىبارەت. ئاممىۋى زىيـ ـ يارەتكە كەلگۈچى بولسىمۇ، خەلقنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرى، ھەرىكەتلىرىگە دىققەت بىلەن قارىغاندا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش بولماستىن، تىرىكلەرنى زىيارەت قىلىش ئىمكەنلىكىنى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

قىستىلىپ يۇرۇپ ئالدىغا ماڭدىم. مازار دەرۋازىسى ئالـ ـ دىدا پالچىلار پال بېقىپ ئولتۇرىدۇ. بەخت تىلىگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خوتۇن ـ قىزلار ئىدى. بۇلار پېشانىسىگە پۈـ ـ تۈلگەن تەقدىرى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە پال ئاچقۇزاتتى.

دەرۋازا ئىچىدە بىر توپ كىشى دۈگىلەك بولۇپ چاي ئىچىپ ئولتۇرىدۇ. مەدداھلار ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەيدۇ، بۇنى مىڭلارچە كىشى ئاڭلايدۇ. بۇلاردىن ئۆتۈپ ئىككىنچى دەرۋازىغا باردىم. بۇ ئافاق خوجام مازىرىنىڭ دەرۋازىسى ئىدى. يۈزلەپ تىلەمچى ئولتۇراتتى: «ئافاق خوـ ـ جامنىڭ ھەققىدە ئىككى پۇل بېرىڭ، ئافاق خوجام مەقسەـ ـ تىڭىزگە يەتكۈزسۇن»، دەپ ئولىشىۋالدى، بىر پۇلدىن بەرـ ـ گەندىمۇ بۇلارغا پۇل يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇلارـ ـ نىڭ ئىچىدە ئىشقا يارىمايدىغانلىرى ئاز، كۆپىنچىسى سەكـ ـ كىز ـ توققۇز ياشلىقتىن تارتىپ، 20 — 30 ياشقىچە بولـ ـ غان يىگىتلەر، تەپسە تۆمۈر ئۈزگۈدەك قىران ئەركەكلەر. بۇلار تىلەمچىلىكنى ئۆزلىرىگە كەسىپ قىلىۋالغان. ئىشلىـ ـ مەيدۇ، قورساقلىرىنى تىلەمچىلىك قىلىپ تويغۇزۇپ يۈرىدۇ.

ئارقامدىن ئەگەشكەن يۈزلەپ تىلەمچى بىلەن «خوـ ـ جام»نىڭ قەبرىسىگە كىردىم. ئىشىكىگە يېزىلغان خەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قەبرىنى بۇنىڭدىن 41 يىل ئىلگىرى ياـ ـ قۇپبەگ سالدۇرغانىكەن. گۈمبەز تەخمىنەن 350 ئارشىن چوڭلۇقتا بولۇپ، سەمەرقەنت مەدرىسەلىرىدەك زىننەتلەنگەـ ـ نىدى. ئىشىكلىرى ئېتىك بولغاچقا ئىچىنى كۆرەلمىدىم. شۇ

كۆنى چوڭ شەيخلىرى چىقماپتۇ، دەيدۇ. گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا چەكسىز كۆپ مۇڭگۇز (تاغ تېكەسىنىڭ مۇڭگۇزى) قويۇلغان.

يۇزلەرچە خوتۇن - قىزلار «ئاھ خوجام، ۋاھ خوجام» دەپ يىغلىشىپ تىلەك تىلەيتتى. قوللىرى بىلەن تامنى سىيپاپ كۆزلىرىگە سۈرتەتتى. بالا تىلىگەنلىرى قورساقلىرىنى ئېچىپ سۈركەيتتى. يۈزلەرچە ئەر كىشى ئۈنلۈك ئاۋازدا قىرائەت قىلاتتى، بۇلار قارىيلار، زىيارەتچىلەر ئۇچۇن «قۇرئان» ئوقۇپ بېرىپ، «قۇرئان» ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاز - تولا پۇل ئالاتتى.

«ئافاق خوجام»دىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قىمارخانىغا كىردىم. بۇ يەردىمۇ تىلەمچىلەر پۇل تىكىپ، دەتتىكام ئويناپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ سانىنى بىلىش تەس ئىدى. بۇنى پەقەت مۇنداق تەخمىن قىلىش مۇمكىن:

تەخمىنەن 100 ساژېن① يەر پۈتۈنلەي تىلەمچى، قىمارۋاز بىلەن تولغان. ئۇلار سوقۇشاتتى، سوقۇشۇپ بىر - بىرىنى قانغا بويايتتى. «سۆزۈم يالغان بولسا، ھەزرىتى ئافاق خوجام ئۇرسۇن» دەپ قەسەمياد قىلىشاتتى.

كاشغەردە بۇنىڭدىن باشقا «مۇراد بەخش ئاتام»، «چارشەنبە مازار»، «سېيىت ئارسلانخان»، «قۇتبۇللا خوجام»، «ئاق مازار خوجام»، «چاقماق خوجام»، «قاراخان پادىشاھىم»، «ئابدۇراخمان خوجام» دېگەن ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرى زىيارەت قىلىنىدۇ.

شەھەرگە يېقىن يەردە قەدىمدىن قالغان بىر قالماق بۇتخانىسى بار ئىكەن. ئالتەشەھەر خەلقلىرى بۇنى «مەككىدىن ئۇچۇپ كەلگەن مۇقەددەس ئۆي» دەپ پۈتۈنلەي غاجاپ تۈگىتىپتۇ. لايدىن ياسالغان بۇ ئۆي يېيىلىپ تۈگىگەندىن

① ساژېن — (رۇسچە) 2.13 مېتىرغا تەڭ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى.

كېيىن، ئورنىدىكى توپىنىمۇ قېزىپ ئىشلەتكىلى تۇرۇپتۇ.

ھەي ئافاق خوجا! سەن ھەقىقەتەن غوجىسەن ھەم كۈچ-لۈك ۋە قۇدرەتلىك غوجىدۇرسەن، مىڭلارچە ئاچ يالىڭ-ئاچلارنى ۋە ئىشسىزلارنى تويغۇزىسەن. مىڭلارچە قىلى-مارۋازلارغا پۇل تېپىپ بېرىسەن. سەن بولمىساڭ بىچارە خو-تۇنسىز... لارغىمۇ ناھايىتى قىيىن بولغان بولاتتى. سەن يۇزلەرچە شەيخلىرىڭنى مىڭلارچە سوملارغا ئىگە قىلىپ بې-يىتىپ تۇرىسەن. سەن بولمىغان بولساڭ، تۇغمىغان ئايالىلار كىمدىن ياردەم تىلەيتتى!...

بۇ يەردە ياقۇپبەگ سالدۇرغان بىر مەدرىسە بار ئىكەن. بۇ مەدرىسە ھازىرمۇ خارابە ھالىدا. ساق قالغان ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىنى يەرلىك خەلق ئۆي قىلىۋالغان. بىرىگىنە ھۇج-رىدا شاگىرتلار كۆرۈندى.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، كاشغەر

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى 8 — 12 - سانى، 362 — 363 - بەتلىرىدىن)

## ئالتەشەھەردە ساياھەت (2)

ئالتەشەھەر خەلقىگە:

سىزلەرنى مولللىرىڭىز، ئۆلىمالىرىڭىز ئىلىم ۋە ھۈنەردىن، يېڭىلىقتىن نەپرەتلەندۈرىدۇ. «يېڭىچە مائارىپتا ئوقۇغان بالىلار ئاخىر بىر كۈن يولدىن ئازىدۇ، يېڭىچە مائارىپ تەرەپدارلىرىنىڭ مەقسەتلىرى كۇپرىغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت»، دېگەندەك تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىدۇ. سىزلەر يېڭىچە مائارىپنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەنلىكلىرىڭىز ئۈچۈن، ئەلۋەتتە شۇ سۆزلەرگە ئىشىنىسىزلەر. بۇ ھەقتە ئۆلىمايىڭىزمۇ، سىزمۇ مەزۇرسىز. چۈنكى ئۆلىمايىڭىز يېڭىچە مائارىپنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. بىلگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە، ئۇنچىۋالا خاتالىقلارغا يول قويمىغان بولاتتى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، يېڭىچە مائارىپ ياشلارنى مىللىيەت ۋە ئىمان ـ ئېتىقاد روھىدا تەربىيەلەپ، چىن ۋە ھەقىقىي ئىنسان قىلىدىغان يېڭى ئۇسۇلدۇر. بۇ ئۇسۇل بالىلارنىڭ خەت ـ ساۋاتىنى تېز چىقىرىدۇ. بالىلار بىر يىلدا ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇش ـ يېزىشنى ئۆگىنەلەيدۇ. بۇ ئۇسۇل بالىلارنى ئىلىم ـ ھۈنەرگە قىزىقتۇرىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئوقۇغان بالىلار 12 — 13 يىلدا دىن ئىلمىنى تامامەن ئۆگىنىپ بولىدۇ. ھەدىس ۋە تەپسىر ئىلمىغا ماھىر بولىدۇ. شۇ ئەسنادا تارىخ ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىم ۋە قانداق خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۆتكەن زاماندىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. باشقا خەلقلەرنىڭمۇ قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقلىرىنى بىلەلەيدۇ.

دىن ئىلمى بىلەن دۇنيا ئىلمىنى تەڭ ئوقۇيالايدۇ. تەبى-

سەنئەت، ھېساب، تىجارەت، زىرائەت ۋە سانائەت ئىلىملىرىنى ئىگىلەپ، دۇنيا ھەم ئاخىرەت ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئاللاھتىن باشقىغا موھتاج بولمايدۇ، موھتاجلىقتا قالسىمۇ، ئۆزئارا ياردەم قىلىشالايدۇ.

مانا كۆز ئالدىڭىزدا، شەھىرىڭىزدىكى يات قوۋملارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان قىزلىرى، بالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىمۇ مۇسۇلمانلاردىن سېتىۋېلىنغان بالىلاردىن ئىبارەت.

ئالتەشەھەر موللىلىرى ئۇسۇلى جەدىتنى تەكشۈرگىچە مانا مۇشۇنداق ئىشلارنى تەكشۈرسە، ياش ۋە سەبىي بالىلارنى ياتلارغا بېرىپ ئايىتتىشتىن، مەسۇمە قىزلارنى ياتلارغا خوتۇن قىلىپ بېرىشتىن خەلقنى بەزدۈرسە ياخشىراق بولغان بولاتتى.

بالىلار يېڭىچە مائارىپتا ئوقۇسا، سىزلەرنىمۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىزنىمۇ زامانغا لايىق سۈرەتتە تەربىيە قىلىپ، دىن ۋە دۇنيا ئىلىملىرىنى ئوقۇتقان بولسا؛ يۈرەكلىرىڭىزگە ئىنسانىيلىق، مىللىيەت ۋە دىنىيەت روھى يىلتىز تارتىپ قالغان بولسا، ئەلۋەتتە مۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىپ قالغان بولاتتىڭىز. موھتاجلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، بالىلىرىڭىزنى ياتلارغا ساتىدىغان ئىشلارنى قىلمىغان بولاتتىڭىز. تەرتىپلىك ۋە مۇنتىزىم مەكتەپلەردە تەربىيە كۆرگەن مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز بالىلىرىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆز يېرىدىن چىققان ھايۋان ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنىمۇ ياتلارغا ساتمايدۇ. ئۆزلىرى زاۋۇت، فابرىكىلارنى قۇرۇپ يېڭىچە تېخنىكا بىلەن تۈرلۈك قىممەتلىك نەرسىلەرنى ياسايدۇ.

ئىككىنچى، سىزنىڭ موللىلىرىڭىزغا مەلۇم: «مار المسلمون حسنا فهو عندالله‍و ھەسەنون» (مۇسۇلماننىڭ نەزەرىدىكى ئۆز نەرسە، ئاللاھنىڭ نەزەرىدىمۇ ئۆزدۇر). ئال ـ





تەشەھەردىن باشقا ھەممە شەھەرلەردە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر ئۇسۇل ئاللاھنىڭ يېتىدىنمۇ مەقبۇل ۋە ماختاشقا لايىق بولسا كېرەك.

ياشقا مىللەتلەرگە (ھەتتا ئۆز مىللىتىڭىزگىمۇ) بالىسىتى سېتىشتەك ئىشلار پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت نەزەرىدىمۇ قەبىھ ۋە ئېغىر گۇناھ بولغاچقا، ئاللاھ تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

بۇ ئىشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى بەلكى ئۆزىڭىزمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىدىغانسىز. ئۆلىمالىرىڭىزمۇ بىلىپ تۇردىغاندۇر. سىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا پەقەت ئاچلىق ۋە موھتاجلىق مەجبۇر قىلىۋاتقاندۇر. بەس، بۇ ئىشقا سەۋەب بولغان ئاچلىق ۋە موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دۇنيادا بايلىق كېرەك. باي بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ۋە ھۈنەر كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يېڭىچە مائارىپ كېرەك. يەنى دۇنيا يېڭىلانغان ۋە ئۆزگەرگەن پەيتتە، ھاياتىمىز زامانغا لايىق رەۋىشتە ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاش لازىم.

يېرىڭىز ياخشى، ھاۋاسى مۆتىدىل، نېمە تېرىسىڭىز شۇ ئۈنمەي قالمايدۇ. كېۋەزمۇ ئۆسىدۇ، تېرىقمۇ ئۈنىدۇ، بۇغدايمۇ بار، مېۋە - چېۋىمۇ بار، يېرىڭىزدە ئالتۇنمۇ، كۈمۈشمۇ بار، تۆمۈر، تاشكۆمۈر ۋە باشقا تۈرلۈك مەدەنلەر چىقىدىغان تاغلىرىڭىز بار. نېفىت ۋە كىرسىن چىقىدىغان يەرلىرىڭىزمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭكى، ئاللاھ سىز ئۈچۈن ياراتقان. پەقەت نادانلىقىڭىز ئۈچۈنلا ئۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنالمايسىز.

قىلىدىغان ئىشىڭىز پەقەت مال بېقىش ۋە تېرىقچىلىق. بۇ ئىككى ئىشنىمۇ ناھايىتى قالاق يوسۇندا قىلىسىز. ھەممە يەردە سايمانلىرىڭىز، ھەتتا كىيىدىغان كىيىملىرىڭىزمۇ، رۇسىيە ۋە ھىندىستان تەرەپلىرىدىن كېلىدۇ. پۇلنى ئاز تا-

پىسىز. تاپقىنىڭىز خىراجەتلىرىڭىزگە يەتمەيدۇ.

هۈنەر بىلمىگەنلىكتىن، قولىدا هۈنىرى بار مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرگە قۇلچىلىق قىلىپ، ئۆمرىڭىز ئۆتىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، كېۋەز تېرىيسىز، ئۇنى مىڭبىر مۇشەققەتتە تېرىپ ئۆستۈرۈپ، يەر ئۈستىدىن قولىڭىزدا تېرىۋالىسىز. ئەرزان باھادا ساتىسىز. بۇ پاختىلار تېخنىكىسى بار خەلقنىڭ قولىغا چۈشۈپ، چىت، تاۋار بولۇپ يەنە ئۆز يېرىڭىزگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەمدى، سىز ئۇنى ئۆزىڭىز ساتقان باھادىن 95 پىرسەنت قىممەت باھادا سېتىۋالىسىز. سىز مال ـ چارۋا بېقىپ، يۇڭ، ئۆچەي، تېرە ساتىسىز، ئۇ نەرسىلىرىڭىزمۇ هۈنەرلىك خەلقلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ، يېڭىچە تېخنىكا بىلەن سۈپەتلىك ئىشلىنىپ چىققاندىن كېيىن، يەنە ئۆزىڭىزگە قايتىپ كېلىدۇ. قىممەت باھادا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىسىز. بازاردا سېتىلىۋاتقان تەپىس ۋە ئېسىل يىپەك ياغلىقلارمۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن، سىزنىڭ يېرىڭىزدىن چىققان پىلىدىن ئىشلەنگەن نەرسىلەرغۇ! ياق، بۇرادەرلەر! سىز ئەمدى ئۇنداق بولمىغۇر سۆزلەرنى قويۇڭ. ئۆلىمالىرىڭىزمۇ ئىنشائاللاھ مۇندىن كېيىن بۇ ھەقتە سىزلەرگە قارشى تۇرماس، چۈشىنۇر، بىلۇر.

ئۇسۇلى جەدىت دېگەن يېڭى پەيدا بولغان ئۇسۇل ئەمەس، بۇ دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە. ئۇسۇلى جەدىت تىل جەھەتتىنمۇ: ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ بەك توغرا ۋە مەنىلىك سۆزدۇر.

بۇ قائىدە ئادەمئاتا زامانىدىن باشلاپ، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن تەبىئىي قانۇندۇر. ئادەم ئەلەيهىسسالام زامانىدىن بۈگۈنگىچە بولغان تەرەققىياتلارنى ئويلاپ قارىسىڭىز، تارىخ كىتابلىرىغا نەزەر تاشلىسىڭىز ھەيران قالۇرسىز.

دۇنيا ئىشلىرى ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ كۈندىن ـ
كۈنگە ئىسلاھ قىلىنىپ تۇرغاندىن سىرت، شەرىئەتلەرمۇ يې ـ
ڭىلىنىش قانۇنىيىتى بويىچە يېڭىلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ،
زامانغا لايىق سۈرەتتە ئىسلاھ قىلىنىپ كەلدى ۋە ھەمىشە
ئىسلاھ قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يېڭىلىنىش
ۋە ئىنقىلاب داۋاملىشىپ، ئۇسۇلى جەدىت تا قىيامەتكىچە
ئۆز يولىدا ماڭغۇسىدۇر.

شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بۇ قانۇنىيەتكە بوي ـ
سۇنغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتمەن ۋە بەختىيار بول ـ
دۇ. ئەمما، سىزلەرگە ئوخشاش «ئۇسۇلى جەدىت ھارام» دەپ
ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتمەي، قەدىمكى ئۇسۇللىرىدا
تۇرغان ئادەملەر مەڭگۈ قۇللۇق، ئاسارەت، سېتىلىشتىن
خالاس بولالماي، خارلىق ـ زەبۇنلۇقتا ھايات كەچۈرۈپ قې ـ
لىۋېرىدۇ.

مەيلى بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى بولسۇن، مەيلى ئاخىرەت
تەييارلىقى بولسۇن، ھەممىسى ئۆزگەرتىشكە، يېڭىلاشقا
مەجبۇردۇر. سىزلەر كونا ـ قەدىمىي ئۇسۇللىرىمىزنى بۇز ـ
مايمىز دەپ، ھەرقانچە سۆزلىسىڭىزلەرمۇ يېڭىلىنىش ۋە
ئۆزگىرىش قانۇنى ئۆز يولىدىن چىقماي، توختىماستىن ئال ـ
غا قاراپ مېڭىپ تۇرىدۇ.

قاراڭ، ئۈستىڭىزگە كىيگەن كىيىملىرىڭىزگە. خو ـ
تۇن ـ قىزلىرىڭىزنىڭ ئېگىن ـ ئاياغ ئۈستىباشلىرىغا. تې ـ
خى بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىلگىرىلا كىيگەن چاپان
ۋە كۆڭلەكلىرىڭىز ئۆز قولىڭىزدا ئىشلەنگەن شاڭ، ماتالار ـ
دىن تىكىلمەسمىدى؟ ھە! مانا ئەمدى بارلىق كىيىم فورما
(ئۆزلىرىنىڭ تەبىرىچە) بولۇپ كەتتى. شاڭ، ماتالار پايتىما
بولۇشقىلا يارايدىغان بولۇپ قالدى. بازارلارغا سەندەل ۋە سا ـ
بىر (ماروزوف) ماللىرى كېلىپ تولدى. مانا شۇنداق بىر

زامان كېلىدۇكى، ئۆيلىرىڭىزدىكى جىنچىراغ ئورنىغا رۇس يېغى بىلەن پانار (كىرسىن بىلەن لامپا) ياندۇرۇشقا باشلايسىز. ئۆيلىرىڭىزگە دېرىزە ئورنىتىپ، ئاللاھ بەرگەن قۇياش نۇرى بىلەن ئۆيىڭىزنى يورۇتىسىز. ئۆيلىرىڭىز، قۇرۇلۇشلىرىڭىز ۋە ئومۇمىي تىرىكچىلىكىڭىز يېڭىلىنىدۇ. ياخشىلىنىدۇ. مۇنداق ئىشلارنى ئۆلىمالىرىڭىز ۋە سودىگەرلىرىڭىز ئۆزلىرى باشلاپ قىلىدۇ.

شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، مەكتەپ ۋە مەدرىسەلىرىڭىزمۇ تۈزىلىدۇ، يېڭىلىنىدۇ، ئىسلاھ قىلىنىدۇ، تەرتىپكە سېلىنىدۇ. ئۇسۇلى جەدىت قائىدىسى جارى قىلىنىدۇ. بۇ ئىش چوقۇم بولىدۇ. موللىلىرىڭىز، ئۆلىمالىرىڭىز، سوپىلىرىڭىز ۋە ئۆزگىلەر قارشى تۇرۇپ بولدۇرماسلىققا تىرىشىسىمۇ بەرىبىر بولىدۇ. شۇنداق بىر زامان كەلمەي قالمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭغىچە ئازراق ۋاقىت هارام ۋە بىكار ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇ. ياشلارنىڭ، بالىلارنىڭ پۇشايمان ۋە ئارماندا قېلىشلىرىغا قېرىلار، ئاتىلار، ئۆلىمالار سەۋەب بولغان بولىدۇ.

پېقىر بۇ يىل كۇچا شەھىرىگە كېلىپ، يېڭىچە ئۇسۇلدا بالىلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدىم. ئۆلىمالارنىڭ خەلققە قىلغان ۋەز - نەسىھەتى نەتىجىسىدە، مەكتىپىمىز تاقالدى. بالىلار ئىلگىرىكى ئىزلىرىغا چۈشۈپ كونىچە مەكتەپلىرىگە كىرىپ، دۇئا يادلاشقا تۇتۇندى. بايلار بولسا (تاشكەنتلىك ئەيساخان ئابدۇلجاپپاروفنىڭ باشقىلىرى) مەكتەپ ئېچىشتىن ۋاز كەچتى. يەرلىك بايلاردىن ھەممىت هاجى مۆمىن قارى ئوغلىمۇ مەكتەپنى تاشلاپ، مەشرەپلەردە ياش قىز بالىلار بىلەن ئويناشقا باشلىدى. مانا، ئۆلىما نەسىھەتىنىڭ ناچار نەتىجىسى!

كۇچادا بايلارمۇ يوق ئەمەس. پەقەت ئىلىم - سىتىم قىلغۇچى ئۈچ - تۆت ئادەم بار. بۇلارغا مەكتەپ سېلىش





ئۇنچىۋالا ئېغىر ئىش ئەمەس. پەقەت بۇنىڭ پايدىسىنى بىلـ-
مىگەنلىكلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ تەرغىب - تەشۋىق قىلمىـ-
غانلىقىدىن بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقماي كېلىۋاتىدۇ. يەنە بىـ-
رى، بۇ يەردىكى بايلارنىڭ مەتبۇئات يېڭىلىقلىرىدىن خەۋىرى
يوق. گېزىت ئوقۇمايدۇ. ئوقۇغانلىرىمۇ ئۆرۈش خەۋەرلىرىـ-
نىلا كۆرۈپ قويىدۇ. مىللىي تۇرمۇش ھەققىدە يېزىلغان ماـ-
قالىلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىشقا
قىزىقمايدۇ.

غۇلجا مۇسۇلمانلىرىدىنلا ئىبرەت ئالسىمۇ ياخشى
بولاتتى. مۇتەئەسسىپلىك قىلىشتا ئۇنداق ئىشلارغا ئېتىبار
يوق. بارى - يوق پۇلىنى ياش ۋە چىرايلىق قىزلارغا پىدا
قىلىدۇ. ئىلىم - مەرىپەت يولىغا ئىنئام - ئېھسان قىلىشـ-
تىن لەززەتلىنىشنى بىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ بەخت قارىشى ياخـ-
شى ئۆي، ياخشى خوتۇن، ياخشى تاماق، ياخشى ئات، چىرايـ-
لىق كىيىمدىنلا ئىبارەت، خالاس. بالىلىرىنىڭ ياتلارغا سېـ-
تىلىپ ئاينىپ كېتىشلىرى بىلەن كارى يوق.

ھەي ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى! ئويلاڭلار، ياخشى
ئويلاپ ئەتراپقا بېقىڭلار، ئىش ئۆتكەندىن كېيىن ئۆكۈنگەنـ-
نىڭ پايدىسى يوق.

نوشىرۋان يائۇشېف، كۇچا

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى
8 -، 13 - سانى، 390 — 392 - بەتلىرىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورىيبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



## ئالتەشەھەر تۈركلىرى تۇرمۇشىدىن (2)

### كاشغەرنىڭ مەنزىرىسى، بايلار، روھانىيلار، ئاددىي خەلق، كوچا ـ كويلار، ئۆيلەر، بازارلار، يېڭى ئەۋلادلار

كاشغەر شەھىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە، رۇسىيە چېگراسىغا ئاتلىق يەتتە ـ سەككىز كۈندە يېتكىلى بولىدىغان يەردە بولۇپ، مەنزىرىسى ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ، ھاۋاسى مۆتىدىل، سۈيى كۆپ، يېرى خېلى مۇنبەت. بۇ شەھەر ئالتەشەھەرنىڭ مەركىزى بولۇپ، خېلى قەدىمىي ھەم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. كاشغەردىن ئۈش ۋە ئەنجانغىچە بارىدىغان كارۋان ۋە پوچتا يولى بار.

نوپۇسى 55 مىڭدىن 60 مىڭغىچە دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. يەرلىك خەلقتىن باشقا رۇسىيە پۇقرالىرى، ئىنگلىزلار، ئافغانلارمۇ بار. بۇ يەردە رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرى، رۇس پوچتىخانىسى، رۇسسىيىسكى ۋاستوچنى كونترولېر (رۇسىيەنىڭ شەرقنى نازارەت قىلغۇچى ئەمەلدارى ـــ ت)، رۇس ۋە شۋېت دوختۇرخانىلىرى، بىر رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى، سىندىل ۋە تېۋىر كارخانىلىرىنىڭ ئىسكىلاتلىرى بار. بۇ يەردە رۇسلارغا خاس قاۋاقخانىلارمۇ بار بولۇپ، بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارمۇ ئىستېمال قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ماگىزىنلارنىڭ سودىسى بەك تېز. بۇلاردىن باشقا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆي ـ ئىمارەتلەر يوق. پەقەت خوجەنتلىك ھېسامىدىن باينىڭ ئۆيلىرىلا ئۆيگە ئوخشايدۇ.

كوچىلىرى بەك تار ھەم تەرتىپسىز، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇ تار ۋە چۇۋۇلچاق كوچىلاردا ئوتتۇن ئار-

تىلغان ئېشەكلەر، هارۋا قاتقان قېچىر، ئىككى - ئۈچ كىشى مىنگىشىۋالغان ئاتلار، كارۋان تۆگىلىرى، بېلىگىچە ئوچۇق يالىڭاچ ئادەملەر، ئەر، ئايال، بالىچاقىلار بىر - بىرى بىلەن قىستىلىشىپ يۈرىدۇ.

مۇنداق كوچىغا بىلمەي كىرىپ كېتىپ قالساڭ، كېتىۋېتىپ ئۇ كوچا تۈگەيدۇ - دە، بىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېرىپ تاقىلىسەن.

ئۆيلەر لايدىن ياسالغان بولۇپ، تۆپىسىمۇ لايدا يېپىلغان، دېرىزە قويۇلمىغان، ئىشىكلىرى كوچىغا قاراپ تۇرىدۇ. كوچىدىن ئۆتكۈچىلەرگە ئۆي ئىچى پۈتۈنلەي كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۆيگە چاڭ - توزان كىرىپ تۇرىدۇ. بەزى ئىشىكلەرگە رەختتىن پەردە تارتىپ قويۇلغان. بۇ يەردە ياز كۈنى خوتۇن - قىزلار ئۆمرىنى كۆپىنچە ئۆگزىلەردە ئۆتكۈزىدۇ.

ئۆيلەر، دۇكان، ئاشخانا ۋە چايخانىلار، مەسچىت، مەدرىسە ۋە مەكتەپلەر، ساراي، هاماملار، قاسساپلار، كۆكتات ۋە كوزا بازارلىرى، ئاياغ - كىيىم، ئۆتۈك دۇكانلىرى، خانا (ئۆي)لەر، ساتىراشلار، قېتىقچى، قايماقچى، ئېشەكچى، تۆگىچى، ناۋاي ھەم كاللا - پاقالچاق ساتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئارىلاش.

كاشغەردە پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. بۇ يەردە ئادەمنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتىدىغان سودا — چاچ بازىرى بىلەن دوپپا بازىرىدىكى سودىدۇر. بۇ بازارغا كىرىپ كەتسەڭ ساق چىقىشىڭ تەس. بۇ يەردە خوتۇن - قىزلار ياغاچ تۈڭگە تولدۇرۇلغان بېلىقتەك قىم - قىم مىغىلداپ تۇرىدۇ.

ئەمدى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كەلسەك، بۇنى مۇھىم ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بايلار تۇرمۇشى: بۇلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى ئاشۇنداق دېرىزىسىز ئۆيلەردە تۇرىدۇ. يېمەك - ئىچمەكتە ئوتتۇراھال يولنى تۇتىدۇ، يەنى ئاچمۇ

قالمايدۇ، ئىسراپمۇ قىلمايدۇ.

بايلار سودا ئىشلىرىدا بەك ساددا كېلىدۇ. دەپتەر تۇ- تۇش، ھېسابات قىلىش دېگەندەك ئىشلار بولۇنمايدۇ. مۇنۇ سە- ۋەبتىن بولسا كېرەك، سودىگەرلەر ئارىسىدا ياش ـ يا- ياللانمىلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇ يەردىكى بايلار ياز ۋە تومۇز كۈنلىرى شەھەر سىرتى- دىكى باغچىلارغا چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇ يەردىكى روھانىيلار كۆپىنچە مەسچىت، مەدرىسەلەر- دە تۇرىدۇ. روھانىيلارغا مائاش بېرىلمەيدۇ. ۋەخپە كۆپ بول- سىمۇ، مەدرىسە ۋە مۆتىۋەللىلەر خالىغانچە پايدىلىنالمايدۇ. سودا دۇكانلىرى 60 ــ 70 سومغا ئىجارىگە بېرىلسە، ۋەخپە دۇكانلىرى 10 ــ 15 سومغىلا ئىجارىگە بېرىلىدۇ. يەرلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

ئاددىي خەلقنىڭ يۈزدە يىگىرمىسى تېرىقچى، باغۋەن، تىكىمچى، ھاممال، ئاشپەز، ئېشەكچى، تۆگىچى، ھارۋىكەش، مەپىكەش، ئوتۇنچى، پىچانچى بولۇپ، قالغانلىرى تىلەمچى، گاداي، دىۋانە، قەلەندەر، مازار شەيخلىرى، قىمارۋاز، شەھ- ۋەتپەرەسلەردىن ئىبارەتتۇر.

ياز كۈنلىرى مېۋە ـ چېۋە، قېتىق، سۈت ۋە قايماق ساتقۇچىلارمۇ بار.

بۇ يەردە كوچا بويىدا سۈرەن سالغۇچىلار، بىر تىيىن ئۈچۈن كوچىنى بېشىغا كىيىپ سوقۇشقۇچىلار، قىيامەت قايىم بولغاندەك ئۆرۈشىدىغانلار بەك كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشلاردىن خوتۇن ـ قىزلارمۇ چەتتە قالمايدۇ. ئاتا با- لىسى ئالدىدا، بالىسى ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ئېغىزغا ئالغۇ- سىز گەپلەرنى كۆپ قىلىدۇ. بۇ ئىش بۇ يەردە ھېچقانچە ئە- يىب سانالمايدۇ. ئېرى خوتۇنىغا، خوتۇنى ئېرىگە ئاچچىقلى- نىپمۇ، ئويناپ ـ كۈلۈپمۇ ھەر قىسما ئۇياتسىز سۆزلەرنى

ھەددى-ھېسابسىز قىلىۋېرىدۇ.

بۇ يەردە ئوغۇللارنى بولسۇن، قىزلارنى بولسۇن، ئىشقىلىپ ئوقۇتۇش-تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. قىزلار تاكى ئەرگە تەگكەنگە قەدەر ئوغۇل باللار بىلەن بىرگە كوچا-كويلاردا ئويناۋېرىدۇ. ئەرگە تەگكەندىن كېيىنلا ئاندىن يۈزىگە چۈمبەت تارتىدۇ. نېمە سەۋەبتىندۇر، بۇ يەردە قىز باللار ئوغۇللاردىن كۆپ بولىدىكەن. شۇڭا بۇ يەردە قىزلارنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە ئېتىبارى يوق.

## تەرەققىيپەرۋەرلەر

قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا بىر گېزىتتە «مىللەتنى روناق تاپقۇزمىغۇچىلار» دېگەن بىر ماقالىنى ئوقۇغانىدىم. كاشغەردە مىللەتنى روناق تاپقۇزمىغۇچىلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار ھەققىدە يازغانىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى ئۇلار گېزىت ئوقۇمايدۇ. شۇڭا مەن ھازىر گېزىت ئوقۇيدىغان، كۆزى ئوچۇق، تەرەققىياتنى ياقلىغۇچى ياشلار، مىللەتنى روناق تاپقۇزغۇچىلار ھەققىدە يازىمەن:

ياشلارنىڭ ئۆز ئىقرارلىرىغا قارىغاندا، كاشغەردە مۇندىن ئۈچ-تۆت يىل ئىلگىرى گېزىت ئوقۇغۇچىلار بولمىغان. بولغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى ئاز بولغان. بىراق، ھازىر بۇ يەردە گېزىت ئوقۇغۇچىلار خېلى كۆپ ھەم شۇ گېزىت ئوقۇش نەتىجىسىدە كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلغان. ئۆز ئەھۋالىنى چۈشىنىشكە باشلىغان. لېكىن مۇنداقلار بەك ئاز.

بۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا گېزىت سەۋەب بولغىنىدەك، گېزىت ئوقۇشىغىمۇ بالقان ئۇرۇشى سەۋەب بولغان. مەيلى قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلار گېزىت ئوقۇشنى باشلاش بىلەن مىللەتنىڭ كېسەل ھالىتىنى تونۇپ يېتەلەيدىغان بىر دەرىجىگە يەتكەن. لېكىن شۇنى-

سى ئېنىقكى، ئۇلار تېخى كېسەلنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمى-گۇدەك مەلۇمات ھاسىل قىلالىغىنى يوق. بۇ يەر ئۈچۈن بولمۇ ئەيىب ئەمەس. چۈنكى ئۇلار مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن نادان ئاتىلار ۋە تەربىيەسىز ئانىلار قولىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. پەقەت گېزىتنىڭ توغرا يولغا باشلىشى سايىسىدىلا، توغرا يولنى تاپقان بۇ ئەزىز مىللەت باللىرى ماختاشقا لايىقتۇر. ئومۇ-مەن كاشغەر ئەھلى زېرەك ۋە ئىستېداتلىق بىر خەلقتۇر. ئازراقلا تەربىيە كۆرسە تېز ئادەم بولۇپ كەتسە كېرەك.

ئاغرىقنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيدۇ، دېگەنىدۇق. ئوقۇ-غۇچىلارغا چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، بۇنى ئازراق يې-شىپ ئېيتىشنى لايىق تاپتىم.

مەزكۇر زاتلارنىڭ قايىسىغىلا ئۇچرىساڭ، يۈزلىرىدە نۇر ۋە كۆزلىرىدە ئۈمىد چاقنىغان ھالدا، ئېغىزلىرىنى ئۇمچەيتىپ: «خۇداغا شۈكرى، بىزنىڭ كاشغەرمۇ يۈكسىلىۋا-تىدۇ، بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش يىل ئىلگىرى گېزىت ئوقۇش ۋە تار پەشلىك كىيىم كىيىشنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھازىر خۇداغا شۈكرى...»، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭلىق بىلەن «كاشغەرنى تەرەققىي قىلدى» دېيىشكە بولمايدۇ. تەرەققىياتنى كىيىم ـ كېچەك، گېزىت ئوقۇش بىلەنلا ئۆلچەش توغرا بولمىسا كېرەك.

تەرەققىياتنىڭ باسقۇچى ۋە نىجاتلىقنىڭ ئاچقۇچى ئى-لىم ۋە مائارىپتۇر. شۇ مائارىپ نەتىجىسىدە، يەرنىڭ بايلى-قىدىن، تىجارەت، سانائەت ۋە زىرائەتتىن پايدىلىنىپ ئىنسان سىياقىدا ياشاشقا مۇمكىن بولۇر. بۇ ئىشتا ئۆتۈپ چىققان خەلق ھايۋانىيلىق، ۋەھشىيلىك، بەدەۋىلىك، ياۋايىلىق سۇ-پەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، «مەدەنىي» لىك سۈپىتىگە ئې-گە بولالايدۇ. ئۇلار توغرىسىدا سۆز بولغاندا، باشقىلارمۇ مەدە-نىي ۋە تەرەققىي تاپقان مىللەت دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئىش-



لىتىپ تەربىيىنى قىلىشىدۇ. مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن قارىغاندا، ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى تېخى تەرەققىي قىلغىنى يوق. ئىلىم ۋە مائارىپ، زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەت ئىشلىرى بىر ياقتا تۇرسۇن، بۇ يەردە تېخى ئىپتىدائىي مەكتەپلەرمۇ يوق. خەلق بەك نامرات. تىلەمچىلەر ھەددىن كۆپىيىپ تۇردۇ. تاھارەت ۋە تازىلىققا رىئايە قىلمايدۇ، يېگەن ئاش - تاماقلار، ئىچكەن سۇلار، تۇرۇۋاتقان ئۆيلەر، كىيگەن كىيىم - كېچەكلەر، يېتىۋاتقان يەرلەرنىڭ ھەممىسى زىيانلىق ئۇسۇلدا ئىشلىنىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئاغرىق - سىلاق ھەددىن كۆپىيىپ تۇرىدۇ. يېتىمخانا ۋە شىپاخانىلار سېلىنمايدۇ. ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى ئائىلە ئىشلىرىدىكى بۇزۇقچىلىقتۇر، ئايمۇ ئاي خوتۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ھەمىشە داۋام قىلىپ تۇرىدۇ. ھاجەتمەنلەر ئەزىز بالىلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. روھانىيلار بۇ ئىشلارغا يول قويىدۇ، دىن ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىمۇ يول قويىدۇ. قازىلار قورساق بالاسى بىلەن ئاۋارە. ئانا تىلى يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. مازارلاردىن مەدەت تىلەش ھەددىن كۆچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، مىللەت تەرەققىي قىلىپ ئۆسۈش ئەمەس، تەتۈرسىچە كەينىگە قاراپ ھالاكەت ئازگىلىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ.

توغرا، مۇسابايېفلاردەك مىللەتنىڭ ناچار ئەھۋالىنى چۈشىنىپ يېتىپ، چىن مەنىسىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات چارىلىرىگە كىرىشكۈچىلەرمۇ بار. لېكىن، بۇ پەقەت بىرلا كىشى. ھەرقانچە پىداكارلىق كۆرسەتسىمۇ، پۈتكۈل كاشغەر خەلقىنى، كاشغەر بالىلىرىنى تەربىيەلەپ بولۇش بۇ كىشىگە ئېغىر كېلىدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا، مۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بەس، باشقا بايلارمۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن. بۇ ئىش مۇتلەق ياش بوغۇنلارنى تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش، ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

گېزىت ئوقۇپ قۇرۇق پەلسەپە سېتىش، ياخشى كىيىم كىيـ-
يىپ ئۆز نوچىلىقىدىن زوقلىنىشتىن ھېچقانداق پايدا كۆر-
تۈش مۇمكىن ئەمەس.

نوشىرۋان يائۇشېف، كاشغەر

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى 8 — 14 - سانى، 424 — 426 - بەتلىرىدىن)

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kutüphanesi
www.uyghurweb.net



# مەركىزىي ئاسىيا تارىخى

مېنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا قىلغان ساياھىتىمنىڭ مەقسىتى مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر كونا ئەسەر ۋە يازمىلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى. بىراق، بۇ توغرىدا بىر نەرسە تاپقىلى بولىدىغاندەك ئەمەس. بەك كۆپ ۋە بەك قىممەتلىك ئەسەرلەر يوقىلىپ كەتكەن. نۇرغۇن تارىخىي كىتابلار ياۋروپا سەيياھلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. ھازىر ئالتەشەھەردە پايدىلىق تارىخىي كىتابلار قالمىغان. قالغانلىرىمۇ يالغانلار، خۇراپاتلار بىلەن چىرمالغان، بۇلاردىن بىر ھەقىقەت تېپىپ مەيدانغا چىقىرىش، توغرا تارىخ يېزىشقا بولىدىغاندەك ئەمەس.

ھازىرمۇ ئالتەشەھەر تارىخىغا دائىر «تارىخى رەشىدىي» دېگەن كىتاب بار دەيدۇ. لېكىن ئۇ كىتابنىڭمۇ قەيەردە ۋە كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلگۈچى يوق. بارغانلا يېرىمدە شۇ كىتابنى كۆپ ئىزدىدىم. تېپىلسا كاشغەردىن تېپىلىپ قالۇر دەپ كەلگەنىدىم. يولدا كەلگەچ كۆپ كىشىلەردىن سورىدىم. « بار، تېپىلىپ قالۇر»، دەيدۇ. لېكىن ھېلىغىچە تېپىلمايۋاتىدۇ. «تېپىپ بېرىمەن»، دەپ ۋەدە قىلغان كىشىلەرمۇ ئىشقىلىپ كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىمەيدۇ.

بۈگۈن مېنىڭ يېنىمغا داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندى كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىنمۇ شۇ توغرىسىدا نۇرغۇن سورىدىم. ئۇ: «ئۇنداق تارىخىي كىتابلار سەل ئىلگىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ياۋروپا سەيياھلىرى كېلىپ نۇرغۇن كىتابنى ئەكەتتى. پەقەتلا بىر نۇسخا ساقلانغان كىتابلارنىمۇ بىرەر 100 سوم

بىر يىلىپلا ئېلىنۋالدى. بۇنىڭدىن 500 يىللار ئىلگىرى ئالتەشە-
ھەر ۋە مەركىزىي ئاسىيا خانلىرى تەرىپىدىن يازدۇرۇلغان
«قۇتادغۇ بىلىك»، ناملىق بەك قىممەتلىك بىر ئەسەر بار ئى-
دى. ئۇنىمۇ ئىنگلىز سەيياھلىرى ئەكەتتى. بۇ كىتاب ساپ
تۈركچە يېزىلغان. ئەرەبچە، پارسچە بىرمۇ يات سۆز كىرمى-
گەن»، دېدى.

مۇنداق قىممەتلىك ئەسەرنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە بەك ئېچىندىم. ئۇنى ساتقۇچىغا ئىچ - ئىچىمدىن نەپرەتلەندىم.

بۇ ئەسەر بەلكىم ئىنگلىزچە كىتاب بولۇپمۇ چىققاندۇر، ئەسلىي نۇسخىسىمۇ بىرەر كىتابخانىدا ساقلىنىۋاتقاندۇر. لېكىن ئۇنى قانداق تاپسەن ئەمدى؟

ئەگەر مەركىزىي ئاسىيادا شۇنداق قىممەتلىك ئەسەرلەر بىر يەرگە توپلىنىپ مەخسۇس كىتابخانىلاردا ساقلانغان بولسا، قانچىلىك گۈزەل بىر ئىش بولغان بولاتتى. لېكىن، نە چارە، ئۇنداق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ساقلاشنى بىلىدىغان كىشىلەر قالمىغان. سېتىۋەتكەن، يوقىتىۋەتكەن.

ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۇمۇلىدەك چېچىلىپ كەتكەن، تىلىنى يوقاتقان مەركىزىي ئاسىيا باللىرى ئۈچۈن ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. بۇنى بۇرنىغا ئەمدىگىنە ئۆزلۈك ئېڭى پۇرىقى كىرىشكە باشلىغان ياش مەكتەپ باللىرىمۇ بىلمەيدۇ.

ئۆز مىللىي تارىخىنى سۆيمىگەن، ئۇنى جېنىدەك ئۇلۇغ كۆرمىگەن خەلق دۇنيادا قانداقسىگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسۇن، ئۆز مىللىتىنى قانداقمۇ ساقلاپ قالالىسۇن!؟

شۇنداق، بىز ھازىر ئۆز كىملىكىمىزنى يوقىتىپ قويدۇقمۇ، قانداق؟ بۇنىڭدا شەك يوق. ئەگەر ئۆز كىملىكىمىزنى يوقاتمىغان بولساق، تىلىمىز ۋە مىللىي تارىخلىرىمىزمۇ جېنىمىز، ئىمانىمىز كەبى ناھايىتى مۇستەھكەم ساقلانغان

بولاتتى. بۇ ھال خۇسۇسەن ئالتەشەھەردە بەكرەك ئەۋج ئالغان. بۇلاردا ئۆزلۈك روھى، ئۆزلۈك تۇيغۇسى قىرىم، كاپكاز، ئوسمانلى ۋە تاتار تۈركلىرىنىڭكىدىن تۆۋەنرەك دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان. يەنى بۇلاردا مىللىي ئاڭ سۇسلىشىپ پارسلىشىش، ئەرەبلىشىش خېلى تەرەققىي قىلغان. بۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئەرەب نەسىللىك، ئەلى ئەۋلادى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. بۇنىڭغا ئائىت نەسەبنامە، شەجەرىلەرنى ئويدۇرۇپ ئۆز نەسلىنى چىگچىلەشتۇرىدۇ. «سەييىد»، «خوجا» ئىسىملىرىنى قويۇۋېلىپ شۇنىڭدىن ماختىنىدۇ، پەخىرلىنىدۇ. «خوجىلىق» دەرىجىسىنى ئۆز مىللىتىنىڭ دەرىجىسىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. خوجىلار يەرلىكلەرگە قىز بەرمەيدۇ، ئۇلارغا ئارىلاشمايدۇ.

مەركىزىي ئاسىيالىقلار ئۆزلىرىنىڭ تۇغىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىكى ئۆزلۈك ئېڭى پەيدىنپەي ئۆچۈشكە باشلىدى، سەييىد ۋە خوجىلارغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمەت ئېشىشقا باشلىدى. ئاقىۋەتتە، مەركىزىي ئاسىيادا خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. مانا سىزگە بىر مىسال:

ھىجرىيە 710 ـ يىلى ئەتراپىدا سەييىد ئەلى خان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە سەمەرقەنت تەرەپتىن مەخدۇم ئەزەم ئىسىملىك بىر كىشى كاشغەرگە ساياھەت قىلىپ كېلىدۇ. بۇ كىشى سەييىدلەردىن، خوجىلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن سەييىد ئەلى خان ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بۇ سەيياھمۇ ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرگەچ، كاشغەردىن كېتەلمەي قالىدۇ. ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇپچى بولغاچقا، ئەل ئارىسىدا ئىناۋىتى ئېشىپ شۇ يەردە ئۆيلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەسەن خوجا ۋە كالان خوجا ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. بۇلارمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش كارامەتچى،

پەلسەپە ساھىبى بولۇپ ئاتىسىنىڭ يولىنى تۇتىدۇ. ئۇلار نەـ
بىئىيكى، مىللىي ئۆزلۈكنىڭ ھۆسنىنى يوقىتىپ «ئەجەم»①
ئۇرۇقىنى چاچىدۇ.

بۇ ئىككى مەخدۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، نىمە سەۋەبتىندۇر، شاگىرت ۋە ۋارىسلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ چىقىپ، قائىلىق ئۇرۇشلار بولىدۇ. ئاقىۋەتتە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دەپ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ. مۇرىتلىرى ۋە كاشغەر ئەھلىمۇ ئەگىشىپ ئىككى تەرەپ بولىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇھ بىر ـ بىرىگە قوشۇلماي سۇ بىلەن ئوتتەك دۈشمەنلىشىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا پات ـ پات ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ھىجرىيە 1070 ـ يىلى ئىسمائىل خان زامانىدا مەخدۇم ئەزەم نەسلىدىن ئافاق خوجا دېگەن بىرى پەيدا بولۇپ ئىشانلىق قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ ئورنى ۋە ئابرۇيى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولىدۇ. خەلق بۇ كىشىنى پەيغەمبەر دەرىجىسىدە ئۇلۇغ كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىچە: مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىراجقا چىققاندا يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالىدۇ ۋە جەبرائىلدىن: «بۇ قايسى پەيغەمبەر؟» دەپ سورايدۇ. جەبرائىل «ئەي مۇھەممەد! بۇ پەيغەمبەر ئەمەس، سىنىڭ ئۈممەتلىرىڭدىندۇر. لېكىن بۇنىڭ دەرىجىسى پەيغەمبەرلەر دەرىجىسىدىن ئۇلۇغ. چۈنكى بۇ كىشى سىنىڭ ۋاپاتىڭدىن كېيىن ئالتەشەھەر ۋە چىنغا بېرىپ نەچچە مىليون خەلقنى دىنغا دەۋەت قىلىدۇ»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن بارلىق ساھابىلىرى بىلەن شەرققە قاراپ — ئافاق خوجىغا قاراپ

① ئەجەم — پارسلار.

دۇئا قىلىپ تۇرغان ئىمىش!

شۇنداق قىلىپ ئافاق خوجىنىڭ مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى كۆپىيىشكە باشلاپ، ئاق تاغلىقلارنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىۋالدۇ. تەرەپدارلىرى كۆپەيگەندىن كېيىن ئىسمائىل خاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى تەختكە ئولتۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئىسمائىل خان ئافاق خوجىنىڭ بۇ ئىشىنى سېزىپ، ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ (ھىجرىيە 1097 ـ يىلى).

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئافاق خوجا ئىلى ۋىلايىتىگە بېرىپ غالدان قونتاجى بىلەن كۆرۈشىدۇ. غالدانغا كاشغەرنى ئىلىغا قوشۇش توغرىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ كاشغەردە مۇرىتلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرۈپ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ مەسلىھەت غالدانغا ناھايىتى ياقىدۇ ھەمدە تېزلىكتە ئۇرۇش تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ ئافاق خوجا بىلەن كاشغەرنى ئىشغال قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

غالداننىڭ ئەسكەرلىرى ئىسمائىل خاننىڭ ئەسكىرىدىن كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئىسمائىل خان يېڭىلىدۇ. ئىسمائىل خان ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، ئامال قىلالمايدۇ، كاشغەرنى غالدان ئالىدۇ (ھىجرىيە 1099 ـ يىلى).

غالدان ئافاق خوجىنى كاشغەرگە ھۆكۈمدار قىلىپ، ئىسمائىل خاننى ئەسىر ئېلىپ ئىلىغا قايتىپ كېتىدۇ.

ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيگەنلىكتىن، توختاۋسىز ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن خەلق ئارىسىدا ئاچلىق، قەھەتچىلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئەخلاق بۇزۇقچىلىقلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

بۇ كېلىشمەسلىكلەر (ھىجرىيە) 1125 ـ يىلىدىن

1281 ـ يىلىغىچە داۋاملىشىدۇ. ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئارىسىدا مۇشۇ كۈندىمۇ دۈشمەنلىك بار. لېكىن ھازىر ئوچۇق ـ ئاشكارا سوقۇشالمايدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېف، كاشغەر

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى 8 ــ 15 ـ سانى، 455 ــ 457 ـ بەتلىرىدىن)

www.uyghurkitap.com



# ئارتۇش تەسراتى

بۇرۇنقى خانلارنىڭ تارىخلىرىدىن ئاز - تولا مەلۇمات ئېلىش نىيىتى بىلەن بۈگۈن ئارتۇشقا يول ئالدىم. ئارتۇش كاشغەرنىڭ 25 چاقىرىم شەرقىدىكى جاي بولۇپ، باش - ئايىغى يوق قۇم دېڭىزى ئىچىدە ئىككى تاغ ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان ئازغىنە مۇنبەت يەردىن ئىبارەت.

هارۋىغا ئولتۇرۇپ، كۈنچىقىشقا قاراپ بەش - ئالتە سائەت ماڭغاندىن كېيىن، يېشىللىق، گۈزەل مەنزىرىلەر، ئېتىزلىقلار ۋە دەرەخلىكلەر كۆرۈنىدۇ. ئەنە شۇ دۆڭلەك كۆلدەك يېشىللىق ئىچىدە ئىسمىمۇ، جىسمىمۇ ئۇلۇغ بولغان سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بۇۋىمىز ياتىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ مۇقەددەس قەبرىسىنى زىيارەت قىلغىلى كېتىۋاتىمەن.

ئەي، ئارسلان ئاتا! ئەگەر سەن تىرىك بولغان بولساڭ زىيارىتىمىز، سۆھبىتىمىز بەكمۇ گۈزەل بولغان بولاتتى. مەن سەندىن شۇ نەرسىلەر ھەققىدە مەلۇمات ئالغان بولاتتىم:

(1) سەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان چاغدىن مۇشۇ كۈنگە قەدەر قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟ سېنىڭ سەلتەنەت دەۋرىڭدىن بۈگۈنگە قەدەر نوپۇس ئاشتىمۇ، كېمەيدىمۇ؟

(2) ئىلگىرى خەلقنىڭ تۇرمۇشى قانداق ئىدى؟ يەنى شۇ چاغدىمۇ بۈگۈنكىدەك خەلق موھتاجلىقتا ۋە پېقىرلىقتا ياشارمىدى؟ ياكى باياشاتمىدى؟

(3) خەلقنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۆزگەردىمۇ؟ خەلق ھەر جەھەتتىن ئالغا باستىمۇ ياكى چېكىنىپ كەتتىمۇ؟ قىسقىسى، شۇ زاماندىن بۈگۈنگە قەدەر قانداق ئۆزگى-

...رىشلەر بولدى؟

بۇۋىمىز ئىرىك بولغان بولسا، شۇبھىسىز تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان بولاتتى: «خەلق كۆپ ئىدى، ئازايدى، تۇرمۇشىمۇ ئەركىن ـ پاراۋان ئىدى، تارايدى، ئەخلاق ياخشى ئىدى، بۇزۇلدى. تىل ساپ تۈركىي ئىدى، ئۆزگەردى. خەلق ھەر جەھەتتە چېكىنىپ كەتتى. بۇنىڭغا مەندىن كېيىن كەلگەن شەخسىيەتچى پادىشاھلار، زالىم تۆرىلەر، شەخسىيەتچى ئالىملار سەۋەب بولدى. مەكتەپ، مەدرىسىلەرگە پارىچە، ئەرەبچە كىتابلار، ھېكايىلەر تولدى. مىللىي ئاڭ پۈتۈنلەي يوقالدى ۋە قەھرىمانلىق ئورنىنى دەرۋىشلىك، قەلەندەرلىك ئىگىلىدى. قىسقىسى، شۇ كۈندىن بۈگۈنگە قەدەر نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. لېكىن بۇ ئۆزگىرىش پايدىلىق رەۋىشتە ئەمەس، بەلكى زىيانلىق رەۋىشتە بولدى. ئەگەر ئۆزگىرىشلەر پايدىلىق تەرەپكە ماڭغان بولسىدى، شەرقلىقلەر غەربلىكلەرنىڭ كەينىدە قالمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى».

يۇقىرىدا دېيىلگەن ئازغىنە مۇئبەت يەرلەردىن مەشھەد، ئۇستۇنتاغ، تۆرتكۆل، ئوڭئېرىق، سولئېرىق، ياقاباغ، ئورتانساغ، ۋاقۋاق، ئازاق، تېتىر، كۆكئالا، تاغتوۋەن، لەڭگەر، پايئەخمەت، تاجىدىن دېگەندەك 16 ــ 17 يېزا بار. نوپۇسى تەخمىنەن 7000 ــ 8000 ئۆيچۆرىسىدە.

ئەڭ ئاۋۋال بۇغراخان ياتقان مەشھەد يېزىسىغا كەلدىم. بۇ يېزىدا يۈزلەپ ئۆي بار. دۈشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. بۇ بازاردا ئەرلەرگە قارىغاندا خوتۇن ـ قىزلار كۆپرەك بولىدۇ. سودىسى قولدا توقۇلغان بۆز سېتىشتۇر.

**زىيارەت:** بۇغراخان قەبرىسىنىڭ يېنىدا تىلىۋالدى باي سالدۇرغان بەك كۆركەم بىر مەسچىت بار. مەسچىتنىڭ يېنىدا ھالى خاراب بىر مەدرىسەمۇ بار. بۇ مەدرىسەدە شا-

گىرتلار ھازىرمۇ ئوقۇپ تۇرىدۇ. مەدرىسەگە كىرىپ مۇدەر-
رىس ھابىل بىلەن كۆرۈشتۇم. ئاز - تولا پاراڭلىشىپ كۆر-
گەن بولسام‌مۇ، لېكىن كۆڭۈلدىكىدەك مەلۇمات ئالالمىدىم.
ئۇ يەردىن چىقىپ بۇغراخاننىڭ قەبرىسى بار مەيدانغا كىر-
دىم. تەخمىنەن 100 سازېن تۇپتۇز يەردە ئاددىي بىر قەبرى-
دىن باشقا ھېچنېمە يوق. گۈمبىزى دېگەندەك نەرسىلىرىمۇ
يوق. بۇ قەبرە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندەك ئۇلۇغ بىر كى-
شىنىڭ قەبرىسىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. قىلغان ئىشى بىلەن ئۇ-
نىڭدىن بەك تۆۋەن تۇرىدىغان ئافاق خوجا، مۇرات بەخش ئاتا،
قۇتبۇللاھ خوجا، قەمبەر ۋەلى... دېگەندەكلەر چوڭ ۋە كۆر-
كەم گۈمبەزلەردە يېتىپ، بۇ قەبرىنىڭ مۇنداق خارابە ھالەت-
تە يېتىشى كۆزۈمگە سىغمىدى. قەبرىنىڭ ئۈيلىغىنىمدەك
چىقماي قالغىنىدىن كۆڭلۈم قېلىپ تۇرغاندا، ئۇچ شەيخنىڭ
بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ سەدىقە تىلىشى تېخىمۇ كەيپىمنى
ئۇچۇرۇۋەتتى. ئاچچىقىم بىلەن ئۇلارغا قاراپ:

— سۇلتان ساتۇقنىڭ تارىخ - تەزكىرىلىرى بارمۇ؟ —
دەپ سورىدىم.

شەيخمۇ كۆزىنى ئالايتىپ:

— يوقالغان، — دېدى.

— ھەي ئەخمەقلەر! چىرىپ توپىغا ئايلانغان قەبرىنى
ساقلاپ ئولتۇرغىچە ئۇنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى، تارىخ
ۋە تەزكىرىسىنى ساقلىغان بولساڭلارچۇ كاشكى. ئال مانا
ساڭا سەدىقە!

بىر تىيىنمۇ بەرمىدىم.

ئىلگىرى بۇ قەبرىنىڭ چوڭ ۋە كۆركەم گۈمبىزى بول-
غان. بۇ گۈمبەز 1903 - يىلىدىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە بۇ-
زۇلغان، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئوڭشالمىغان. بۇ يەردە ئە-
رەبچە، پارسچە تارىخىي شېئىرلار يېزىلغان بەك ھەيۋەتلىك



تۇۋرۇكلەر بولغانىكەن. شۇ قىممەتلىك سەئەت بۇيۇملىرى تېخى 1913 ـ يىلىلا ئاشخاباتتىن كەلگەن بىر ئەرمەنگە 600 سومغا سېتىلغان. كونا ۋە قىممەتلىك بىر گىلەمنى 100 سومغا بېرىلگەن. ئەرمەن بۇ نەرسىلەرنى ئاشخاباتقا ئاپىرىپ خېلى كۆپ پايدىسىغا ساتقان.

سۇلتان ساتۇقنىڭ ۋاقتىدا ياسالغان ئالتۇن چىراغمۇ يوقالغان.

**تۇرمۇشى:** ئارتۇش خەلقىنىڭ كەسپى تېرىقچىلىق ۋە بۆز توقۇشتۇر. بۇ يەردە مال ـ چارۋا ئاز بېقىلىدۇ. ئۆي ئىدىچى ۋە تېشىدىكى ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خوتۇن ـ قىزلار قىلىدىكەن. ئالتەشەھەردە يېزا تۇرمۇشى بىلەن شەھەر تۇرمۇشى ئوتتۇرىسىدا بەك چوڭ پەرق بار. شەھەر خەلقى ئومۇمەن بۇزۇقچىلىققا مايىل بولۇپ، قىمارۋازلىق، پاھىشىۋازلىق، هاراقكەشلىك، گادايلىق، دىۋانىلىك، ئالدامچىلىق، ئاسىيلىق ۋە خىيانەت، جەبىر ـ زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يېزا خەلقى پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە. بۇلار ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل، توغرا سۆزلۈك كېلىدۇ. بۇلاردا ھىيلە ـ مىكىر، ئاسىيلىق ۋە خىيانەت دېگەندەكلەرمۇ ئاز بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، شەھەر خوتۇنلىرى ئىشلىمەي ئەرلىرى تاپقاننى يەپ ياتىدۇ. ھۇرۇن ۋە كېرەكسىز. ئەمما يېزا خوتۇنلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەرلىرىدىن كۆپ ئىشلەيدۇ. كىيىم تىكىدۇ، باغۋەنچىلىك قىلىدۇ. يىپ ئېگىرىپ بۆز توقۇيدۇ، بازارغا بېرىپ، ئەرلەرگە ئوخشاش سودا قىلىپ پۇل تاپىدۇ. بالىلىرىنى باقىدۇ، تويغۇزىدۇ، كىيىندۈرىدۇ. يېزا خوتۇنلىرى ئارىسىدا يولدىن چىققانلىرىمۇ ئاز بولىدۇ. ئىشقىلىپ، بۇ خوتۇنلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ. بۇلارنىڭ پەقەت ئوقۇمىغانلا يېرى بار. ئەگەر ئوقۇغان ۋە تەربىيە كۆرگەن بولسىدى، مەملىكەتنى يالغۇز شۇ يېزا ئايال-

لىرىلا تەرەققىي قىلدۇرغان بولاتتى.

لېكىن يېرىنىڭ ئازلىقىدىنمۇ، ئىلىم - تېخنىكا يوقلۇقتىنمۇ؟ ئىشقىلىپ، ئارتۇش خەلقى ئومۇمەن موھتاجلىقتا ياشايدۇ. تۇرمۇشى بەك بىچارە. ياخشى ئۆيلەردە تۇرۇش، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىش، نوچى ئاتلارغا مىنىش، مەززىلىك تائاملارنى يېيىش، ئوقۇش - ئوقۇتۇشتەك سائادەتلەردىن مەھرۇم قالغان. خار ۋە زەبۇن ھالەتتە ياشايدۇ. تاپاۋىتى ئاز، بىراق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى خېلى قىممەت. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ يەردە ئانا بالىغا، بالا ئانىغا قاراشمايدۇ. قىيامەت كۈنىدەك ھەركىم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە.

شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن مەسۇم بالىلار يامان، رەزىل ئىشلارغا مەھكۇم بولۇپ كېتىدۇ. قورساق ئاچ بولغاچقا، مائارىپ بىلەن ئۇچرىشىش قىيىن بولۇۋاتقاندۇر، بەلكىم. «ئاچنىڭ كۆزى ئەكمەك(نان)تە، توقنىڭ كۆزى ھېكمەتتە».

بۇلارنىڭ ئارىسىدا خېلى چوڭ بايلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئۆز پايدىسى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. مائارىپ ۋە ياخشى ئىشلارغا بىر تىيىنمۇ بەرمەيدۇ، ھەتتا ئۆز بالىلىرىنىمۇ تەربىيەلىمەيدۇ. كەلگۈسى بىلەن كارى يوق. تىرىكلەرگە قارىغاندا ئۆلۈكلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەكتەپ سېلىش ئورنىغا پىششىق خىشتىن چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەرنى ياسىتىدۇ. ئارتۇشتا ئوتتۇزلاپ گۈمبەز بار، ئەمما كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىرمۇ مەكتەپ يوق.

ئارتۇشتا نوپۇس كۆپەيمەيدۇ، بۇ يەردە ئەرلەر ئاز. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئارتۇش خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى سىرتتا تىرىكچىلىك قىلىدۇ. خوتۇن، بالىچاقىسىنى تاشلاپ كېتىپ ئۆيىگە قايتالمىغانلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. يۇرتتا ئىشقا يارىمايدىغان قېرىلار ھەم خوتۇن - قىزلارلا قالىدۇ.

ئارتۇش خەلقىنىڭ كۆپەيمەسلىكى، ئەۋلىيالىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىپ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى يەرنىڭ ئالىيلىقىدىن دەپ قارىلىدۇ. ئومۇمەن، ئارتۇشتا مۇنبەت ۋە ھوسۇلدار يەرلەر ھېسابلىنقلا.

## ئالتۇن چىراغ

ئارتۇش خەلقىنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، بۇغراخان مازىرىدا ئالتۇندىن ياسالغان بىر چىراغ بولغانىكەن. بۇ چىراغنى بۇغراخاننىڭ ئۆزى ياساتقان ئىكەن. ئۇنىڭ بىر خاسىيىتى سۇ بىلەنياندىكەن. ئۇنىڭغا ماي كېرەك ئەمەس ئىكەن، قانداقلا سۇ قۇيۇپ قويساڭ يېنىۋېرىدىكەن. سەل ئىلگىرى ئارتۇشلۇق بىر قازى مەزكۇر چىراغنى قىرغىزلار ئارىسىغا ئېلىپ بارغان. بۇغراخاننىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، خېلى جىق پۇل تېپىپ قايتقان. كېيىن بۇ چىراغ يوقالغان. ئۇنىڭ يوقىلىشىغا شۇ قازى سەۋەب بولغان دېيىشىدۇ. بۇ مۇبارەك چىراغنىڭ يوقىلىشى ئارتۇش خەلقىگە، بولۇپمۇ شەيخلەرگە بەك زىيان، ئەلەم بولغان. چۈنكى، بۇ چىراغتىن مازار شەيخلىرىگە بەك جىق ماددىي پايدا كېلىپ تۇراتتىكەن. باشقا كىشىلەر بولسا بۇغراخاننىڭ كارامىتىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ مەنىۋى لەززەت ئېلىپ تۇراتتىكەن. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھەركىم بۇ چىراغنى سېغىنىدۇ. ئەمدىلىكتە، شەيخلەر زىيارەت قىلغۇچىلارغا ئۇنىڭ ھېكايىسىنىلا سۆزلەپ بېرىدۇ.

بۇ چىراغنىڭ سىرى مۇنداق ئىكەن. ھىيلىگەر شەيخلەر كىشى كۆرمىگەندە پىلتىنى مايغا چىلاپ، سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان نەرسە بىلەن پىلتىنى ئوراپ، چىراغقا سېلىپ ئۈستىگە سۇ قۇيىدىكەن. مۇنداق بولغاندىكىن تەبىئىي يانىدۇ ــ دە. شەيخ-

لەرنىڭ ھېيلىسىنى كۆرمىگەن، سەۋەبىنى بىلمىگەن كىشى-لەر ئۇنى بۇغراخاننىڭ كارامىتى دەپ ئويلايدىكەن.

ئىسلام ئالىمىدىكى خۇراپاتلارنى سۆزلەپ، يېزىپ تۈگى-تىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق خۇراپاتلار ھەرقانداق يەردە بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماكانى ئالتە شەھەردىدۇر. قەيەردە بىر بۇلاق بولسا، ئۇ قانداقتۇر بىر ۋەلىينىڭ ئاياغ ئىزىدىن ياكى ھاسىسىنىڭ ئىزىدىن پەيدا بولغان دېيىلىدۇ. قانداقلا بىر يەردە يىغىلىش بولسا، ئۇ يەردە ۋەلىيلەرنىڭ كارامەتلىرى سۆزلەنمەي قالمايدۇ. ئۇلار خۇراپاتلىقتا شۇ قە-دەر ئۇچىغا چىققانكى، ۋەلىيلەرنى خۇدا دەرىجىسىگە كۆتۈرى-دۇ. تاغ، تاش، شامال، يامغۇر، قار، بوران دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەلىيلەرنىڭ كارامەتلىرىگە باغلاپ سۆزلەيدۇ. دېمەك، ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن ئۈستۈن قويۇلىدۇ.

كارامەت ۋە خۇراپاتنىڭ بۇنچىۋالا ئۈستۈنلۈكنى ئىگى-لەپ كېتىشىنىڭ باش سەۋەبى ئىلىمسىزلىكتۇر. ماددىلار ۋە تەبىئەت دەرسلىرى ئوقۇتۇلمىغانلىقتىن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى يېتەرلىك چۈشىنىلمەيدۇ ۋە تونۇلمايدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن خەلق خۇراپاتقا پاتىدۇ.

ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىش، ئاجا-يىپ ھېكمەتلىرىنى كۆز بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيى-تىش، پەقەت ئىلمى خىمىيە ۋە تەبىئەت دەرسلىرىنى ئۆگى-نىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ (بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە بەك كۆپ سۆزلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك.)

مەن بۇ سۆزلەرنى ئالتەشەھەرگە قاراپ سۆزلەيمەن. يە-نى، ئەمەلىي ئېھتىياجقا قاراپ يازىمەن. قىسقىسى، يەتتە - سەككىز ياشلىق پىرنىڭ بالىسىنىڭ ئىمانى، بىزنىڭ 30



يىللاپ بۇخارا مەدرىسەلىرىدە ياتقان مۇسۇلمان بالىسىنىڭ ئىمانىغا تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پەرقلىقتۇر.

نوشىرۋان يائۇشېف، ئارتۇش

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 8 ـ، 17 ـ سانى 518 ـــ 520 ـ بەتلىرىدىن)

# ئالتەشەھەر خەلقى نېمىدىن لەززەتلىنىدۇ؟

دۇنيادا تۈرلۈك - تۈمەن خەلق بار. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ھەر تۈرلۈك نەرسىلەردىن لەززەتلىنىدۇ. بۇنى «ئىشق — مۇھەببەت — ھەۋەس — ئارزۇ — سۆيۈش — ئامراقلىق» دەپ ئېيتىشلا مۇمكىن. بۇ ھەقتە پەيلاسوپلارمۇ ئويلاپ - ئويلاپ باشلىرى قاتقاندۇر، بۇ توغرىدا نى - نى قەلەم ئىگىلىرى يازدى، نەچچە - نەچچە كىتابلار يېزىلدى. بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتابلار يېزىلغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن جىق نەرسە ئۆگىنىپ كېتەلمىدىم. ئەمدى بۇ ھەقتە يازغۇچىلار «سۆيۈش ۋە ئامراقلىق»نى ھەقىقىي ۋە تەبىئىي ياكى سۈنئىي دەپ ئايرىمدۇ؟ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، ئەمما ئۆزۈم مۇنداق ئىشلارنى كەسىپىي ۋە يۇقۇملۇق نەرسە بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

مېنىڭچە، سۆيۈش ۋە ئامراقلىق تۈرلۈك كىشىلەردە تۈرلۈك بولىدۇ ۋە ئۇلار تۈرلۈك نەرسىلەردىن لەززەت ئالىدۇ. بەزىلىرىدە بۇنداق ئېستېتىك زوق بەك تۆۋەن بولىدۇ. ئەمدى بىز بۇ ئورۇندا مۇنداق ئېستېتىك زوقنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى ھەققىدە توختىلمىز. بولمىسا، بىر ئادەمنىڭ ئۆزى نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆيىدۇ، دېگەن قارشى پىكىر پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىلىم ۋە ھۈنەرگە ئاشىق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەس - يادى شۇنىڭدا بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر پەقەت شۇنى ئويلاش بىلەنلا ئاللىقانداق لەززەت ۋە راھەتكە ئېرىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جېنى ۋە مېلىنى پىدا قى-



لىشقا تەييار تۇرىدۇ، يەنى ئىلىم ۋە مائارىپقا بولغان ئىنتى-
لىشى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بولىدۇ.

قايسىبىرلىرى مال ـ دۇنياغا ئاشىق بولىدۇ. ئىلىستىنى ياخشى كۆرىدۇ. سودا قىلىدۇ، تاپقان دۇنياسىنى ئىسراپ قىلمايدۇ. ياخشى ئۆيلەردە تۇرۇشتىن، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشتىن، ياخشى ئاتلارنى مىنىشتىن لەززەتلىنىدۇ.

يەنە بەزىلىرى يېمەك ـ ئىچمەكنى، پۇل ـ پۇچەكنى، كىتاب، گېزىت ئوقۇشنى، ئىبادەت قىلىشنى، جەننەتكە كىرىپ، ھۆر قىزلارنى قۇچۇشنى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە شۇنداق ئىشلاردىن، شۇنداق ئويلاردىن ھوزۇرلىنىدۇ. يەنە بەزىلەر پۇتۇنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە، ئويۇن ـ تاماشىنى، ئىسراپچىلىقنى، كەيپ قىلىشنى، خوراپاتلىقنى، بۇ دۇنيا قىزلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. قايسىبىرلىرى قىمار ئويناپ كەيپ سۈرىدۇ. قايسىبىرلىرى چىرايلىق مەنزىرىلەر، تۇرلۇك گۈل ـ چېچەكلەر، شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان سۇلار، سايراپ تۇرغان بۇلبۇللارغا مەپتۇن بولىدۇ. دۇنيادا بەس ـ مۇنازىرىدىن ۋە ئوغۇل باللاردىن لەززەت ئالغۇچىلارمۇ بار.

سۆيۈش ۋە ئامراقلىقنى تۇغما نەرسە ئەمەس، بەلكى كەسپىي نەرسە دېگەنىدىم. شۇنداق، ئادەمگە مۇھەببەتنىڭ تەسىرى بەك چوڭ بولىدۇ. ئۇ قانداقتۇر بىر سېھىر بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ، كۆزلىرىنى باغلايدۇ، ئۆزىگە باش ئەگدۇرىدۇ، سەجدە قىلدۇرىدۇ.

مەسىلەن: سىناش ئۈچۈن ناھايىتى ھورۇن ۋە ئېرىنچەك ئادەمدىن بىرنى تېپىپ، ياۋروپاغا ياكى ئامېرىكىغا ئاپىرىپ كۆرەيلى. شۇ ھورۇن شۇ يېرىش بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا ئوقۇش ۋە ئىشلەشكە مەجبۇر بولامدۇ، يوق؟ خاتالاشتىم، مەجبۇر بولمايدۇ، بەلكى ئاشىق بولىدۇ.

بۇخارا تەرەپكە بارغۇچىلار خوراپاتتىن، بەس ـ مۇنازى-

رىدىن ھەم بەچچىۋازلىقتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئىچەرمەنلەر ئارىسىغا كىرگەن ئادەم ئىچىملىككە ئۆگىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىشنى دەسلىپىدە زورلىنىپراق باشلىسىمۇ، كېيىنچە بېرىپ ئۆزى كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ كەيپىنى سۇرىدۇ، ئاقىۋەتتە تاشلىيالمايدىغان دەرىجىگە بارىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئىشلار 10 ــ 15 كۈندە كىشىگە ئادەت بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ. ئەمدى سۆز باشتا يېزىلغان كاشغەر ۋە ئالتەشەھەر مۇھىتىغا كىرىپ كۆرەيلى.

بۇلار ئاساسەن ئۈچ ـ تۆت نەرسىگىلا ئاشىق ۋە ئامراق كېلىدۇ.

(1) بۇزۇقچىلىق، خوتۇنپۇرۇچلۇقتىن؛

(2) قىمارۋازلىقتىن، خۇراپاتلىق ۋە ئويدۇرما ـ يالغانچىلىقتىن؛

(3) ئىسراپچىلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن لەززەتلىنىدۇ.

مانا بۇ يەردە مۇشۇنداق ئىشلار ئاقىدۇ. تەبىئىيكى، ئەمدى مۇنداق ئىشلاردىن ھۇزۇرلانغۇچىلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ مۇھىت ئىچىگە چەتتىن كېلىپ كىرگۈچىلەرمۇ ئېزىلىپ ئۇن بولۇپ، شۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا قوشۇلۇپ، كۆزگە كۆرۈنمەس دەرىجىدە بىرلىشىپ كېتىدۇ. يىغىراق كەلگەن مۇساپىرلار بۇ يەرنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى كۆرگەندە بۇرۇنلىرىنى تۇتۇپ يۈرسىمۇ، بارا ـ بارا بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالىدۇ. ئاشۇ كىر كىيىملىك، تېرىلىرى قاسماق چوكانلار بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن كۆزگە سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئاق ياقىلىق ئەپەندىلەر چوكانلارغا ئۆيلىنىپ قالغانلىقلىرىنىمۇ سەزمەي قالىدۇ. ئەمدى مۇسۇلمانلار، پەرغانە ۋە مەركىزىي ئاسىيالىقلار ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. مانا شۇنداق قىلىپ، مۇھىت ئەبزى ئۆزى ئەيىب-

لەپ تۇرۇپ، يەنە ئۇز ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇۋالىدۇ. «كىمنىڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرساڭ، شۇنىڭ ناخشىسىنى ئېيت»، دېيىدىكەن. بۇ ناخشىنى ئېيتمايتتىڭ، لېكىن يەنە ئۆز شارىسىنى ئىچكۈزۈپ، كىشىلەرنى مەست قىلىدۇ، مەست ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە قىلغىنىنى بىلمەيدۇ ـ دە.

دېمەك، ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ياخشى بولسۇن ـ يامان بولسۇن، مۇھىتقا بېقىپ ئۆزگىرىدۇ.

بۇ يەردە يازدىن باشلاپ كۈزگە قەدەر، ھەزرىتى ئافاق خوجا مازىرىدا ئويۇن ـ تاماشا بولىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ قىزىق ۋاقىتلىرى ئۆرۈك پىشقان مەزگىل بولۇپ، 15 — 20 كۈنلۈك يەردىن ھېسابسىز كۆپ ئادەم كېلىدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ «سابان توي»[1]غا ئوخشاش قىزىقارلىق ئويۇنلارمۇ يوق. ئويۇن پەقەت قىمارۋازلىق ۋە بۇزۇقچىلىقتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ يەردە ئويۇن تازا قىزىغاندا، 100 مىڭغا يېقىن ئادەم توپلىنىدۇ. بۇنىڭ يۈزدە قىرىق پىرسەنتى خوتۇن ـ قىزلاردۇر. بۇ يەرگە كەلگەن خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئۈمىد بىلەن — تىلەك تىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ، تىلەكلىرى ئۆزلىرىگە ئەر تىلەش، ئەر تېپمۇۋېلىشتىن ئىبارەت، خالاس. مەلۇمكى، بىرىنچى، خۇدا، ئىككىنچى ئافاق خوجا ئۇلارنى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ.

بۇ يازغانلىرىم پەلسەپىدىن بىر پارچىدۇر. بەس، بۇنىڭغا ئارتۇقچە سۆزنىڭ لازىمى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ماۋزۇ ئېتىبارى بىلەن بىر ـ ئىككى جۈملە قوشۇمچە قىلىشنى لايىق تاپتىم.

بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، مۇنداق ئويۇن ـ تاماشىلار ئافاق خوجامنىڭ ئۆزى تىرىك ۋاقتىدىمۇ بولغانىكەن. ئۇ كىشىلەرنى مۇنداق ئىشلاردىن

[1] سابان توي — تاتارلارنىڭ بايرىمى.

تۇسۇلمىغانىكەن. ئافاق خوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ بۇ
ھەقتە گەپ قىلغۇچى چىقمىغان. قازىلار، مۇپتىلار، مۇدەر-
رىسلەر، روھانىيلار ھېلىھەم بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمەيدۇ. پە-
قەت كۆزى ئوچۇق بىرنەچچە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلا بۇ
ئىشلارنى تۈگىتىش ياكى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈ-
مەتكە مۇراجىئەت قىلغان. ھۆكۈمەت خەلقنى ئۇ ئىشلاردىن
قايتۇرۇشقا تىرىشقان. لېكىن خەلقنىڭ كۆپىنچىسى ئاڭسىز
بولغانلىقتىن بۇ ئىشقا ھۆكۈمەتنىڭمۇ كۈچى يەتمىگەن. شۇ-
ڭا، تاۋاپ، زىيارەت، سەيلە - تاماشا ئىلگىرىكىدەك داۋاملى-
شىۋەرگەن بولۇپ، ھېلىمۇ داۋاملىشىپ تۇرماقتا.

ئەمدى ئافاق خوجىنىڭ ۋەخپە يەرلىرىگە كەلسەك، ھې-
سابسىز كۆپ. بۇنى خەلق مۆلچەرلەپمۇ بولالمايدۇ. پالانى يەر-
دىن پالانى يەرگىچە بولغان باغ ۋە زېمىنىنىڭ ھەممىسى ئافاق
خوجا مازىرىنىڭ ۋەخپە يەرلىرى، دېيىشىدۇ. مىڭلارچە
شەيخلىرى بار. شەيخلەر ئۇ يەرلەرنى ھوسۇلىنىڭ ئۈندىن بى-
رىنى ئېلىش شەرتى بىلەن تېرىقچىلارغا بېرىدۇ. شەيخلىرى
بەك باي، دەيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت نەزىر - چىراغ، قۇربان
ھېيت سەدىقىلىرىمۇ چۈشۈپ تۇرىدىكەن.

نۇشىرۋان يائۇشېۋ

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى 8 — 18 - سانى، 551 — 552 - بەتلىرىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئالدانماڭلار!

ئالتەشەھەرلىكلەردە ئەۋلىيا قەبرىلىرىنىڭ بىھېساب كۆپلۈكى، خەلقنىڭ شۇ قەبرىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىشلىرى، تۇپراققا چوقۇنۇشلىرى.... ھەققىدە كۆپ يېزىلدى. پەقەت، ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرى ھەققىدە تەسنىپ قىلىنغان يالغان تەزكىرىلەر ۋە تەزكىرىلەردىكى سۆزلەرگە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىشىنىشلىرى، ئالدىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە يېزىلغىنى يوق.

ئالتەشەھەرگە قىلغان ساياھىتىمدە، تارىخقا دائىر كىتابلارنى تېپىش ئۈمىدىم بىلەن بەك كۆپ تەزكىرىلەرنى كۆرۈشكە توغرا كەلدى. لېكىن، مېنىڭ بۇ ئۈمىدىم پۈتۈنلەي يوققا چىقتى. قىممەتلىك ۋاقىتلىرىم بىكارغا كەتتى. بۇ يەردىكى تەزكىرىلەردىن بىرەر ئېغىز بولسىمۇ دۇرۇس سۆز ئۇچرىتالمىدىم. تەزكىرىلەر باشتىن - ئاياغ قىپقىزىل يالغان بىلەن تولغانىكەن. بۇ ھىيلىگەر شەيخلەر خەلقنى تۇزاققا چۈشۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئويدۇرۇپ چىققان تەزكىرىلەر بولسا كېرەك. بۇنى ھەرقانداق بىر كىشى ئوقۇشى، ئوقۇشنى بىلمىگەنلەر (باشقا) كىشىگە ئوقۇتۇپ ئاڭلىشى (مۇمكىن.) ئالتەشەھەرلىكلەردە شۇنداق ئويدۇرما تەزكىرىلەردىكى سۆزلەرگە ئىشەنمەيدىغان كىشى ئازدۇر.

بۇنداق تەزكىرىلەر ھەر (بىر) مازاردا بار ئىكەن. نۆۋىتى كەلگەندە، مازار شەيخلىرىدىن باشقا كىشىلەرمۇ نۇسخا قىلىپ كۆچۈرۈۋالىدىكەن ۋە ئۇنى بەك مۇقەددەس كىتاب دەپ، ئۆيلىرىدە ساقلايدىكەن، ئوقۇيدىكەن، ئوقۇتىدىكەن...

قانداقلا بىر «ۋەلىي»نىڭ تەزكىرىسى بولسۇن، ھەممەسىدە مىسالغا ئالسام: ئۇ ۋەلىينىڭ مىراجىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە سۆزلەشكەنلىكى بايان قىلىنماي قالمىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراجقا چىققان، پالانى ۋەقەلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ۋە جەبرائىلدىن: «بۇ قايسى پەيغەمبەر»، دەپ سورىغان. بۇ ھېلىقى ۋەلىينىڭ كارامىتىمىش. كارامەتكە ئىشەنمىگەن كىشى دىنسىز بولارمىش. ۋەلىي قاناتسىز كۆكتە ئۇچقانمىش، كېمىسىز سۇدا يۈرگەنمىش، كېتىۋاتقانمىش..... كۆكتە قاغىدەك ئۇچىدۇ، سۇدا قۇرۇق ياغاچتەك لەيلەپ ئاقىدۇ.

بۇنى يېزىشقا مەجبۇرلىغان نەرسە، ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ شۇنداق يالغان ۋە ئاساسسىز خۇراپاتقا ئىشەنىشلىرى، ئالدانغانلىقىدۇر. «قۇرئان» ۋە ھەدىس ئوقۇغۇچىلىك ئىلمى بولمىسىمۇ، بېشىدا ئازغىنە ئەقلى بولغان ئادەم بۇ تەزكىرىلەرگە ئىشەنمەيدۇ ۋە ئالدىنىپ تۇزاققا چۈشمەيدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئادەم بالىلىرىغا ھەق ۋە توغرا يول كۆرسەتكۈچى رەسۇل تۇرسا، بۇنداق خۇراپاتلىققا يول ئېچىپ، تەزكىرە يازغۇچىلارغا دەسمايە ياساپ، رەسۇلىمىزغا تۆھمەت قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ «قۇرئان كەرىم»دىكىدەك مەسچىدى ھەرەمدىن مەسچىدى ئەقساغا قەدەر بارغىنى سۆزلەنسە، بۇلاردىن پەيغەمبىرىمىزگە قانچىلىك قۇسۇر (نۇقسان) يېتەر ـ ھە! بۇنىڭغا ھېچ ئەقلىم يەتمىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا «مىراج»نى مىسال قىلىپ، جاپا تارتىشنىڭ ھاجىتى يوق. سۆزلىگەن سۆزلىرى، قىلغان ئىشلىرى بىلەنمۇ ئۇنى بەك ياخشى تونۇۋالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، ئۇلۇكلەردىن ياردەم سوراش، ئارتۇقچە ئېھ-

تىرام بىلدۈرۈش، بۇ ئىسلام تەلىمى ئەمەس، بۇتپەرەسلەرنىڭ ئادىتىدۇر.

تەزكىرىلەردە يېزىلغان قىپقىزىل يالغانلارغا، قاپقارا خۇراپاتلىقلارغا ئىشىنىش، ئالدىنىش — ئەقىلسىزلىقتۇر، ئەخمەقلىقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنى كۆككە چىقىپ، پالان - پۇستان ۋەلىيلەر بىلەن كۆرۈشتى، سۆزلەشتى دې-گەندەك سۆزلەر يالغاندۇر. بۇ پەيغەمبىرىمىزگە قىلىنغان بوھتاندۇر.

مۇسۇلمانلارنى شۇنداق باتىل ۋە زەرەرلىك ئېتىقادلار-دىن پاكلاش بولسا، ئالىملارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزدۇر. ئۇلار-نىڭ كىشىلەرگە ھەقىقىي ئىسلامىيەتنى ياخشىلاپ ئاڭلى-تىشلىرى لازىمدۇر. سۇلتانلارنىڭ، خانلارنىڭ، ۋەلىيلەرنىڭ كارامەتلىرىنى سۆزلەپ تۇرۇشتىن بىر پايدا چىقمايدۇ. پايدا بولسا ئۇلارنىڭ تارىخلىرىنى، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى، ئى-لىم ۋە مائارىپقا قىلغان خىزمەتلىرىنى، ھايات ۋە مەئىشەت دۇنياسىدا، سىياسەت ۋە ئىسلاھات دېگىزىدا ئۈزۈشلىرىنى، ۋەتەن ۋە مىللەتنى كۈچەيتىش، راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئوي-نىغان رولىنى يازماقتىدۇر. يېزىشلا ئەمەس، ئۆزىمىز شۇلارغا ئوخشاش بولماقتا ۋە ئىشەنمەكتەدۇر.

نوشىرۋان يائۇشېق، ئارتۇش

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى 8 — 20 - سانى، 626 - بەتتىن)





## ئالتەشەھەر تۇركلىرى (1)

هاۋا ـ تۇپرىقىنىڭ ئىسسىللىقى بىلەن يەر يۈزىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان كەڭ ئاسىيا قىتئەسىدە پەيدا بولۇپ، دۇنيانى لەرزىگە سالغان، مەدەنىيەت ـ سەنئەتتە جاھان خەلقىگە ئۇستازلىق قىلغان، ئىلىم ۋە مەرىپەت نۇرى يەر بىلەن كۆك ئارىسىنى نۇرغا چۆمۈلدۈرگەن، بىر چاغلاردا قەھرىمان ۋە جەڭگىۋارلىقلىرى بىلەن ياۋروپالىقلارنى تىز پۈكتۈرگەن ئوغۇز ۋە چاغاتاي باللىرى تۇرۇۋاتقان يەرلەر بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئالتەشەھەر دېيىلىدۇ.

پەلەك ھەر زامان گۈلدەك بىر خىل ھالەتتە تۇرمايدۇ، ئايلىنىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللەتلەرنىڭ بەخت ـ سائادەت يۇلتۇزلىرىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى 30 كۈنلۈك ئايغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئۇ دەسلەپتە ئورغاقتەك ئىنچىكە ۋە ئەگمەچ بولۇپ كۆرۈنىدۇ. كېيىن ئاستا ـ ئاستا تولۇپ، چىرايلىق پارلايدۇ. كېيىن يەنە كىچىكلەشكە باشلايدۇ، يېرىمى قالىدۇ، ئاخىرىدا ئىنچىكىرەپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ. كېيىن يەنە پەيدا بولىدۇ.

تۇرك ـ تاتار، ئوغۇز، چىڭگىز، موڭغۇل ۋە چاغاتاي زامانلىرى تارىخ ئوقۇغان چاغلاردا كۆرىدىغان شېرىن چۈشكە ئوخشايدۇ. يەنى لەززەتلىك بىر خىيالدىنلا ئىبارەت، خالاس. كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئەتراپىڭغا باقساڭ، ئۆزۈڭنى پۈتۈنلەي ئالدىنقىنىڭ ئەكسىچە بولغان ئىككىنچى بىر ئالەمدە كۆرىسەن.

زامان ئۆتەر، «ئەسلىھا سابىت ۋە فەرئەھا فىسسەما» (يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان)[①] دېگەندەك بىرلىك ياغىچىنىڭ يىلتىزىغا قۇرت چۈشىدۇ. ياز كېتىپ كۈز كېلىدۇ. رەھىمسىز كۈز بورىنى بۇ ياغاچنى يىقىتىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. بىچارە مىللەت، «موللا جالال» ئېيتقاندەك 73 توپقا ئايرىلىدۇ. پارچىلىنىپ كىچىكلەيدۇ، ئاجىزلىشىدۇ، روھى سۇنىدۇ، تېنىدە كۈچ قالمايدۇ. ئاقىۋەتتە ئۆز ئەركىنى يوقىتىدۇ.

بۇ توپ يەنە بىرمۇنچىگە پارچىلىنىدۇ، نەتىجىدە ھەربىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ۋە باشباشتاقلىق باش كۆتۈرىدۇ.

مانا مۇشۇنداق بۆلۈنمىچىلىك تۈپەيلىدىن، ئالتەشەھەر خەلقى تىزگىنىنى يوقىتىپ، يوقسۇللۇق پاتقىقىغا پېتىپ، ئىگىلىكى روناق تاپمايدۇ.

شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئالتە شەھەردە پات - پات ئىسيانلار چىقىپ تۇردى. بۇلارنى ئاسانراق چۈشىنىش ئۈچۈن تارىخقا نەزەر تاشلايلى:

ئالتەشەھەرخەلقى ئىسلامىيەت ۋە ھىجرەتتىن بەش - ئالتە ئەسىر ئىلگىرى چىنغا تەۋە ئىدى. ئالتەشەھەرگە ئىسلامىيەت پەقەت ھىجرىيە 96 - يىلى ئەتراپىدا قۇتەيبە ئىبن مۇسلىم تەرىپىدىن تارقىتىلدى. 3 - ئەسىردە بۇغراخان زامانىدا كامالەتكە يەتتى. يەنى بۇغراخاننىڭ ھىممەت ۋە غەيرىتى بىلەن ئىسلامىيەت ئادەتتىن تاشقىرى تەرەققىي قىلغانىدى.

بۇغراخان ئوغۇز نەسلىدىن قاراخاننىڭ بالىسىدۇر. مىللەتپەرۋەر ۋە ئادالەتپەرۋەر پادىشاھ ئىدى. دىن ۋە مىللەتكىمۇ كۆپ خىزمەت قىلدى. ئالتەشەھەر خەلقى بۇغراخان زامانىدا ناھايىتى ياخشى كۈن كەچۈردى.

① «قۇرئان كەرىم. سۈرە ئىبراھىم»، 24 - ئايەت.





ھىجرىيە 379 ـ يىلى نوھ سامانىي بىلەن ئورۇشۇپ، بۇخارانى ئالدى. ھىجرىيە 387 ـ يىلى بىر ئورۇشتا شېھىت بولدى. قەبرىسى ئاستىنئارتۇشتىدۇر.

ئالتەشەھەر خەلقى كېيىنكى خانلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپلىرى سەۋەبىدىن، ھىجرىيە 440 ـ يىلى سەمەرقەنت پادىشاھى ئىمادۇددەۋلەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى ھەمدە 440 ـ يىلدىن 482 ـ يىلغىچە سالجۇقىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇردى. ئالتەشەھەر خەلقى بۇ زامانلاردىمۇ قىيىنچىلىق تارتمىدى. بەلكى سودا ـ سەنئەت ئىشلىرى بىرئاز تەرەققىي قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ يەرلەر چىڭگىزخاننىڭ ئىدارىسى ئاستىغا ئۆتتى. چىڭگىزخان زامانىدا بىر قىسىم شەھەرلەر خارابىگە ئايلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سودا ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى زامانىدا سودا، سەنئەت، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى ياخشى تەرتىپكە سېلىنغانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئالتەشەھەر خەلقى بۇ زامانلاردىمۇ خېلى ياخشى كۈن كەچۈردى.

ھىجرىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈر موغۇلىستاندا چوڭ ۋە كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇپ، ئالتەشەھەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان مەملىكەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تىرىشقۇچى، خەلق ۋە ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ياردەم بەرگۈچى زات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالتەشەھەرخەلقى ئۇنىڭ زامانىدىمۇ بەختىيار ياشىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ھىجرىيە 760 ـ يىلى بوۋىسى چىڭگىزنىڭ سادىق ئەمىرلىرىدىن تۆلەكنى كاشغەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەپ، بەش يىلدىن كېيىن، 765 ـ يىلى ۋاپات بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالتەشەھەر ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي تۆ-لەك ئەۋلادلىرىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا قالدى. بولۇپمۇ ھۆ-كۈمرانلىقى بىر يېرىم ئەسىر داۋاملاشتى. ئالتە شەھەر خەل-قىنىڭ تۇرمۇشى بۇ ئەسىرلەردە پارلاق ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كې-يىن ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئالتەشە-ھەر تۇغلۇق تۆمۈر نەسلىدىن قەمەرىددىن خاننىڭ باشقۇرۇ-شىدا ئىدى. ئەمىر تۆمۈر ھىجرىيە 770 ـ يىلى، بەلخ ۋە ھىرات شەھەرلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بەلخ شاھى ھۈسەيىنگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن، قەمەرىددىنگە ئەلچى ئەۋەتتى. قەمەرىددىنمۇ تۆمۈرنىڭ بۇ تەكلىپىنى قو-بۇل قىلدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۆمۈر قەمەر-دىننىڭ قىزىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ئۇنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇ قەمەرىددىننىڭ قىزىنى ئېلىش بىلەنلا قالماي، كېيىن يەنە قەمەرىددىننىڭ ئۆزىنى ۋە مەملىكىتىنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. ئىككى ئوتتۇرىدا نۇرغۇن قان تۆكۈلدى، نۇرغۇن شەھەرلەر ۋەيران بولدى. مىڭلارچە كىشى ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، تاغۇ تاشلار ئارىسىغا تارقالدى.

دېمەك، ئالتەشەھەر تۈركلىرى ئۈستىگە بالا ـ قازا قو-ۋۇقى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئېچىلدى. تۆمۈردىن كېيىن خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

ھىجرىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇخارا ۋە تۈر-كىستاندىن خىزىر خوجا دېگەن كىشى كاشغەرگە كېلىپ، 10 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ھىجرىيە 802 ـ يىلى ۋاپات بول-دى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوغۇللىرى شەمئى جاھان، شىرمۇھەممەت، شىر ئەلىلەر ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش بولدى. ئۆزئارا ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ھۆكۈمەت شىرمۇھەممەتكە تەگدى. شىرمۇھەممەت خان قېرىنداشلىرى بىلەن ئەپ ئۆت-مىگەنلىكى ئۈچۈن دۆلەتنى ياخشى باشقۇرالمىدى. ئۇنىڭ

ئەكسىچە، ئۇنىڭ زامانىدا كاشغەر ھۆكۈمىتى ئىلگىرىكى شۆھرىتىنى يوقاتتى. ھۆكۈمەت تىنچ بولمىغاچقا، خەلقمۇ راھەت كۈن كەچۈرەلمىدى.

ھىجرىيە 810 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىدىن سەيىدئەلى خان (بىننى مۇھەممەتشاھ) تەختكە چىقتى. سەيىدئەلى خان مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان زات ئىدى. 30 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ 842 - يىلى ۋاپات بولدى. سەيىد ئەلىخان دەۋرىدە بۇخارادىن مەخدۇم ئەزەمنىڭ كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئارىسىدا سۈركىلىش چىقىش(بۇ ئىختىلاپ تەرىقەت توغرىسىدىكى زىددىيەتتىن باشلاندى) بىلەن مەملىكەت ۋە خەلققە قانچىلىك زىيان يەتكەنلىكى ھەققىدە ئىلگىرىكى ماقالىلەردە («شۇرا») يازغاندىم. شۇڭا تەكرارلاشنى لايىق كۆرمىدىم. بۇ يەردە شۇنىلا تەكرارلايمەنكى، ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلارنىڭ زىددىيىتى ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ بەك زىيانلىق ئىدى.

سەيىدئەلى خاننىڭ ئورنىغا سانىسىز مىرزا چىقتى. سانىسىز مىرزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھەيدەر مىرزا خان بولدى. سانىسىز مىرزىدىن ئابابەكرى، ئۆمەر دەپ ئىككى كىچىك ئوغۇل قالغانىدى. بۇ باللار ئۆسۈپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ھەيدەر مىرزىدىن ھاكىمىيەتنى تەلەپ قىلغانىدى، بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار بولۇپ، ئاخىرىدا موغۇل خانلىرىدىن يۇنۇس خاننىڭ ياردىمى بىلەن ئابابەكرى يەڭدى. ئابابەكرى 44 يىل شانۇشەۋكەت بىلەن ھۆكۈم سۈردى. لېكىن ھىجرىيە 937 - يىلى موغۇل خانلىرىدىن سۇلتان سەئىد تەرىپىدىن يېڭىلىپ تىبەت تاغلىرىغا قاچتى.

سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى ئابدۇرې-

شىت ئولتۇرۇپ، 32 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئابدۇرېشىت خان ئوچۇق پىكىرلىك سىياسىيون ئىدى. ئافغانىستان خانلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ دۆلەت تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. خەلق ياخشى كۈن كۆرۈشكە باشلىدى.

ئالتەشەھەر تۈركلىرى بۇ ۋاقىتلاردا ئاساسەن راھەت ۋە پاراغەتتە ياشىدى.

ھىجرىيە 1070 ـ يىلى چاغاتاي نەسلىدىن ئىسمائىل خان كاشغەردە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىسمائىل خان ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئامراق كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ زامانىدا مەملىكەت ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. بىراق، شۇ ۋاقىتتا مەخدۇم ئەزەم نەسلىدىن ۋە ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئافاق خوجا قوزغىلىپ ئىسمائىل خاننى ئاغدۇرۇش قەستىگە چۈشتى. ئىسمائىل خان ئافاق خوجىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، ئافاق خوجىنىڭ ئىسيان قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى.

ئافاق خوجا ئىلى تەرەپكە بېرىپ غالدان قونتاجىنى ئىسمائىل خانغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا كۈشكۈرتتى ھەمدە ئۆزىنىڭمۇ ياردەم قىلىدىغانلىقى، كاشغەردە تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈردى.

غالدانمۇ بىر يىل ھەربىي تەييارلىق قىلىپ، ئافاق خوجا بىلەن بىرلىكتە كاشغەرگە يۈرۈش قىلدى. ئىسمائىل خان ھەرقانچە پىداكارلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قالدى.

غالدان كاشغەرنى ئالغاندىن كېيىن ھىجرىيە 1099 ـ يىلى ئافاق خوجىنى كاشغەرگە خان قىلىپ، ئىسمائىل خاننى بارچە تەئەللۇقاتى بىلەن ئەسىر ئېلىپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئىلىغا ئېلىپ كەتتى.

ئىسمائىل خان 29 يىل خان بولدى.



مانا شۇ يىلدىن كېيىن ئالتەشەھەر تۈركلىرى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچلىرىنى يوقىتىشقا باشلىدى.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى 8 — 23 - سانى، 714 — 715 - بەتلىرىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئالتەشەھەر تۈركلىرى (2)

ھىجرىيە 1125 – يىلى دانىيال خوجا (قارا تاغلىق) كاشغەرگە، ئەخمەت خوجا (ئاق تاغلىق) ياركەنتكە ئايرىم – ئايرىم پادىشاھ بولدى. بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ھەممىگە بەلگىلىك. شۇڭا بەش يىلدىن كېيىن كاشغەرمۇ، ياركەنتمۇ غالدانىنىڭ قولىغا كىرىپ كەتتى.

بەش – ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭغار خانلىرىدىن غالدان سېرىن كاشغەر، ئاقسۇ، ياركەنت ۋە خوتەن شەھەرلىرىنى مەزكۇر دانىيال خوجىنىڭ تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ، تۆت ئوغۇل تۆت شەھەردە ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىش جۇڭغارلارنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىگە بەك ئۇيغۇن ئىدى. خوجىلارنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە قويۇلغان بىردىنبىر توزاق ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار باشلىنىشى تۈپەيلىدىن چاغاتاي ۋە ئالتەشەھەر ھۆكۈمىتى زەئىپ ۋە پەرىشان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇمۇ ئۇزاققا بارمىدى. مەملىكەت ھىجرىيە 1172 – يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل ۋە ئالتەشەھەر تۈركلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ۋە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشى چيەنلۇڭ زامانىدا ئىشقا ئاشتى. چيەنلۇڭ ناھايىتى تەدبىرلىك ۋە ئاقىل كىشى ئىدى. 68 يىل خان بولۇپ، ھىجرىيە 1211 – يىلى ۋاپات بولدى.

مانجۇلار باشتا باشقۇرۇلغۇچى مىللەتلەر بىلەن چىرايلىق مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مايىللىقى ۋە ساداقىتىنى

تارتىشقا تىرىشتى. لېكىن كېيىنچە بېرىپ ھۆكۈمرانلىقىنى چىڭىتىۋالغاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا زۇلۇمنى كۈچەيتىشكە باشلىدى. دەسلەپتە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى تۈرمىگە تاشلىدى، نۇرغۇن ئادەمنى دارغا ئاستى، چاپتى. پۇقراغا بىرگە بىر باج - سېلىق ئارتتى، شەھەر - قەلئەلەرنى ياساتتى.

جەبىر - زۇلۇم بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ نۇرغۇنى پەرغانىگە قاچتى.

پادىشاھنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بارمۇ، يوقمۇ؟ ئەمەلدارلارنىڭ بۇ ئىشلىرى پۇقرادىن بەكرەك ئۆزلىرى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئۈچۈن تەھدىت ئىدى. چۈنكى ئاھالە بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدا نارازىلىق پەيدا بولۇپ، قوزغىلاڭ چىقىش ئېھتىمالى بار ئىدى. دېمەك، ئەمەلدارلارنىڭ مۇنداق مۇئامىلىلىرىدىن خەلق جاق تويدى، جانلىرى سىقىلدى. شۇڭا يەردىن، كۆكتىن قوغدىغۇچى ۋە ياردەمچى كۈتمەكتە ئىدى.

قېرىنداشلىرى بولغان ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھالىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇشكۈل ۋە بىچارە ئىكەنلىكى پەرغانىگە كۆچۈپ كەتكەن سالىھ خوجىغا ئاڭلىنىدۇ. سالىھ خوجا قېرىنداشلىرىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش نىيىتى بىلەن 30 يىل ھەربىي تەييارلىق قىلىدۇ. مۇھاجىرلار بىلەن قىرغىزلارنى بىرلەشتۈرىدۇ ۋە پەرغانىدىن پىدائىيلارنى تەييارلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ناھايىتى كۈچلۈك بىر قوشۇن تەشكىللەيدۇ. بىراق مەقسىتىگە يەتمەي تۇرۇپ ئەجەل يېتىپ ۋاپات بولىدۇ.

ئۇنىڭ جاھانگىر خوجا ئىسىملىك ئوغلى ئاتىسى باشلىغان ئىشنى باشقا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى سالىھ خوجىنىڭ بولسۇن



ياكى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ھەرىكىتى بولسۇن ھەممىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا قارشى جىددىي ھازىرلىق قىلىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا كاشغەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ 500 ــ 600دىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى.

ھىجرىيە 1240 ـ يىلى[1] جاھانگىر خوجا بارى ـ يوق ئەسكەرلىرى بىلەن (لېكىن چىڭ ئەسكەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا بەك ئاز ئىدى)، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا ۋە تاياق ـ توقماقلىرى[2]نى كۆتۈرۈپ كاشغەرگە كەلدى ۋە كاشغەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئالدى. ئەسكىرى ھەدەپ كۆپەيمەكتە ئىدى، چۈنكى خەلق كۆپتىن بېرى شۇنى كۈتمەكتە ئىدى.

خەلق جاھانگىر خوجىنىڭ ياركەنت، خوتەن شەھەرلىرىنىمۇ ئالغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

بۇ خەۋەر ئۇزاق ئۆتمەي بېيجىڭدىكى ئىمپېراتور داۋگۇاڭغا يەتتى. ئىمپېراتور 100 مىڭ كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئاتلىق قوشۇننى تەييارلاپ كاشغەرگە ماڭدۇردى. بۇ قوشۇن ئالتەشەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاقسۇ[3]دا توختاپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى.

18 مىڭ كىشىنى كاشغەرگە، قالغانلىرىنى ياركەنت ۋە خوتەن تەرەپلەرگە ئەۋەتىشكە قارار قىلدى.

جاھانگىر خوجا كاشغەرنى ئېلىپ سەككىز ـ توققۇز ئاي ئۆتكەنىدى. كۈتمىگەن يەردىن مۇنچىۋالا كۆپ ئەسكەرنىڭ

---

① مىلادىيە 1824 ـ يىلى.

② بۇ زاماندىكى ئۇرۇشلار كۆسەي، چوماق، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا، مىلتىق قاتارلىقلار بىلەن بولاتتى. خەلق ئەسكەر، ئەسكەر خەلقتىن ئىبارەت ئىدى (نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ يازغان ئىزاھلىرى بىردەك قىسقارتىلىپ «ن.ي» دەپ ئەسكەرتىپ ئېلىندى. بىز قوشقان ئىزاھلارغا بولسا ئەسكەرتىلمىدى).

③ ئاقسۇ ئالتەشەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا. غۇلجا، كاشغەر، ياركەنت ۋە خوتەن شەھەرلىرىنىڭ ھەربىرىگە بۇ يەردىن ئاتلىق 12 كۈندە بارغىلى بولىدۇ (ن.ي).



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كېلىشى جاھانگىر خوجا تەرەپدارلىرىنى تەشۋىشكە سالدى. بۇ چاغدا جاھانگىر خوجىنىڭ ئەسكىرىمۇ 50 مىڭغا يەتكەنىدى. بىر نەچچە كۈن دەھشەتلىك ئۇرۇش بولۇپ، چىڭ ئەسكەرلىرى غەلىبە قىلدى.

جاھانگىر خوجا بىر يىل يۇرت سوراپ ئاخىرىدا ئەسىرگە ئېلىندى.

جاھانگىر خوجا شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ، بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلدى. ئاقسۇغىچە ياياغ ماڭدۇردى، تۆمۈر قەپەسكە سېلىنىپ، ئەلگە سازايى قىلىنغاندىن كېيىن، بېيجىڭغا ئەپكېتىلدى. تاكى بېيجىڭغىچە تۆمۈر قەپەس ئىچىدە باردى. داۋگۇاڭ خان جاھانگىر خوجىنى ئالدىغا كەلتۈرۈشكە يارلىق قىلدى. خان ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنى باشلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش سەۋەبىنى سورىماقچى ئىدى. ئۇمۇ ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ چىڭ ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئېزىلگەنلىكى، خورلانغانلىقىنى ئېيتماقچى ئىدى. بۇنى تۇيۇپ قالغان ۋەكىللەر ئۇنىڭغا تىلىنى تۇتىدىغان دورا ئىچكۈزۈپ، ئاندىن خان ھۇزۇرىغا كەلتۈردى. خان بىرنەچچە سوئال سورىدى، لېكىن جاھانگىر خوجا تىلسىز ئىدى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايتتى. شۇڭا سوئاللارنىڭ ھەممىسى جاۋابسىز قالدى. خان جاھانگىرنى چېپىشقا بۇيرۇق قىلدى، چېپىلدى.

ھىجرىيە 1233 ـ يىلى قوقانلىق يۇسۇپ خوجا، تاشكەنتلىك ھەققۇلى مىڭبېشىلار كاشغەرگە كېلىپ، چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

مانجۇلار خوجىلاردىن بەك ئەنسىرىگەچكە، قوقان خانى مۇھەممەت ئەلى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. مۇھەممەت ئەلى خان ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ،



1247 ـ يىلى[1] بۇ كېلىشىمنى تەستىقلىدى. بۇ كېلىشىمدە، مۇھەممەت ئەلىگە پايدىلىق ماددىلار كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ تىجارەت خۇسۇسىدىكى ئىمتىيازلاردىن قوقان خانى كۆپ پايدا ئالغانىدى.

مەزكۇر كېلىشىم بويىچە مۇھەممەد ئەلى خان ئالتەشەھەرنى خوجىلار ھۇجۇمىدىن ساقلاپ تۇردى. شۇڭا 1247 ـ يىلىدىن 1272 ـ يىلىغىچە[2] مەملىكەت تىنچ تۇردى. بىراق كېيىن قوقان ئەسكىرىي باشلىقلىرىدىن مۇھەممەت خان قوزغىلىپ مانجۇلار بىلەن سوقۇشتى.

ئاندىن كېيىن 1272 ـ يىلى كاشغەرگە ۋەلىخان تۆرە كەلدى. ۋەلىخان تۆرە كاشغەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى. لېكىن ۋەلىخان تۆرىنىڭ جەبىر ـ زۇلۇمى مانجۇلارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

ھىجرىيە 1281 ـ يىلى[3] ياقۇپبەگ كەلدى. ياقۇپبەگ پۈتكۈل ئالتەشەھەرنى قولغا ئالدى. 14 يىل خانلىق قىلىپ كورلىدا ئۆلتۈرۈلدى.

ياقۇپبەگنىڭ ئالتەشەھەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشى بىر تەرەپتىن، قارىماققا خەلقنىڭ ئارزۇسىدەك قىلىسمۇ، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر ئالتەشەھەرلىكلەر ياقۇپ بەگنى ياقتۇرمىدى.

ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ ھازىرقى ھاللىرىمۇ 1172 ـــ 1211 ـ يىللىرىدىكىگە ئوخشاش. بىچارە، پۈتكۈل ئىشى تەرتىپسىز ۋە قائىدىسىزدۇر.

زامان ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالتەشەھەر خەلقى-

① ملادىيە 1831 ـ يىلى.
② ملادىيە 1831 ـ يىلىدىن 1855 ـ يىلىغىچە.
③ ملادىيە 1864 ـ يىلى.

نىڭ تۇرمۇشلىرى پەقەت ئۆزگەرمىدى، ھېلىھەم ئىلگىرىكى پېتىچە تۇرماقتا. ھېچبولمىغاندا، باشلانغۇچ ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنى بولسىمۇ يولغا قويغان بولسا بولاتتى.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى 8 ــ 24 ـ سانى، 747 ــ 748 ـ بەتلىرىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## ئىزاھ

«شۇرا»نىڭ 1915 - يىللىق 23 - سانىدا كاشغەرلىك دامولla ئابدۇقادىر جانابلىرىنىڭ «بايانى ھەقىقەت» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالىسى بېسىلغانىدى. كاشغەردەك ئەڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭدىن شۇنداق ئاڭلىق ۋە كۈچلۈك بىر ئالىمنىڭ چىقىپ مىللىي مەتبۇئات ئارقىلىق ھەقىقەت ھاللىرىنى بايان قىلىشى مېنى بەك سۆيۈندۈردى. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ تۇرۇشىنى تىلەيمەن.

ئەمما «بايانى ھەقىقەت» كە ئازراق ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈش پايدىسىز بولمىسا كېرەك.

مۆھتەرەم مۇدەررىس دامولla ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، نەزەر خوجا جانابلىرى — كاشغەردە مۇسابايوپلاردەك تەرەققىيپەرۋەر بايلار ۋە ئابدۇقادىر داموللىدەك ئوچۇق پىكىرلىك ئالىملارنىڭ بارلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، «كاشغەر تەرەققىي قىلدى» دەپ ئويلايدۇ - يۇ، كەينىدىنلا بۇ پىكىرىنىڭ خاتالىقىنى، يەنى كاشغەرنىڭ تەرەققىي قىلالمايۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، بەكمۇ ھەيران قالغان (نەزەر خوجا ئەپەندىنىڭ ماقالىسى چىققان «شۇرا»نى كۆرەلمىدىم.)

دامولla ئابدۇقادىر جانابلىرى بولسا، نەزەر خوجىغا جاۋاب تەرىقىسىدە، كاشغەرنىڭ تەرەققىي قىلالمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «تەرەققىي قىلىش ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك يولباشچىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى ياكى مەدەنىيەتلىك قوشنىلىرىنىڭ بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تە-

سىرلىرى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئېشىشى تەبىئىيدۇر. لېكىن بىزدە ئۇنداق رەھبەرلەر يوق. قوشنىلىرىمىزمۇ پۈتۈنلەي نادان ۋە ۋەھشىي خەلقلەردىن ئىبارەت. پۈتۈن ئەتراپىمىز جاھالەت بىلەن ئورالغان. پەقەت غەرب تەرەپتىنلا يول ئوچۇق بولۇپ، بىزگە شۇ يولدىنلا بۇخارايى شېرىپ مەدەنىيەتىلا كەلدى»، دەپ تەئەسسۇپ ئارىلاش قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

ئاندىن كېيىن سۆزنى يەنە كاشغەرگە بۇراپ، ھېلىقى ئىنچىكە، لېكىن بەك مەنىلىك قارشىلىقنى يېشىپ: بۇخارادىن كاشغەرگە كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ شەمسىيە دەرسلىرى، سەلىم مۇبەھىسلىرى، ئەقائىد شەرھلىرىدەك مېڭىنى چىرىتىدىغان نەرسىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئەسكەرتىدۇ. دېمەك، كاشغەرنىڭ ھەر تەرىپىنىڭ جاھالەت بىلەن قورشالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن تەرتىپلىك مەكتەپ ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىغاندا، ئاڭسىز موللىلار تەرىپىدىن ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقى، شۇڭا مەكتەپنى تاقاپ، بۇخارا ئۇسۇلىدا كونىچە دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ جايىغا چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مېنىڭچە، داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ بۇ سەۋەبى بۈگۈنكى كۈندە چىن مەنىدىكى سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى ھازىر كاشغەردە مەكتەپكە قارشى تۇرغۇچىلار ئازايدى. ئۇلار ئەمدى پۈتۈنلەي ئېتىباردىن قالدى. ئەمدى بۇخارا سەپسەتىلىرى بىلەن ۋاقىتنى ھارام قىلىدىغان زامان كەتتى. شۇڭا كاشغەرنىڭ مۇدەررىس ۋە مەدرىسەلەردىن كۆرە، تېخىمۇ تەرتىپلىك مەكتەپ ۋە كۈچلۈك ئوقۇتقۇچىلارغا كۆپرەك ئېھتىياجى چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ مەكتىپىنى تىرىلدۈرۈپ، يېڭىدىن ئوقۇتقۇچىلىق قى-



لىشقا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن شۇنى كۈتىمەن.

ياتلارغا قىز بېرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنى مۇنداق پەردە ئاستىغا يوشۇرۇشقىلا تىرىشماي، پۈتۈنلەي يوقىتىشقا تىرىشىش كېرەك. بىراق، قازى خوتۇنى ۋە بالا سېتىش خە- ۋەرلىرىنى بەك ئىشەنچلىك سانالغان كىشىلەردىن ئاڭلاپ يازغانىدىم، ئېنىقلىغىنىڭىز توغرا چىققان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئوقۇيمەن. تەشەككۈر بىلـ- دۈرىمەن.

ئېھتىرام بىلەن: مۇھىببىڭىز نوشىرۋان يائۇشېف

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى 8 — 9 - سانى، 196 - بەتتىن)

## چىن مۇسۇلمانلىرى ۋە تۇڭگانلار

چىن مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تۇڭگانلار ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە مەلۇم. لېكىن ئۇلار چىننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىگە تارقالغان. بۇلار ئالتەشەھەردىمۇ خېلى بار. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كەسپى ئاساسەن تېرىقچىلىق ۋە تىجارەتتۇر.

تۇڭگانلار بىلەن كۆپ ئارىلىشىشقا توغرا كەلمىگەچكە، بۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشالمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى: تۇڭگانلارنىڭ رەسمىي تىلى چىنچە بولۇپ، مېنىڭ ئۇ تىل بىلەن تونۇشلۇقۇم يوقلۇقىدىن بولدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار «چەنتۇ» (چاغاتاي تۇركلىرى)لارغا قارىغاندا، خېلى ئىشچان كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ئارىسىدا ئەخلاق بۇزۇقچىلىقىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرمىدىم. خوتۇن - قىزلار بىلەن كۆپ ئارىلاشمايدۇ. تاماكا چەكمەيدۇ، هاراق ئىچمەيدۇ. ئۆزئارا ھەسەت ۋە ئاداۋەت قىلىشتەك ئىشلارغىمۇ ئانچە كۆپ بېرىلمەيدىكەن. شۇنىسى قىزىقكى، بۇلارمۇ «چەنتۇ»لاردەك چىركىن بولىدىكەن، پاكىزلىققا پەقەت رىئايە قىلمايدۇ.

ئۇلار بىلەن يېقىندىن ئارىلىشىشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تارىخىنى بەك بىلگۈم كەلدى. بەزىبىر كىشىلەرنىڭ تۇڭگانلارنىڭ موللىلىرى ئەرەبچە سۆزلەشنى بىلىدۇ، دېگەن سۆزلىرى بويىچە بىرنەچچە موللىسى بىلەن كۆرۈشكەنىدىم، لېكىن ماڭا ئۇنداق ئەرەبچە سۆزلىشەلەيدىغان موللا ئۇچرىمىدى. توغرا، ئەرەبچە كىتابلارنى ئوقۇشنى بىلىدىكەن، «شەرھى ئابدۇللا» ۋە «شەرھى موللا» ئۇسۇلى بىلەن

ئۇ تىلنىڭ سەرف ۋە نەھۋى قائىدىلىرىنىمۇ يادلايدىكەن، ئەمما سۆزلىشەلمەيدىكەن. شۇ سەۋەبلىك تۇڭگان موللىلىرى بىلەن سۆزلىشىش، تارىخلىرى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشقا مۇمكىن بولمىدى.

تۇڭگانلار توغرىسىدا ئالتەشەھەر خەلقى تۈرلۈك سۆز قىلىدۇ. سۆزلىرى بۇرۇنقى ھېكايە كىتابلىرىدىكى سۆزلەردەك تۇتۇرۇقسىز. يىل دەۋرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئەسىرلەرنىمۇ تەخمىن قىلغىلى بولمايدۇ.

ھىندىستاندىن كېلىپ، كۆپ يىللار ئالتەشەھەردە تۇرغان بىر كىشى «مەن تۇڭگانلارنىڭ بەك ئۇلۇغ بىر موللىسىدىن شۇنداق ئاڭلىدىم» دەپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى:

«بىر زامانلاردا بىر كىشى قىبلە تەرەپتىن چىقىپ چىن خانى تۇرىدىغان شەھەرگە كەپتۇ، ئۇ كىشى ئەۋلىيا ئىكەن، بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىن خانى ئۇنى كۆرۈپتۇ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ھەيران قېلىپ، بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى خانغا بەك ياراپتۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ نامىزىنى بەك ياقتۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۆيىگە چاقىرىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. نەدىن كەلگەنلىكى، نېمە ئادەم ۋە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى خانغا بەك ياراپ كېتىپ، شۇ شەھەردە ئۇزاقراق تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— تۇرۇشنى تۇراتتىم، لېكىن يالغۇزلۇق بەك يامان، — دەپتۇ. خان:

— سىزگە نېمە كېرەك، جانابىڭىزدىن تىلەي، ماڭا ئېيتىڭ، مەن ئۇنىڭ چارىسىنى قىلۇرمەن، — دەپتۇ. ئۇ:

— بىزنىڭ يۇرتتىكى بەش ۋىلايەتنىڭ ھەربىرىدىن بۇ يەرگە ئوندىن كىشى كەلتۈرسىڭىز تۇراتتىم، — دەپتۇ. خان

شۇ زامان كىشى ئەۋەتىپ، شۇ جايلارنىڭ ھەر بىرىدىن ئونـ-
دىن مۇسۇلمان كىشىنى كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ناھايىتى ئېـ-
سىل يەرگە ياسىداق ئۆيلەرنى سالدۇرۇپ، ئۆيگە كېرەكلىك
نەرسىلەر، يېمەك - ئىچمەككە قەدەر خان ئۆزى بېرىپتۇ.

ئۇلار بۇ يەردە ناھايىتى راھەتتە ياشاپتۇ. لېكىن بىرگىـ-
نە نەرسە يوق! ئىنسان ئۇچۇن بەك زۆرۈر نەرسە! مانا شۇ
نەرسە يوقلۇقىدىن بۇ قەدىرلىك مېھمانلار ئۆز يۇرتلىرىغا
قايتىپ كېتىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقى بولغان ئەۋ-
لىيا بۇ ئىشنى خانغا بىلدۈرۈپتۇ. خان سەۋەبىنى سوراپتۇ.
ئەۋلىيا:

— خوتۇنسىزلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خان:

— بۇنىڭ چارىسىنى قىلۇرمىز، مانا مۇشۇ شەھەردىكى
قىزلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە چاقىرىمىز، شۇلارنىڭ
ئىچىدىن ئۆزلىرىڭىزگە يارىغاننى تاللاپ ئالۇرسىز، — دەپ
شەھەردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتا - ئانىلىرى بىلەن
بىرگە بىر يەرگە يىغىلىشقا يارلىق قىلىپتۇ. چوڭ شەھەر-
دىكى مىڭلارچە قىزلار بىر يەرگە يىغىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىـ-
چىدە ئاجايىپ چىرايلىقلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ مۇساپىرلار بۇ
چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەندىن كېيىن نان كۆرمىگەندەك
قىزلارغا يېپىشىپتۇ. ئارىدىن ناھايىتى چىرايلىقلىرىنى
تاللاپ ھەربىرى بىردىن ئېلىپتۇ. چىن قىزلىرى ئىمان
ئېيتىپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلار ھەقىقىي بەختلىك تۇر-
مۇشقا ئېرىشىپتۇ. ھەممە نەرسە تەلتۆكۈس. چۈنكى پادى-
شاھتىن بېرىلىپ تۇرىدۇ، ھېچ نەرسىدىن غېمى يوق. بىر-
نەچچە يىللار ئۆتۈپتۇ، نۇرغۇنلىرى قىز - ئوغۇللۇق بولۇپـ-
تۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئىسىم قويۇشقا توغرا كېلىپـ-
تۇ. مانا شۇ چاغدا، ئاتا بىلەن ئانا ئارىسىدا نىزا، تالاش -

www.uyghurkitap.com

تارتىش باشلىنىپتۇ، ئاتىسى «ئەھمەد، مەھمۇد» دېگەندەك مۇسۇلمانچە ئىسىملارنى قويۇشنى ئېيتسا، ئانىسى ئۆز ئانا رېتىگە تارتىپ، «سوجو»، «شوخو» دېگەندەك چىنچە ئاتلىرىنى قويۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ كۆڭۈلسىز ئىش ئۇلارنىڭ ئىچلىرىدىلا تۈگىمەي، يەنە خاننىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. بۇ مەسىلىنى بىر ياقلىق قىلىشقا ھېچ مۇمكىن بولماپتۇ. ئاخىرىدا، بىر بالىغا ئىككى (چىنچە ۋە مۇسۇلمانچە) ئىسىم قويۇشقا قارار بېرىلىپتۇ. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بۇ قارارغا رازى بولۇشۇپتۇ.

بۇگۈنكى تۇڭگانلارنىڭ چىنچە ۋە مۇسۇلمانچە ئىككى خىل ئىسمى بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ زاماندىن قالغان ئىشتۇر.

شۇنداق بولسىمۇ، ئەۋلىيا نېمە سەۋەبتىندۇر، ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى ئويلاپتۇ. مۇسۇلمانلار بۇ چاغدا 200 گە يەتكەنىكەن. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە مەنىۋى ئاتىلىرى بولغان ئەۋلىيانىڭ كەينىدىن قالماسلىققا تىرىشىپتۇ. خاننىڭ ئۇلارنى قايتۇرغۇسى كەلمەي:

— ئۆزىڭىز كەتسىڭىزمۇ، يارەنلىرىڭىز بۇ يەردە تۇرۇپ قالسا بولاتتى، — دەپتۇ. ئەۋلىيامۇ:

— مەيلى تۇرسا تۇرغاي، — دەپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئەۋلىيا بىلەن بىرگە يۇرتىغا كېتىپتۇ. بەزىلىرى ئۆز خاھىش ۋە ئىرادىلىرى بىلەن چىن شەھىرىدە تۇرۇپ قاپتۇ. ئەۋلىيانىڭ ھېلىقى «تۇرغاي» دېگەن سۆزى بۇلارغا ئىسىم بولۇپ قاپتۇ. نېمە سەۋەبتىندۇر بۇ سۆز تۇرۇپلا «تۇرغاي»دىن تۇڭگانغا ئايلىنىپ قاپتۇ».

بۈگۈنكى تۇڭگانلار ئەنە شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىش.

بۇ توغرۇلۇق يۇنىڭدىن باشقىمۇ بىرنەچچە تۈرلۈك رىۋايەتلەر بولسىمۇ، ئاز ـ تولا پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا،





بارچىسى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولغاچقا، ھەممىسىنى يېزىپ ئولتۇرمىدىم.

بۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرىدا يېزىپ قالغۇدەك بولسام، ئەسلىي تېگىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلىنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن تۇتۇپ ھەقىقىي تارىخ رېتىگە كىرگۈدەك قىلىپ يېزىشىم مۇمكىن.

نوشىرۋان يائۇشېف، كېرىيە

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 9 ــ 9 ـ سانى، 224 ــ 225 ـ بەتلىرىدىن)



# خاتىرىلەر

قىش ئۆتۈپ، ياز كىرگەن، دەل ـ دەرەخ، گۈللەر يوپۇرماق چىقىرىپ چېچەكلەشكە باشلىغانىدى. 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدە كېرىيەدىن خوتەنگە ياندىم. مەن يازنىڭ ئەلۋەك كۈنلىرىدە، سالقىن هاۋادا كاشغەرگە قايتماقچى ئىدىم. 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدە خوتەنگە كېلىپ، دوللۇق مۇھەممەت هاجى سارىيىغا چۈشتۇم. يۇسۇپ ئاخۇن مۇھەممەت هاجى ئوغلى هۇجرامغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ، ئۆيىدىن ئاچىقىپ بەردى. بۇ يەردە ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرۇپ، كاشغەرگە قايتارمەن دېگەنىدىم. شۇنداق ئويلاپ تۇرغىنىمدا، خوتەننىڭ ياش ۋە تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلىرىدىن قۇربان هاجى، يۇسۇپ ئاخۇن، كاشغەرلىك ئىمىن ئاخۇن ئاكاملار ۋە باشقا ئاغا ـ ئىنىلەر بۇ يازدا مېنىڭ خوتەندە تۇرۇشۇمنى ئۆتۈندى. قول يازما ۋە كونا كىتابلارنى تېپىپ بېرىشكە تىرىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۇرۇپ، كۆڭلۈمنى تىنچلاندۇردى. بۇ قېرىنداشلىرىمنىڭ مۇنچىۋالا ياخشى كۆڭلىنى ياندۇرۇشقا كۆڭلۈم بارماي، خوتەننىڭ يېرىنى كۆرۈپ كېتىشكە قارار قىلدىم.

مەرۋ[1]دىن خوتەنگە كېلىپ، 10 يىللاردىن بېرى رۇسىيەدىن يىپەك قۇرتى ئەكېلىپ سېتىش، بۇ يەردىن رۇسىيەگە يىپەك چىقىرىش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئەرمەن بار ئىدى. بۇ كىشى بۇلتۇر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، يېڭى ئىسمى خۇدابەردى بولدى. خۇدابەردى باي ئىشچان

① مەرۋ ــ تۈركمەنىستاننىڭ مۇرغاب دەرياسى بويىدىكى شەھەر.

كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىر يىلدا 50 پىرسەنت، يەنى بىرگە بىر پايدا ئالىدىكەن. دەسلەپتە ئانچە جىق پۇل بىلەن كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشنى ئۇستىلىق بىلەن قىلغانلىقتىن ناھايىتى تېزلا بېيىغان. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، دىنىي ۋە مىللىي قۇرۇلۇشلارغا — مەسچىت، مەكتەپ، مەدرىسەلەرگە پايدىسى تېگىپ تۇرغان.

خۇدايەردى باي ئۆز ئىشلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي، قۇرئان ئوقۇش ۋە تۈركچە يېزىشنى ئۆگىنىدۇ. ۋاقتىنى بىردەممۇ بىكار ئۆتكۈزمەيدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئوقۇپ، تەرجىمە قىلىپ بېرىمەن. شۇڭا ئۇ ھەيران قېلىپ: بۇ يەرنىڭ موللىلىرى بۇ سۈرىنى پالانى ۋاقىتتا پالانى ئادەم ئوقۇش كېرەك دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان، لېكىن بۇنىڭ مەنىسى ئۇنىڭغا ماس كەلمەيدىغۇ، دەيتتى.

مەن ئۇنىڭغا ئەمەلىي ئەھۋالنى دەپ بېرەتتىم، چىن ئىسلام روھى بىلەن كۆڭلىنى نۇرلاندۇراتتىم. كېيىنچە ئۆزىمۇ ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

ئۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن - قىزلارنى بەك تۆۋەن كۆرۈشى، ئۇلارنى ھايۋان كەبى قىسىپ باشقۇرۇشى، نۇر ۋە ھاۋادىن، ئىلىم - مائارىپتىن مەھرۇم قىلىشى ماڭا تازا ياقمىدى»، دېدى. مەن بۇ ھەقتە «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەردىن دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ ئىسلام دىنىنىڭ خوتۇن - قىزلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلارغا تۇتقان مۇئامىلىلىرىنىڭ ئىسلام تەلىمى ئەمەسلىكى، بەلكى چىن، ھىندىستان، ئىران، بۇخارا تەلىمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ كۆڭلىنى تىنچلاندۇردۇم.

ئۇ تۈركچە كىتابلارنى ئوقۇغاندا، «چ، پ، گ، ڭ» تا-

ۋۇشلىرىغا مەخسۇس ھەرپلەر بولمىغاچقا، بېشىغا سېۋەتتەك سەللە يۆگەپ، ئۆزىنى پەيلاسوپ دەرىجىسىدە ساناپ يۈرىدىغان مەغرۇر موللىلارنىڭ مۇنداق خاتا يېزىشلىرىغا ئەپسۇسلانىش چۈنكى بۇ يەردە «پارچە ـ فارجە، گويا ـ كويا، چاي ـ جـ ئەڭ ـ انگ» شەكلىدە يېزىلىدۇ. ئۇ ئەرمەنچە، رۇسچە ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلىدۇ، مۇسۇلمانچىمۇ ئوقۇپ تۇرىدۇ. ئىبرەت بولسۇن خوتەنلىكلەرگە.!

ئۇ ئىلگىرى تۈركىيە پۇقراسى بولۇپ، كېيىن رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن، كاركىن دېگەن يەنە بىر ئەرمەن بار. ئۇ ـ نىڭ ئىشى خۇدابەردى باينىڭكىدىنمۇ كۆپ، پىلە قۇرتى سا ـ تىدۇ، يىپەكتىن تەپس نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ، گىلەم تو ـ قۇتىدۇ. كاركىن بايغا ئەرمەنچە «تىبلىس»، ئىنگلىزچە «لوند ـ دون تايمىس» گېزىتلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. تۇرۇۋاتقان ئۆيى ئىنگلىزچە قىممەتلىك كىتابلار بىلەن تولغان. بوش ۋاقىت ـ لىرىدا كىتاب ۋە گېزىت ئوقۇيدۇ. كىتابلىرى ئارىسىدا ئىنگلىز سەيياھلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان چىن ۋە ئالتەشە ـ ھەر ساياھەتنامىسىمۇ بار. مەنمۇ بۇلارنىڭ ئادرېسلىرىنى ياز ـ دۇرۇۋالدىم. كاركىنباي: ئالتەشەھەر تۈركلەرنىڭ بۆشۈكى بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى تۈركلەرنىڭ مۇنچىۋالا نادان ۋە ھورۇن بولۇپ قېلىشىغا قاراپ ھەيران قالىمەن، بۇلارغا مەكتەپ كېرەك ئېدى، دېدى. ياركەنتتە تاشئاخۇن بىلەن شېرىكلىشىپ، تىجارەت قىلىۋاتقان يەنە بىر ئەرمەن بار، ئۇ ـ نىڭ ئىشىمۇ بۇلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس. ئالتەشەھەر مۇ ـ سۇلمانلىرى مانا مۇشۇلارنىڭ ئۆزىدىنلا ئىبرەت ئالسا ياخشى بولاتتى.

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 9 ـ 13 ـ سانى، 320 — 321 ـ بەتلىرىدىن)



www.uyghurkitap.com

## مۇسابايېفلار مويكىسىدا

خوتەندە مەشھۇر بايلاردىن مۇسابايېفلارنىڭ مويكىلىرى بار. مەن قاچان زېرىككۈدەك بولسام، شۇ يەرگە بارىمەن. مويكا خوتەن دەرياسى بويىدا، قويۇق دەرەخلىك ئارىسىدا بولۇپ، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى بەك ئېسىل. كاككۇكلار سايرىشىپ تۇرىدۇ. بۇلبۇللار، كاككۇكلارمۇ يۇڭ يۇغۇچى ئاياللارغا جور بولۇپ سايرىشىدۇ. كۆڭۈللەرگە راھەت ۋە مۇڭ بېغىشلايدۇ. بۇ يەردە ھەر كۈنى يۈزلەپ خوتۇن - قىز ئىشلەپ تۇرىدۇ. يەپ - ئىچىش ئۆزىدىن بولغاندا، كۈنلۈكىگە 20 پۇلدىن 30 پۇلغىچە ھەق ئالىدۇ. ئىشچى ئاياللار ئومۇمەن 12، 13، 15، 20 ياشلار چامىسىدا بولىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللاردۇر. بۇلارنى كۆرۈپ خوتۇن - قىزلار بىلەن ئاشنا ئويناپ يۈرىدىغان ئەرلەرگە غەزىپىڭ كېلىدۇ.

كاشغەردە ۋاقتىمدا، خوتەنگە مېڭىش ئالدىدا كىملەردە كونا كىتابلار بار دەپ سۈرۈشتۈرۈپ، ئۈچ - تۆت كىشىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋالغانىدىم. شۇلارنىڭ ئىچىدە خوتەن قاراقاشلىق ئەيسا قازى جانابلىرىمۇ بار ئىدى. خوتەنگە كەلگەچ، تۈركىيەنى ساياھەت قىلىپ كەلگەن ھاجى يۈسۈپ ئەپەندىنى ئارىچى قىلىپ، قازى ھەزرەتلىرىدىن «ئالتەشەھەر تارىخى» دېگەن قول يازمىنى سورىتىپ ئالدىم. كىتاب 250 بەت بولۇپ، پارس تىلىدا يېزىلغان. دىباچە (كىرىش سۆز)سىدە يېزىلىشىغا قارىغاندا، ئېركەبەك خانىنىڭ ئەمرى بىلەن، شاھ

مەھمۇد بىننى مىرزا پازىل دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان. مىرزا پازىل: بۇ كىتابتا يۇنۇسخاندىن باشلاپ شۇ دەۋرگىچە ئۆتكەن مەشھۇر خانلارنىڭ، نامدار ئەمىرلەرنىڭ، سۇلتانلارنىڭ ئەھۋاللىرى بايان ئېتىلىدۇ، دېگەن. لېكىن كىتابنى قايسى يىلى يېزىشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتمايدۇ، بەلكى ئاخىرىدا يېزىلغاندۇر، كىتابنىڭ ئاخىرىدىن بىر نەچچە بەت يىرتىلىپ كەتكەچكە، بۇنى بىلىشكە مۇمكىن بولمىدى. كىتاب مەقسەتكە مۇنداق كىرىشىدۇ:

> ئىسمائىلخان بىننى ئابدۇرەھىم خان بىننى ئابدۇرەشىدخان بىننى سەئىدخان بىننى ئەھمەدخان بىننى سۇلتان يۇنۇس خان بىننى سۇلتان ئۇۋەيس خان بىننى شىر ئەلىخان بىننى مۇھەممەد خان بىننى خوجا خان بىننى تۇغلۇق تۆمۈر خان بىننى ئېسەن خان بىننى بۇقا خان بىننى دۇۋاخان بىننى باراق خان بىننى يېسۇن خان بىننى قاراخان بىننى مامكان خان بىننى چاغاتاي خان بىننى چىڭگىزخان بىننى يەسۇگەي خان بىننى بەرتان خان بىننى قىبىلخان بىننى تۇمىنە خان بىننى بايسۇنقۇر خان بىننى قايدۇ خان بىننى دۇتۇم مىنىن خان بىننى بۇقا خان بىننى ئالانقوۋا خان....

بۇ كىتاب مەخسۇس ئالتەشەھەرگە بېغىشلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئابدۇللا خان، بابۇر خان قاتارلىقلارمۇ سۆزلىنىدۇ. ئىشقىلىپ، بۇ كىتابنىڭ ئومۇمىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن پايدىلىق تارىخ كىتاب بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ.

بۇ كىتاب ھازىرچە مېنىڭ قولۇمدا ئامانەت، پۈرسىتىم



تەگكەنچە تەرجىمە قىلىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ نەشر قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. مەن مۇشۇ كىتابنىڭ يورۇققا چىقىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ قاراڭغۇ پەردىلىرى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلايمەن.

1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، خوتەن

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى 9 ـــ 13 ـ سانى، 321 ـ بەتتىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





## ئالتەشەھەر تۈركلىرى (3)

مۇندىن 1000 يىللار ئىلگىرى تۈرك ۋە ئىسلام ئالىمى «دىن»لىرىنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىپ، «قۇرئان» ۋە ھەدىس كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ تۇرغان چاغلىرىدا ئىشلىرى بەك ياخشى ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ توغرا يولغا باشلىشى بىلەن ئاق بىلەن قارىنى، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىپ، ئۆز ئەردەمى ۋە ئۇيغارلىقى بىلەن كۈنسېرى ئالغا بېسىپ تۇراتتى. شان ـ شۆھرىتى ۋە جاسارىتى كۈچەيگەنچە كۈچىيىپ تۇراتتى.

ئالتە شەھەر خەلقىمۇ تۈرك ھەم مۇسۇلماندۇر. بۇلاردا ئىسلامىيەتنىڭ ئىلگىرىكى روھى پەقەت قالمىغان، ھەتتا ئىسلامىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. دىن ۋە شەرىئەت بىلەن قىلچە باغلىنىشى بولمىغان، بەلكى ئىسلام روھىغا پۈتۈنلەي زىت بولغان خۇراپاتلارنى دىن قاتارىدا سانايدۇ. تەبىئىيكى، مۇنداق دىن كىشىنى سائادەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ھاللىرى بەك ناچار. بۇلار چوڭ ئىشلارنى كىچىكلىتىپ، كىچىككىنە ئىشلارنى چوڭايتىپ كۆرىدۇ. تۈز يولدىن چىقىپ تۈيۈق يوللارغا كىرىپ كېتىدۇ.

دىنىي ۋە ئېتىقادىي مەسىلىلەر كىتابتىن، «قۇرئان»دىن ئېلىنىپ ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاڭلا ـ ئاڭلا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆلىشىپ كەلگەنلىكتىن، ئىسلام دىنى باشقىچە بىر تۈسكە كىرىپ قالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتى بىلەن قانۇنلىرىنى تونۇش-

تۇرىدىغان، كۆڭۈللەرگە چىن ئىسلام روھى سىڭدۇرىدىغان مەكتەپ ـ مەدرىسەلەر، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇتۇش يوق. شۇ سەۋەبلىك دىنلىرى، تارىخلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خۇراپات ۋە ئويدۇرمىلاردىن ئىبارەت بولىدۇ.

موللىلىرى بۇ يولدا باشلامچى بولۇشقا يارىمايدۇ. باشچىلىق قىلىشمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. دىنىنىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان»نى چۈشىنىپ ئوقۇمايدۇ. تەپسىر ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى ئۆگەنمەيدۇ. زەئىپ (ئىشەنچسىز) ھەدىسلەر، يازغۇچىسى يوق كىتابلارغا ئەمەل قىلىدۇ. خەلقنىمۇ ئۆزى بىلگەن شۇ يولغا باشلايدۇ. «قۇرئان» ۋە ھەدىسنىڭ نېمە ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى بىلمەيدۇ. تۇرلۇك ئاغرىقلار ئۈچۈن تۇمار پۈتۈپ ئېسىش، ئىسسىتقۇ يېزىشتەك ئورۇنلاردا پايدىلىنىپ «قۇرئان»نىڭ شان ـ شەرىپىنى يوقىتىدۇ.

بۇلاردا يەنە شۇنداق بۇزۇق ئېتىقادلار باركى، قارا خەلق بولسۇن، ئوقۇغان ـ بىلگىنى بولسۇن، «ئىككى ھەرەمگە بارغان، قارا تاش (ھەجەرۇل ئەسۋەد)نى سۆيگەن كىشىنىڭ گۇناھى قالمايدۇ»، دەپ قارايدۇ. ھەجگە بېرىپ كەلگەنلەر ياكى بېرىشقا كۆچى يەتمىگەنلەر «كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇسا، بارلىق گۇناھلاردىن ساقىت بولۇر»، دەيدۇ. ئالتەشەھەر خەلقى پۈتۈنلەي شۇ ئېتىقادتا بولغاچقا، ئۇلار ھەرقانداق چوڭ گۇناھنىمۇ قىلچە قورقماي قىلىۋېرىدۇ. ئادەمنىڭ ۋىجدانى قەتئىي كۆتۈرمەيدىغان ناچار ئىشلارنى قىلچە تارتىنماي قىلىۋېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق بۇزۇق ئېتىقاد تۈپەيلىدىن، خەلقنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلىدۇ. جەبىر ـ زۇلۇم، ئاللاھ ۋە بەندە ھەققىگە چاڭ سېلىش كۆچىيىدۇ.

بېشىدا ئازغىنە ئەقلى بار، مېڭىسى ساق بىر كىشى شەرىئەتكە ھاكىم بولغان ئاللاھ، ئالىم ۋە مۇدەببىر رەسۇل

ھەققىدە شۇنداق گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىسا كېرەك. ئاللاھ بولسۇن، رەسۇل بولسۇن، قانداقسىگە بەندىلەرنىڭ بۇزۇقلۇق قىلىشىغا شۇنچىۋالا كەڭ يول ئېچىپ بەرسۇن؟

بۇ ئېتىقادنى ئىسلام دىنىغا، ئىسلام شەرىئىتىگە تېڭىق قىلغۇچىلار ياخشى بىلسۇنكى، ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ ھەزرەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى كىشىلەرنى يولدىن چىقىرىدىغان، گۇناھ ۋە بۇزۇقلۇق ئىشىكىنى ئاچىدىغان مەنتىقسىز سۆزنى قىلىشتىن پاكىزە ۋە يىراقتۇر.

مەن يەك كۆپ بايۋەچچىلەرنى بۇزۇقلۇق ۋە پاھىشىلىك يولىدا كۆردۈم. ئۇلارغا ئۆزۈمچە نەسىھەت قىلغان بولساممۇ، لېكىن ئۇلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئېتىقادلىرىنى قورال قىلىپ، ماڭا قارشى جاۋاب بەردى. تۆۋەن تەبىقىدىكى قارا خەلقمۇ ئوقۇغان نامازلىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ ئۆزلىرىنى ئاقلايدۇ.

خەلق بەك نادان. قەلەم تۇتۇپ ئۆز ئىسمىنى يازالايدىغان ۋە تۈركىيچە كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان كىشىلەر يۈزدە بىرمۇ چىقمايدۇ.

توغرا، ھەر ئۆيدە، ھەربىر جاۋەندە بىردىن «قۇرئان» تۇرىدۇ. لېكىن بۇنى چۈشىنىپ ئوقۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچى يوق. ئەگەر «قۇرئان»نىڭ ئوقۇپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن كىتاب ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولسىدى، ئۇ چاغدا بۇزۇق ئېتىقادلارغا يولمۇ قالمىغان بولاتتى.

يۇقىرىدا يەنە چوڭ ۋە مۇھىم ئىشلار بىلەن ئەھمىيەتسىز، كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئايرىيالمايدۇ، دېگەنىدۇق. بۇ توغرا، بۇنىڭغا مىساللارمۇ تېپىلىدۇ. بۇنىڭغا مىسال ئۈچۈن زادى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدىغان ماڭا بىرنەچچە قېتىم يولۇققان بىر ئىشنىلا مىسال كەلتۈرەي: بۇلار پۈتنى قىبلىگە

سۇنۇپ ئولتۇرۇشنى ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىشتەك ئىشلاردىنمۇ يامان كۆرىدۇ. ھەتتا پۇتىنى قىبلىگە قارىتىپ سۇنغان كىشىنى كاپىر بولىدۇ، دېگۈچىلەرمۇ بار!

خۇلاسە، ئالتەشەھەر ئەھلى ھېلىھەم ئىسلامىيەتتىن بىر ـ ئىككى پەرسەخ يىراقتا تۇرماقتا. توغرا يولغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئەڭ بىرىنچى ۋاستە مىللىي مەكتەپ، مىللىي تەربىيە، «قۇرئان» ۋە ھەدىستۇر.

* * * *

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى «پىرىيانە ياركەنت، ئەزىزانە كاشغەر، غازىيانە ئاقسۇ، شەھىدانە خوتەن» سۆزلىرىنى ماقال ـ تەمسىل ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. يەنى ياركەنت پىرلىرى، كاشغەر ئەزىزلىرى، ئاقسۇ غازىلىرى، خوتەن شېھىتلىرى بىلەن مەشھۇر دېگىنىدۇر. ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى مازارلارغا بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ياردەمچى دەپ بىلىپ ياردەم تەلەپ قىلىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇلار مازارلارنى كۆپەيتىشكە ھەدەپ تىرىشىدۇ. تەبىئىيكى، ئىنسان ئۆزىگە پايدىلىق دەپ بىلگەن نەرسىنىڭ كۆپەيگىنىنى ياخشى كۆرىدۇ.

مۇنداق مازارلار بۇ يەردە چەكسىز كۆپ بولغاچقا، ساناپ ئۆتۈشنى لايىق كۆرمىدىم، ساناپ بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھازىرچە ھەممىسىدىن ئۆزگىچە تۇيۇلغان خوتەن ئەتراپىدىكى مازارلارنىلا يېزىپ تۇراي:

ئالتەشەھەر خەلقى خوتەن ئەتراپىدىكى مازارلارنى تۆۋەندىكى كىشىلەرگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ:

ئىمامى جەپىرى سادىق، ئىمام مۇھەممەد غەززالى، ئى-

مام جەپىرى تەييار، ئىمام مۇھەممەد تەقى، ئىمام مۇھەممەد نەقى، ئىمام ئاسىم، ئىمام هاشىم، ئىمام مۇسا كازىم، ئىمام مۇھىددىن، ئىمام فەۋامىددىن، ئىمام ناسىرىددىن، ئىمام زۇھۇرىددىن، ئىمام شۇكرىددىن، ئىمام ئەفتەھ، ئىمام ئىبراھىم، ئىمام ئەسكەر، سۇلتان سەئىد ئاتا، كالان خوجا، پەخرىددىن خوجا، ئالتۇن بۇزرۇك خوجا.

مانا بۇلار ئارىسىدا 12 ئىمامدىن ئىمام جەپىرى سادىق، ئىمام مۇھەممەد جەۋادۇل تەقى(هادىنى ئىرادە قىلسا كېرەك)، نەقى، ئىمام مۇسا كازىم، ئىمامى ھەسەن ئەسكىرى دېگەندەك مەشھۇر زاتلارمۇ بار.

ئىمامى جەپىرى سادىق ھەزرەتلىرىنىڭ قەبرىسىنىڭ مەدىنىدە ئىكەنلىكى تارىخىي ئەمەلىيەت. تەقى ۋە نەقى ھەزرەتلىرىمۇ موسۇل بىلەن باغداد ئارىسىدىكى سامەرا شەھىرىگە دەپنە قىلىنغان. مۇسا كازىم ھەزرەتلىرىنىڭ قەبرىسىنىڭمۇ باغدادتا ئىكەنلىكى مەلۇم.

ئەگەر ئالتەشەھەر خەلقى مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئورنىغا باشقا كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئارزۇ قىلىپ يېزىۋالغان بولسىمۇ، كاشكى، بۇلارنى يېزىپ ئولتۇرۇشۇمىنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. لېكىن ئۇلار بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەشھۇر ۋە ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئىماملارنى ئارزۇ قىلىغان. ئۇلارنى ئەرەبىستاندىن كېلىپ بۇ يەردە قالغان دەپ دەۋا قىلىدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، بۇ ئىماملار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئالتەشەھەرگە كېلىپ دىن تارقاتقانىمىش. ئاللاھ يولىدا غازات قىلىپ، بەزىلىرى شېھىت بولغان دەپ چوقۇنىدۇ.

يەنە كىملىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىشىلەرگە ئىمام سۆزىنى قوشۇشلىرىمۇ بەك غەلىتە. بۇ نەدىن كەلگەن ياكى «شامى»نىڭ ئۆزلىرىنى «بىرلىك ۋە تەرەققىيات» جەمـ



ئىيىتىنگە تەڭ قىلىش نىيىتى بىلەن ئالتەشەھەرگە كەلگۈچىلەر خەلق ئارىسىدا ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى «ئىمام» دەپ ئاتىتۋالغانمۇ؟ بۇنى بىلگۈچىلەر بولسا ئۆز پىكىرلىرىنى يازغان بولسىدى.

نوشىرۋان يائۇشېۋ

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى 9 — 15 - سانى، 362 — 363 - بەتلىرىدىن)

www.uyghurkitap.com

## ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (1)[1]

ئالتەشەھەر شىمالدا سىبىرىيە، جەنۇبتا ھىندىستان ۋە ئافغانىستان، شەرقتە چىن، غەربتە غەربىي تۈركىستان ۋە بۇخارا بىلەن چېگرالىنىدۇ. بۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەر-بىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېڭىشەھەر ۋە كوناشەھەر ناملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. يېڭىشەھەرلەردە چىنلىقلار، كوناشەھەرلەردە مۇسۇلمانلار ئولتۇرىدۇ. شەھەرلەرنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 ئارشىن، ئېنى 30 ئارشىن توپا بىلەن سوقۇلغان سېپىللار بىلەن ئورالغان.

ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى چىن تۈركلىرىدىن بولۇپ، ئۇلاردىن تاشقىرى يەنە تۇڭگان، قىرغىز، قىپچاق، موڭغۇل ۋە چىنلىقلارمۇ بار. يەنە غەربىي تۈركىستان، ھىندىستان ۋە ئافغانىستاندىن كېلىپ يەرلىك خەلققە ئارىلىشىپ كەتكەن كىشىلەرمۇ كۆپ. خەلقى 5 مىليونچە بولۇپ، ئەسىرلەر بويى داۋاملاشقان سوقۇشلار تۈپەيلى نۇرغۇن كىشى قىرىلىپ كەتكەن.

ئالتەشەھەر ھىجرەتتىن ئىلگىرى (3400 - يىللارغا قەدەر) تۈركلەر بىلەن چىنلىقلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرغان. ھىجرەتتىن 3400 يىللار ئىلگىرى تۇغۇلغان ۋە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوغۇزخان ئالتەشەھەرنىمۇ ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالغانىدى. ھىجرەتتىن 18 ئەسىر ئىلگىرى ئاسىيانىڭ شىمال تەرىپىدە قۇرۇلۇپ 13 ئەسىردەك داۋاملاشقان تۈرك -

[1] «كاشغەر تارىخى» دېگەن ئەسەردىن پايدىلىنىپ يازىمەن (ن.ي).

تاتار ئىمپېراتورلۇقى ئالتەشەھەرنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئالغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا بىر نەسىلدىن تارقالغان تۈرك ـ تاتار، موڭغۇل خانلىقلىرى ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرۈپ ۋە چىنلىقلار قولىغىمۇ كىرىپ چىقىپ يۈرگەن بۇ ئالتەشەھەر ھىجرەتنىڭ 16 ـ يىلى تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەزىدە بويسۇنغۇچى مەملىكەت سۈپىتىدە ۋە ئومۇمەن چىنلىقلار ئىدارىسىدە 57 يىل تۇردى. ئىشقىلىپ، تۈرك ـ تاتار خانلىقلىرىنىڭ ئىختىلاپلىرىدىن ئۈششاق پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن باشقىلار پايدىلاندى. ھىجرىيە 96 ـ يىلى ئەمىر قۇتەيبە ئىبن مۇسلىم ئالتەشەھەرنى ئېلىپ چىننىڭ ئىچكى ۋىلايەتلىرىگىچە بارغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئالتەشەھەر تۈركلىرى ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولۇپ ئاستا ـ ئاستا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ھىجرىيە 2 ـ ئەسىردە ئالتەشەھەردە مۇسۇلمانلار خېلى كۆپەيگەنىدى. شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ئالتەشەھەر چىن ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىن چىقىپ، بىرمۇنچە خانلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. بۇ خانلىقلار بەزىدە ئۆزئارامۇ سوقۇشۇپ تۇراتتى. ھىجرىيە 2 ـ ئەسىردىن 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئالتەشەھەر تۈرك خانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## قاراخان ھۆكۈمىتى

ئالتەشەھەردە بىر ئەسىردەك داۋاملاشقان قاراخان ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا ئاھالە بەك راھەت ھايات كەچۈردى. بۇ زاماندا بۇ يەردە ئىسلامىيەتمۇ پەۋقۇلئاددە تەرەققىي قىلغانىدى. ئىلىم ۋە مائارىپ، سانائەت ۋە تىجارەت جەھەتتىن خېلىلا ئىلگىرىلىگەنىدى. ئوغۇز ئەۋلادىدىن قاراخاننىڭ قې-

رىندىشى ساتۇق بۇغراخان ئالتەشەھەر ھۆكۈمىتىنى بۇخارا-غىچە كېڭەيتكەنىدى. ئۇ ئادىل ۋە خەلقپەرۋەر بىر پادىشاھ ئىدى. بۇددىستلار بىلەنمۇ كۆپ سوقۇشتى ۋە ھەربىر سو-قۇشتا غالىب كەلدى. نىھايەت ھىجرىيە 389 - يىلى چې-لىقلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. بۇغرا خاننىڭ ئەۋلادىنىڭ زامانىسىدا ھۆكۈمەتمۇ بەك ياخشى ئۆت-تى. ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن ئىلىك، توغان ۋە ئارسلان ئىسىملىك كىشىلەر خان بولدى. بۇلاردىن كېيىن (ھىجرىيە 440 - يى-لىدا) ئالتەشەھەر ھۆكۈمىتى سەمەرقەنت پادىشاھى ئىما-دۇللانىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ھىجرىيە 440 - يىلىدىن 482 - يىلىغىچە سەمەرقەنت خانلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇ-لۇپ، شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن، سەمەرقەنت خانى ئەخمەت خان زامانىدا سەلجۇقىيلارنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. ئالتە-شەھەرنىڭ سەلجۇقىيلار ھىمايىسىگە كىرىشىگە ئەخمەت خاننىڭ زۇلۇمى سەۋەب بولدى. ئالتەشەھەر 10 — 15 يىل سالجۇقىيلار ھىمايىسىدە تۇرۇپ راھەت ياشىدى.

* * * *

ھىجرىيەنىڭ 606 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئالتەشەھەر-نىڭ بەزى جايلىرى خارەزم خانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. خارەزملەر زامانىسىدا ئاسىيانىڭ ئىلىم، مائارىپ ۋە سانائەت-تە كامالەتكە يەتكەنلىكى مەلۇم. خارەزملەرنىڭ بۇ نېمەتلى-رىدىن ئالتەشەھەرمۇ تېتىغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ئالتەشەھەرنىڭ بەزى يەرلىرى خارەزملەر ھىمايىسىدە بولسىمۇ، كۆپرەك قىسمى قاراقىتانلارغا تەۋە ئىدى. ئالتەشەھەر قىسقا ۋاقىت كۈچلۈك خاننىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرۇپ، 7 - ئەسىرنىڭ باش-لىرىدا چىڭگىزنىڭ قولىغا كىردى. چىڭگىز تەرىپىدىن قو-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يولغان ئەمەلدارلار ئالتەشەھەرنى ئىدارە قىلدى. چىڭگىزدىن كېيىن، ھىجرىيە 624 ـ يىلىدىن 657 ـ يىلىغىچە ئوكتاي، كۇيۇك ۋە مۆڭكۇ خانلارنىڭ ئىدارىسىدە تۇردى. چىڭگىزنىڭ زامانىدا چاغاتاي خان ئىدارە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتەشەھەر قۇبلاي قائان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

ئالتەشەھەر 705 ـ يىلىدىن 771 ـ يىلىغىچە چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ ئىدارىسىدە بولدى. چاغاتاينىڭ ئەۋلادىدىن بۇ كىشىلەر خانلىق قىلدى: كۇيۇك خان، بالىغۇ خان، ئىسەن بۇغا خان، ئىلچىكداي خان، دۇريا تۆمۈر خان، شىرىن خان، جىكىس خان، لوران تۆمۈر خان، پولاد خان، مۇھەممەد خان، غازان خان، سانقىلى خان، تۆمۈرشاھ خان، كابۇلشاھ خان.

ئالتەشەھەردە چىڭگىز زامانىدا سانائەت ۋە تىجارەت بىرئاز ئالغا باسقانىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز زامانىدا ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغاچقا، سانائەت ۋە تىجارەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان.

## تۇغلۇق تۆمۈر خان

چاغاتاي ئەۋلادىدىن تۇغلۇق تۆمۈر خان موغۇلىستاندا زور ۋە كۈچلۈك بىر ھۆكۈمەت بەرپا قىلىپ، ئالتەشەھەرنىمۇ ئۆزىگە قاراتقانىدى. تۇغلۇق تۆمۈر خان ئۆزىگە تەۋە مەملىكەتلەرنىڭ پاراۋانلىقى ۋە مەدەنىيىتى يولىدا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ، ئاھالىنىڭ راھىتى ۋە سائادىتى ئۈچۈن تۈرلۈك چارىلەرنى قوللانغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سەلتەنىتىدە ئالتەشەھەرمۇ ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان.

تۇغلۇق تۆمۈرخان (753 ـ يىلى) ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن موغۇلىستاندا، خوسۇ-

سەن ئالتەشەھەردە زور تەسىر پەيدا قىلدى. مۇشۇ چاغقىچە ئىسلامىيەت شەرىپىدىن مەھرۇم قالغان موغۇل ۋە چاغاتايلاردىن نۇرغۇن كىشى مۇسۇلمان بولدى. تۇغلۇق تۆمۈر خان ھىجرىيە 760 - يىلى ئەمىر تۆلەكنى كاشغەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. تۇغلۇق تۆمۈر 765 - يىلى ۋاپات بولدى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئالتەشەھەر ئەمىر تۆلەكنىڭ قېرىندىشى قەمەرىددىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. قەمەرىددىن دۈشمەنلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاھالىنىڭ سائادىتى ۋە راھىتى ئۈچۈن تىرىشتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەمەرىددىن غايەت جاسارەتلىك كىشى ئىدى. قەمەرىددىن زامانىدا، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان بىلەن ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتتىپاقلىشىش مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان قەمەرىددىنىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئارىسىدا بەك قاتتىق سوقۇشلارمۇ يۈز بېرىپ، ئاقىۋەتتە قەمەرىددىن مەغلۇپ بولدى.

## خىزىر خوجا

قەمەرىددىندىن كېيىن، خۇدايدادنىڭ دالالىتى بىلەن ئالتەشەھەردە خىزىر خوجا ھۆكۈمەت قۇردى. خىزىر خوجا غايەت سېخىي ھەمدە ئىلىم ۋە ھۈنەرسۆيەر كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ زامانىدا ئالتەشەھەرگە ھەر تەرەپتىن ئۆلىما ۋە پازىللار جەلپ قىلىندى. خىزىر خوجا ئۆلىماغا پەۋقۇلئاددە ھۆرمەت قىلاتتى. بۇ زامانغىچە ئالتەشەھەردە ئەقائىدى دىنىيە[1] ۋە قەۋانىن شەرئىيە[2] ئەسلىي مەزمۇنى بىلەن

① ئەقائىد دىنىيە — دىنىي ئەقىدىلەر.
② قەۋانىن شەرئىيە — شەرىئەت قانۇنلىرى.

تارقىلىپ بولالمىغانىدى. خىزىر خوجا بۇ ھەقتە كۆپ خىز-مەت قىلدى. بۇ زامانلاردا ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، بۇ زامان ئالتەشەھەر ئۈچۈن گويا «ئەسىرى سائادەت»[1] بولغان. مەرھۇم مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج قىلغاندىن كېيىن، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات بولدى (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!). ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى 10 يىل داۋاملىشىپ، ئۆزى ھىجرىيە 802 - يىلى ۋاپات بولدى. مەرھۇمنىڭ ۋاپا-تىدىن كېيىن، ئوغۇللىرى شەمئى جاھان، شىرمۇھەممەد ۋە شىر ئەلىلەر سەلتەنەت ئارزۇسى بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتى. نىھايەت، سەلتەنەت شىر مۇھەممەدكە نېسىپ بولدى. لېكىن، تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا زىيانلىق ھەرىكەتلەرنى قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى ئۇزاق ياشىيالمىدى. بۇلارنىڭ جېدەل-لىرىدىن باشقىلار پايدىلاندى.

بۇ چاغلاردا خۇدايداد كاشغەردە ھۆكۈمدار ئىدى.

مەزكۇر خۇدايدادنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەدشاھ ئۆتتى. مۇھەممەدشاھ بەتبەخت بىر ئادەم ئىدى. مەملىكەتنى مۇھاپىزەت قىلالمىدى. كاشغەر بىلەن خو-تەننى تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. مۇھەممەدشاھ ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ۋاپات بولدى. ھىجرىيە 810 - يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا ئەمىر سەييىد ئەلى ئىسىملىك ئوغلى چىقىپ، ياركەندتە تەختتە ئولتۇردى. ئەمىر سەييىد ئەلى زامانىدا مەخدۇم ئەزەم كېلىپ قالدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادى مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى ئارىسىدا نىزا چىقىپ، كاشغەر خەلقى «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» دەپ ئىككىگە ئايرىلدى ۋە ئەسىرلەر بويى سوقۇشتى.

---

[1] ئەسىرى سائادەت ــ بەختلىك زامان.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## موغۇلىستان پادىشاھلىرى

ئەمىر سەييىد ئەلى زامانىدىكى موغۇل پادىشاھلىرى مۇشۇلار ئىدى.

شەمئى جاھان، بۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھىجرىيە 810 ـ يىلى مۇھەممەد خان پادىشاھ بولۇپ ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى. 821 ـ يىلى ئۇنىڭ قېرىندىشى تەختتە ئولتۇرغانىدى. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئورنىغا ئاتا بىر قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئۇۋەيس خان چىقتى (822 ـ يىلى). يەنە موغۇل خاندانىدىن شىرمۇھەممەد ئوغلان ئۇۋەيس خان بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. شىرمۇھەممەد ھىجرىيە 824 ـ يىلى موغۇلىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلدى ۋە ھىجرىيە 828 ـ يىلى ئۇلۇغبەگ بىلەن غايەت قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. شىرمۇھەممەد يېڭىلىپ قاچتى. شۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن موغۇلىستاندا يەنە 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد غازى خان بولدى. غازى خان 15 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، (855 ـ يىلى) ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسەن بۇغا خان چىقتى. كېيىن ھىجرىيە 863 ـ يىلى يۇنۇس خان پادىشاھ بولدى.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، خوتەن

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى 18 ـ 9 ـ سانى، 435 ـ 437 ـ بەتلىرىدىن)

## ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (2)

ئېركە بەگ خاننىڭ ئەمرى بىلەن مىرزا مۇھەممەد بىننى فازىل ئىسىملىك بىر زات ئالتە شەھەرگە ئاتاپ مەخسۇس تارىخ كىتاب يازغانىكەن. مۇئەررىخ ھەزرەتلىرى ئۆزى تۈرك بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر كىتابنى پارس تىلدا يېزىپتۇ. كىتاب بۈگۈنگە قەدەر نەشر قىلىنماپتۇ. مىرزا مۇھەممەد ھەزرەتلىرىنىڭ كىملىكى ۋە كىتابنىڭ قايسى زاماندا يېزىلغانلىقى بىزگە ئېنىق مەلۇم بولمىدى. ھەر ھالدا ئەسەر مۇھىمدۇر. تارىخ ئىلمىگە بولغان قىزىقىشىمىز تۈپەيلى بۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىساقمۇ، ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتىگە بىنائەن «بۇنىڭدىن كېيىن تارىخ يازغۇچىلارغا بىر پارچە ماتېرىيال بولۇپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە بىز بۇ كىتابنى تاتارچىغا تەرجىمە قىلىپ «شۇرا» ئىدارىسىگە سۇندۇق، مۇۋاپىق كۆرۈلسە نەشر قىلىنار.

*　　　*　　　*　　　*

مۇئەررىخ ھەزرەتلىرى مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: كېمىچىلىك ئىشىنى بىلمەي تۇرۇپ چوڭ بىر كېمىگە كېمىچى بولۇپ، چوڭقۇر دەرياغا چۈشتۇم، يەنى جانابىي ئالىي ئەمىر ئېركە بەگنىڭ ئېھتىمامى بىلەن ئۇشبۇ كىتابنى يازماقچى بولدۇم. يۇنۇس خاندىن باشلاپ، بۇ زامانغا قەدەر بولغان ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ مۇھىم تارىخلىرىنى بايان قىلماقچىمەن.



www.uyghurkitap.com

# يۇنۇس خان[1]

ئىشەنچلىك راۋىيلىرىمىزنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، ئۇۋەيس[2] خاندىن يۇنۇس ۋە ئىسەن بۇغا ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل قالدى. چوڭ ئوغلى يۇنۇس ئاتىسى ۋاپات بولغاندا 12 ياشتا ئىدى. ئۇۋەيس خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋەزىر - ئەمىرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. ئىرازان (بايرىن) ۋە مىرەك (تۈركمەن) ئەمىر مۇھەممەد شاھتىن باش تارتىپ، يۇنۇس خان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، ئەمىرلەرنىڭ كۆپرەكى ئىسەن بۇغا تەرەپتە ئىدى. ئىرازان بىلەن مىرەك 30 مىڭ موغۇل بىلەن يۇنۇسنى بىرگە ئېلىپ، موغۇلىستاندىن كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، سەمەرقەنت تەرەپكە يول ئالدى. بۇلارنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى مەشھۇر ئۇلۇغبەگ ئاڭلاپ ئالدىغا چىقتى، ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن مېھمانلارنى شەھەرگە تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار ئۇلۇغبەگنىڭ ئىشارىسى بىلەن توپ - توپ بولۇپ، بۆلۈنۈپ قەلئەنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشكە باشلىدى. مېھمان بولۇش، راھەتلىنىش ئۈمىدى بىلەن كىرگەن بۇ ساددا مېھمانلارنىڭ باشلىقلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، قول ئاستىدىكىلىرى ئەسىر قىلىنىشقا باشلىدى. مال - بىساتلىرى تارتىۋېلىندى. بۇ ئىشتىن تاشقىرىدىكىلەرنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. لېكىن بىر كىرگەن كىشى قايتىپ چىقمايتتى.

شۇ تەرىقىدە ئىش تامام بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغبەگ جانابلىرى ئۇرۇشماي ئالغان بۇ غەنىيمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ئاتىسى شاھرۇخ خانغا بەردى.[3] يۇنۇسنى شاھرۇخقا

---

① يۇنۇس خان ھىجرىيە 863 - يىلى پادشاھ بولغان.

② نەقشى جاھان خان ئۆلتۈرۈلۈپ، ھىجرىيەنىڭ 822 - يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇۋەيس خان ئولتۇرغان. «كاشغەر تارىخى»، 156 - بەت.

③ ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى ئۇلارنى «بۇلاڭچىلار» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

تاپشۇرۇلغانىدى. شاھرۇخ «خاتا ئىش قىلىپسەن» دەپ ئۇ-
لۇغبەگكە تەنبىھ بەردى. يۇنۇسنى شەرەپىددىن ئەلى يەزدىيگە
تاپشۇردى. ئۇ يۇنۇسنى ئۆز بالىسىدەك تەربىيەلەپ ئۆستۈر-
دى. يۇنۇس شەرەپىددىننىڭ يېنىدا 12 يىل تۇردى. شەرەپىد-
دىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەزدتىن كېتىپ، ئىراق، پارس
ۋە ئەرەبىستان تەرەپلەردە ساياھەت قىلىپ يۈردى. 40 ياشقا
يەتكەندە موغۇلىستانغا قايتىپ خان بولدى.

## ئىسەن بۇغاخان

يۇنۇس سەمەرقەنتكە كەتكەندىن كېيىن، موغۇل خەلقى
ئىسەن بۇغانى خان كۆتۈرگەنىدى. بۇ چاغدا كاشغەر ئۇلۇغ-
بەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ[1]، ھاكىمى ھاجى مۇھەممەد ئى-
سىملىك بىر كىشى ئىدى.

شۇ چاغلاردا ئەمىر سەئىد ئەلى كۇچادا ئىدى. ئۇ:
«كاشغەر بىزنىڭ ئۆز يۇرتىمىز. ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان
شەھىرىمىزدۇر. قولىمىزدىن كەتكىنىگە 14 يىل بولدى»،
دەر ئىدى.

نەقشى جاھان خان ئۆلتۈرۈلۈپ، ھىجرىيە 822 - يىلى
ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇۋەيس خان ئولتۇرغان. «بۇنىڭ بۇنداق ياتلار
قولىدا تۇرۇشى بىزگە نومۇستۇر، چوقۇم قايتۇرۇۋېلىشىمىز
لازىم. بۇ ئىش مىللىي بۇرچىمىزدۇر»، دەپ ئىسەن بۇغاخانغا
مۇراجىئەت قىلدى. خان ئۇنىڭ بۇ مۇراجىئىتىنى قوبۇل قى-
لىپ، ئۇنى بىرمۇنچە كىشى بىلەن كاشغەرگە ئەۋەتتى. سە-

① ھىجرىيە 812 - يىلى مەشھۇر ئۇلۇغبەگنىڭ ئاتىسى شاھرۇخ كاشغەر-
نى ئىشغال قىلغانىدى. ئەمىر سەئىد ئەلى بۇنىڭغا تاقەت قىلالماي ئۇرۇش قىل-
دى. بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بول-
سىمۇ، ئۈچىنچى قېتىملىق شىددەتلىك ئۇرۇشتا كاشغەرنى بويسۇندۇردى. «كاش-
غەر تارىخى»، 150 - بەت.

ئىد ئەلى ئاقسۇغا كېلىپ، بالىچاقىسىنى شۇ يەردە قويۇپ، 7000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كاشغەرگە باردى.

كاشغەردىن هاجى مۇھەممەد 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن سەئىد ئەلىگە قارشى چىقتى. شەھەردىن 12 چاقىرىم يىراقلىقتا ئۇرۇش باشلاندى. دەسلەپكى قېتىمدا هاجى مۇھەممەد جىددىي ھۇجۇم ۋە قاتتىق تاجاۋۇز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى يېڭىلىدى ھەمدە شەھەر قەلئەسىگە كىرىپ بېكىنىۋالدى. قارشى تەرەپ قوغلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دەرۋازىنى ئېچىپ كىرەلمىدى.

سەئىد ئەلى ئىككىنچى يىلى كۈزگە يېقىن يەنە كاشغەرگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دەرۋازىدىن ئىچىگە كىرەلمەي، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنى بۇلاپ قايتىپ كەتتى. شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، ئۇلۇغبەگ هاجى مۇھەممەدنى سەمەرقەنتكە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پىرمۇھەممەد ئىسىملىك بىر بەڭگى (ئەپيۇنخۇمار كىشى) نى ئەۋەتتى. پىرمۇھەممەد كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلگەن كىشى ئىدى.

سەئىد ئەلى ئۈچىنچى قېتىم كاشغەرگە كەلگەنىدى. كاشغەر خەلقى پىرمۇھەممەدنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، سەئىد ئەلىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى[1]. سەئىد ئەلى پىرمۇھەممەد ئۈستىدىن تەركىلىك كىيىمنى سالدۇردى («ئۆلتۈردى» دېمەكچى.) كاشغەر سەئىد ئەلىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمىر سەئىد ئەلى كاشغەردە 24 يىل هاكىم بولۇپ تۇردى.

يۇنۇس سەمەرقەنتكە كەتكەندىن كېيىن، موغۇل خەلقى تامامەن ئىسەن بۇغاخاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قارا خەلق ئىسەن بۇغاغا ئىتائەت قىلاتتى. لېكىن، ئىسەن بۇغاخان

① خەلقنى بۇ ئىشقا مەجبۇرلىغان نەرسە ئۇنىڭ زۇلۇمى بولسا كېرەك (ن.ي).

ياشلىقىدىن تارتىپ، ئەمىر - مەمۇرلىرىنى كۆزگە ئىلمايتتى. شۇڭا ئەمىرلەرنىڭ بۇ ئىشقا ئىچى پۇشاتتى. ئىسەن بۇغاخان ئۇيغۇر[1] نەسلىدىن تۆمۈر ئىسىملىك بىر كىشىنى نائىپ (ۋەكالەتچى) قىلدى ۋە ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە ئىززەت - ھۆرمەتلەر كۆرسەتتى. تۆمۈرنىڭ بۇنداق كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئەمىرلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئاخىرى ئۇلار تۆمۈرنى ئارىدىن يوقىتىش قەستىگە چۈشتى. بىر كۈنى بىر مەجلىستە ئىسەن بۇغاخاننىڭ ئالدىدا تۆمۈرنى چەتكە قېقىپ تاشلىدى، خان بۇنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ قورقۇپ قېچىپ كەتتى.

بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەر كاشغەردىكى ئەمىر سەئىد ئەلىگە يەتتى. ئۇ موغۇلىستانغا بېرىپ، ئىسەن بۇغاخاننى تېپىپ ئۇنى ئاقسۇغا يولغا سېلىپ قويدى. ئىسەن بۇغاخان ئاقسۇنى باشقۇرۇشقا باشلىدى. ئەمىرلەرگە مەنسەپلەر بېرىپ، ئەتراپىغا تارتتى. شۇ جۈملىدىن ئەمىر مۇھەممەد شاھ ئاتبېشىدا ھاكىم بولدى. ئۇ كېيىن قېرىندىشى[2] ئەمىر سەئىد ئەلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ، خاننىڭ يېنىدا ھايات كەچۈردى. خان ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقلار قىلدى.

ئەمىر كېرىم ئەندىجان چېگراسىدا ئالابۇغا دېگەن بىر تۆپە قورغان ياساتتى. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى بۇلاش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەمىر ھەقبەردى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا قويسۇيى دېگەن يەردە بىر قورغان ياسىتىپ، بالىچاقىسىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزى تۈركىستان تەرەپكە بېرىپ، ئەبۇلخەيرى خان بىلەن كۆرۈشتى.

ئىسەن بۇغاخان ئاقسۇغا كېلىپ، خەلق ۋە ئەمىرلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى ياخشىلىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ

① ئەسلىي «ئۇيقۇر (اويقور)» دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان، تۈزىتىلدى. (نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن)

② ئەسەردە «بۇرادەر» سۆزى ھەرخىل مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرچە نەشرىدە كېلىش ئورنىغا قاراپ ھەرخىل ئېلىنىدى.

كۆچ ـ قۇۋۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باردى. سايرام، تۈركىستان ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىگە ئەسكەر تارتىپ، بۇ شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ قايتتى.

بۇ چاغدا ماۋەرائۇننەھردە سۇلتان ئەبۇسەئىدخان ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىدخان بىلەن موغۇل خانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئاز ـ تولا بىرلىشىشلەر بولۇپ تۇراتتى. ئەبۇ سەئىدخان خۇراساننى ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، بۇ ياقتىن ئىسەن بۇغاخان پەرغانىگە يۈزلەندى.[①]

ئەندىجاندا ئەبۇ سەئىد ئەلى كىچىك (كىچىك ئەلى) ئىسىملىك بىر ئەلى بار ئىدى. كىچىك ئەلى ئەندىجان شەھىرىنى كىچىك قورغان ۋە خەندەكلەر بىلەن مۇستەھكەملىگەنىدى. ئىسەن بۇغاخاننىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. كىچىك ئەلى بىرنەچچە كۈن قامىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، تاشقىرىغا چىقىپ سۈلھى قىلىشنى سورىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسەن بۇغا رەت قىلدى. ئەندىجاننى ئېلىپ، موغۇلىستانغا قايتتى.

كېيىن ئەبۇ سەئىدخان ئىسەن بۇغاخان بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يېڭەلمىدى. ئىراقتىن ياردەم سورىماقچى بولغانىدى، بىراق ئىسەن بۇغانىڭ ئارىغا چۈشۈشى سەۋەبلىك، بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىدى.

ئەبۇ سەئىدخان ئىسەن بۇغاخاننى يېڭىش يولىدا، ئۇنىڭ تۇغقىنى يۇنۇسنى «قورال» قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئاخىرى ئېغىر شەرتلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، يۇنۇسنى ئۆز يېنىغا تارتتى.

---

① ئەبۇ سەئىدخان زېمىننى جەنۇبتا كەشمىرگە قەدەر كېڭەيتتى. 938 ـ يىلى تىبەتنى ئالدى. تۆت يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ 939 ـ يىلى ۋاپات بولدى. «قەشقەر تارىخى»، 169 ـ بەت (ن.ي).

ئەبۇ سەئىدخان يۇنۇسقا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇرۇنقى خاقانلار (ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادى) بىزنىڭ خىزمەتكارلىرىمىزدۇر، دەيتتى، سىز بۇنداق مەنىسىز دەۋانى قىلماڭ. ئەگەر بىر كىشى مەخدۇملۇق ۋە خوجىلىق دەۋاسى قىلسا، ئۇنداق سىرلىق ئىسىملارنى ئارىدىن يوقىتىپ، ھەر ئىككى تەرەپكە دوستلۇق تارتىشقا تىرىشقايسىز. ئەمىر تۆمۈر نەسلىدىن باش كۆتۈرگەن مىرزىلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى (تىنچلىق)قا دەۋەت قىلىڭ».

ئەبۇ سەئىدخان بۇ يەردە قالغان موغۇللارنى ھەمراھ[1] قىلىپ، يۇنۇسنى موغۇلىستانغا ئەۋەتتى.

يۇنۇس خان موغۇلىستانغا كېلىپ، ئەمىر كېرىم، ئەمىر ئىبراھىم ۋە ساغرانچى ئەمىرلەرنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ، بىر «جامائەت» تەشكىل قىلدى. ئۆز تەرەپدارلىرىنى كۆپەيتكەندىن كېيىن، 6000 ئەسكەر بىلەن كاشغەرگە يۈرۈش قىلدى. ئەمىر سەئىد ئەلىنىڭ ئەسكىرى 30 مىڭ ئىدى. ئۇقسالۇر دېگەن يەردە بىرنەچچە كۈن ئۇرۇش بولۇپ، يۇنۇس خان تەرەپ يېڭىلدى، ئەسكەرلىرى پىتىراپ تارقىلىپ كەتتى، ئۆزى خۇراسانغا ئەبۇ سەئىدنىڭ يېنىغا كەتتى.

شۇ چاغلاردا دوست مۇھەممەدخان ۋاپات بولغانىدى، ئۇنىڭ مۈلكى يۇنۇس خاننىڭ ئىختىيارىغا ئۆتتى. دوست مۇھەممەدخاننىڭ كېپەك ئىسىملىك ئوغلى تۇرپان تەرەپكە قاچتى.

يۇنۇس خان ئىلىغا بېرىپ، قالماقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۇ بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن كىشىنى شېھىت قىلىپ، ئۆزى تۈركىستان تەرەپكە كەتتى ۋە قىشنى شۇ يەردە — قاراتوغاي دېگەن يەردە

① يۇنۇس، ئىرازان ۋە مىرەك بىلەن سەمەرقەنتكە كەلگەن موغۇللارنىڭ قالدۇقى بولسا كېرەك.

ئۆتكۈزدى. شۇ ۋاقىتتا بۇرۇچ ئوغلان بىننى ئەبۇلخەيرى خان يۇنۇس خان ئوردىسىغا قاراپ ئەسكەر تارتتى. بىر كۈنى يۇنۇس خان ئۆزىنىڭ ئەسكىرى بىلەن جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئوۋغا چىققانىدى. بۇرۇچ ئوغلان شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۇنۇس خاننىڭ ئوردىسىنى باستى. ئوردىدا ئادەم ئاز ئىدى. بۇرۇچ ئوغلان يۇنۇس خاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىشقا تۇتۇش قىلدى. شۇ پەيتتە قارشى تەرەپتىكىلەر ناغرا، كانايلارنى چېلىپ كېلىپ قالدى. بۇرۇچ ئوغلان تۇتۇلدى، يۇنۇس خان ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ سازايى قىلدى، ئەتىسى ئۆيىگە بېرىپ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى.

يۇنۇس خان ئۆزىنىڭ سەبىي قىزى[1] مېھرىنىگارنى ئەبۇ سەئىدخاننىڭ ئەخمەت ئىسىملىك ئوغلىغا، قۇتلۇق نىگار ئىسىملىك قىزىنى ئۆمەر شەيخ ئىسىملىك ئوغلىغا نىكاھلاندۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى ئارىدا (موغۇل ۋە ئۆزبېكلەر ئارىسىدا) دوستلۇق ۋە تۇغقانچىلىق ھاسىل بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئېمىشقىدۇر، كېيىنكى كۈنلەردە يۇنۇس خان بىلەن ئۆمەر شەيخ[2] ئارىسىدا بىرنەچچە كۈن قاتتىق ئۇرۇش بولدى. شەخسىي ئاداۋەتتىن كېلىپ چىققان بۇ ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن زور تالاپەت بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى.[3]

ئۆمەر ئەندىجانغا بارغاندا، يۇنۇس خان ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بىرنەچچە كۈن مېھمان بولدى. ئۆمەر شەيخ شۇ

---

① ئەسلىي «سەلبى» دەپ يېزىلغان. بۇ يەردىكى بېرىدىغان مەنىسىگە ئاساسەن «سەبىي» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

② ئۆمەر شەيخ بىننى ئەبۇ سەئىدخان بىننى مۇھەممەد سۇلتان بىننى سۇلتان خەلىل بىننى جالالىدىن شاھ بىننى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان 860 - يىلى تۇغۇلۇپ، 899 - يىلى ۋاپات بولغان. «قەشقەر تارىخى»، 159 - بەت.

③ بۇ يەردە ئەھمىيەتسىز دەپ تونۇغان بىرنەچچە ۋەقەنى قالدۇردۇم (ن.ي).



چاغدا مەرغىلاننى يۇنۇس خانغا بەرگەنىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۇلھى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن «خوجا ئەھرار» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەبەيدۇللا خوجا، ئۆمەر شەيخ ۋە سۇلتان ئەخمەتلەر مەرغىلانغا كەلدى، خەلق شەھەردىن چىقىپ، ئۇلارنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. خوجا ئەھرار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەن تۇپراقنى يۈزلىرىگە سۈرتكەنىدى، يۇنۇس خانمۇ تۇپراققا يۈزىنى تەگكۈزۈۋاتاتتى، خوجىنىڭ يارەنلىرىدىن بىرى «ئەنە شۇ توپىدا ئېغىناپ ياتقان كىشى يۇنۇس خاندۇر» دەپ خوجىغا ئىشارەت قىلغانىدى، خوجا ئىزتىراپ بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، يۇنۇس خان بىلەن كۆرۈشتى ۋە: «مەن يۇنۇس خاننى باشقا موغۇل خانلىرىغا ئوخشاش تەكەببۇرمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. ئەكسىچە، يۇنۇس خان مۇئاشىرىگە رىئايە قىلغۇچى، كىچىك پېئىل ۋە خۇش خۇلق ھەمدە نازاكەت ۋە لاتاپەت ئىگىسى بىر زات ئىكەن. ئەمدى، بۇنىڭدىن كېيىن يۇنۇس خاننىڭ پۇقرالىرىنى قۇل قىلىشقا بولمايدۇ»، دېدى. خوجىنىڭ بۇ سۆزى رەسمىي رەۋىشتە ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، موغۇللارنى «قۇل» قىلىپ، ئېلىپ - سېتىش بىكار قىلىندى.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، خوتەن

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى 9 — 19 - سانى، 458 — 460 - بەتلىرىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (3)

ھىجرەتنىڭ 907 ـ يىلى موغۇل خانلىرىدىن ئەخمەت خاننىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان چىقتى.

مەنسۇرخان بىرنەچچە قېتىم چىنلىقلار، قالماق، قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، توپىلاڭ ۋە ئىختىلاپنى بېسىپ، مەملىكەتتە تىنچلىق ئورنىتىش ھەققىدە جىددىي چارىلەرنى كۆردى. ئۆزىگە قارشى ئەمىرلەر ۋە ئۆز تۇغقانلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، ئىمىن خوجا ئىسىملىك ئىنىسى مەنسۇرخاننى خانلىق تەختىدىن چۈشۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزى چىقماقچى بولغانىدى. خان ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇ ئىشنى ياكەبېك دېگەن بىرىگە تاپشۇرغانىدى، لېكىن، ئۇ ئىمىننى ئۆلتۈرمەي يوشۇرۇپ قويىدى.

يەنە بىر ئىنىسى سەئىدخان ئۇنىڭدىن قورقۇپ، پەرغانە تەرەپكە كەتكەنىدى. ئۇ، ئۇ يەردە بىر يىل ھەبستە تۇردى، كېيىن كابۇل تەرەپكە باردى.

مەنسۇرخان مەملىكەت ۋە سىياسەت ئىشلىرىدا تولىمۇ يولغا كىرىپ كەتتى. پىكرىنىڭ يوقلۇقى ۋە ئەقلىنىڭ ئازلىقى تۈپەيلى، ئىش بىلگەن ئەمىرلەرنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەخمەق ۋە خۇشامەتچى مىرزىلارنى ئولتۇرغۇزدى. شۇڭلاشقا مەنسۇرخاننىڭ مەملىكەت ۋە سىياسەت ئىشلىرى راۋاج تاپمىدى.

مەنسۇرخان ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى. 60 ياش ئۆمۈر كۆردى. 926 ـ يىلى

ۋاپات بولدى.

## سەئىدخان

ئەھمەدخاننىڭ 18 ئوغلى بار ئىدى. ياش جەھەتتە ئونىنچى ئوغلى سەئىد 14 ياشتا ئىدى. ئەخمەت خان ئاكىسى مەخمۇت خاننى شاھ بېكخان ئىستىبلاسىدىن قۇتقۇزۇش نىيىتىدە، پەرغانىگە بارغان چېغىدا، ئاشۇ سەئىدنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىۋالغانىدى.

شۇ ۋاقىتتا بولغان بىر ئۇرۇشتا سەئىدنىڭ بويىنىغا ئوق تېگىپ، قاتتىق يارىلاندى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى بايازىد ھېكىمنىڭ شىپاخانىسىغا ئېلىپ باردى. بۇ ئۇرۇشتا شاھ بېكخان يەڭگەنىدى. ئۇ سۇلھىدىن كېيىن، سەئىدنى ئۆز تەربىيەسىگە ئالدى. شاھ بېك سەئىدنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنى دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى، سەمەرقەنتكە ۋە ئۇ يەردىن قۇندۇز، بەدەخشان ئۇرۇشلىرىغا بارغاندىمۇ، سەئىد شاھ بېك بىلەن بىللە يۈردى، پەقەت، نىمىشقىدۇر، خارەزم ئۇرۇشىغا بارغاندا، سەئىدخان شاھ بېكتىن قېچىپ، ئوش - ئۆزكەنت يولى بىلەن ئەسلىي ۋەتىنى بولغان موغۇلىستانغا قاراپ يول ئالدى. يەتتە كەنتتە تاغىسى مەخمۇت خاننىڭ ئۆيىگە چۈشتى. سەئىدخان شۇ چاغدا تاغىسى مەخمۇت خاننىڭ مەملىكەت ۋە سىياسەت ئىشلىرىدا بەك يۇمشاق ۋە تەتۈر ھەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، موغۇلىستاندىكى ئىنىسى سۇلتان خەلىلنىڭ يېنىغا باردى، خەلىل قىرغىزلارغا باشلىق ئىدى. سەئىدخان قىرغىزلار ئارىسىدا، ئىنىسى يېنىدا 14 يىل تۇردى. ئاشۇ 14 يىل ئىچىدە ئۇرۇق - تۇغقان مەخمۇت خان، مەنسۇر، سەئىد ۋە خەلىل خانلار ئوتتۇرىسىدا خېلى پاجىئەلىك ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. مەخمۇت

خان تۇغقانلىرىدىن قېچىپ، شەپقەت كۆرۈش ئۈمىدى بىلەن شاھ بېكخان ھوزۇرىغا بارغانىدى. ئۇ مەخمۇتنى خوجەند دەر-ياسى (سىر دەريا) بويىدا شېھىت قىلدى.

سەئىدخان (ھىجرىيە 917 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 10- كۈنى) ئەمىرغۇرى بارلاس، ئەلى دوختۇي، ئەھمەد قۇلى، مەخمۇت قۇلى، مىرزا مۇھەممەد، بېك مۇھەممەد، دوغلاتلار-دىن شاھ نەزەر مىرزا، ئەلى تاغايى ۋە قۇتلۇق مىرزا، ساغرانچى ئەمىرلەردىن قۇل نەزەر مىرزا ۋە باشقا قو-ماندانلارنى ئېلىپ، پەرغانە تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. شۇ سە-پەردە سەئىدخان ئۆزبېك خانلىرى (خان بېك، كۈچۈم ۋە سۆ-يۈنچۈك خان) بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، پەرغانە ۋە ئەندىجاننى ئالدى.

شۇ چاغلاردا بابۇر شاھ سەمەرقەنتنى ئېلىپ، باش شە-ھەر قىلغانىدى، لېكىن بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن پەرغانە ۋە ماۋەرائۇننەھر يەنە شەيبانىلار قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

بۇ ئىش ئەسلىي مۇنداق بولغانىدى: شەيبانى خانلىرى مىرنەجىمنى ئۆلتۈرۈپ، تۈركمەنلەر ئۈستىدىن غالىب كەل-دى، بابۇر شاھ بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنىمۇ بۇ يەردىن ۋاز كې-چىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ سەمەرقەنتنى تاشلاپ كابۇلغا كەتتى.

شەيبانىلارنىڭ ئىسمائىلنىڭ ئىنتىقامىدىن ۋە قاسىم-خاننىڭ غەلىبە، ئىستىلاسىدىنلا خەۋپ ۋە ئەندىشىسى بار ئىدى. 919 ـ يىلىنىڭ قىشىدا ئىسمائىل خانمۇ ئىراق مەم-لىكىتىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن سەپەرگە چىقتى. دې-مەك، پەرغانە ۋە تۈركىستان بوشاپ قالدى. مانا مۇشۇ پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ، شەيباتىلار ھەرىكەتكە كەلدى. بۇ ۋاقىتتا سەئىدخانمۇ پەرغانىدىن تۇغ كۆتۈرۈپ، كاشغەرگە ئاتلانغانىدى. پەرغانە ۋە ماۋەرائۇننەھر شەيبانىلارغا قالدى.

بۇ يەردە بۇرۇنقى «رەسىم ـ قائىدە» بويىچە تۆۋەندىكى
كىشىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ھۆكۈمەت تەختىگە ئول ـ
تۇردى: كۇچۇم خان، سۆيۇنچۇك خان، ئەبۇ سەئىدخان ۋە ئە ـ
بەيدۇللا خان.

سەئىدخان نېمىشقا پەرغانىدىن بۇ ياققا كېتىپ قالدى؟
919 ـ يىلى ئۆزبېك شەيبان تاشكەنتتە ئىدى. شۇ يىلى سۆ ـ
يۇنچۇكخان سەئىدخاندىن ئەندىجاننى تارتىۋېلىش نىيىتى بى ـ
لەن يولغا چىقتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەئىد ـ
خان ئۆزىنىڭ ئەمىرلىرىنى يىغىپ كېڭەش قىلدى: بىرىنى ـ
چى، ئەندىجاننى تاشلاپ، ئەسلىي ۋەتەن موغۇلىستانغا قاي ـ
تىش، ئىككىنچى، كاشغەرگە بېرىپ، مىرزا ئەبۇ بەكرى بى ـ
لەن ئۇرۇش قىلىش.

مۇزاكىرە ۋە كېڭىشىش نەتىجىسىدە، ئەبۇ بەكرى ياشى ـ
نىپ قالغانلىقى (60 ياشتا) ھەمدە ئۇنىڭ ئەسكەر باشلىقلى ـ
رىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سەۋەبلىك ئەبۇ بەكرى
بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۆزبېك بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قارى ـ
غاندا يەڭگىل بولىدىغانلىقى مەلۇم بولغاچقا، كېيىنكىسى
توغرا تېپىلدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار كاشغەرگە راۋان بولدى.

ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇ بەكرىمۇ
كاشغەر قەلئەسىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى. غايەت كەڭ ۋە
ئېگىز قەلئەنى يەتتە كۈندە تامام قىلدۇردى ھەمدە ئۇرۇش
قوراللىرىنى مۇكەممەل رەۋىشتە تەييارلاپ، يۇسۇپ ئىسىملىك
كىشىنى ئەسكەر بېشى قىلىپ، ئۆزى ياركەنتكە كەتتى.

سەئىدخان 4000 — 5000 كىشىلىك مۇنتىزىم ئەس ـ
كەر بىلەن، ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىر ـ
لىرى كاشغەرگە يېتىپ كەلدى. ئىككى ئارىدا قانلىق ئۇ ـ
رۇشلار باشلاندى. ئوق، نەيزە، قىلىچ، چوماق ۋە مۇشت ئۇ ـ

رۇشلىرى بولدى. كېچە - كۈندۈز ئۇرۇش قىلىشتى. بىر - نەچچە كۈندىن كېيىن، سەئىدخان تەرەپ كۈچلۈك كېلىپ كاشغەرنى ئالدى. شەھەر خەلقى ھەممىسى يۇرت - ماكان ۋە بالىچاقىلىرىنى تاشلاپ قاچتى. مىرزا ئەلى تاغايى بۇ يەردىكى غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، بىرنەچچە كىشى بىلەن سارىقول تەرەپكە بېرىپ، ناھايىتى كۆپ ئولجىلارنى ئېلىپ، ھېسابسىز قۇللارنى ھەيدەپ كەلدى. ياركەنت ئەتراپىدىكى ناھايىتى كۆپ يېزىلار تالاندى.

ئەبۇ بەكرى مىرزىنىڭ غايەت ئۇستا ۋە ئىشەنچلىك مىرۋەلى ئىسىملىك بىر قوماندانى بار ئىدى. ئۇ، ئۇنى بىر سىياسىي تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈردى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ بەكرىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرى ئاستا - ئاستا ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. ئەسكەر ۋە باشلىقلارنىڭ بولسۇن، ھېچقايسىسىدا تەرتىپ ۋە ئىنتىزام قالمىغانىدى. بىر تەرەپتىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئاجىزلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن كاشغەر ۋە يېڭىسارنىڭ ئېلىنغانلىق خەۋىرى ئەبۇ بەكرىنى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئۇرۇش قىلماي قاچتى. خەزىنىدىكى قىممەتلىك ماتا، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە جاۋاھىرلارنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، مەملىكەتنى ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا تاپشۇرۇپ، ياركەنتتىن قېچىپ كەتتى.

بەش كۈندىن كېيىن، جاھانگىر مىرزىمۇ قېچىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەمىرلەر ۋە باشقا كىشىلەردىنمۇ قېچىپ كەتكۈچىلەر كۆپ بولدى. ئەبۇ بەكرى مىرزا قاراڭغۇ تاغقا يەتكەندە، كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، «دۈشمەنگە قالمىسۇن» دەپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان قىممەتلىك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. قاپچۇقتىكى ئالتۇنلارنى

قاراڭغۇ تاغ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىۋاتقان ئاقتاش دەرياسىغا تۆكتى، يۈك ئارتىپ كەلگەن ئات ۋە تۆگىلەرنى ئۆلتۈردى، ئۆزى ئازغىنە يۈك بىلەن تىبەت تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تىبەتكە بېرىپ شۇنداق ئىشلارنى كۆردىكى، شەھەر بۇزۇلغان، خەلق نىزام دائىرىسىدىن چىققان! ئەبۇ بەكرى شۇ ھالنى كۆرۈپ، «ئۆلسەممۇ ئۆز يېرىمدە، ئىسلام شەھىرىدە ئۆلەي» دەپ قايتىشقا يول ئالغانىدى. خان تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن كىشىلەر ئۇنى تۇتتى ۋە بېشىنى كېسىپ خان ھۇزۇرىغا كەلتۈردى. سەئىدخان 920 ـ يىلى ياركەنتكە كېلىپ، تەختكە ئولتۇردى. خوتەنگە ئەمىر دائىم ۋە مۇھەممەدبېك مىرزىنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى.

ياركەنتتە ئەبۇ بەكرى مىرزىدىن كۆپ خەزىنە قالغانىدى. خان ئۆزىگە كېرەكلىكىنى ئالغاندىن كېيىن، شەھەرنى كۆپىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ تالاتقۇزدى، ئەبۇ بەكرىنىڭ 40 يىل مابەينىدە توپلىغان خەزىنە ۋە دۇنياسى بىر كۈندە تالىنىپ تۈگىدى.[1]

سەئىدخان 938 ـ يىلى تىبەت غازىتىغا بارغانىدى. ئىسكەندەر ئىسمىلىك ئوغلى بىلەن ھەيدەر مىرزىنى كەشمىرگە ئەۋەتكەنىدى، سەئىدخان قىشنى تىبەتتە ئۆتكۈزۈپ، ياز كۈنى ياركەنتكە قايتىشىدا، يولدا ۋاپات بولدى. 20 يىل

① بۇ ھەقتە «قەشقەر تارىخى»نىڭ 168 ـ بېتىدە مۇنداق يېزىلغان: مىرزا ئەبۇ بەكرى ئالتەشەھەردە تامامىي شان ـ شەۋكىتى بىلەن مۇستەقىل ھالدا 44 يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. لېكىن، ھىجرىيە 937 ـ يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ خۇرۇج سېلىشى بىلەن شۇنچە پىداكارلىق ئارقىلىق ئىگە بولغان مەملىكەت ۋە سەلتەنەتنى قولدىن بېرىپ قويىدى. ئەبۇ بەكرى مىرزا ئەبۇ سەئىد سۇلتاننىڭ قىلىچىدىن قورقۇپ تىبەت تاغلىرىغا قاراپ يول ئالدى. ئەبۇ سەئىدخان ئەبۇ بەكرىدىن قالغان خەزىنە ۋە مەملىكەتلەرنى تالان ـ تاراج ۋە ئىستېلا قىلدى.

ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەيرى ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۆزبېكتۇر. سەئىدخان بولسا ئەخمەت خاننىڭ ئوغلى بولۇپ موغۇلدۇر. ياركەنتنى ئىستېلا قىلغۇچى كىشىمۇ دەل شۇ سەئىدتۇر (ن.ي).

يۇرت سوردى، 47 يىل ئۆمۈر كۆردى.

سەئىدخان مىللىي ئەدەبىياتنى سۆيەتتى ۋە ئۆزىمۇ شې-ئىرلار يازاتتى، ئۇنىڭ ئۆزى پۈتكەن شېئىرلىرىدىن بىرى بۇدۇر:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار،
بىر سۆچۈك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى بار،
يۈزى ئۈزرە كاكۇلى زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى،
ئەي سەئىد، ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

## ئابدۇرېشىت خان

سەئىدخان ياركەنتنى ئالغاندىن كېيىن، موغۇلىستاندى-كى قىرغىزلارغا باش قىلىپ، ئەمىر مۇھەممەدى (قىرغىز)نى ئەۋەتكەندى، مۇھەممەدى قىرغىز خەلقىنى ئۆزىگە بويسۇن-دۇرغاندىن كېيىن، ئۆزبېك خانلىرى بىلەن پۈت تېپىشىشكە باشلىدى. بىر چاغدا ئەبەيدۇللاخان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرگەندى. لېكىن كېيىن يەنە ئۇنى قويۇۋەتتى، كېيىنچە، موغۇلىستاندا مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. مانا شۇ سەۋەبلىك (قولغا چۈشكەن ئەبەيدۇللانى بوشىتىشى ھەم ئۇنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى سەۋەبلىك) مۇھەممەدى قىرغىز سەئىدخاننىڭ قانۇنى بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغا-نىدى، لېكىن قانداق سىياسەت تۈپەيلىدىندۇر، ئۇ ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتقۇزۇلۇپ، زىندانغا تاشلاندى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ يەردىكى قىرغىزلار باشلىقسىز باشباشتاق قالغان ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆزبېك خانلىرى ئۇ يەرگە قول ئۇزىتىشقا

باشلىغانىدى.

سەئىدخان بۇنى چۈشىنىپ، ئوغلى ئابدۇرېشىتنى مو-غۇلىستان قىرغىزلىرىغا باش قىلىپ ئەۋەتتى. ئابدۇرېشىت خان ھىجرىيە 928 - يىلى خانلىق تەختىگە ئولتۇردى، مۇ-ھەممەدى قىرغىز زىنداندىن چىقىرىلغانىدى، ئۇ ئابدۇرېشىت خانغا قارشى ھەرىكەتتە بولمىدى.

ئابدۇرېشىت خان 934 - يىلى بولور غازاتىغا بېرىپ، قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن غەلىبە قازىنىپ، بولور خەلقى-نى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. بولور خەلقى غەيرىي مۇسۇلمان ھەم-دە بەدەۋى بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقتىنى ئۆزئارا ئۇرۇشلار بىلەن ئۆتكۈزەتتى. تاغۇ تاشلار ئارىسىغا تارقىلىپ، تۇرلۇك گۇ-رۇھلارغا بۆلۈنۈپ، بىر گۇرۇھ ئىككىنچى بىر گۇرۇھنىڭ مال - مۈلكىنى تالاش بىلەن كۈن كەچۈرگۈچى بۇ بەدەۋىلەر ئاخىرى ئابدۇرېشىت خانغا باش ئەگدى.

ئابدۇرېشىت خان ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا ئاقسۇدا تۇراتت-تى. سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پايتەختنى يار-كەنتكە كۆچۈردى.

ئابدۇرېشىت خان كەلگەندىن كېيىن، مەنسۇرخان ئاق-سۇغا ھۇجۇم قىلغانىدى، لېكىن ئابدۇرېشىت خان ئۇنى تېزلا چېكىندۈردى.

ئابدۇرېشىت خان سېيىت مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈر-گەندىن كېيىن، باشقا ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەمسىز-لىنىپ، ھەر تەرەپكە تارقىلىشقا باشلىدى. ئەلى تاغايى مىرزا قارا تېگىن تەرەپكە قاچتى. بەزىلىرى خوتەنگە بېرىپ، ئو-چۇقتىن - ئوچۇق قارشىلىشىشقا باشلىغانىدى. لېكىن، ئابدۇرېشىت خان بۇ ئىختىلاللارنى تېزلا باستۇردى، توپىلاڭ ۋە ئىختىلال باشلىقلىرىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى.

شۇ ماجىرالاردىن كېيىن، ئابدۇلېتىپنى ئاقسۇغا، شوپى سۇلتاننى كاشغەرگە، قۇرەيشنى خوتەنگە ھاكىم قىلىپ قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئۆز بالىلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇلار ياخشى خىزمەت قىلدى.

يۇنۇس خان زامانىدىن بۇ زامانغا قەدەر، ئۆزبېك شەيبان، قىرغىز، قازاق ۋە موغۇللار ئارىسىدا ئازراقمۇ تىنچلىق بولمىدى. ئۇزۇن مەزگىل جەڭگى - جېدەل بىلەن ئۆتتى. كۆپ ھاللاردا قارشى تەرەپتىكىلەر موغۇللار ئۈستىدىن غەلىبە قىلاتتى. ئەمما، ئابدۇرېشىت خان قىرغىز، قازاق ۋە ئۆزبېكلەرنى ناھايىتى چىڭ تۇتتى. ئابدۇرېشىت خان زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قىرغىز، قازاقتىن بىرمۇ كىشى «خان» بولۇپ، توغ كۆتۈرۈپ چىققۇچى بولمىدى.

ئابدۇرېشىت خان تېنى ساغلام، ئۇرۇشقا ماھىر ۋە خۇش پېئىل، ئۇستا مەرگەن، شىجائەت ۋە ساخاۋەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانىسى ئىدى. ئۆزىنىڭ شېئىر ئوقۇشقىمۇ ھەۋىسى بار ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا قەلەندەر قىياپىتىگە كىرىپ ساياھەت قىلاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق مەملىكەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالاتتى.

شۇ قىياپەتتە خوتەنگە ساياھەت قىلىپ بارغانىدى. شۇ چاغدا ئەجىلى يېتىپ ۋاپات بولدى.

ئابدۇرېشىت خان ئاتىسى سەئىدخان ھايات ۋاقتىدا ئاقسۇدا ئون يىل يۇرت سورىدى. كېيىن ياركەنتكە كېلىپ مۇستەقىل پادىشاھ بولدى. 47 يىل يۇرت سوراپ، 52 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتتى. ئالتەشەھەر ۋە موغۇلىستاننى پۈتۈنلەي ئۆز باشقۇرۇشىغا ئېلىپ، تىبەت، بولور ۋە بەدەخشانغا قەدەر بارغانىدى.

1916 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، نوشىرۋان يائۇشېف



**ئىلاۋە** («كاشغەر تارىخى»دىن)

ئابدۇرېشىت خان ھىجرىيە 956 ـ يىلى، ئافغانىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان نەسىرىددىن ھۇمايۇن بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ۋە جالالىددىن ئەكبەرخان بىلەنمۇ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغانىدى. ھىجرىيە 963 ـ يىلى ھۇمايۇن ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەكبەرخان چىققانىدى. ئابدۇرېشىت خان شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جالالىددىن تەرەپكە ئەلچىلەر ئۈمىكى ئەۋەتتى. ئۇلار سەئىد ئەكبەرخاننىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلىگەندىن كېيىن، ئابدۇرېشىت خان ئەۋەتكەن قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى 9 ــ 20 ـ سانى، 479 ــ 481 ـ بەتلىرىدىن).



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

# ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (4)

## ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئەۋلادى

ئابدۇرېشىتخان قازاق خانى جانىبېك ئوغلى ئەدىكنىڭ چوڭچوڭ ئىسىملىك قىزىنى نىكاھلاپ ئالغانىدى. چوڭچوڭ خانىمدىن ئابدۇلېتىپ، ئابدۇكەرىم، ئابدۇرېھىم، ئىبراھىم (سوپى سۇلتان)، ئەبۇ سەئىد ئىسىملىك ئالتە ئوغۇل تۇغۇلدى. قۇرەيش، مۇھەممەدباقى، مۇھەممەدشاھ، ئابدۇللا ئىسىملىك ئوغۇللىرى باشقا خوتۇنلىرىدىن بولغانىدى.

ئابدۇلېتىپ ئابدۇرېشىت خاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئاقسۇدا ھاكىم ئىدى. ئۇ قىرغىز، قازاق خەلقىنىڭ چىشىغا تەگدى. شۇڭلاشقا، قازاق خانى ھەقنەزەر مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولۇپ، قىرغىز، قازاقلار تەرەپ غالىب كېلىپ، ئابدۇلېتىپنى تۇتۇپ، ھەقنەزەر خانغا تاپشۇردى. ئابدۇلېتىپ شۇ يەردە شېھىت بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇرېشىت خان ھايات ئىدى. ئۇ ئەسكەر تارتىپ، ئىنتىقام ئېلىشقا كەلدى. قىرغىزلار ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇشقاندىن كېيىن، ھەقنەزەر خاننى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى شېھىت قىلدى. قىرغىز، قازاقتىن بىرمۇنچە تۆرە ۋە ئەمىرلەر قولغا چۈشتى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، قىرغىز، قازاق خانلىرى مۇنقەرز بولدى. ئەڭ ئاخىرقى «تۇغ»لىرى ياركەنتكە كەلتۈرۈلدى.

ئابدۇرېشىت خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، موغۇللارنىڭ قائىدىسى بويىچە، ياشقا چوڭلۇقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئاب-

دۇكېرىمنى خانلىققا كۆتۈردى.

ئابدۇكېرىم خان ئاتىسىدىن مىراس قالغان مۈلۈك ۋە خەزىنىنى «تەركە»① قائىدىسىگە بىنائەن، مۇۋاپىق رەۋىشتە ھەممە تۇغقانلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

شەرىئەت دەۋالىرىنى قازى ـ مۇپتىلار سورايتتى. شە-رىئەتكە ياتمايدىغان دەۋا ـ دەستۇرلار ئەمىرلەرنىڭ مەسلىھە-تىگە تاپشۇرۇلاتتى. خان ئۆزى ئۇلار ئۈستىدىن نازارەت قى-لىپ تۇراتتى. ئابدۇكەرىم خان پۇقراغا جەبىر ـ زۇلۇم سې-لىشتىن قاتتىق ساقلىناتتى.

بۇ بىچارە ئەسكەر ۋە قورال تۇتمىدى ۋە ھېچكىم بىلەن-مۇ ئۇرۇش قىلمىدى، تىنچلىقنى سۆيەتتى، دۇنيانىڭ ئىش-لىرىدىن كۆرە ئاخىرەت ئەمىلىنى ئالدىغا قوياتتى. 33 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، 63 يېشىدا ۋاپات بولدى.

مۇھەممەدخان ــ ئابدۇكېرىم خان ئابدۇلېتىپنىڭ ئور-نىغا ئىنىسى مۇھەممەدخاننى ئەۋەتكەنىدى. مۇھەممەدخان ئاقسۇنى ئاۋاتلاشتۇردى. لېكىن، كېيىن ياشلىق ھەۋىسى بىر-لەن نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاقسۇنى قولدىن بېرىپ قويدى، بۇ ئىش ئەسلى مۇنداق ئىدى:

شاھ خان (بىننى مەنسۇر) نىڭ ناھايىتى گۈزەل بىر قىزى بار ئىدى. كۇنلەرنىڭ بىرى بىر مەجلىستە ئەمىرلەر ھېلىقى قىزنى بەك ماختىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇھەم-مەدخاننىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى. ئۇ قانداق قىلىپ ئۇ قىزنى قولغا چۈشۈرۈشنى بىلمەي يۈرەتتى. دەل شۇ كۇنلەر-دە ئۇنىڭ تەلىيىگە يارىشا، شاھ خان قالماقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كەتتى. مۇھەممەد خانمۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بى-لىپ، ئەسكىرى بىلەن كۇچاغا يۈرۈش قىلدى.

مەلىكىنىڭ يېنىدا ھەر دائىم 100 قوراللىق ئەسكەر

① تەركە ــ ئۆلگەن كىشىدىن قالغان مال ـ مۈلۈك.

تۇراتتى. ئۇ قاياققا بارسا، ساقچى ئەسكەرلەرمۇ شۇ يەرگە باراتتى. مۇھەممەد خان كەلگەن كۈنى مەلىكە ئۆزىنىڭ ساقچى ئەسكەرلىرى بىلەن كۆچا ئەتراپىدىكى كىچىك قەلئەدە ئىدى. ئۇ بۇ يەردە تاماشا قىلىۋاتاتتى.

مۇھەممەدخان يېتىپ كېلىپ، مەزكۇر قەلئەنى مۇھاسىرە قىلدى. شۇ پەيتتە ساقچى ئەسكەرلەر ئىپپىنى تېپىپ، مەلىكىنى ئېلىپ شەھەرگە قاچتى، مۇھەممەدخانمۇ مۇرادىغا يېتەلمەي ئاقسۇغا ياندى.

شاھ خان ئۇرۇشتىن قايتىپ، بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى: «پېقىر شاھ خاننىڭ قىزىنى مۇھەممەدخان ئەسىر سۈپىتىدە ئوغرىلاپ ئالماقچى بولۇپتۇ، ساڭا كېرەك نەرسىنى كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام» دەپ، دەرھال ئاقسۇغا لەشكەر تارتتى. شاھ خان ئاقسۇنى مۇھاسىرە قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. بىرنەچچە كۈن ئۇرۇشقاندىن كېيىن شەھەرنى ئالدى.

مۇھەممەدخان ئۆلۈمدىن قورقۇپ، مىرمەھدى ئاتلىق كىشىنى شاھ خان يېنىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مىر مەھدى قولىغا «قۇرئان» تۇتۇپ، خان يېنىغا كېلىپ، مۇھەممەدخان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خەتنى سۇنغانىدى، شاھ خان غەزەپلىنىپ، ئەلچىنى ئېگىز بىر ئورۇندىن يەرگە تاشلاتقۇزدى. مۇھەممەدخاننى تۇتتۇۋېلىپ، «تۇغ»نى ئايىغىغا باغلاپ، تۈرلۈك ئازابلار بىلەن جېنىنى قىيناپ، چالىش[①]قا ئاپىرىپ قويدى. چالىش شەھەرچىسىدە بىر كۆل بار ئىدى. مۇھەممەدخاننى خوتۇنى بىلەن بىللە شۇ كۆل ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇق يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمىتىگە بىر كىشى تەيىنلىدى. مۇھەممەدخان شۇ يەردە بەش ئاي تۇردى. شاھ شۇجائىددىن ئىسىملىك ئوغلى شۇ كىچىك ئارالچىدا دۇنياغا كەلگەنىدى.

① چالىش ــــ قاراشەھەر.

كېيىنچۇ؟

كېيىن، ئابدۇكېرىم خان ئىنىسى مۇھەممەدنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنۈپ، شاھ خانغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۆتۈنۈش ئېتىبارغا ئېلىنىپ، مۇھەممەدخان ئازاد قىلىندى، شۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇھەممەدخان ياركەنتكە كېلىپ، ئاكىسى ئابدۇكېرىم خاننىڭ يېنىدا تۇردى، كېيىن كاشغەردە سوپى سۇلتان ۋاپات بولغاندا، مۇھەممەدنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئەۋەتتى.

ئابدۇكېرىم خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەختىگە يۇقىرىدىكى مۇھەممەدخان چىقتى. مۇھەممەدخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆز تۇغقانلىرىنى ھەرقايسى شەھەرلەرگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. كاشغەرگە ئەبۇ سەئىدنى ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمىر ئاللاھبەردىنى ئاتالىق قىلغانىدى.

ئابدۇكەرىم خاننىڭ ۋاپاتىدىن ئۈچ يىل كېيىن، ئۆزبېك خانلىرىدىن ئابدۇللاخان 100 مىڭ كىشى بىلەن كاشغەرگە كەلدى. ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كاشغەرنى ئالالماي، ياركەنتكە يۈرۈش قىلدى. قانلىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن يېڭىلىپ، ئۆز ئېلىگە قايتىپ كەتتى.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 9 — 21 ـ سانى، 511 — 512 ـ بەتلىرىدىن)

www.uyghurkitap.com

## ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (5)

چىڭگىزخاندىن كېيىن ھىجرىيە 7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئالتەشەھەر ئومۇمەن چاغاتاي خانلىقى باشقۇرۇشىدا بولۇپ، چاغاتاي ئەۋلادلىرى بىلەن موغۇل خانلىقلىرى ئارىسىدا پات ـ پات ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرغانىدى. ئالتەشەھەر شۇ دەۋرلەردە كۆپ قېتىم قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرغان.

ئالتەشەھەردە ۋە ئۆز مەملىكەتلىرىدە مۇنۇ كىشىلەر باش رول ئوينىغان: چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن توغلۇق تۆمۈرخان، ئەمىر سەييىد ئەلى ۋە مىرزا ئابابەكرى، موغۇللاردىن يۇنۇس خان، ئابدۇرېشىت خان ۋە مەنسۇر خانلار، قالماقلاردىن قۇنتاجى ۋە غالدان سىرىن.

ئالتەشەھەر شۇ مەزگىللەردە چىن چىڭگىزلىرى[1] باشقۇرۇشىدىمۇ بولغان.

موغۇل ۋە چاغاتاي ئەۋلادلىرى دىن ۋە قان ـ قېرىنداشلىق جەھەتتە بىر بولسىمۇ، ئارىلىرىدا ھەر ۋاقىت ئىختىلاپ ۋە ئاداۋەت ھۆكۈم سۈرگەن، زادىلا بىرلىشەلمىگەن. شۇڭا ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئۇزۇن داۋاملىشالمىغان، ئاقىۋەتتە چىن دۆلىتى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتىلىرىنىڭ مىلىدىن بالىلىرى مەنپەئەت ئالالمىغان. ئاتىلىرى يىغقان مالنى باشقىلار يەۋالغان. قىسقىسى، ئىختىلاپ سەۋەبلىك تۇتقۇن ۋە مەھكۇم بولغان. ئەگەر تاتار، موغۇل ۋە چاغاتاي خانلىرى ئۆزئارا ئۇيۇشقان بولسا، ئۇششاق

① چىن چىڭگىزلىرى — يۈەن سۇلالىسىنى كۆرسەتسە كېرەك.



ھۆكۈمەتلەر بىرلىشىپ بىر پۈتۈن ئىمپېراتورلۇقنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، ئېھتىمال بۇ ئىمپېراتورلۇق بۈگۈنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە مەڭگۈ سالامەت تۇرغان بولار ئىدى، لېكىن...، لېكىن...، بەك ئەپسۇس.

بىز بۇ كېيىنكى تارىخلارنى ئوقۇغىنىمىزدا شادلىق سەزمەيمىز، كۆزلىرىمىزدىن قانلار ئاققۇزۇپ ئوقۇيمىز... يازغان چېغىمىزدا قولىمىز ۋە قەلىمىمىز تىترەيدۇ.

## ئەبۇ بەكرى مىرزا

ئەمىر خۇدايداد ئەۋلادلىرىدىن ئەمىر سەئىد ئەلىنىڭ سانسىز ۋە ھەيدەر ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ھىجرىيە 842 ـ يىلى سەئىد ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى سانسىز مىرزا ئولتۇردى. سانسىز مىرزا كاشغەردە يەتتە يىل يۇرت سورىغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى.

سانسىز مىرزىنىڭ ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىدى، بۇلار كىچىك بولغاچقا، سانسىز مىرزىنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ھەيدەر مىرزا چىققانىدى.

ئەبۇ بەكرىنىڭ ئانىسىنى ھەيدەر مىرزا نىكاھىغا ئالغانىدى. ھەمشىرىسىنى دوست مۇھەممەدكە بەرگەنىدى. شۇڭلاشقا ئەبۇ بەكرى مىرزا 20 ياشقا قەدەر ھەيدەر مىرزىنىڭ يېنىدا ۋە ئاز ۋاقىت دوست مۇھەممەدنىڭ يېنىدا (ئاقسۇدا) تۇردى.

كېيىن ياركەنتكە كېلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ھۆكۈمەت تەسىس قىلدى ۋە ئالتە شەھەردە تامام شان ـ شەۋكىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن، 893 ـ يىلىدىن 937 ـ يىلىغا قەدەر 44 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ئەبۇ بەكرى باشقۇرۇشقا ماھىر كىشى ئىدى، مەملىكەت-

نى ناھايىتى تېزلا زورايتتى، ھەيدەر مىرزا بىلەن ئۇرۇش قىلىپ كاشغەرنى ئالدى.[1] ئالتەشەھەرنى پۈتۈنلەي ئۆز باشقۇرۇشىغا ئالغاندىن كېيىن، جەنۇب تەرەپتە تىبەتنى ئىشغال قىلىپ، كەشمىرگە قەدەر باردى. بەدەخشان ۋىلايىتىدىكى بەزى جايلارنىمۇ ئۆزىگە قاراتتى، كېيىن پەرغانە ۋە بۇخارانى ئېلىش نىيىتى بىلەن غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. پەرغانىدىن تارتىپ، ئوش، ئۆزكەنتكىچە بولغان شەھەرلەرنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. سۇلتان مەھمۇدخان[2] بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئاقسۇنى ئالدى، ھەتتا موغۇلىستانغا قەدەر ئۆز نوپۇزىنى كېڭەيتتى.

① ھەيدەر مىرزىنىڭ 30 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. ئەبۇ بەكرى 3000 كىشى بىلەن ئۇنى يەڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەيدەر مىرزا يۇنۇس خاندىن ياردەم سورىدى. يۇنۇس خان بىرىنچى قېتىمدا 15 مىڭ ئەسكەر بىلەن ياردەمگە كەلدى. ياركەنتتە ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلدى. ئىككىنچى قېتىم 60 مىڭ ئەسكەر بىلەن كېلىپ، ھەيدەر مىرزىغا بولۇشتى. بارلىقى 90 مىڭ ئەسكەر بىلەن ياركەنتكە كەلدى، بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرىنىڭ ئەسكىرى ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ 5000 غا يەتكەنىدى. ئارىدا ناھايىتى قاتتىق ئوق ـ سۇنگى ئۇرۇشى بولدى. ئاخىرى يېڭىلىپ، كاشغەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ھەيدەر مىرزا بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن كاشغەردە تۇرالماي، يۇنۇس خان بىلەن ئاقسۇغا كەتتى.

يۇنۇس خاندىن كېيىن، موغۇلىستاندا ئوغلى ئەخمەت خان ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەخمەت خان موغۇلىستانىنى سورىغان ئون يىل جەريانىدا ئۇ يەردىكى ئىختىلالنى پۈتۈنلەي باستۇردى، نۇرغۇنلىغان توپىلاڭچى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى. شۇ جۈملىدىن ئارلات ئەمىرلىرىنى پۈتۈن نەسلى بىلەن قۇرۇتتى. ئىسەن بۇغا خانغا قارشىلىق قىلغۇچى جوراس ئەمىرلىرىنىمۇ قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. قالماق خانلىرىدىن ئىسەن تايشى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قازاندى. قالماقلار ئەخمەت خاننى «ئالاچى» (قاتىل) دەيتتى. ئەخمەت خاننى «ئالاچە خان» دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. موغۇل ھۆكۈمىتى ئەخمەتخاننىڭ ئوغلى مەنسۇر خاندىن كېيىن 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇنقەرز بولغان.

② سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشىنىڭ شاھ بېگىم ئىسىملىك بىر قىزىنى يۇنۇس خان ئالغانىدى. ئاشۇ شاھ بېگىمدىن ئىككى ئوغۇل كۆردى. چوڭ ئوغلى مەخمۇت، كىچىك ئوغلى ئەخمەت ئىسىملىك. ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۇرۇشقان ۋە موغۇلىستاندا يۇنۇس خاننىڭ ئورنىدا مۇۋەققەت پادىشاھلىق قىلغان كىشى دەل مەخمۇت ئىدى (ن.ي).

ئەبۇ بەكرى مىرزا 44 يىللىق ھاياتىنى ئازراقمۇ بوش ئۆتكۈزمىدى. ئۇ ئىچكى ئىسلاھات ۋە مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مەدەنىيىتى يولىدىمۇ خېلى ياخشى ئىشلارنى قىلدى، يېڭى قانۇنلارنى چىقاردى. ئەبۇ بەكرى مىرزا گەرچە شەرىئەتپەرەس بولۇپ كۆرۈنۈشكە تىرىشىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە كۆپ ئىشلارنى ئۆز تەبىئىتىگە توغرا كەلتۈرۈپ قىلاتتى. دۇرۇس، ئۇ زالىم ئىدى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ناھايىتى قاتتىق جازالارنى قوللاندى. سىياسىي جەھەتتە، گۇمان قىلغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرەتتى ۋە بەزىلىرىنى يىراق ۋىلايەتلەرگە سۈرگۈن (نەفى بەلەد) قىلاتتى، سىياسىيغا ياتمايدىغان ئىشلاردا ئەيىبلەنگەنلەرنى زىندانغا سېلىش ۋە كۆپرەك قارا ئىش قىلغۇزۇش بىلەن جازالايتتى، لېكىن ھەر ھالدا ئىسلام ھۆكۈمىتى ۋە مۇسۇلمانلار ئاۋات ئىدى.

ئەبۇ بەكرى مىرزىنىڭ خەزىنىسى ناھايىتى مول ئىدى، 50 نەچچە تۈرلۈك يول بىلەن بايلىقىنى كۆپەيتتى.

ئەبۇ بەكرى مىرزا قەدىمكى خارابىلىكنى قازدۇرۇپمۇ كۆپلىگەن بايلىققا ئېرىشتى، بىر قېتىم «قازۇق» ناملىق بىر شەھەر خارابىسىنى قازدۇردى، تۇپىسىنى سۇ بىلەن چايقىتىپ، ئاندىن چىققان ئۇششاق نەرسىلەرنى تېپىۋالاتتى. شۇ تەرىقىدە ئىشلىتىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك نەرسىلەرنى تاپتى.

يەنە خوتەننىڭ كوناشەھەر خارابىلىرىدىن بىر خەزىنە تاپتى. بۇ يەردىن چىققان نەرسىلەر ناھايىتى قىممەتلىك ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردىن 27 دانە كۈپ تېپىلغانىدى. بۇ كۈپلەر ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئالتۇن ئاپتۇۋالار بار ئىدى. بۇ ئاپتۇۋىلارنىڭ ئېگىزلىكى بىر گەز مىقدارى بولۇپ، سۇ توشقۇزغاندا بىر ئادەم ئاران توشقۇزغۇدەك كېلەتتى. مىرزا ئەبۇ بەكرى بۇ كۈپلەرنى ئۆز خەزىنىسىگە قويىدى.

بۇ خارابىدىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ غەلىتىسى شوكى، بىر ئاپتوۋا تېپىلدى. بۇ ئاپتوۋنىڭ ئىچىدىن تۇر-كىيچە «جهت توى ختنه خمار خاتون (جەھەت توي خەتنە خۇمار خاتون)» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بىر خەت چىقتى، بۇ خۇمار خوتۇننىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكى ۋە قايسى زاماندا ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولمىدى.

ئاشۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى مىرزا خارابىلەرگە تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. ئەيىبلەنگۈچىلەر ۋە گۇناھكار كىشىلەرنى ئىشلىتىپ ياركەنت، كاشغەرنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىمۇ قازدۇردى ۋە كۆپ خەزىنىلەرنى تاپتى.① مىڭلىغان كىشىلەر بۇ ئىشقا ئىشلەيتتى.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«شورا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى 9 — 22 - سانى، 527 — 528 - بەتلىرىدىن).

---

① ياركەنت، خوتەن ۋە كاشغەر شەھەرلىرىنىڭ باشقا - باشقا ئورۇنلارغا كۆچكەنلىكى هازىرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ (ن.ي).



# دىنىي ۋە ئېتىقادىي بىر مەسىلە

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىدا دىنىي ۋە ئېتىقادىي مەسىلىلەر «قۇرئان كەرىم» ياكى ھەدىس شېرىپ بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. ئېتىقادىي مەسىلىلەرنىڭ ئاساسلىق كىتابلىرى خۇراپات ئارىلاشقان تەسەۋۋۇپ كىتابلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق كىتابلارنىڭ نۇرغۇن جايلىرى «قۇرئان» ئايەتلىرى ۋە ھەدىس مەزمۇنلىرىغا پۈتۈنلەي زىت. لېكىن بۇ مۆمىنلەر ئۇنى ئۇقمايدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى «قۇرئان» ئوقۇماسلىقتۇر. «قۇرئان» ئوقۇماسلىقنىڭ سەۋەبى بولسا، «بۇ زاماندا قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلگۈچى ۋە ئۇنىڭدىن خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشىنىپ يەتكۈچى كىشى يوق» دېگەن قۇرۇق پەتىۋادىن ئىبارەت.

مېنىڭچە، «قۇرئان كەرىم» ئىسلام قانۇنلىرىنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتاب بولۇپ، ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈندۇر، ئېنىق ـ روشەندۇر، پاساھەتلىك ۋە كەم ـ كۈتىسىزدۇر.

يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «‹قۇرئان›نى ئۆگىنىڭ ھەم ئۇنى باشقىلارغىمۇ ئۆگىتىڭ» دېگىنى ئاشۇ زامانغىلا خاس ئەمەس، بۇنىڭدىكى مەقسەت سۆزدە ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ مەنىسىدىدۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرپلىرىنىلا ئۆگىنىشتىن ھېچقانداق پايدا يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ زامانلاردا «قۇرئان كەرىم» تېخى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلمىگەنىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەنە «بىرەر كىشى مېنىڭ نامىمدىن

ھەدىس ئويدۇرۇپ چىقسا، سىز ئۇنى ‹قۇرئان›غا سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ، ‹قۇرئان›غا توغرا كەلمىسە، ئۇ مېنىڭ سۆزۈم ئەمەس»، دېگەن سۆزىمۇ كىشىلەرنى يەنە «قۇرئان» ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان»نى بىلمەي تۇرۇپ، باشقا سۆزلەرنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى، «قۇرئان كەرىم» چاتاق، چۇۋالچاق، بىر ـ بىرىگە زىت سۆزلەردىن خالىيدۇر. ئۇنىڭ سۆزلىرى، مەنىلىرى، قانۇنلىرىمۇ ئوچۇق، ئاساندۇر. مەنىسىنى چۈشىنىش، قانۇنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش قولايلىق ۋە پايدىلىق. ئاللاھ بەندىلەرنى كۆچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزلىرىمگە دەلىل قىلىپ، «قۇرئان» ۋە ئىسلام روھىغا يات بولغان ئېتىقادلارنىڭ بەزىلىرىنى بۇ يەردە يېزىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادىچە، ھەر شەھەردە بىر ۋەلىي بولىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بالا ـ قازالارنى ياندۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئۇلار «بالاكەردان»[1] دېيىلىدۇ. ئەگەر خەلق ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسا، ئۇلار كارامەت كۆرسىتىپ بالا ياغدۇرىدۇ. ئۇلارغا ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئاسان ۋە ھەرقانداق مۈشكۈلچىلىكنى يەڭمەك ئوڭايدۇر. ئۇلار كۆكتە ئۇچىدۇ، سۇدا ئۈزىدۇ. ھەرقانداق غايىبنى ۋە كۆڭۈلدىكىنى بىلەلەيدۇ، ئالەمنىڭ سىر ـ تېپىشماقلىرىنى يېشەلەيدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇلاردىن قورقماق ۋە تىلەك تىلىمەك لازىمدۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ يەردىكى ۋەكىللىرى ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ۋەلىيلەردۇر. ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئارىچىدۇر. ئۇلار ئۆلمەيدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ھاجەتنى ئۇلارنىڭ قەبرى-

[1] بالاكەردان — بالا ـ قازانى ياندۇرغۇچى.



لىرىدىن سورىساڭ بىرىدۇ. يەنى قازىيەلھاجاتتۇر (بارچە ئېھتىياجلىرىڭنى قاندۇرغۇچىدۇر.) ئىسىت ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىغا....

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىكى 9 — 22 ـ سانىنىڭ، 535 — 536 ـ بەتلىرىدىن).



# ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (6)

ھىجرىيەدىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرى تاتار ھۆكۈمەتلىرىنىڭ غايەت كۈچلۈك ۋە پارلاق زامانلىرىدا ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ئالتەشەھەردە راھەت كۈنلەر بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ يەرلەردە ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى خېلى ياخشى تەرەققىي قىلغانىدى.

ئالتەشەھەر ھىجرىيەدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردىمۇ گۈللەنگەن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىر داۋامىدا بارلىققا كەلگەن موڭغۇل ۋە چاغاتاي خانلىرى زامانىدىمۇ ئەھۋالى ئۇنچىلىك ناچار ئەمەس ئىدى. نېمىشقىدۇر، موڭغۇل ۋە چاغاتاي خانلىقلىرى مۇنقەرز بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇششاق ۋە پارچە ـ پۇرات مۇسۇلمان خانلىقلىرى قۇرۇلۇپ، ئالتەشەھەر بېشىغا بالا ـ قازا ئۆتلىرىنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن سوپى سۈپەت، شەيتان سۈرەت خوجىلار پەيدا بولۇپ، ئالتەشەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەنە شۇ خوجا ـ ئىشانلارنىڭ جەھرىيە ۋە خۇفىيەدىن ئىبارەت مەزھەپ بۆلگۈنچىلىكلىرى پەيدا بولۇپ خەلقنى ئىككىگە ئايرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق مەزھەپلىرى بارلىققا كېلىپ ئالتەشەھەرنى كېسەلگە مۇپتىلا قىلدى. ئاقىۋەتتە ئافاق خوجىدەك خائىنلار ئېلىنى قالماقلارغا تۇتۇپ بەردى.

ھىجرىيە 11 ـ ئەسىردىن بۇيان ئالتەشەھەر قان دەرياسىغا غەرق بولدى، قانلار ئاقتى، مۇسۇلمانلار قېنى!



ئالتەشەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سوپىلار مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن باشقا تۈزۈك بىرەر ئىش قىلمىدى. ھەتتا بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەن سۇلتانلار بىر - بىرى بىلەن ئۇچۇقتىن - ئوچۇق دۈشمەنلىشەتتى. ئوقيا، قىلىچ كۆتۈرۈپ سوقۇشۇپ كۈچلۈكى ئۆلتۈرەر، ئاجىزى ئۆلەر ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇنداق قان تۆكۈپ، ئاۋات شەھەرلەرنى خاراب قىلىپ گۇناھسىز ئاھالىنى مېلىدىن، جېنىدىن، بالىچاقىسىدىن ئايرىپ، ئۆزئارا تىنىمسىز سوقۇشۇشلىرىدىن مەقسەتلىرى نېمىدۇر؟ ئاڭسىز ۋە نادان خانلارنىڭ بۇنداق ۋەھشىيانە ھەرىكەتلىرىگە سەۋەب: ئۇلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. كېيىنكى خانلارنىڭ مۇنداق دىتسىز قىلمىشلىرى، مەنىسىز ئۇرۇش - تالاشلىرى مەملىكەت ئۈچۈن ساقايماس كېسەل بولدى. ئالتەشەھەر شۇنىڭدىن بېرى ھازىرغىچە بۇ كېسەلدىن ساقىيالماي كېلىۋاتىدۇ. ئەل - ئۇلۇس 300 يىلدىن بېرى شۇ كېسەلدىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ. بىچارىلەرنىڭ ھالى بەكمۇ ئېغىردۇر!

غەرەز ئۇقماسلىق بىز مۇسۇلمانلارغا شۇ زاماندىن مىراس قالغان بولسا كېرەك. ئەمدى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلايدىغان، مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە پەرۋاسىز قاراشنى ئۆزگەرتىدىغان، مىللەتكە پايدىلىق ئىشلاردا شەخسىيەتتىن كېچىدىغان ، جاھىل بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ھەربىر ئىش ۋە ھەربىر مەسىلىدە كۆزنى يوغان ئېچىپ، چوڭقۇر ئويلىنىشنى ئۆگىنىدىغان ۋاقىت كەلدى.

ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، كېسەلنىڭ سەۋەبى تېپىلسا ئۇنىڭغا دورا قىلغىلى بولىدۇ. كېسەلنىڭ سەۋەبى ئىختىلاپ ۋە بۆلگۈنچىلىكتۇر. بەس! ئەمدى شەخسىي ئاداۋەت ۋە غۇمنى



ئىچتىن چىقىرىپ تاشلاش كېرەك.

تۈركىستان ۋە ئالتەشەھەرگە دائىر قول يازما تارىخى بىر ئەسەرنى ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىپ نەشر مۇۋافقى بولغاندىم. لېكىن بۇ ئەسەردە پۈتۈنلەي يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ ئۆزئارا جەڭگى ـ جېدەللىرى بايان قىلىنغان. بۇ «قەھرىمانلار»نى تارىخ بەتلىرىگە كىرگۈزۈشنى خالىمىدىم، شۇڭا نەشر قىلىشتىن ۋاز كەچتىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك ۋە تارىخ بېتىگە لايىقلىرى ئابدۇرىشىت خان، بابۇر شاھ، ئابدۇللاخان، ئەخمەتخان، سەئىد خان ۋە ياقۇپبەگلەردۇر. بۇلار ھەققىدىمۇ قىسقىچە يېزىلىدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 9 ــ 23 ـ سانىنىڭ 552 ــ 553 ـ بەتلىرىدىن).



# تۈركىي تىل

«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 13 ـ سانىدا تىل مەسىلىسىگە دائىر بىر ماقالە بېسىلغان. ماقالە ئىگىسى رۇسچە «گوركى»، «كىسلى» سۆزلىرىگە تەڭداش تاتارچە سۆز تېپىلمىغانلىقى، توغرىسى تاپالمىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، بىزنىڭ تىلىمىز تېخى تولۇقى بىلەن ئىشلىتىلگىنى يوق. شۇ سەۋەبلىك، ئۆز تىلىمىزنى بىلمىگەن كىشىلەرگە كۆپلەپ ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن تەڭ تۈركىي تىلدىكى بارچە سۆزلۈك ۋە ئىستىلاھلاردىن خەۋەردار بولغان بىر كىشى ئۇنچىۋالا قايمۇقۇپمۇ كەتمەيدۇ. تۈرلۈك يەرلەردە ئىستىلاھ ۋە ئىستېماللىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن تۈركىي سۆزلەر بىر يەرگە يىغىلىپ پايدىلىنىلسا، «گوركى» ۋە «كىسلى»لەردىن باشقىمۇ نۇرغۇن تۈرلۈك ـ تۈمەن ياۋا سۆزلەرگە جاۋاب بەرگۈدەك نازۇك ۋە مەنىلىك سۆزلەر ئۆز خەزىنىمىزدىن چىقىدۇ ۋە تېپىلىدۇ. چۈنكى، تۈركىي تىل ئەسلىدە مۇنداق گاداي ۋە بىچارە تىل ئەمەس ئىدى. بىر زامانلاردا تىلىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىز، يېزىقلىرىمىز ھېچكىمنىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئەسەرلىرى تېپىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقلىرى، بۇلغار مەڭگۇ تاشلىرى بۇنىڭغا شاھىتتۇر. پەقەت زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈركلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭ تىلىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بىز ئەگەر بۇ ھەقتە تارىخقا كۆز يۈگۈرتسەك، تىلىمىزنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئامان قالغانلىقىغىمۇ

كۆپ شۇكرى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، تۈركىي تىل تۇرلۇك بالا ـ قازالارغا ئۇچرىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ تەركىلەپ ئەركىن ئۆسەلمىدى، ئىشلىتىلمىدى. ئۇنى ئىشلەتكۈدەك ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. مانا ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلى-تىشكە باشلايمىز، ئاللاھ خالىسا.

بۇ كۈنلەردە چاغاتاي ۋە ئالتەشەھەر تۈركلىرى ئارىسىدا بەك نازۇك ۋە بەك مەنىلىك ساپ تۈركچە سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەردىكى گۈزەل سۆزلەر ئومۇملىشىپمۇ قالار. بۇلار: قىمىز، قېتىق، لىمون، ئاپېلسىن، بالان ۋە مىلەش قاغى دېگەندەك نەرسىلەرنى «تو-رۇش» ھەم «ئاچچىق ـ سۈچۈك» دەيدۇ. ئەرەم، ھاراق ۋە چىي بالان دېگەندەكلەرنى «ئاچچىق» دەيدۇ.

يەنە «خاروشى»، «دوبرى» لارغا بىرلا تۈركىيچە سۆز بار، بىز «خاروشي»نىمۇ، «دوبري»نىمۇ ياخشى دەپلا تۇگ-تىمىز. ئالتەشەھەر تۈركلىرى بولسا، «دوبري»نىڭ ئورنىغا ياخشى، «خاروشي»نىڭ ئورنىغا «ئوبدان»نى ئىشلىتىدۇ. «ياخشى» سۆزى ۋە ياخشىلىق سۈپىتى بۇلارنىڭ چۈشەنچى-سىچە، ئادەمگە (مۇسۇلمان كىشىگە)لا خاس بولۇپ، «ئوبدان» سۆزى ھەممە نەرسىگە تەڭ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئوبدان ئات، ئوبدان كىشى دېمەك دۇرۇس. ئەمما ياخشى ئات، ياخ-شى...، ياخشى مال دېيىش بۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە مەنتىق-سىزلىكتۇر. قىسقىسى، بۇلار «ياخشى»نى «ئىزگۇ كىشى» دەپ چۈشىنىدۇ. «ئوبدان» سۆزى ئىنسان، ھايۋان ۋە باشقا ئەس-لىي نەرسىلەرگە سۈپەت بولغىنىدەك، بۇيرۇقتا بويسۇنۇشنى بىلدۇرۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن، «بازارغا بېرىپ گۆش ئال» دېگەن بۇيرۇققا بىنائەن، «ئوبدان» دەپمۇ جاۋاب بېرىدۇ.

يەنە «كېچە» سۆزىمۇ تۇرلۇك ئورۇندا تۇرلۇك مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. تاتارچە بۇ سۆز «ئۆتكەن كۈن» دەپ چۈشەن-

نىلسە، ئالتەشەھەرلىكلەر بۇ سۆزنى «تۇن» دەپلا چۈشىنىدۇ. ئۆتكەن كۈننى «تۈنە» ۋە «تۈنەگۈن» دەيدۇ. دېمەك، سۆزلۈكلەر ئوخشاش، پەقەت ئىشلىتىلىش ئورنىلا ئوخشاشمايدۇ.

تاتارچىدا ئىشلىتىلىۋاتقان چەت سۆزلەرگىمۇ ئالتەشەھەردىن ساپ تۈركچە سۆزلەر تېپىلىدۇ. بىراق، بۇ ھەقتە يېزىشنى كېيىنگە قالدۇرىمەن.

مەن بىر چاغلاردا، ئالتەشەھەرگە يېڭى كەلگەن ۋاقتىمدا يازغان بىر ماقالەمدە ئالتەشەھەر تۈركلىرىنىڭ «كۆپ» سۆزىنى بەش ـ ئالتە تۈرلۈك ئېيتىدىغانلىقىنى(كۆپ، جىق، تولا، نۇرغۇن، ئاۋۇن، كەڭرۇ دېگەندەك) يازغانىدىم. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ سۆزلەر ئومۇمەن «كۆپ» مەنىسىدە بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشىمايدىكەن. ھەربىر سۆز ھەربىر ئورۇندا، ھەر خىل نەرسىلەرگە نىسبەتەن كۆپلۈك ئورنىدا ئىشلىتىلىدىكەن. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئېنىق بېكىتىشكە بىرمۇنچە ۋاقىت ۋە تەجرىبە توپلىشىم كېرەك بولغاچقا، ھازىرچە بۇ ھەقتە ئارتۇق سۆزلىيەلمەيمەن. بۇلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىنلا سوراپ بىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. تىلدىكى نازۇكلۇقلارنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ يەردە ۋاقىت ۋە تەجرىبىدىن باشقا ياردەم يوق. كەڭرۇ: يەر، سۇ دېگەندەكلەرگە قارىتىلىدۇ. ئاۋۇن: ئۈششاق، قاداقلاپ، مىسقاللاپ ھېسابلايدىغان نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. نۇرغۇن: چەكسىز ۋە ھېسابسىز كۆپ مەنىسىدىرەك ئىشلىتىلىدۇ.

ئومۇمەن، تۈركىي تىل سۆزگە گاداي تىل ئەمەس. پەقەت ئىشلىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا قەدىرسىز بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرى تونۇلمايۋاتىدۇ. ئومۇمەن، سۆزلۈكلەردىكى ئايرىم خاسلىقلارغا قارىغاندا ئىشلىتىلىش ئۆزگىچىلىكىنىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكى چۈشىنىلىدۇ.

تۈركىي تىلنى بېيىتىش يولىدا ھەرىكەت قىلغۇچى زاتلار سۆزلەرنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشكە تىرىشسا بولاتتى. ئىشلىتىشتە سۆزلۈكنىڭ مەتىنىدىن چەتلەپ كەتمىگەنى ئىشلەتكەندە جايىدا ۋە مەنىلىك بولۇشىنى ئېتىبارغا ئالغان مەتبۇئاتىمىزنى ساپ سۆزلەر، پۈتۈك مەنىلەر بىلەن نۇرلاندۇرغاي. ئىشلەتكەندە سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، تىلىمىزنىڭ ئىسلاھى ئاساسسىز بولۇپ قالىدۇ. سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشى ئەسلىي مەنىسىگە يېقىن بولۇش بىلەن بىللە، يەنە مىللىي بولۇشىمۇ شەرتتۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، تۈركىي تىل ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكى ۋە تەبىئىي نازاكىتىنى يوقىتىدۇ. تىلىمىزنى سۆزلۈك ۋە جۈملە جەھەتتىن تۈزەتكىنىمىزگە ئوخشاش بالاغەت ۋە مەنتىق جەھەتتىنمۇ تەكشۈرۈشنى باشلاش ۋاقتى كەلدى. ئەسىرىمىز مەدەنىيەت ئەسىرىدۇر. تىلسىز ئىلىم ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلىنىش مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا تىللىرىدا يېزىلغان پەننىي ۋە ئىقتىسادىي ئەسەرلەرنىمۇ ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىشنى باشلايمىز. مانا شۇ چاغدا تولۇق ۋە مۇكەممەل تىلغا ئېھتىياجىمىز چۈشىدۇ. ھاياتلىق ئۈچۈن جان ئوزۇقى بولغان پەن - تېخنىكىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپادىلا ئىكەنلىكى ھەركىمگە ئايدىڭ ئىش. بەس، ئۇ ئىلىملارنى ئۆز ئارىمىزدا تارقىتىشتا تەرجىمىنىڭ نۇرغۇن پايدىسى تېگىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇنداق تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئارىمىزدا كۆپلەپ تارقىلىشى لازىم. قىسقىسى، پەن - تېخنىكىنى دۇنياغا تارقاتقۇچى ۋاسىتە تىل، قەلەم، كىتاب ۋە مۇئەللىمدۇر.

بۇ كۈنلەردە مەتبۇئاتىمىزدا چەت سۆزلەر ھەددەپ ئېششقا باشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىزنىڭ بۈگۈنكى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن چەتتە قالغانلىقىمىزدىندۇر. ئەگەر ئۇلاردىكى

پەننىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر دەسلەپىدىلا ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىپ، مەكتەپ ۋە مەدرىسەلىرىمىزگە كىرگەن بولسا، مەتبۇئاتتىكى يېڭى سۆز ۋە ئاتالغۇلار بىزگە يات تۇيۇلمىغان بولاتتى. لېكىن بۈگۈنگە قەدەر، بىز ئۆزىمىزگە خاس پەننىي مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنى قۇرالمىدۇق. بىرگىنە بولسىمۇ پەننىي مەكتەپ ۋە مەدرىسە كۆرمەي ئۆتتۇق. بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن بولسا بولۇر. بىز كۆرەلمىسەك ياشلار كۆرۈر. چۈنكى بىز ئۇنداق مەدرىسەلەرنىڭ لازىملىقىنى ئەمدىگىنە چۈشىنىۋاتىمىز.

مەزكۇر ئىلىملەرنىڭ ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئوقۇتۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئەھمىيىتىمۇ بار. بۇ ئۇسۇلدا ئۆگەنگەن ئىلىم مىللىيلىققا ئايلىنىپ، مەڭگۈگە ئۆزىمىزنىڭ بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ ئىلىملەر بىزنىڭ قولىمىزدا يەتكىلى بولمايدىغان نەرسىدەك تەلپۈنۈپلا قالىمىز ھەم بۇ پەنلەر، ئىلىم ۋە سەنئەتلەر ئارىمىزدا تەلەپكە لايىق تارقىلالمايدۇ.

ئىران خوراپاتلىرى ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلار ئارقىلىقى بىلەن تارقىلىپ، دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنلىكى مەلۇم. ئارىمىزدا تارقالغان خوراپات كىتابلىرى بىزگە ئۆز تەسىرىنى قانداق كۆرسەتكەن بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنىدىغان پەننىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ بىزگە شۇنداق تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىزگە ئورتاق تۈركىي تىلىنىڭ لازىملىقى شۇ چاغدا بىلىنىدۇ. دېمەك، XX ئەسىر مەدەنىيىتىدىن بەھرە ئېلىشنى ئويلىساق، تىلىمىزنى شۇ ئەسىرگە لايىق قىلىپ تۈزىتىشىمىز، ئىسلاھ قىلىشىمىز كېرەك.

ياشلىرىمىز ئىلىم ـ ھۈنەر قەيەردە بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ ئۆگىنىشى كېرەك. مىللىتىمىزنى ياشناتقۇسى كەل-



گەن ساخاۋەتچى بايلىرىمىز ئۆلارغا ياردەم قىلسۇن. شۇنداق قىلغاندا تىلىمىز ئەدەبىياتىمىز، مائارىپ ۋە مەدەنىيىتىمىز بىلەن تەڭ ئۆسىدۇ. تىل بىلەن مەدەنىيەت ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت ئاش بىلەن تۇزنىڭ مۇناسىۋىتىدەك قويۇقتۇر. ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - سانائەت دۇنياسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بالىلىرىمىزنىڭ تىللىرى ئۆزلۈكىدىن ئىسلاھ قىلىنغان تىل بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئەنە شۇ يولغا كىرگەندىلا، بىزنىڭ تىلىمىز XX ئەسىرگە لايىق بولۇپ تۇغۇلغۇسىدۇر.

نوشىرۋان يائۇشىپ، خوتەن

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى 9 — 24 - سانىنىڭ، 581 — 583 - بەتلىرىدىن).

# ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (7)

موڭغۇل ۋە چاغاتاي خانلىرى ئىنقىراز[1]غا يۈزلەنگەندىن كېيىن ئالتەشەھەر بىر مەزگىل قالماقلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇردى. قالماق خانلىرى بىر چاغلاردا شىمالدا سىبىرىيە، جەنۇبتا قەشقەر، تىبەت، شەرقتە چىن مەملىكىتى، غەربتە قىرغىز دالاسى[2]غىچە بولغان يەرلەرنى ۋە ئالتاي تاغلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىپ، موغۇلىستان رايونىنى بەرپا قىلدى. لېكىن ھىجرىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە مانجۇلار موغۇللارنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئالتەشەھەرمۇ ھىجرىيە 1170 ـ يىلىدىن 1240 ـ يىلىغىچە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلكىدە تۇردى.

ئالتەشەھەرنىڭ گاھ موڭغۇللار، گاھ مانجۇلار قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى توپ سەۋەب خوجىلارنىڭ خەلقنى ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈشى ۋە تەلىم بېرىشى ئارقىسىدا خەلقنىڭ ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دېگەن ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كېتىشىدىندۇر. مانا شۇ سەۋەبتىن خەلق كۈچىدىن كېتىپ، ھۆكۈمىتى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن بۇ بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاچچىق يېمىشىنى خوجىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ تېتىدى. ماللىرى، جانلىرى تالان ـ تاراج قىلىندى، ئىززەت ـ ئابرۇيى دەپسەندە قىلىنىپ، دىنىي ۋە مىللىي كەمسىتىشلەرگە ئۇچرىدى. تۇتقۇن، مەھكۇم، پېقىر، موھتاج

① ئىنقىراز — زاۋاللىققا يۈزلىنىش.

② قىرغىز دالاسى — قىپچاق دالاسىنى دېمەكچى.

بولۇپ ياشىدى.

ئىسسىت، بۆلگۈنچىلىك!

بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىدى - يۇرتلۇقلىن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزلىرى بىلمەيتتى. شۇڭا ئىختىلاپ ئارى-دىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. تا مۇشۇ كۈنلەردىمۇ بۇ ئاق تاغ-لىق، قارا تاغلىقلارنىڭ ئارىسى ئوت بىلەن سۇغا ئوخشاش بىر - بىرىگە قارشىدۇر. بىر گۇرۇھ زامانغا بېقىپ بىرەر ئىش قىلىشقا كىرىشسە، ئىككىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىشىنى بۇزۇشقا كىرىشىدۇ، مانا بۇ جاھالەت!

ھىجرىيە 1170 — 1240 - يىللىرىدا ئۆزبېك خانلىق-لىرى[①]مۇ ئۆزئارا سوقۇشۇشنى باشلىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئال-تەشەھەرگە ئۇ يەردىن ياردەم كەلمىدى. ئافغانىستان تەرەپ-تىن ياردەم كېلىش مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا ئافغانىستان ئىنگلىزلار قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا ئالتەشەھەر خەلقى بۇ دەۋردە ئىستىبدات ئاستىدا يا-شىدى. ئۇلارنىڭ ئاھۇ زارلىرىنى ئىشىتكۈچى ياكى كۆرگۈ-چىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى باشقىلارنىڭ ئالتەشەھەرنى قولغا كىرگۈزۈشتىن مەقسىتى خۇددى ئوۋ ئوۋلاشقا ئوخشاش قورساق تويغۇزۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس.

راست، ئالتەشەھەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن-دىن كېيىن سودا جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. چىن مال-لىرىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشتا ئالتەشەھەر كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. لېكىن بۇنىڭدىن پەقەت «ئاتى شەھەر»لا پايد-دىلاندى، يەرلىك خەلق ھامالىلىقتىن باش كۆتۈرەلمىدى.

① بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئۆزبېك» دېگەن مىللەت نامى ئومۇمىيلاش-مىغان بولسىمۇ، نوشىرۋان «دەشتى قىپچاق»تىن كەلگەن بولغاچقا، ئەسلى «دەشتى قىپچاق»تىن كۆچۈپ كەلگەن خەلقلەرنى «ئۆزبېك» دەپ ئاتاۋەرگەن. ھا-زىرقى ئۆزبېكلەرنىڭ نامى 1925 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىللەت نامى قىلىپ بې-كىتىلگەن.

شۇ دەۋردە ئۆچتۇرپان قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زور ئېقىمغا قارشى كىچىككىنە بىر كۆرۈنۈشلا ئىدى، خالاس. شۇڭا ئۇنىڭ تەسىرىمۇ قەدىر ئەھۋال ئىدى.

ھىجرىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى خېلى ئاجىزلاشقانىدى. بىر تەرەپتىن قىرغىزلار، ئىككىنچى ياقتىن قوقان خانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر تەرەپتىن خوجىلارمۇ ئالتەشەھەرنى يۇلقۇشلاپ تۇراتتى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى قوقان خانى مۇھەممەد ئەلى بىلەن يارىشىشقا مەجبۇر بولدى.

ھىجرىيە 1246 ـ يىلى[1] قوقان خانلىقى بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدا سوقۇش چىقتى. بۇ چاغ مۇھەممەد ئەلى خاننىڭ تازا كۈچىيىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. ئۇ قىرغىزلارنى يېڭىپ نارىنغىچە باردى. ئىلى رايونىنىڭ بىرمۇنچە يەرلىرىنىمۇ تالان ـ تاراج قىلدى. بۇ چاغدا چىڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي ئاجىزلىشىپ ئالتەشەھەرنى تاشلاپ كېتىش ۋاقتى يەتكەنىدى.

قوقان ئەسكەرلىرى بېسىپ كىرگەن يەرلىرىدە توختاپ بەزى ئورۇنلارغا يېڭى ئىستىھكاملارنى سالدى. تاشقورغان ئىستىھكامى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىنى، قۇرتقا قورغىنى نارىن تەرەپلەرنى مۇداپىئە قىلاتتى. بۇ جايلار ئۇرۇش تۇرغۇسىدىن بەك مۇھىم بولغاچقا، بۇ قورغانلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىغا توقماق بولۇپ تەگدى. ئاخىرى چىڭ سۇلالىسى مۇھەممەد ئەلى خانغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى. سۈلھىنىڭ بىر شەرتى، مۇھەممەد ئەلى خان قىرغىز، قازاق، خوجىلارنىڭ ئالتەشەھەرگە كىرىشىنى توسۇشى كېرەك ئىدى.

① مىلادىيە 1830 ـ يىلى.



مۇھەممەد ئەلى خان قىرغىزلار ۋە خوجىلاردىن ئىبارەت قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەرگە يارەم بېرىشنى ئورۇنسىز دەپ بىلىپ ھەمدە سوقۇشۇپ ئېلىشنى ئۈمىد قىلغان نەرسىدىن كۆرە، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئەۋزەل كۆرۈپ داڭلىق سودىگەرلەردىن ئالىمشاھنى باشلىق قىلىپ بېيجىڭغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. شەرتنامە بىرنەچچە ماددىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇھىملىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

كاشغەر، يېڭىسار، خوتەن، ئاقسۇ، ياركەنت، غۇلجا ۋە ئۇچتۇرپان شەھەرلىرىگە غەرب تەرەپتىن كىرىدىغان سودا ماللىرىدىن باج ئېلىش قوقان تەرەپنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. قوقان خانلىقى تەرەپتىن ئۇشبۇ شەھەرلەرگە سودا ئەمەلدارى قويۇلىدۇ. بۇ ئەمەلدارلار قەشقەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارىمىزنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. ئۇشبۇ شەھەرلەرگە كېلىدىغان قوقانلىق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار مەيلى قانۇن ـ نىزام، مەيلى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا بولسۇن مەزكۇر ئەمەلدارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدۇ. كاشغەر شەھىرىدە تۇرغۇچى ئەمەلدار قوقان خانلىقىنىڭ ۋەكىلى بولىدۇ. قوقان خانلىقى يۇقىرىقىدەك ئىمتىيازلار بەدىلىگە قەشقەر ۋە ئالتەشەھەرگە تاجاۋۇز قىلىشنى توختىتىدۇ ھەمدە قىرغىزلار بىلەن خوجىلارنىمۇ بۇنداق ئىشتىن توسايدۇ.

بۇ شەرتنامە تەستىقلانغاندىن كېيىن، ئالتەشەھەر ھىجرىيە 1262 ـ يىلى[1] غىچە ناھايىتى تىنچ تۇردى. قوقان خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى سىياسىي ۋەكىلى ئالىمشاھ ئىدى. بۇ كىشى قوقان خانلىقىغا بېرىلگەن ئىمتىيازلارنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئالتەشەھەردە قوقان خانلىقىنىڭ نو-

[1] مىلادىيە 1845 ـ يىلى.

پۈزى تېخىمۇ ئېشىشقا باشلىدى. قىسقىسى، بۇ شەرتنامىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسى تەگدى. لېكىن بۇ شەرتنامە ئۇزۇن داۋاملاشالمىدى، بۇ شەرتنامە مۇھەممەد ئەلى خاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى (1259 ـ يىلى) بىلەن ئەمەلدىن قالدى.[1]

## مۇھەممەد ئىمىن خان

ھىجرىيەنىڭ 1263 ـ يىلى[2] خوجىلاردىن مۇھەممەدئىمىن خان 500 ـــ 600 كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ قوقاندىن قاچتى. مۇھەممەدئىمىن قىرغىزلاردىنمۇ بىرمۇنچە كىشىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئوش يولى بىلەن قەشقەرگە كەلدى.

قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرىدىغان 3000 چىڭ ئەسكىرى مۇھەممەدئىمىن خانغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭىلىپ شەھەرگە كىرىۋالدى. مۇھەممەدئىمىن خان باشتا كوناشەھەرنى ئىگىلىمەكچى ئىدى. لېكىن قەشقەر خەلقى ئۇنىڭ يېڭىشەھەرنى ئالماي تۇرۇپ كوناشەھەرنى ئىگىلىشكە يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن خان ئالدى بىلەن يېڭىشەھەرنى قورشاۋغا ئالدى. لېكىن ئۇنى ئاسانلىقچە قولغا ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇ چاغدا قوقان خانلىقىنىڭ سىياسىي ئەمەلدارى نىيمەت خان قوقان

---

① ھىجرىيە 1259 ـ يىلى بۇخارا ئەمىرى نەسرۇللا خان قوقان خانلىقىنى بۇخارا خانلىقىغا قوشۇۋېلىش نىيىتى بىلەن مۇھەممەد ئەلى خان ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بەش ـ ئالتە ئايلىق قاتتىق سوقۇشتىن كېيىن نەسرۇللا خان تەرەپ يېڭىپ قوقان خانلىقىنى بويسۇندۇردى ھەمدە مۇھەممەد ئەلى خاننى بالىچاقىسى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈپ بۇخاراغا قايتتى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي قوقاندا كۆچلۈك ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ، بۇخارا ئەمەلدارلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ قوقان بۇخارانىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىندى. كېيىن قوقان خانلىرىنىڭ نەسلىدىن بولغان مۇرات خان ئىسىملىك كىشى خانلىق تەختىگە ئولتۇردى.

② مىلادىيە 1846 ـ يىلى.

سودىگەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شەھەرنى مۇھەممەد ئىمىن خانغا بېرىش قارارىغا كەلدى ۋە بىر كېچىسى شەھەر قوۋۇق-لىرىنى ئېچىپ بەردى. مۇھەممەد ئىمىن خان شۇ زامان شە-ھەرگە كىرىپ خان بولغانلىقىنى جاكارلىدى. يېڭىشەھەرنى ئېلىش ئۈنچىلىك قىيىن بولمىدى. مۇھەممەد ئىمىن خان يېڭىسار قەلئەسىنىمۇ قورشاۋغا ئالغانىدى، لېكىن ئۈرۈمچى تەرەپتىن چىنلىقلارغا 10 مىڭ كىشىلىك يېڭى ياردەم كې-لىشى سەۋەبلىك، ئۇلار بىلەن ئازراق سوقۇشقاندىن كېيىن قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن قوقانغا قاچتى. قەشقەر خەلقىدىن يۈز مىڭلاپ كىشى مۇھەممەد ئىمىن خانغا ئەگىشىپ قوقان خانلىقىغا ھىجرەت قىلدى. بۇ قىش ۋاقتى بولۇپ، ھاۋا ناھا-يىتى سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ئېگىز داۋانلاردىن، چوڭقۇر جىرالاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. قېرىشقاندەك بىر كۈنى قار يېغىپ، قاتتىق شىۋىرغان كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ھالاك بولدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاچلىقتىن، بەزىلىرى سوغۇق دەستىدىن ئۇششۇپ ئۆلۈپ كەتتى. بىر ياقتىن قىپچاقلار يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. مۇھەممەدئىمىن خان قەشقەردىن ئالغان غەنىيمەتلە-رىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. قاراقچىلار كۆپ كى-شىنى ئۆلتۈرۈپ، مۇھاجىرلارنى پاراكەندە قىلىشتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن قوقان خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلا-لىسى ئوتتۇرىسىدا يېڭى بىر شەرتنامە تۈزۈلدى ۋە سىياسىي ئەمەلدارلىققا يەنىلا نىمەت خان قويۇلدى.

مۇھەممەد ئىمىن خان قوقانغا قايتىپ يەتتە يىلدىن كېيىن، يەنى ھىجرىيە 1270 - يىلى يەنە قەشقەرگە كەلدى. لېكىن بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدەكلا ئۈرۈمچىدىن 5000 ئەس-كەرنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ تېزلا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

# ۋەلىخان تۆرە بىلەن ھەققۇلى مىڭبېشىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى

ھىجرىيە 1272 ـ يىلى[1] قوقان خوجىلىرىدىن ۋەلىخان تۆرە كاشغەرگە كەلگەنىدى. يېنىدىكى ئادىمى ئاز بولغانلىقتىن ھېچ ئىش قىلالماي قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. كېيىنكى يىلى كۆپرەك ئادەم توپلاپ، ھەققۇلى مىڭبېشىنىمۇ ئېلىپ كاشغەرگە كەلدى. ۋەلىخان تۆرە كاشغەرگە سۇقۇشمايلا كىردى. كاشغەرلىكلەردىن 5000 ـــ 6000 كىشىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. كېيىن پىدائىيلار قوشۇلۇپ ئەسكىرى 7000 ـــ 8000 غا يەتكەنىدى، يېڭىشەھەرنى قورشاۋغا ئالدى. لېكىن شەھەرنى كۈچ بىلەن ئېلىش مۇمكىن بولمىدى. چۈنكى شەھەردە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنتىزىم قوراللىق ئەسكىرى قوشۇلۇپ 20 مىڭ كىشى بار ئىدى. ئۇ كاشغەر يېڭىشەھەرگە ئېقىپ كىرىدىغان سۇنى بوغۇپ چەتكە ئېقىتىۋەتتى. شۇ سەۋەبلىك چىڭ ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدى. يېڭىشەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن ۋەلىخان تۆرىنىڭ سىپىگە قوشۇلىدىغان پىدائىيلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئاشتى. كۈچى زورايغاندىن كېيىن يېڭىسارنىمۇ قورشاۋغا ئېلىپ ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنىمۇ قولغا كىرگۈزدى.

ۋەلىخان تۆرە كاشغەرنى ئۆز ئىختىيارىغا ئالغاندىن كېيىن خەلقتىن ناھايىتى ئېغىر ئالۋان ـ ياساق ئېلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئەسكەر تەربىيەلەش ئۈچۈن پۇل كېرەك ئىدى. شۇنى دەپ ھەتتا بەزىدە كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىكى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىمۇ ئېلىشقا باشلىدى. قازان، چۆگۈن قاتار

[1] مىلادىيە 1855 ـ يىلى.

لىق تۆمۈر جابدۇقلارنى يىغىپ توپ ياسىدى[1] خەلق بۇنىڭ‐غىمۇ كۆندى. چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ خەلق بۇنىڭدىن‐مۇ ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ، جەبىر ـ زۇلۇمغا كۆنۈپ كەتكەنىدى.

ۋەلىخان تۆرىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئىش بىلەن خەلققە بېسىم ئىشلىتىشى قاملاشماي قالدى. ئۇ يەنە: قەشقەر خەل‐قى ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلىرىنى تاشلاپ قوقاننىڭ ئادىتىنى قو‐بۇل قىلسۇن، دەپ پەرمان چىقاردى. قوقان ئادىتىنى قوبۇل قىلمىغانلارنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭدىن باشقىمۇ ھەر خىل باھا‐نىلەر بىلەن ھەر كۈنى بىرنەچچە ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالات‐تى. كېسىلگەن باشلارنى دەريا بويىغا دۆۋىلەپ قوياتتى. خۇلاسە، ۋەلىخان تۆرىنىڭ زۇلۇمى چېكىدىن شۇنچىلىك ئې‐شىپ كەتتىكى، خەلق بۇرۇنقى چىڭ ھۆكۈمىتىنى سېغى‐نىشقا باشلىدى. شۇڭا غۇلجىدىن ئەۋەتىلگەن چىڭ ئەسكەر‐لىرىنى قەشقەر خەلقى مەمنۇنىيەت بىلەن قارشى ئالدى. سو‐قۇشتىن كېيىن ۋەلىخان تۆرە قەشقەرنى تاشلاپ ئەسلىي ۋە‐تىنىگە قايتتى.

كاشغەر خەلقى چىڭ ئەسكەرلىرىنى ھەرقانچە قارشى ئالسىمۇ، قاتتىق جازا ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. مۇسۇل‐مانلار چىڭ ئەسكەرلىرىگە ئۆز ساداقىتىنى كۆرسىتىشكە ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، چىڭ دائىرىلىرى ئۇلاردىن دائىم گۇ‐مان قىلاتتى. ئۇلار خوجىلار تەرەپدارى دەپ گۇمان قىلغانلار‐نى يوقىتىشقا باشلىغان بولۇپ، ھەر كۈنى يۈزلەرچە باشلار كېسىلەتتى. گۇمانلىقلارنىڭ بەزىلىرىنى قاتتىق ئازابلار بى‐لەن قىيناتتى. بۇ قېتىم چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلۇمى ئىل‐گىرىكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشقانىدى.

① بۇگۈنكى كۈندە ياشاغان كىشىلەر ۋەلىخان تۆرە زامانىدا ئون ئۆيدە بىرلا قازان قالغانىدى، دەپ سۆزلەيدۇ (ن.ي).

ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن كاش-
غەر خەلقى مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ ئىنتايىن ئاجىز،
گاداي هالەتكە چۈشۈپ قالدى.

ئېزىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، خەلقنىڭ يەر ـ زېمىنى-
دىن ئايرىلىپ قالغىنى ئاز كەلگەندەك، شۇ نامراتلىقى ئۇس-
تىگە يەنە بىر پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئالۋاننى تۆلەشكە مەجبۇر
بولدى. خەلق نامراتلىقتىن ئالۋان تۆلەشكە قۇربى يەتمەي
ئالۋان ئورنىغا ئەزىز بالىلىرىنى بېرەتتى ياكى بايلارغا سې-
تىلاتتى. ئالۋان ئېلىش ئىشى مۇسۇلمان مەمۇرلىرىنىڭ قو-
لىدا بولۇپ ئۇلار هۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن بىرنەچ-
چە هەسسە ئاشۇرۇپ ئېلىپ، ئاشقان قىسمىنى ئۆز چۆنتى-
كىگە سالاتتى. مەسىلەن، هۆكۈمەت ئاھالىدىن كىشى بېشىغا
بىر توپ بۆز ئېلىشنى بۇيرۇسا، ئۇلار بەش توپ ئېلىپ، قال-
غان تۆت توپنى ئۆزلىرى ئېلىپ قالاتتى. چىڭ مەمۇرلىرى
بۇ ئىشلارنى بىلمەيتتى، بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىگە ئاز
پارا بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنداقلارنى جازالايتتى.

سىياسەت ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان ۋە مۇنتىزىم ئەس-
كەرگە ئىگە بولمىغان چەلپەكچى خوجىلارنىڭ ئالتەشەھەرگە
كېلىشلىرى مانجۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشتىن باشقا
هېچ ئىشقا يارىمىدى. بىچارە يەرلىك خەلقمۇ ناداتلىقى سە-
ۋەبلىك خوجىلارنىڭ كارامەتلىرىدىن مەدەت تىلەپ ئالدىنات-
تى. ئۇنداق بولمىغىنىدا ياتلىرىدا 30 ـــ 40 مىڭلاپ قورال-
لىق چىڭ ئەسكەرلىرى تۇرغان يەردە، تاياق ـ توقماققا تايى-
نىپ كەلگەن يوغان سەللىلىك خوجىلارنىڭ سۆزلىرىگە كى-
رىپ كەتمەس ئىدى. كارامەت كۆرسىتىش بىلەن هۆكۈمەت
باشقۇرۇشقا مۇمكىن بولغان بولسا ئىدى، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە
دۇنيادا بۇخارادىن كۈچلۈك دۆلەت بولماس ئىدى. خوجىلار-
نىڭ كارامىتى بىرەر ئىشقا يارىغان بولسا ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ



چويۇن قازان، چۆگۈنلەرنى يىغىشقا ھاجەت قالمىغان بولات-
تى. ئۆلۈكلەرنىڭ ياردىمى، تىرىكلەرنىڭ دۇئاسى پايدا بېرى-
دىغان بولسا ئالتەشەھەر خەلقى بۇگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قال-
مىغان بولاتتى. خەلق ئاشۇ ئىشلارنىڭ قۇرۇق بىر خىيال-
دىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھېچبىر پايدىسى يوقلۇقىنى چۈشەن-
گەن بولسا، بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلار بولماس
ئىدى....

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدى-
كى 9 — 24 - نومۇرلۇق سانىنىڭ 583 — 585 - بەتلىرىدىن).

## ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (8)

ھىجرىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىن ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي ھالسىرىغانىدى. بىر ياقتىن ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار[①]، يەنە بىر ياقتىن ئىنگلىزلارنىڭ تاجاۋۇزى چىن ھۆكۈمىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن لىڭشىتىپ قويغانىدى. مەملىكەت پۈتۈنلەي مالىمانچىلىق ئىچىدە قالغان بولۇپ، گاھ تۆرىلەر، گاھ خوجىلار ئالتەشەھەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا ئىنتىلەتتى. ئەنە شۇنداق تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن ئالتەشەھەر پۈتۈنلەي تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتتى. خوجا ـ ئىشانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ قولىنى، بەزىلىرى پۇت ـ ئايىغىنى ئۈزۈۋالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە مەملىكەتنىڭ بېشى تەگكەن بولسا، يەنە بەزىلىرىگە باشسىز قۇرۇق گەۋدىسىلا تەگكەنىدى.

## ياركەنت ـ خوتەن سوقۇشى

ھىجرىيە 1280 ـ يىلى[②] ھەبىبۇللا خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئېھسان[③] خوتەن خەلقىنى قوزغاپ، بۇ يەردىكى چىنلىقلارنى قورشاۋغا ئېلىپ ئىككى ئايچە سوقۇشتى. بۇ سو-

① ھىجرىيە 1273 ـ يىلى يۈنەن مۇسۇلمانلىرى كۈچلۈك توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆز ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن تۇڭگان ۋە تارانچىلارنىڭ ئىسيانلىرى كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغلاردا خوجىلارمۇ ھەرىكەت قىلىۋاتقانىدى.

② مىلادىيە 1863 ـ يىلى.

③ توغرىسى ئابدۇراھمان خاندۇر.

www.uyghurkitap.com

قوشتا چىتلىقلار قىرىلىپ توگەي دەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن چىتلىقلار ھۆكۈمەتتىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا باشلىدى، ئامان قالغانلىرى ئەل بولدى. ئېھسان خان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەممە شەھەر - يېزىلىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئاھالە ئىچىدىن بىرىنى خان قىلىپ تىكلەش تەكلىپىنى بەردى. خەلق بىر ئېغىزدىن ئېھساننىڭ ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئېھسان ئاتىسىنى كۆرسەتتى. خەلق بۇنى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆرۈپ ھەبىبۇللا خوجىنى خان قىلىپ سايلىدى.

ھەبىبۇللا خان تولىمۇ ياخشى ئەخلاقى، ئوبدان مۇئامىلىسى ھەم يۇكسەك پەزىلىتى بىلەن تونۇلغان كىشى ئىدى. خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ ئەخلاقى بۇزۇلمىدى. مەملىكەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ھاكىمىيەت ئىشلىرىمۇ تەرتىپكە سېلىنىپ ئەسكىرىنىڭ سانى 70 مىڭغا يەتكەندى. ئۇنىڭ زامانىسىدا خەلق دوزاختىن قۇتۇلۇپ خۇددى جەننەتكە كىرگەندەك راھەتتە ياشاشقا باشلىغانىدى. لېكىن مۇنداق راھەت، تىنچ كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى.

شۇ چاغدا نىيازبەگ دېگەن بىر كىشىنىڭ ياركەنتتىن 30 مىڭ كىشى بىلەن خوتەنگە كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى[①]. ھەبىبۇللاخان ئوغلى ئېھساننى 40 مىڭ ئەسكەرگە باشلىق قىلىپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندۇردى. ئېھسان خان خوتەندىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى قۇمرابات دېگەن يەردە نىيازبەگنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي ياركەنتلىكلەر قۇمراباتقا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن مۇسۇلمانلىرى بىلەن ياركەنت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا قاتتىق سوقۇش

① بۇ يەردە بىر خاتالىق بار. لەشكەر باشلاپ كەلگىنى نىيازبەگ ئەمەس، ياقۇپبەگدۇر.

بولدى. بىر پەس سوقۇشقاندىن كېيىن ئېھسان خانغا مىلتىق
ئوقى تېگىپ ئۆلدى[1]. بۇنى كۆرگەن خوتەنلىكلەرنىڭ قاتتىق
غەزىپى كېلىپ ياركەنتلىكلەرگە قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن قارشى تەرەپ تەڭ كېلەلمەي ياركەنتكە قېچىش-
تى. بۇ سوقۇشتا ياركەنتلىكلەردىن 17 مىڭ كىشى ئۆلدى.

ھىجرىيە 1283 - يىلى خوتەنگە موسيو جونسۇن ئىس-
سىملىك بىر ئىنگلىز ئەمەلدارى كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن-
مىكىن ھەبىبۇللاخان ھىندىستان ۋالىيسىدىن ئۇمىد كۈتۈپ
ئىتتىپاقلىششقا تىرىشقان ئىدى. لېكىن ۋالىي (سىر جون
لورنس) بۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدى. ھەبىبۇللاخاننىڭ
ئىلتىماسىنى ئېتىبارغا ئالمىدى.

## سىدىقبەگ

كېيىنكى كۈنلەردە كاشغەردىكى مانجۇلار قۇتراشقا باش-
لىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن
تۈرلۈك ھىيلە - نەيرەڭلەرنى قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن،
شۇلاردىن بىرى مۇسۇلمانلاردىن سىپىلقىنى كەچۈرۈم قىلىپ،
مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتۇالدى. مۇسۇلمانلار بۇ-
نىڭغا ئىشىنىپ كېتىپ قوللىرىدىكى قوراللىرىنى مانج-
جۇلارغا تاپشۇردى. مانجۇلار كۆڭلىگە پۈككىنىنى ئەمەلگە
ئاشۇرغاندىن كېيىن بىر كېچىسى يېڭىشەھەردىن كوناشە-
ھەرگە كېلىپ قوۋۇق قاراۋۇللىرىنى ئالداپ شەھەر قوۋۇقى-
نى ئاچتۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە باستۇ-
رۇپ كىرىپ مۇسۇلمانلارنى قىرىشقا باشلىدى، قەتلىئام قى-
لىندى. مۇسۇلمانلار قانداقلا بولسۇن قوللىرىغا پالتا، پى-

[1] جەڭدە ئۆلگىنى ئېھسان ئەمەس، ئابدۇراھمان خاندۇر.



چاق، توقماق، خىش ـ كېسەك ئېلىپ قوغدىنىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن تەڭ كېلەلمىدى. چىڭ ئەسكەرلىرى قىلىچ غىلىپلىقنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. خوتۇن ـ قىز، ھەتتا سەبىي بالىلارمۇ ئامان قالمىدى. شۇ چاغدا بىر كىشى بالىلىرىنى ئوت ـ دەھشەت ئىچىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى سېپىلدىن ئارقان بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈپ قىرغىزلار بېگى سىدىقبەگكە شەھەر ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. سىدىقبەگ شۇ زامان 2000 ئاتلىق قوراللىق ئەسكىرى بىلەن كاشغەرگە كېلىپ شەھەرنى قورشاۋغا ئالدى. بىر كېچىسى ئامال قىلىپ شەھەرگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى. قىرغىز ئەسكەرلىرى چىن ئەسكەرلىرىنى ئايىماي قىردى، ئۆلمىگەن بىرىمۇ قالمىدى، ئامان قالدى دېگەندىمۇ ناھايىتى ئازدۇر.

سىدىقبەگ كوناشەھەرنى مانجۇلاردىن ئازاد قىلغاندىن كېيىن يېڭىشەھەرنىمۇ بىرنەچچە كۈنگىچە قورشاۋغا ئېلىپ تۇردى. كېيىن كاشغەر كوناشەھەرگە كېلىپ ھۆكۈمەت كۇرسىغا ئولتۇردى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ خوجا پەرەس كاشغەر خەلقى «بىزلەر خوجىلارنى پادىشاھ قىلماستىن، بىر قىرغىزنى پادىشاھ قىلمىمىزمۇ، بۇ بىزلەرگە نومۇس» دەپ قاراپ، سىدىقبەگكە قارشى ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. سىدىقبەگ بۇ ئىشنى سېزىپ «ھۆكۈمەت تەختىنى دەپ بۇ بىچارە، نادان ۋە ئاڭسىز مۇسۇلمانلار بىلەن سوقۇشماق ياخشى ھېكمەت ئەمەس» دەپ قاراپ، ھۆكۈمەتنى قوقاندىكى بۇزرۇكخان تۆرىگە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىپ، ھىجرىيە 1287 ـ يىلى[1] قوقان خانى ئالىم قۇلىغا ئادەم ئەۋەتىپ بۇزرۇكخان تۆرىنى تەلەپ قىلدى.[2] ئالىم قۇلى خان 30 — 40 كىشىنى

① مىلادىيە 1870 ـ يىلى.

② بۇزرۇكخان بولسا جاھانگىرخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، سىدىقبەگ جاھانگىرخاننىڭ سىڭلىسىنى ئالغانىدى. شۇ سەۋەبلىك سىدىقبەگ بۇزرۇكخان تۆرىنى چاقىرتقانىدى. جاھانگىرخان توغرىسىدا 1910 ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ماقالە بېسىلغانىدى.

ھەمراھ قىلىپ، ياقۇپبەگنى ئەسكەر بېشى تەيىنلەپ، بۇز-
رۇكخان تۆرىنى كاشغەرگە يولغا سالدى. بۇزرۇكخاننىڭ ئۆ-
تۈنۈشى بويىچە سىدىقبەگ كاشغەردە ۋاقتىنچە قىلىپ باش
ۋەزىرلىك مەنسىپىدە ئولتۇردى. ياقۇپبەگ ھەربىي خىزمەتتە
بولدى.

بۇزرۇكخان تۆرە كاشغەردە خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان-
دىن كېيىن، مۇرىت توپلاپ ئىشانلىق قىلىشقا كىرىشىپ
كەتتى. تەبىئىيكى ئۇ ھۆكۈمەت ۋە سىياسەت ئىشىدىن خە-
ۋەرسىز ئىدى. ياقۇپبەگ بولسا تولىمۇ زېرەك ۋە ئۆتكۈر
كىشى ئىدى. ئۇ بۇزرۇكخان خوجىنىڭ قولىدىن بىر ئىش
كەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ داۋاملىق خانلىق تەختى-
دە ئولتۇرۇۋەرسە، كاشغەرنىڭ قايتا كىشىلەر قولىغا چۈشۈپ
كېتىش ئېھتىماللىقىنى چۈشىنىپ، بۇ يولدا (مەملىكەت ۋە
ھۆكۈمەتنى قوغداش يولىدا) جىددىي چارىلەر كۆرۈشكە باش-
لىدى. بۇزرۇكخان راھەت - پاراغەتتە مەستخۇش بولۇپ يۈر-
گەن بولسا، ياقۇپبەگ پۇل توپلاپ قورال - ياراغ تەييارلاشقا
كىرىشتى. ياقۇپبەگ بىر تەرەپتىن سىياسىي نۇتۇق سۆزلەپ
ئۆز تەرەپدارلىرىنى كۆپەيتتى. ئۇ بۇ جەھەتتە غەلىبە قازانغا-
نىدى. ئاھالە ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ يېتىپ ياقۇپبەگ
تەرەپكە ئۆتتى. ئۇ سىدىقبەگ بىلەن كاشغەرلىكلەر ئارىسى-
نىمۇ بۇزۇشقا ئۈلگۈرگەنلىكتىن، سىدىقبەگ كاشغەردىن
كېتىشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە بۇزرۇكخان تۆرىگىمۇ بىلىن-
دۇرمەستىن قوقانغا بېرىپ ئالىم قۇلغا ياقۇپبەگ ئۈستىدىن
شىكايەت قىلدى. ياقۇپبەگ بولسا «سىدىقبەگنىڭ قوقانغا
قېچىپ كېتىشى ياخشىلىقتىن ئەمەس، ئۇ خانلىق مەنسىپى-
نى ئېلىپ كېلىپ، سىلىنى تەختتىن چۈشۈرمەكچى»، دەپ
بۇزرۇكخان تۆرىنى ئالدىدى. تۆرە تېخىچە غەپلەت ئۇيقۇسىدا
ئىدى. ئۇ ياقۇپبەگنى سىدىقبەگنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ھەممە

ئىشنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

بۇزرۇكخان تۆرە شۇ چاغدا ياركەنت ھاكىملىرىغا بىر پارچە نەسىھەتنامە يېزىپ، ئۇنى 300 ئەسكەر بىلەن ياقۇپ بەگدىن ياركەنتكە ئەۋەتتى. لېكىن ياركەنت ھاكىملىرى مۇستەقىل ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرۇش نىيىتىدە بولغانلىقتىن نەسىھەتكە قۇلاق سالمىدى، بەلكى بۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىپ سوقۇشۇشنى قارار قىلدى. ياقۇپبەگ دەرھال سوقۇشۇشقا تەييارلاندى. لېكىن ياقۇپبەگنىڭ ئەسكىرى ياركەنت ئەسكەرلىرىدىن بەك ئاز ئىدى. شۇڭا يېڭىلىپ قالدى. بۇ خەۋەر كاشغەردىكى بۇزرۇكخان تۆرىگە يەتكەندىن كېيىن ئۇ قورقۇش ئارىلاش ئاچچىقلىنىپ «بىمەھەل ھەرىكەت قىلىپتۇ، تېخى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ تىنچ تۇرغان چېغىمىزدا» دەپ ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بولدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەلدى. ياقۇپبەگ كاشغەرگە يېنىپ كەلمەي، ئەتراپتىكى يېزىلاردا توختاپ، پىدائىي تەشكىللەپ، يېڭىھىسار قەلئەسىنى قورشاۋغا ئالدى. ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان كاشغەردىكى تەرەپدارلىرى بۇزرۇكخان تۆرىدىن قېچىپ، يېڭىسارغا كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئەسكىرى كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ 600 كىشىنى مۇھاسىرە ئىشىغا قوشۇپ، 200 كىشى بىلەن ئەتراپتىكى شەھەر ـ يېزىلارغا يۈرۈش قىلدى.

ياقۇپبەگ ئوپال، ياندۇرما، ياپچان، قازانكۆل، پەيزاۋات يېزىلىرىنى ئۇرۇشمايلا ئالدى. چۈنكى بۇ يەرلەرنىڭ ئاھالىسى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بولۇپ، چىنلىقلار ئاز ئىدى. ئاشۇ سەۋەبلىك ئوڭاي بويسۇندۇردى. ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىپ يېڭىھىسارغا ياندى.

بۇ چاغدا چىنلىقلار ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا باشلىدى. شەھەر ئوت ئىچىدە قالغان

بولۇپ، كۆپلىگەن چىنلىقلار ئۆزلىرىنى ئوتقا ئاتقانىدى. شەھەر ئەل بولغاندىن كېيىن 400 چىنلىق ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئىمان ئېيتتى. ئىمان ئېيتمىغانلىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇشتى. ياقۇپبەگ يېڭىھىسارنى ئالغاندىن كېيىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن كاشغەرگە كېلىپ بۇزرۇكخان تۆرىگە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق «ئۆزلىرى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشقا ياراملىق كىشى ئەمەس ئىكەنلا، ئەمدى ياۋاشلىق بىلەن ئۆز ئىشلىرىنى قىلسىلا»، دەپ ئۇنىڭدىن خانلىق تەختىنى ئەپچىللىك بىلەن تارتىۋالدى. شۇ چاغدا پەرغانە تەرەپتىن 4000 ــ 5000 چە قىپچاق كاشغەرگە كېلىپ ياقۇپبەگكە ئىتائەت قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سابىق تاشكەنت قوماندانى بەگ مۇھەممەد، مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى ۋە ھەققۇلى مىڭبېشى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىدى: ھىجرىيە 1281 ـ يىلى[1] رۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى چېرنىيايېف چىمكەنتنى ئېلىپ، تاشكەنتكە يۈرۈش قىلغانىدى. ئۇ چاغدا مىرزا ئەھمەد تاشكەنتكە ھاكىم ئىدى. ھىجرىيە 1282 ـ يىلى تاشكەنتنى رۇسلار بېسىۋالغاندىن كېيىن مىرزا ئەھمەد قوقانغا كەلگەنىدى. تاشكەنت سوقۇشىدا ئالىمقۇلى خان شېھىت بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا قوقان خانلىق تەختىگە خۇداقۇلى دېگەن كىشى ئولتۇرغانىدى. شۇ چاغدا خۇدايارخان بۇخارالىقلار بىلەن تۈركمەنلەردىن بىرمۇنچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ قوقانغا كېلىپ خۇداقۇلى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تۇتۇش قىلدى. خۇداقۇلى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، ئۆز تەرەپدارلىرىدىن 10 مىڭ كىشى ۋە 30 دانە توپ بىلەن كاشغەر تەرەپكە قاچتى. خۇدايارخان 12 مىڭ كىشى

① مىلادىيە 1864 ـ يىلى.

بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ سوپى قورغان دېگەن يۇر-گە كەلدى. ئەنە شۇ چاغدا خۇدا قولى بىلەن بىللە كەلگەن قىپچاقلار سوقۇشتىن قېچىپ قەشقەرگە كەلدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قىپچاقلار ئەنە شۇلاردۇر. ياقۇپبەگ يېڭىشە-ھەردە چىنلىقلار بىلەن سوقۇشۇۋاتقان چاغدا بۇزرۇكخان تۆ-رە ۋە سىدىقبەگلەر ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقان بول-سىمۇ غەلىبە قىلالمىدى. ياقۇپبەگ ئۇلارنى قولغا ئالدى، بۇزرۇكخان تۆرىنى ئازاد قىلىپ ھەجگە يولغا سالدى. سىدىق-بەگنى زىندانغا تاشلىدى.

ياقۇپبەگ يېتىنچىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قوشۇنىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، مىرزا ئەھمەدنى قوماندان قى-لىپ، مارالبېشىغا يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا مارالبېشىدا 18 مىڭ چىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. شەھەر مۇداپىئەسى بەك چىڭ بولغانلىقتىن، قورشاۋ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. سېپىلنى توپ ئوقلىرى بىلەن بۇزالمىغاندىن كېيىن، شوتا بىلەن سې-پىل ئۈستىگە چىقىپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ھەر ئىك-كى تەرەپتىن زور چىقىم بولدى. ئاخىرى ياقۇپبەگ ئۆزى شەھەرگە كىرىپ ئەسكەرلەرنى رىغبەتلەندۈردى. بۇ تىرىش-چانلىق ئۈنۈم بېرىپ، ئاخىرى شەھەرنى ئالدى. ياقۇپبەگ موللاجان توخسانى شەھەرگە ۋالىي قىلىپ ئۆزى ياركەنتكە يۈرۈش قىلدى. ياقۇپبەگ ياركەنت شەھىرىنى قورشاۋغا ئې-لىپ دەھشەتلىك ھۇجۇملار قىلىپ كۆپ كۈچ چىقىرىپ، ئا-خىرى ياركەنت شەھىرىنىمۇ ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالدى. ئاندىن ياركەنت ھاكىمى نىيازبەگ بىلەن ئىسھاق خوجىنى ئالدىغا چاقىرىپ، نىيازبەگنى خوتەنگە، ئىسھاق خوجىنى كۇچاغا ۋالىي قىلىدىغانلىق بېشارىتىنى بەردى. مەھمۇد خوجىنى ياركەنتكە ھاكىم قىلىپ ئۆزى كاشغەرگە قايتتى.

ياقۇپبەگ تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن چىرايلىق ۋەدىلەرنى



www.uyghurkitap.com

بېرىپ كۆپ مائاش بەلگىلەپ، ھاكىم ۋە مەمۇرلارنىڭ كۆ-ڭۈللىرىنى ئۇتۇشنى بىلەتتى. يارامسىز مەمۇرلارنى بولسا ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ ئورنىغا يارامىلىق كىشىلەرنى قو-يۇشنى بىلەتتى. ياقۇپبەگ كۈچ ئىشلىتىشتىن كۆرە چىراي-لىق ۋەدىلەر، پۇل، سوۋغاتلارنى بېرىش يولى بىلەن دۈشمەن-لىرىنى ئالداپ مەقسىتىگە يېتەتتى.. چۈنكى ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ ئەھۋالى ۋە روھىيىتى شۇنى تەقەززا قىلاتتى.. ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى بۆگۈنكى كۈنلەردىمۇ يەنىلا شۇنداق بولۇپ، قولۇڭدا ئاقچاڭ بولسا، سوۋغاتلار بېرىپ تۇرساڭ ئۇلار سەندىن ئەزىز جانلىرىنىمۇ ئايىمايدۇ. قولۇڭدا ئاقچاڭ، بېشىڭدا ئەقلىڭ بار بولسا، پادىشاھلىق ئۆزى ئال-دىڭغا كېلىپ تىزلىنىدۇ. پۇلى يوق ئەخمەقلەرگە بىر پارچە نان تېپىپ يېيەلمەكمۇ ناھايىتى قىيىندۇر. ناپالېئونمۇ شۇنداق دېگەنىدى: «مەندە ئەقىل بار، دۇنياغا ھۆكۈمدار بولالايتتىم، لېكىن ئۇنىڭغا پۇلنى يەتكۈزگىلى بولمايدۇ».

ئۇزۇن سۆزنىڭ قىسقىسى، ياقۇپبەگ بەك ئەقىللىق كىشى ئىدى. قولىدا پۇلى بەك كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز ۋاقتىدا «تۇتۇلمىغان ئېيىقنىڭ تېرىسىنى ساتقان»دەك بەزى كىشىلەرگە تېخى مانجۇلار قولىدىكى شەھەرلەرنىڭ مەنسەپلىرىنىمۇ بېرىپ قوياتتى، خۇددى نىيازبەگ بىلەن ئىسھاق خوجىغا خوتەن بىلەن كۇچانىڭ باشلىقلىقىنى بەر-گەندەك...

ياقۇپبەگ ئەنە شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن خانلىق تەختىگە ئولتۇردى.

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«شۇرا» ژۇرنىلى 1917 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى 10 — 3 - نومۇرلۇق سانىنىڭ، 53 — 56 - بەتلىرىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (9)

## ياقۇپ خاننىڭ خوتەننى ئېلىشى

خوتەن ھۆكۈمدارى ھەبىبۇللاخان قوقان خانلىقىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش ئۈچۈن، خاس مەمۇرلار بىلەن ئوغلى ئىبراھىمنى يولغا سالغانىدى. ئۇ كاشغەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ياقۇپبەگ ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئىززەت - ھۆرمەتلەر كۆرسەتتى ھەمدە كۆپلىگەن سوۋغا - سالاملارنى بېرىپ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئىبراھىممۇ ئۇنىڭدىن كۆرگەن ئىززەت - ئىكراملاردىن سۆيۈنۈپ «سىر»نى ئېيتىپ قويدى. ياقۇپبەگ شۇ كۈنلەردە قوقاننىڭ ئورۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلغۇدەك ۋە ئۆز ھىمايىسىگە ئالغۇدەك كۈچى يوقلۇقىنى ئېيتىپ ئىبراھىمنى پۈتۈنلەي ئىشەندۈردى. مۇشۇنداق كۈنلەردە قوقانغا بېرىشنىڭ ئەھمىيەتسىز ئارتۇقچە ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەبىبۇللاخانغا ھۆرمەت ۋە ئىخلاسى بارلىقىنى ئېيتىپ ئىككى ئارىدا ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئىبراھىممۇ بۇ سۆزلەرنى ماقۇل كۆرۈپ، بۇنى ئاتىسىغا چۈشەندۈرۈپ ئىتتىپاق تۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە قوقانغا بېرىشتىن ۋاز كېچىپ خوتەنگە ياندى. ئۇ ئاتىسىغا يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتى: «بەدۆلەت بەك ياخشى ئىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش كېرەك ئىكەن»، دېدى. ھەبىبۇللاخان دۇنيا كۆرگەن، كۆپ





ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ: «ئوغ-
لۇم، ياقۇپ خان ئالدامچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى
مەملىكىتىمىزنى يۇتۇپ ئېلىشتۇر»، دېدى.

ياقۇپ خان شۇ ئىشتىن بەش - ئون كۈن ئۆتۈپ 10
مىڭ ئەسكەر بىلەن خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. شەھەرگە بىر
كۈنلۈك يولدا توختاپ ياركەنتتە بىرمۇنچە ئەسكىرىنى يو-
شۇرۇن قالدۇرۇپ، 5000 ئەسكەر بىلەن خوتەنگە كېلىپ
10 — 15 چاقىرىمچە يەرگە چېدىر تىكتى. يېنىدا
300 — 400 ئەسكەرنى قالدۇرۇپ باشقىلىرىنى يوشۇرۇپ
قويدى. ئاندىن ھەسەنجان ئىسىملىك بىر كىشىنى ھەبىب-
بۇللاخان ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. ھەسەنجان ھەبىبۇللاخان ھوزۇ-
رىدا مۇنداق مەزمۇندا سۆزلىدى: «مەنىۋى ئوغۇللىرى ياقۇپ
خان ئالىي ئېھتىراملار بىلەن جانابىڭىزغا سالام ئېيتتى.
ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ھەجگە بېرىش ئارزۇسى بار ئىدى.
لېكىن مەملىكەت ئىشلىرى بەك ئالدىراش بولغاچقا بېرىشقا
مۇمكىن بولمىدى. ئەمدى ھەجنىڭ بەدىلى ھېسابىدا ئىمام
جەپىرى سادىق ھەزرەتلىرىنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىش
ئۈمىدى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. يېنىدا 300 چە يولدى-
شىمۇ بار. خوتەن شەھىرىدىن ئۆتۈپ مەزكۇر مۇبارەك مازار-
غا بېرىشقا ياردەم قىلىشلىرىنى تىلەيدۇ. بۇ توغرىسىدا ھەز-
رەتلىرىدىن مەرھەمەت ئۈمىد قىلىپ جاۋابلىرىنى كۈتۈپ
قالدى».

ھەبىبۇللاخان ھەسەنجاننى باشقا ئۆيگە كىرگۈزۈپ، ئۆ-
زى بۇ ھەقتە ئويلاندى. سەل چۈشەنگەندىن كېيىن «ياق»
جاۋابى بەرمەكچى بولدى. لېكىن ئوغلى ئىبراھىم : «نېمىدىن
قورقىدىلا، ئاتا، ھېچ ئىش بولماس، ئىجازەت بېرىڭ، زىيا-
رەتكە يول بەرمىسەك بەلكىم ئاچچىقلىنىپ بىز بىلەن ئۇ-
رۇش قىلىشى مۇمكىن»، دېدى.



ھەبىبۇللاخان ئىشىنىڭ ھەقىقەتىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئوغلى ئىبراھىمنى ياقۇپ خان ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. ياقۇپ خان ئىبراھىمنى پەۋقۇلئاددە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. ئازراق سوۋغا بېرىپ ئۇنىڭ ئېغىزىنى مايلاپ، ياخشى، تاتلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. ئىبراھىم ئاتىسى يېنىغا كېلىپ: «بۇنىڭدىنمۇ ياخشى كىشى بولماس، ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىش لايىق ئىش ئەمەس»، دېگەنىدى، ھەبىبۇللاخان: «ئۇنداقتا ئۇنىڭ قېشىغا ئۆزۈم باراي» دېدى ۋە ئازراق كىشىنى ھەمراھ قىلىپ ياقۇپ خان ھوزۇرىغا باردى. ياقۇپ خان ئۇلارنى ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن چېدىرىغا چۈشۈرۈپ ھۆرمەت قىلدى.

شۇنداق تۇرغىنىدا، ئۇلارنىڭ چېدىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ھەبىبۇللاخاننىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. سوڭ ئىبراھىمنىڭ قول - ئاياغلىرىنى باغلاپ ھەپسىگە تاشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەبىبۇللاخاننى تۇتۇپ قول - ئاياغلىرىنى باغلاپ تاشلىدى. ياقۇپ خان ئۇنىڭ مۆھرىنى ئېلىپ بىر يارلىق يېزىپ مۆھرىنى بېسىپ خوتەن ۋەكىلىگە ئېلىپ بەردى. بۇ يارلىقتا شۇنداق يېزىلغانىدى: «مەنكى ياقۇپ بەگ يېنىدا تولىمۇ راھەت - قوۋناق تۇرۇپ-تۇرمەن. لېكىن ياقۇپ خاننىڭ ئايغاقچىلىرى چىنلىقلارنىڭ خوتەنگە كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. شۇڭا بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمىنى تېزلىك بىلەن ياۋا تەرەپكە ئەۋەتۇرسىز».

ھەبىبۇللا خاننى ئوغۇللىرى بىلەن بىر ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ياركەنتكە ئەۋەتكەندىن كېيىن ئەتراپتا يوشۇرۇپ قويغان ئەسكەرلىرىگە تېزلىك بىلەن خەۋەر بېرىپ ئۆزى 40 — 50 كىشى بىلەن خوتەن شەھىرىگە كەلدى. ياقۇپ خان خوتەن ۋەكىللىرىگە: «ھەبىبۇللا خان مېنىڭ چېدىرىمدا دەم

ئېلىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن شەھەرنى تاماشا قىلۇرغا كەلدىم»، دېدى. ۋەكىللەر خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا شەھەردە قالغان ئەسكەرلەرنى كۆرسەتتى. ياقۇپ خان ئۇلار-نىڭ ئەسكىرىي ئىنتىزامىغا تەھسىن ئوقۇپ تۇردى، كېيىن: «ھەبىبۇللا خان ھەزرەتلىرى كېيىن مېنىڭ ئەسكەرلىرىم بىلەن كېلۇرلەر، بىزلەر ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قىلىپ ئىت-تىپاقلاشتۇق»، دېدى ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇپ، ئەسكەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرنىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. ۋەكىللەر «خوپ» دەپ ئۇنىڭ دې-گىنى بويىچە ئىش قىلدى. شەھەردە بىرەر كىشىمۇ قالماس-تىن ھەبىبۇللاخانغا ئىستىقبال قىلۇرغا ئاتلاندى.

ئۇلارنىڭ شەھەردىن چىقىشى ھامان ياقۇپ خاننىڭ ئەسكەرلىرى (ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بۇيرۇق بويىـ-چە) شەھەرگە كىرىشكە باشلىدى. ياقۇپ بەگ ئەسكەرلىرىنى 300 ـــ 400 دەپ ئويلىغان خوتەن خەلقى ئۇلارنىڭ بىر تۇ-مەندىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ شۈبھىلەندى ۋە ھەبى-بۇللا خاننى ئىزدەشكە باشلىدى. ياقۇپ بەگ: «ئۇ ھازىرلا كېلۇر»، دەپ شەھەر خەلقىنىڭ گۇمانىنى يوقاتتى.

نىھايەت، « ھۆكۈمدارىمىز قېنى؟» دېگەن سوئالغا ياقۇپ خان: «ئۇ ۋاپات بولدى، ئەمدى ماڭا بويسۇنۇشۇڭلار كېرەك»، دەپ جاۋاب بەردى . شۇنىڭدىن كېيىن غايەت دەھشەتلىك ئۇ-رۇشلار بولۇپ قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. خوتەن خەلقى پۈتۈن-لەي دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى. خوتەنلىكەردىن 20 مىڭ كىشى ئۆلدى. ئۇچ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي سوقۇشقاندىن سوڭ بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇشتى.

ياقۇپ خان خوتەننى ئالغاندىن كېيىن نىياز بەگنى ھا-كىم قىلىپ بەلگىلەپ، ئۆزى كاشغەرگە ياندى. كاشغەرگە

مىربابا ئىسىملىك كىشىنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى.

ھەبىبۇللا خان ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلۈپ ياركەنتكە دەپنە قىلىندى.

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«شۇرا» ژۇرنىلى 1917 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى 10 — 5 - نومۇرلۇق سانىنىڭ، 109 — 110 - بەتلىرىدىن).





# تۈرلۈك مەسىلىلەر (1)

## 1. مۇنداق بولسا تىلىمىز قاچان تۈزىلىدۇ؟

ئالتەشەھەردە كورلا، كۇچا تەرەپلەردە تۈركىي سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۆز تىللىرىنى سۆيگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ بەك سۆيۈنگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىلىمىزنىڭ تۈزىلىشىگە چىنپۈتكەن ئىدىم. لېكىن كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى ئىمانىم بىر ئاز يۇمشاپ قالدى. چۈنكى، ئۇلار تۈركىيچە سۆزلەر بار تۇرۇقلۇق ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەرنى ئىشلىتىدىكەن.

يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇۋاتقان بىر مەكتەپنى كۆرۈشكە بارغانىدىم. مەن كىرىشىم بىلەن بالىلارغا قاراپ «قومۇ»(قوپۇڭلار) دېدى. بالىلارنى ئوقۇتۇپ كۆرسەتتى. بىرىمى ئەرەبچە، بىرىمى پارسچە، ئازراقى تۈركچە يېزىلغان سۆزلەرنى ئۆگىتىپتۇ. ئوقۇغان سۆزلەرنى بالىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، ئەرەبچە، پارسچە. ئىسىت، يېڭىچە مەكتەپكە! كونا مەدرىسە بولغان بولسىغۇ، سۆزلەپ ئولتۇرۇشىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. «ئولتۇرۇڭلار» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئىجلىسۇ» دېيىشكە قاتتىق خورلاندىم، ئاچچىقىم كەلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارنى سوتلىدىم، سىلكىشلىدىم.

كاشغەرلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈركلۈكىنى بىلمەيدۇ، تىللىرىنىمۇ سۆيمەيدۇ. مەككە ـ مەدىنىگە بېرىپ كەلگەنلىرى

«كېلىڭ» دېيىشنىڭ ئورنىغا «تەئال، تەفەززال» دېيىشىدۇ. ئىستانبۇلدا تۇرۇپ كەلگەنلىرى «تەشەككۇر ئەدەرىم، مەمنۇن ئولدۇم، ئەستەغفۇرۇللا، پەكى ئەفەندىم» دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئىلەشتۇرۇپ سۆزلىشىدىكەن. مىللىي ئەدەبىياتى، مىللىي مەتبۇئات ۋە ئانا تىلى مەسىلىلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. مانا مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەچ تۈرك تىلىنى تۈزىتىش، بىرلەشتۇرۇش قىيىنلىشىپ ئۇزاققا سوزۇلىدۇ.

ھېلىھەم، بىزنىڭ بۇزۇلۇپ كېرەكتىن چىققان تىلىمىز تۈركلۈك روھىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. بىز بىر - بىرىمىز بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ، سۆزنى ئەرەبچە بىلەن باشلايمىز. نېمە دەۋاتقىنىمىزنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەيمىز...! بىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە «رەھمەت» دەيمىز. كاشغەرلىكلەر «ھەشقاللا» دەيدۇ. بۇنى سۇ بەرگەن ئادەمگىلا ئېيتىسىچۇ كاشكى! بۇنىڭغا سۆز تېپىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئېيتىشقا يول يوق. نېمىشقا دېسەڭ، بۇ سۆزنىڭ ئورنىغا قازاقلار «كۆپ ياشا» دەيدۇ. دېمەك، سۆز بار، پەقەت ئۆزىمىز ئۇنى ئويلاپ كۆرمەيمىز.

بىر يىلى «شۇرا» دا «تىل يارىش» سەھىپىسى بىلەن ماقالىلەر يېزىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ ئىش تىلىمىزنى تۈزىتىش، ئۇنتۇلغان سۆزلەرنى تېپىش، يىغىش ھەققىدىكى ئەڭ ياخشى يول ئىدى. داۋاملاشسا ياخشى بولاتتى. نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى. «شۇرا» بۇ مەسىلىنى يەنە قوزغىسا بولاتتى. يەنە تۈركىي سۆزلەر ئۈچۈن ئايرىم بىر باب ئېچىلسا بولاتتى. تۈرلۈك شېۋىلەردە سۆزلىشىۋاتقان تۈرك خەلقلىرى ئارىسىدا يۈرگەن يىگىتلىرىمىز بار، ئۇلار مەتبۇئاتقا چىقمايۋاتقان سۆزلەرنى يازسا بولاتتى.

100 مىليوندەك تۈرك مىللىتىنىڭ ئانىدىن تۇغما تىلىسىز تۇرۇشى بەك زور كەمچىلىكتۇر. بىزدە ئەدەبىيات تۇغرىسىدا قەلەم تۇتقۇچىلار بار. لېكىن، تىل ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. مۇستەقىل بىر تىلغا ئىگە بولماي تۇرۇپ، ياراتقان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۈزى تېتىماس.

چۈنكى، بىز ھەممىلا جەھەتتە ئارقىدا قالدۇق. بىزدە ئىلىم ـ پەن پۈتۈنلەي يوق. بۇلارنى چەت تىللاردىن تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. تەرجىمە ئۈچۈن تىل كېرەك، ئاتالغۇ كېرەك.

تىلىمىزنى تۈزىتىشكە كۆپ ۋاقىت كېرەك، تۈزەتكەندە تۈركچە ئاتالغۇلار يېتىشمىسە، چەت تىللاردىن بولسىمۇ ئېلىپ ئۆزىمىزنىڭ قىلىش كېرەك. مەسىلەن، ئىنگلىزلار، فىرانسۇزلار، رۇسلار، نېمىسلارمۇ پارسچە، ئەرەبچە، تۈركچە سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ مۇكەممەل بىر تىل ياراتقان. مەسىلەن، ئىنگلىزلار «بۇرادەر» سۆزىنى ئۆزلەشتۈرۈپ «بىرودېر» دېگەن. رۇسلار «سېۋەت»نى «سۇبوتا» دېگەن...

ئەگەر بۈنىڭغا ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەت قىلمىنىسا، 30 ــ 40 يىلدىن كېيىن، كاشغەر ۋە باشقا ئالتەشەھەر تۈركلىرى بۇخارا ۋە سەمەرقەنت تۈركلىرىدەك ئۆز تىللىرىنى ئۇنتۇشقا باشلىشى تەبىئىيدۇر.

## 2. تاتار زېمىنى

يەر يۈزىدىكى مەۋجۇت تۈرك باللىرى تاتار نەسلىدىن تارقالغان تارماقلاردۇر. بۇ كۈندە يەر يۈزىدە قانچىلىك تۈرك ئەۋلادى بولسا، شۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تاتار ئىكەنلى-

كى تارىخ ئەھلىگە مەلۇم ھەقىقەتلەردىندۇر.

تاتار تىلى، تاتار تارىخى، تاتار ئەدەبىياتى، تاتار ھۆكۈمىتى، تاتار زېمىنى ئەزەلدە بار نەرسىلەردۇر. پەقەت زاۋاللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاتار مىللىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شان ـ شەۋكىتى ئۇنتۇلغان.

مەن ھازىرچە تاتار زېمىنى دېگەن سۆز ھەققىدىلا يازدىمەن. بۇ سۆز ئالتەشەھەر خەلقى ئاغزىدا دائىم سۆزلىنىپ، ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئالتەشەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىنى تاتار زېمىنى دەيدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە «تاتار»نىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر مىللەت ئاغزىدىن شۇنداق بىر سۆزنىڭ چىقىشى بىر ئاز يوچۇن تۇيۇلسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ ئىلمىي نۇقتىدىن توغرىلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، بۇ بىر تارىخىي سۆزدۇر. بۇ ھەقتە مەشھۇر تۈرك شائىرلىرىدىن نەۋايى ھەزرەتلىرىمۇ:

> ھەر قامىشدىن شەكەر ئۈنمەس، ھەر تىكەندىن تازە گۈل،
> ھەر كېيىكنىڭ كىندىكى، نافىئ تاتار ئەمەس،
> دېمە يۈزمىڭ خوتەن گۈلزارىدۇر بۇ، دېمە خىتا نافىئ تاتارىدۇر بۇ.

مۇشك ـــ نافىئ ـ تىبەت ئىپارىدۇر، ئۇ خوتەن ـ قاراقۇرۇم تاغلىرىدىنلا چىقىدىغان نەرسە بولۇپ، بۇنىڭ تاتارغا باغلىنىشى، يەنى خوتەن ئەتراپىدىكى تاغلاردا چىقىدىغان ئىپارنىڭ تاتارغا باغلىنىشى بۇ يەرلەرنىڭ تاتار بىلەن باغلىنىشلىق يەرلەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىسپاتلايدۇ.

يەنە ياركەنت ئەتراپىدا، تاتار كەنت، كونا تاتار، تاتار تاسقاما دېگەن بىرنەچچە يېزا بار. بۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش. بۇ ئىسىملارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئال-

تەشەھەردە تاتارلارنىڭ ياشىغانلىقى ھەقىقەتتۇر. بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەردە ياشىغۇچى تۈركلەر تىل ۋە ئەدەبىيات، مۇزىكا - نەغمىلىرى بىلەنمۇ كونا تاتارلارنى ئەسكە چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ.

خۇلاسە، ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ تاتار زېمىنى دېگەن سۆزلىرى تارىخىي جەھەتتىن ناھايىتى قىممەتلىك بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ شەرھى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىدىن توم - توم كىتابلار پۈتىدۇ. بۇ مەلۇمات ھەققىدە نۇرغۇن پەننىي ۋە تارىخىي خۇلاسە چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاش ئۈچۈن يېڭىلىق ۋە ھەرىكەت كېرەك.

ئەمدى كۆڭۈلگە شۇنداق سوئاللار كېلىدۇكى: بۇ يەرلەر قاچاندىن باشلاپ تاتار زېمىنى دەپ ئاتالغان، تاتارلار قولىدا قانچىلىك تۇرغان ۋە قاچاندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن؟ مۇشۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى «شۇرا» دا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولسام ئۆزۈمنى بەختىيار ھېسابلىغان بولاتتىم.

## 3. نەفى ئىسپات

كاشغەردە بىرنەچچە خانىقا بار. بۇ خانىقالاردا ھەر جۈمە كۈنى ھەلقە - سۆھبەتلەر بولىدۇ. خانىقالاردا ياش - ئۆسمۈر يىگىتلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. زىكرى قىزىپ كەتكەندە، تېخى جۈمە نامىزى (ئۇنتۇلۇپ) ئوقۇلمايدىغان كۈنلەرمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئوقۇلغاندىمۇ پېشىن نامىزى بىلەن قوشۇپ ئوقۇۋېتىدىغان ئىش بار. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، «نەفىنى ئىسپات» قىلغان چاغدا، ياش يىگىتلەر دۇم چۈشۈپ ئۆلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ پەيتلەردە بىر خانىقادا ئالتە - يەتتە ياش يىگىت «نەفىنى ئىسپات» قىلغان چاغدا، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان ئىكەن.

«نەفى ئىسپات» تىنىماي تۇرۇپ، 11 دىن باشلاپ 100

غىچە «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېمەكتىن ئىبارەت. مانا شۇ سەھە-ۋەبلىك 1000 غا يەتكۈزۈشكە تىرىشىپ، قېتىپ قالغۇچىلار كۆپ بولغانىكەن.

كاشغەردە بۇ ئىش شۇنچىلىك تەرەققىي قىلغانكى، ئە-شەكچىلەردىن تارتىپ، ئەڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملەرگە-چە شۇ ئىشقا مۇپتىلادۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە مىڭلاپ ئەمىر ۋە مىڭلاپ نەھى بار. شۇ ئەمىر ۋە نەھىيلەرنىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ ئادا قىلالماي تۇ-رۇپ، «نەفى ئىسپات» يولىدا جان تەسلىم قىلىشتىنمۇ ئار-تۇق ئەخمىقانە ئىش بولۇرمۇ؟

«قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام شەرىئىتى تىنىقنى بوغۇپ ئۆلۈشنى هارام قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ئەخمەقلەر «نەفى ئىسپات» قىلىپ ئۆلگۈچىلەرنى شاهادەتكە يەتتى، دەپ هۆكۈم قىلىشىدۇ. ئىنسانغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق زالالەت بولۇرمۇ؟

تىنىقنى بوغۇپ تىلنى چايناشتىن نېمە پايدا بار؟ «وا علم انه لا اله الا هو»(بىلگىنكى، ئۇ يەقەت بىر ئاللاهتۇر. ئاللاهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر) ئەمرى ئىنسانلارنى بىرلىك ۋە بارلىق توغى ئاستىغا يىغىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھ-تىياجلارنى ئارىدىن كۆتۈرۈپ، سۆيگۈ ۋە سۆيۈلۈشكە چاقى-رىشتىن ئىبارەت. «قۇرئان»نىڭ، دىنىنىڭ روهىنى چۈشەنگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى هالاكەتكە ئاتمىغان بولاتتى. ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاشتا «قۇرئان كەرىم» مىڭ تەسەۋۋۇپتىن ئارتۇقتۇر.

## 4. قازاق مەتبۇئاتى هەققىدە

بىر چاغدا بىر ئىش سەۋەبى بىلەن قىرغىز - قازاق مەتبۇئاتىغا ئالاقىدار پاكىتلارنى يېزىپ، «شۇرا» غا ئەۋەتكە-

ىندىم. بۇ مەكتۇپ تەھرىر بۆلۈمىدە خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، يەنى «شۇرا» نىڭ 1916 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا بېـ. سىلىپ چىقتى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «شۇرا» نىڭ 3 ـ سانىدا قاپتاغاي ئەپەندىنىڭ تەنقىدىمۇ بېسىلىپ چىقتى. مەزكۇر ماقالە ۋە تەنقىدلەر بېسىلغان «شۇرا»نىڭ سانلىرى ماڭا ناھايىتى كېيىن، يەنى ئىيۇن ـ رامىزان ئايلىرىدا ئاران قولۇمغا تەگدى.

مەن «مەتبۇئات ۋە ئەدەبىيات» ناملىق بۇ ماقالەمدە قازاق مەتبۇئاتىنىڭ ئۆز مەھەللىۋى شېۋىسىنى ئالغا سۈرۈشىنىڭ تۈركلەشمەك ۋە ئورتاقلاشماق مەقسىتىدىن ئەمەسلىكى ھەقـ. قىدىكى زامان تەلىپىگە مۇۋاپىق مۇلاھىزەمنى يازغانىدىم.

لېكىن مېنىڭ يازغىنىم قازاق مۇھەررىرلىرىدىن قاپـ. تاغاي ئەپەندىنىڭ مىزانىغا توغرا كەلمەي قالغان. مېنىڭ دوستانە يېزىلغان سۆزلىرىم «ھۇجۇم» دەپ قارالغان.

مېنىڭ «پۈتكۈل رۇسىيە تۈركلىرى ئورتاق تۈرك مەتـ. بۇئاتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا جىددىي ھەرىكەت قىـ. لىۋاتقان پەيتتە، قازاق مۇھەررىرلىرى ئۆز ئالدىغا باشقا يول تۇتۇپ، تويتىن ئايرىلىپ يۈرۈشى ياخشى ئىش ئەمەس»، دېـ. گەن سۆزلىرىم قازاق مۇھەررىرىگە تېگىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ئايرىم «قازاق مەتبۇئاتى» بەرپا قىلىش يولىدا سەرـ. گەردان بولۇپ يۈرگەن قازاق مۇھەررىرلىرى بىزنى ھەر دائىم شۇنداق ھۇجۇم بىلەن ئۇسال قىلىپ تۇرىدۇ. توغرىـ. سىنى ئېيتساق، «ھۇجۇم» ئۇلار تەرەپتىنلا بولۇۋاتىدۇ، بىز پەقەت قوغدىنىشتىلا تۇرۇۋاتىمىز.

مەن ئۆزۈمچە توغرا ۋە مۇھىم دەپ بىلگەنلىرىمنى ئوـ. قۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىشتا ئۆزۈمنى ھۆر تۇتۇپ، ئۆزۈم

چۈشەنگەننى باشقىلارغىمۇ چۈشەندۈرۈشنى ئۆزۈمنىڭ مىل-لىي بۇرچۇم دەپ بىلىمەن.

قازاق، تاتارنىڭ بالىسى ياكى (قازاقلار ئۆزى ئىشلىتىد-غان رىۋايەتلەر بويىچە باي بىچە بىلەن توقالنىڭ بالىلىرى) بىر تۇغما قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئەڭ توغرىسى ئۇلارنى قان - قېرىنداش دەپ بىلىپ ئۆز يېنىـ-مىزغا تارتقۇمىز كېلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل تۈرك با-لىلىرى ئەڭ مۇھىم مىللىي مەسىلىلەر قاتارىغا كىرىۋاتقان جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مەسىلىسى بىلەن قىر - سەھرا خەلقلىرىدىن بولغان قېرىنداشلىرىمىزنى تونۇشتۇر-غىمىز كېلىدۇ. شۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئارىچى بولغۇدەك ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئو-يىنى قىرغىز - قازاق قېرىنداشلىرىمىزغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز.

مەن تۈرك مىللىتىنى پارچىلاش - بۆلۈشتەك ناچار نە-تىجە تۇغدۇرىدىغان مەنتىقىسىز ھەرىكەتتىن قورقىمەن. ئەر-مەنلەرنىڭكىدەك سىياسىي بولمىسىمۇ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، ساپ نەسىللىك، روھلۇق، تىرىشچان بىر تۈرك مىللىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا پىكىر يۈرگۈزىمەن.

ئەسلىي - نەسلى بىر بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، ما-كاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن توزۇپ، چېچىلىپ كەتكەن تۈرك بالىلىرىنى يېڭىدىن بىر يەرگە يىغىش يولىدا تىلنىڭ قانداق رول ئويناپدىغانلىقى مەلۇم.

مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتىكى ئەڭ توغرا يولمۇ مەتبۇئات ۋە ئەدەبىياتتۇر. شۇ سەۋەبلىك، ئومۇمىي تۈرك مەتبۇئاتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش-نىڭ ئەھمىيىتى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولسا كېرەك.

مەن ئۇنداق مەھەللىۋى تەسەبنى ئالغا سۈرمەيمەن. تۈر-
لۈك شېۋىلەردە يېزىۋاتقان تۈرك بالىلىرىنى تاتارچە، قازاقچە
يېزىشقىمۇ ئۈندىمەيمەن. توغرىسى، ئۈمىد كۆتكىلى بولىدى-
غان ھالەتتە پۈتكۈل تۈرك ئەۋلادىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش
قىلىپ سۆزلەيمەن، يەنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى
بولغان ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدىب
ۋە مۇھەررىرلەرگە تەقدىم قىلىمەن.

توغرا، ھازىر مانا بۇ «ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتى» دەپ تۇ-
تۇپ كۆرسەتكۈدەك پىشقان مەتبۇئاتمۇ يوق. ھازىرچە ئىشلى-
نىۋاتىدۇ. تېزدىن بارلىققا كەلتۈرۈش پەرز دەپ قارالغان ئا-
شۇ ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتىنى يولغا قويۇش يولىدا جىددىي
چارىلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ. يەنى قىرغىز - قازاقلارنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ مەتبۇئاتى ئىملا ۋە شېۋە
جەھەتتە خېلى بىرلەشتى ۋە داۋاملىق ئومۇملاشماقتا. ئۇزاق-
قا قالماي قاپتاغاي ئەپەندى سورىغان ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتى
كامالەتكە يېتىپ، ئوتتۇرىغا چىقىشى تەبىئىيدۇر، مۇمكىن-
دۇر. بۇنى قاپتاغاي ئەپەندىدىن باشقا بارلىق مۇھەررىرلەر
بىلىپ تۇرۇۋاتقاندۇر.

دېمەك، ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتى تېز ئارىدا بارلىققا كې-
لىشى مۇمكىن. سەۋەبى ۋە چارىسى قىلىنسىلا، بۇنى ۋۇجۇد-
قا چىقىرىش تېخىمۇ مۇمكىن. پولشا مۇسۇلمانلىرىنىڭ
رۇسلىشىشى، تۇڭگانلارنىڭ چىنلىشىشى سەۋەبىدىن ئەزەل-
دىن بىر تۈرك تىلىنىڭ توپلارغا ئايرىلىپ كەتكىنىدەك،
سەۋەبى تېپىلسىلا ئۇ تىلنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بەك تەبى-
ئىي. بۇنى قاپتاغاي ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى ئوبدان
چۈشىنىۋاتقاندۇر.

ئەمدى، تىل ئۆزلۈكىدىن ئۆزگىرىپ تۈزىلىش ئىقتىدا-

رىغا ئىگە بولغانىكەن، ئۇ هالدا قەلەم بىلەن ياسىلىدىغان مەتبۇئات تىلىنى بارلىققا كەلتۈرۈش قانداقسىگە مۇمكىن بولمىسۇن؟ بۇ ناھايىتى يەڭگىل ۋە مۇمكىنچىلىكى چوڭ ئىش.

مەن قازاق مۇھەررىرلىرىنىڭ ئەنە شۇ يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتىغا قوشۇلۇشىنى تىلەيمەن ۋە بۇ مەتبۇئاتنى باشقا تۈركلەر بىلەن بىرلىكتە تاماملاش يولىدا ھەرىكەت قىلىشلىرىنى ئارزۇ قىلىمەن. قاپتاغاي ئەپەندى سورىغان ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بار بولغان بولسىدى، بىز ئۇ چاغدا «ئىملا ۋە شېۋىلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، قازاق مۇھەررىرلىرىمۇ بۇ ئىشقا قوشۇلۇشى كېرەك»، دەپ سۆزلەپ يۈرۈشكە ئورۇنمۇ قالمىغان بولاتتى.

قاپتاغاي ئەپەندى «تىلنى ئۆزگەرتىش مۇھەررىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئىشى ئەمەس»، دەيدۇ. توغرا، مەنمۇ تىلنى ئۆزگەرتىشنى دەۋاتقىنىم يوق، پەقەت ئۇنى تۈزىتىش كېرەك، دەۋاتىمەن.

تىلنى ياراتقۇچى خەلق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تىلنى ساپلاشتۇرۇش، سەرف، نەھۋ، مەنتىق ۋە بالاغەت جەھەتتىن تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئەدىب ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ ئىشى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. بۇ ھەرقانداق مىللەتتە شۇنداق.

مەدەنىيەت ـ مائارىپ، مەتبۇئات ۋە ئەدەبىيات جەھەتلەردە بىزدىن بەك كۆپ ئالدىدا تۇرغان ئەرەب، پارسلار ھەم بىزدىن چاقىرىملاپ ئالدىمىزدا تۇرغان رۇس ۋە پەرەڭلەرگە قاراڭچۇ! ئۇلاردا ئېغىز تىلى باشقا، يېزىق تىلى باشقا. قىسقىسى، ئېغىزدىن چىققاننى يېزىش مۇمكىن (ھەتتا باشلاد-

غۇچ مەكتەپ بالىلىرى ئۈچۈنمۇ ئاسان) بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلنىڭ سەرف، نەھۋ، بالاغەت ۋە يېتۈكلۈك جەھەتتىن توغرا بولۇپ چىقىشى ناتايىن.

بەس، شۇنداق بولغاچقا، بۇگۈنكى كۈنلۈكتە ئاساس سېلىنىشقا باشلىغان ۋە تەدرىجىي كامالەتكە يېتىشى ئۈمىد قىلىنىۋاتقان ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتى ھەققىدە قازاق مۇھەررىرلىرى پاسسىپلىق قىلماسلىقى كېرەك. بۇ ھەقتە قاپتاغاي ئەپەندىمۇ چوڭقۇرراق ئويلانسا بولاتتى.

«تەرجۇمان»[1]نىڭ دەۋرىدىن باشلاپ، ھازىرغا قەدەر يېڭىلىق يارىتىلىپ، كۈچلۈك مۇھەررىر ۋە ئەدىبلىرىمىز تەرىپىدىن ھەمىشە كۈچەيتىلىۋاتقان بۇ مەسىلىنى ئومۇمەن قازاق مۇھەررىرلىرى، بولۇپمۇ قاپتاغاي ئەپەندى ئەھمىيەتسىز دەپ قارىمىسا بەكمۇ گۈزەل بولغان بولاتتى.

① «تەرجۇمان» — ئىسمائىل غاسپىرالى 1883 - يىلى تۈركچە قىسمى ئەينەن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىش شەرتى بىلەن «تەرجۇمانى ئەھۋالى زامان»نى چىقىرىش رۇخسىتىنى ئالىدۇ. نامىنى تۈركىيەدە چىقىدىغان «تەرجۇمانىئول ئەھۋال» گېزىتىدىن ئالغان. بۇ گېزىتنىڭ رۇسچە نامى «پېرېۋودچىك» ئىدى. خانىمىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئانىسىدىن قالغان قىممەتلىك كىيىم - كېچەكلىرىنى سېتىپ توپلانغان پۇلغا 300 رۇبلى ئەتراپىدىكى مۇشتەرىلىك پۇلىنى قوشۇپ، كونا بىر ماشىنا ۋە بىر مىقدار ھەرپلەرنى سېتىۋالغان غاسپىرالى گېزىتنىڭ تۇنجى سانىنى 1883 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدە چىقاردى. «تەرجۇمان» رۇسىيەدە نەشر قىلىنغان تۇنجى تۈرك گېزىتى بولمىسىمۇ، كەڭ تارقىلىشى ۋە ئوينىغان رولى نۇقتىسىدىن ئەڭ مۇھىمى ئىدى. 1903 - يىلىغا قەدەر ھەپتىلىك، 1903 -، 1912 - يىللىرى ئارىسىدا ھەپتىدە بەزىدە ئىككى، بەزىدە ئۈچ سان، 1912 - يىلى سېنتەبىر ئېيىدىن كېيىن كۈنلۈك گېزىت بولۇپ، تولۇق 33 يىل داۋاملاشتى ۋە 1916 - يىلى توختىتىلدى. كىچىك ھەجىمدە تۆت يەتلىك شەكىلدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «تەرجۇمان» — بۇ ئوخشاش ۋاقىتتا «تىلدا بىرلىك» ئىدىيەسىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى، شۇ تىلنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىدا مۇھىم بىر غايە ئورنىغا قويۇلۇشى ئۇقۇمىنى بېرەتتى. 1905 - يىلىدىكى كىرىزىستىن كېيىن قازان، كاپكاز، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قىرىمدا نەشر قىلىنغان 35 تىن ئارتۇق گېزىت - ژۇرنالدا، كۆپ ساندىكى ھېكايە ۋە رومانلاردا «غاسپىرالى تىلى» ئىستېمال قىلىنغانىدى.

بىز «كوچا بالىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققاننى يېزىش توغرا ئەمەس، سەرف ۋە نەھۋ قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدى-غان رەۋىشتە ئورتاق ۋە ئەدەبىي بىر تىل بىلەن يېزىلىش كېرەك ئىدى»، دېگەن سۆزنى ئۆزىمىز چۈشىنىپ سۆزلىگە-نىدۇق. قاپتاغاي ئەپەندىنىڭ شۇنداق ئوچۇق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنەلمىگىنىگە ھەيرانمەن. مەتبۇئات ۋە ئەدەبىيات ھەق-قىدە («شۇرا»نىڭ 2 ـ سانى) سۆزلىگەن سۆزلىرىمىز ئىچى-دىن قانائەتلىنەرلىك ھېچ نەرسە تاپالمىغىنى ئۈچۈن قاپتاغاي ئەپەندىنى كەچۈرىمەن. قازاق قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدىن ئەمدى مۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىشقا سەگەكلىك بىلەن قاراشنى بىلىدىغان كۈچلۈك مۇھەررىرلەرنىڭ چىقىشىنى تىلەيمەن.

## 5. كىچىككىنە بىر ئىزاھ

«تىلچىلارنىڭ دىققەت نەزەرىگە» دېگەن ماقالىدە ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ زېھنىنى بۇزىدىغان بىر تەنقىد بار. شۇ توغرىدا ئازراق ئىزاھ بېرىش لازىم كۆرۈلدى.

ئەخمەت ئەپەندى قازاق ئىستېمالىدىكى «ئابدەن» سۆزى-نى ئالتە شەھەرلىكلەر تىلىدىكى «ئوبدان» سۆزى بىلەن باغ-لىماقچى بولىدۇ.

«ئابدەن» سۆزىنىڭ قازاقچە «بەك» مەنىسىدە بولۇشى، ئۇنىڭ ئالتە شەھەردىمۇ شۇ مەنىدە ئىشلىتىشلىشى ئەجەبلە-نەرلىك بولمىسا كېرەك. كونا ۋە يېڭى چاغاتاي تىلىدا يې-زىلغان كىتابلارنى ئوقۇپ كۆرگەن كىشىگە بۇ مەسىلە بەك ئوچۇق بولسىمۇ، «سۆكۈت قىلغانلىق قوشۇلغانلىق» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىپ، بەزى كىشىلەرنىڭ قايمۇقۇپ قالماس-



www.uyghurkitap.com

لىقى ئۇچۇن جاۋاب يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم.

يەنە شۇنى تەكرار ئېيتىمەنكى، ئوبدان سۆزى چاغاتاي تۈركلىرىنىڭ تىلىدا ياخشى، گۈزەل مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئوبدان بالا، ئوبدان كىتاب، ئوبدان ئۆي، ئوبدان سۇ، ئوبدان ھاۋا، ئوبدان شەھەر، ئوبدان چىت، تاۋار ۋەھاكازالارنى ھەر مىنۇت، ھەر سائەتتە ئاڭلاپ تۇرىمىز. قىسقىسى، «شۇرا» نىڭ 23 ـ سانىدىكى سۆزلىرىمىز توغرىدۇر.

تۈركىي سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك ئورۇندا تۈرلۈك ئىشلىتىلىشىنى ئىنكار قىلىشقا تىرىشىش پايدىسىز بىر ئۇرۇنۇش ۋە تەجرىبىسىزلىكتۇر.

مەسىلەن، «تام» سۆزى پەرغانە تۈركلىرىنىڭ ئىستېمالىدا ئۆگزىنى كۆرسەتسە، ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ تىلىدا دىۋار(تام) نى كۆرسىتىدۇ.

تاتارچە «ئاڭلادىم» (چۈشەندىم مەنىسىدە) سۆزى ئالتەشەھەرلىكەر تىلىدا «تىڭشىدىم، ئىشىتتىم» دېگەن مەنىنىلا بىلدۈرىدۇ. ئۇلار بۇنى «ئۇقتۇم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادە قىلىدۇ.

توغرا، ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ تىلى سۆزگە باي بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي ساپ تىل ئەمەس. مەن بۇ دەۋانى قىلغىنىممۇ يوق. بەلكى مەن بۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ ئەرەبىي ۋە پارسىي تىللار بىلەن ئارىلاشقانلىقىنىلا يېزىۋاتىمەن. بۇلار بىر سۆزنى ئۈچ ـ تۆت خىل (ئەرەب، پارس، چىن، تۈركىي) ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسىلەرنى «تۇرۇش، ئاچچىق ـ سۈچۈك» دېگەندەك...

شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىلىدا ئەرەب، پارس ۋە باشقا چەت تىللار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئالتەشەھەردە ساپ تۈرك تىلىدا ئىپادە

قىلىنىدۇ: مىقلد — دورامچى، جاۋاب — ئۇچۇر، ھۇدۇد — چېگرا، ھۆكۈم — سوراق، مەزلۇم — بوزەك، ھاسىد — ئىچى قىزىل، دەۋەتنامە — بارغاق.

نوشىرۋان يائۇشېف ، كاشغەر

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1917 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى 10 — 7 - سانى، 151 — 154 - بەتلىرىدىن).

# تۈرلۈك مەسىلىلەر (2)

## 1. خوتەندە پىلە بازىرى

ئاپرېل ئېيىنىڭ باشلىرىدا، يىپەك قۇرتى تىرىلىپ چىقىشقا باشلىغانىدى. 30 — 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ بازارغا پىلە كىرىشكە باشلىدى. بازار ياقۇپبەگنىڭ مىرزىلىرىدىن نىياز ھېكىم سالدۇرغان ئالتۇن مازار ئىچىدە بولۇپ، ئىيۇل ئېيىنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پىلە بازىرى تازا قىزىپ كەتتى. ھەركىمنىڭ ئاغزىدا شۇ پىلىنىڭ گېپى. بۈگۈن مەنمۇ بازارنى تاماشا قىلىشقا چىققانىدىم. تاماشا، مازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدان تولۇپ كەتكەن. خالتىلارغا، ئاق بۆزلەرگە قاچىلاپ بېشىدا پىلە كۆتۈرگەن كىشىلەر، خوتۇن - قىزلار مىغىلداپ يۈرەتتى. دەرۋازىدىن كىرىپلا باجخانىغا كىرىپ جىڭلىتىدۇ، جىڭلاپ بەرگىنى ئۈچۈنلا قادىقىغا بەش پۇل (ئۈچ تىيىن)، باج ئۈچۈن تۆت پۇل تۆلەيدۇ. بۇ يەردىكى قىيا - چىيا، جەڭگى - جېدەل، ئىتتىرىش - تارتىشىش، ئادەمنىڭ بېشىغا ئادەم چىقىپ سوقۇشۇشلارنى تەرىپلەشكە ئاجىزمەن. چۈنكى ئادەم بەك كۆپ، تارازا بولسا پەقەت بىرلا. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ يىل (1916 - يىلى) پىلە ئوتتۇرا ھال بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈرۈق تۇتقۇچىلار كۆپ بولغان. شۇڭا جۈجەم (ئۈجمە) يوپۇرمىقى بەك قىممەتلەپ كەتكەن. خەلق يوپۇرماقنى ئاز بەرگەن، شۇڭا بۇ يىل پىلە ناچار بولغان. ئەمما، كۆپ-

لۇكى يەنىلا كۆپ. بۇلتۇر بىر قۇتا ئۇرۇقتىن بەش ـ ئالتە چارەك[1] (بىر چارىكى 17.2قاداق[2]) چىققان. بۇ يىل بولسا،ئۈچ ـ تۆت چارەكلا چىققان. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا پىلىنىڭ ياخشى بولۇشى يوپۇرماقنى جىق يېرىپ، قۇرتنى ياخشى تويغۇزۇش بىلەن باغلىق ئىكەن. شۇڭا، يىپەك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈجمە دەرىخىنى ياخشى پەرۋىش قىلىش، ئۇنى كۆپلەپ تىكىش كېرەك. بازار ئومۇمەن ياخشى. شۇنداقتىمۇ سودىگەرلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، بۇ يىل سۇسراق بولغان. سېتىۋالغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇسىيەلىك سودىگەرلەر، پەرغانە مۇسۇلمانلىرى، ئىككى ئەرمەن. يەرلىك خەلقتىن پەقەت ھۈنەرۋەنلەرلا ئېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار پىلىدىن يىپەك چىقىرىپ شايى ۋە ئەتلەس توقۇيدۇ. بۇلتۇر پىلە ياخشى بولۇپ، باھاسىمۇ چارىكى 33 ـــ 34 تەڭگە (بىر تەڭگىسى 30 تىيىن چامىسىدا) بولغان. بۇ يىل 27 ـــ 28 تەڭگە چامىسىدىلا. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يىل سودىگەرلەر پىلىنى ئالدىراپ ئالمايدۇ، قورقىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن پىلە ناچار، ئىككىنچىدىن سوم (رۇس پۇلى) ئەرزان. چۈنكى ئۇلار ئۇنى ئۇدۇل پەرغانىگە ئاپىرىپ پۇلغا ساتىدۇ.

## 2. يىپەك قۇرتى

قۇرت تىرىلىپ، 30 ـــ 40 كۈنگىچە ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يەپ چوڭىلايدۇ. چوڭىلاپ ئارپا باشىقىدەك بولغاندىن كېيىن، يېگەن نەرسىسىنى قۇسۇشقا باشلايدۇ. بۇ قۇسۇق ئۆمۈچۈك تورىدەك ناھايىتى ئىنچىكە بولۇپ، قۇرتنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى چىرماپ سوقىچاق پىلە غوزىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۆزى شۇ غوزەكنىڭ ئىچىدە كىچىكلەپ

① خوتەندە 18 جىڭ، گۇمادا 20 جىڭ، كېرىيەدە 16 جىڭ بىر چارەك بولىدۇ.
② قاداق ـــ يېرىم كىلوگىرامغا يېقىن كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ. شۇ پىلىنى بەش ـ ئالتە كۈن سايىدە ساقلىسا، ھېلىقى قۇرت غوزەكنى تېشىپ چىقىپ قاناتلىنىپ كېپىنەككە ئايلىنىدۇ. بۇ كېپىنەك بەش ـ ئالتە كۈن ھېچنېمە يېمەي، تۇخۇملاپ بولۇپ ئۆلىدۇ. تۇخۇمى كېلەر يىلى يازغىچە ساقلىنىدۇ ۋە شۇنىڭدىن يەنە يىپەك قۇرتى چىقىرىلىدۇ. لېكىن كېپىنەك چىققان پىلىنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى غوزەكنىڭ ئۈچى يوقىلىپ كېتىدۇ ياكى ئۈزۈلۈپ كېتىپ تارتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا قۇرت غوزەكنى تېشىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تېز ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. قۇياش نۇرىدا ياكى مەخسۇس ياسالغان ئۆيدە 70 گىرادۇس ئىسسىقلىقتا ھورداپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن پىلە غوزىسى ئازراق سوۋۇتۇلۇپ قازانغا سېلىنىدۇ. قازاندا قاينىغاچ، غوزىنىڭ ئۈچى چۇۋۇلۇپ چىقىدۇ. بۇ ناھايىتى ئىنچىكە بولغاچقا، 10 ـــ 15 دانە ئۈچىنى بىرقىلىپ، تۇتقۇچقا ئورىلىدۇ. بۇ ئىشلار ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان مەخسۇس سايمانلىرى بار. يىپ ھەرقانچە ئىنچىكە بولسىمۇ، ئۈزۈلمەي ئۆز رېتى بويىچە تارتىلىپ چىقىۋېرىدۇ. قازاندىكى پىلە غوزىسى تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قۇرتى قازاندا قالىدۇ. يىپنىڭ ئۈچىنى تېپىپ، ماشىنىغا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن قازان يېنىدا بىرەيلەن تۇرىدۇ. ئۇ ماشىنا بىلەن ئايلاندۇرۇپ تۇتقۇچقا ئوراپ تۇرىدۇ. ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خوتۇن ـ قىزلار بولۇپ، كۈنلۈك ھەققى 10 ـــ 50 پۇلدىن توغرا كېلىدۇ. خوتەندە مۇشۇ كۈنلەردە بەك جىددىي ئىشلەۋاتقان ئىككى پىلە زاۋۇتى بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئەرمەنلەرنىڭ. بۇنىڭ بىرى يېقىندىن مۇسۇلمان بولغان خۇدابەردى باي، بۇ كىشى خوتەنگە پۇلسىز كېلىپ، شۇ كەسىپ بىلەن 10 يىل ئىچىدە نەچچە ئون مىڭنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان. بۇ زاۋۇتلاردا ھەركۈنى يۈزلەرچە يەرلىك مۇسۇلمانلار ئىشلەپ

تۇرىدۇ. بۇلتۇرقى ھېسابقا قارىغاندا، بىر چارەك (چارەكنى 17.2قاداق) پىلىدىن 20 سەر (بىر سەرى 10 مىسقال) يىپەك چىققان. بىر سېرى خوتەندە 80 پۇلغا سېتىۋېلىنىپ، يەرغا-نىگە بارغاندىن كېيىن 220 پۇلدىن سېتىلغان. دېمەك، بىرگە بىر پايدا بولغان. يىپەك قۇرتى بېقىش ناھايىتى پايدىلىق بىر كەسىپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىشىمۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس. يىپەكنىڭ نەقەدەر ئېسىل نەرسە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ئورنى يوق. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا تونۇشلۇق نەرسە. پىلە قۇرتىنىڭ يىپىكىدىن باشقىمۇ نۇرغۇن پايدىسى بار. مەسىلەن، ئۆلتۈرۈلگەن قۇرت يەرنى ئوغۇتلاشقا بەك باب كېلىدىكەن. يەرلىك خەلقنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىر خالتا قۇرت 100 خالتا تېزەكتىن كۈچلۈكرەك بولارمىش. پىلە قاينىتىلغان سۇمۇ كۈچسىز يەرنى ئوغۇتلاشقا شۇنداق پايدىلىقمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلە قاينىتىلغان سۇ يەرگە تۆكۈلۈپ ئاغدۇرۇلىدىكەن. ئەگەر يىپەك قۇرتى بېقىش تەرتىپلىك يولغا قويۇلغان بولسا، ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى شۇنىڭ ئۆزى بىلەنلا نۇرغۇن بايلىق ياراتقان بولاتتى. 30 ــ 40 كۈندە ئالتە سومغا بىر قوتا ئۇرۇق ئېلىپ كەتكەن يېزا كىشىلىرى شۇ ئۇرۇقتىن چىققان پىلىنى بازارغا ئەكىرىپ، يەنە 30 ــ 40 سومغا سېتىپ قايتىپ كېتىدۇ. مانا پايدا دېگەن! پىلە بېقىش بەك ئاسان ئىش. كۈندە ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئۈجمە يوپۇرمىقى تاشلاپ بەرسەڭ بولدى، باشقا ئىش يوق.

## 3. ساياھەت ۋە ساياھەتچىلەر

مەدەنىيەتلىك ۋە تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر ساياھەتكە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ئىشقا مىليونلاپ پۇل سەرپ قىلىپ مەخسۇس شىركەتلەرنى قۇرىدۇ. ئىلمىي ئورۇنلارنى تە-

سىس قىلىدۇ. تۇرلۇك ساھەلەر بويىچە مەلۇماتلىق ساياھەتچىلەرنى تەربىيەلەيدۇ. ئاندىن قابىل ۋە يارامىلىق ئادەملىرىنى يەر يۇزىنى كېزىشكە سالىدۇ، ئۆز ساياھەتچىلىرىگە ياردەم بېرىدۇ ۋە مەسئۇل بولىدۇ. ساياھەتچىلەرمۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش ئۇچۇن، يەر يۇزىدىكى سىرلارنى ئېچىش ھەۋىسى بىلەن قوش ئۇچۇپ ئۆتمىگەن يەرلەرگىچە بارىدۇ. ھەممە نەرسىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىدۇ، تەتقىقات ۋە تەكشۇرۇشتە بولىدۇ. دوزاختەك ئىسسىق، مۇزدەك سوغۇق يەرلەردە، تاغۇ تاشلار ئارىسىدا، چوڭقۇر دېڭىز ۋە قېلىن ئورمانلاردا تۇرلۇك يىرتقۇچ ھايۋانلار ئارىسىدا، پايانسىز چۆل-جەزىرىلەردە مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ يۇرىدۇ. ھاياتىدىن ئايرىلىپ، ئادەم ئاياغ باسمىغان ئالللىقانداق يەرلەرگە كىرىپ كېتىدۇ. نانسىز، سۇسىز قالغان ۋاقىتلىرىمۇ ئاز بولمايدۇ. بۇ يولدا مېلىنىلا ئەمەس، ھەتتا جېنىنى پىدا قىلىدىغانلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار نېمىشقا شۇنچىلىك ئېغىر مۇشەققەتلىك سەپەرلەرنى قىلىشنى خالاپ قالىدۇ. ئۇلار بۇنىڭسىزمۇ بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى كۇنلەرنى كۆرەلەيتتىغۇ؟ ئۇنىسى راست، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى يېتەرلىك، بىر نەرسىگە ئېھتىياجى يوقتەك كۆرۇنىدۇ. ئەمما، ئىنسان ھەممىگە قادىر شۇنداق بىر مەخلۇقتۇركى، ئۇ يۇقىرى ئورلەشتىن ئەسلا تويمايدۇ. چۇنكى تەرەققىياتنىڭمۇ بېرىپ توختايدىغان يېرى — ئاخىرقى چېكى يوق. ئىنسانلار ھەرقانچە ئېسىل مەدەنىيەتلەرنى ياراتسىمۇ، ئۇنىڭ كەينىدە يەنە تەرەققىياتقا يول قالىدۇ. ھەر كامالنىڭ بىر زاۋالى بار. ئىنسانىيەت ھازىر تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتتى، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يېتىدىغان پەللە قالمىدى، دېگۇچىلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ پىكىرنىڭ توغرا پىكىر ئەمەسلىكى مەلۇم. «ھەر كامالنىڭ بىر زاۋالى بار» دېگەن سۆز قانداقمۇ

بىر پەيلاسوپنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆز بولسۇن. بۇ بىر قۇ-
رۇق سۆزدىنلا ئىبارەت، بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى تا مۇشۇ
كۆنگىچە ھېچقانداق بىر مەنتىقچى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغى-
نى يوق. سۆزىمىزگە كېلەيلى: مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ئا-
رىسىدىمۇ ساياھەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگۈچىلەر يەنىلا
ئىنگلىز، فىرانسۇز، گېرمان ۋە شىۋېتلاردۇر. ساياھەتچىلەر
قانداق نەرسىلەرنى تاپتى؟ بۇلاردىن مىللەت ۋە ئىنسان نېمە
پايدا كۆردى؟ بۇ مەسىلىگە ياخشى جاۋاب تېپىش ئۈچۈن،
توم - توم ساياھەتنامىلەرنى ئوقۇش لازىم. ئىنگلىزلار ھىندى-
دىستاننى ساياھەت قىلىپ تاپتى. بايلىقى بىلەن مەشھۇر ئا-
مېرىكا قىتئەسىمۇ ساياھەتنىڭ مەھسۇلىدۇر. تۆرمۇش ۋە
تىرىكچىلىك ئۈچۈن بەك كېرەكلىك بولغان ئالتۇن - كۈ-
مۈش، مىس، تۆمۈر ۋە باشقا پايدىلىق مەدەنلەر ساياھەتچىلەر
تەرىپىدىن بايقىلىدۇ. ساياھەتچىلەر بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ
قالمايدۇ. ئۆز مىللەتلىرىنى باشقا مىللەتلەر بىلەن ساياھەت-
نامىلىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدۇ. تۈرلۈك جايلاردىكى تۈر-
لۈك ھايۋانات ۋە مېۋە - چېۋىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.
خەرىتىلەرنى سىزىدۇ. تۈرلۈك ماۋزۇلاردا جۇغراپىيەۋى ئە-
سەرلەرنى يارىتىدۇ. ئومۇمەن، تەبىئەتنىڭ يوشۇرۇن سىرلى-
رىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. تەبىئەت ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىگە
يول ئاچىدۇ. تارىخ ۋە ئاسارئەتىقە ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلەپ
ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. ساياھەتچىلەر ئۆز مىللەتلىرىگىلا
ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلغۇچى مۆھ-
تەرەم زاتلاردۇر. ئۇلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئۆز راھەت-
لىرىدىن كېچىپ، باشقىلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن
تىرىشقۇچى پىداكارلاردۇر. سەيياھلارنىڭ قەھرىمانلىقلىرى
تەقدىرلەشكە ۋە ماختاشقا لايىقتۇر. مۇزدىن باشقا نەرسە تې-
پىلمىغان قۇتۇپلارغا قەدەر تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان جەنۇبىي قەدەر

بېرىپ، يوقىلىپ كېتىش ساياھەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە سايا- ھەتچىلەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشەندۈرۈشكە يەتسە كېرەك. ساياھەت مۇشۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىنىڭ ئەكسىچە بىزنىڭ مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان. بىزدە بۇ ئىشلارنى قىلغۇدەك كۈچ - قۇۋۋەت يوق. ھازىرچە ئۈنچىلىك ئاڭ ۋە پىكىرگە ئىگە بولغىنىمىزمۇ يوق، تېخى. بەلكى، بۇنىڭدىن كېيىن بولسا بولۇر، چۈنكى ئىنسان تەرەق- قىيات ئىزدىگىچىدۇر.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1917 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى 10 — 8 - سانى، 174 — 176 - بەتلىرىدىن).



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئالتە شەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (10)

## ياقۇپ خان ھۆكۈمىتى

ياقۇپ خان ئۆزى قولغا كىرگۈزگەن يەرلەردە تەرتىپ ئورنىتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ ئالغان يەرلىرىدە مۇستەھكەم ئورۇنلاشماي تۇرۇپ يېڭى يەرلەرنى ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلمىدى. شۇڭا كاشغەر، ياركەنت، خوتەن، مارالبېشى قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالغاندىن كېيىن ئۈچ ـ تۆت يىل تىنچ تۇردى. ئۇ شۇ تىنچ كۈنلەرنىمۇ بوش ئۆتكۈزمىدى. ئىچكى ئىسلاھات چارىلىرىنى كۆردى، يوللارنى تۈزەتتى، كېرەكلىك يەرلەرگە كۆۋرۈكلەرنى سالدۇردى. ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىپ، تەرتىپ ـ ئىنتىزام ئورناتتى. سوقۇش قوراللىرىنى تەييارلىدى. ئۇ ئەمدى بىرنەچچە توپقىمۇ ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ مەملىكەتنى كېڭەيتىش ئىشىغا كىرىشتى.

ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى كۈنسېرى ئېشىۋاتقان بولۇپ خوتەن، بەدەخشان، ھىندىستان ۋە ئافغانىستانلاردىن پىدائىيلار كېلىپ قوشۇلماقتا ئىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەملىكەتنى كېڭەيتىش يولىدا چوڭ ـ چوڭ چامدامىلىرىنى بېسىشقا باشلىدى. ياقۇپ خاننىڭ ئۇستاتلىقى ئارقىسىدا ھۆكۈمەت ھەر تەرەپكە خۇددى كۈنلۈككە ئوخشاش يېيىلىشقا باشلىدى.

«ياقۇپ خان»نىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر تەرەپتىن چوڭ ـ چوڭ كىشىلەر بۇ تەرەپكە دىققەت بى-

لەن قاراشقا باشلىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ قايسىبىرلىرى سو-دىگەر قىياپىتىدە، بەزىلىرى ساياھەتچى قىياپىتىدە ئالتە شەھەرگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇياقتىن - بۇياقتىنمۇ قاغا - قۇزغۇنلار كېلۇر، ئانداقچى - مۇنداقچىلارنىڭ بەزىلىرى كېرىلىپ - گىدىيىپ ، بەزىلىرى تۇگۇلۇپ - شۇمشىيىپ يۇرۇر ۋە بەزىلىرى نېرى - بېرى لاغايلاپ يۇرۇشۇر ئىدى. بىر كۈن ئاياز — جۇت بولسا، ئىككى كۈن بۇلۇتلۇق، بىر كۈنى قار ياغسا، ئۈچ كۈن مۇز ياغار. مانا مۇشۇنداق تۇمانلىق ھاۋا ئىچىدە ياقۇپ خان چاقماقتا ئوخشاش يالتىرار ئىدى. چاقماق! ئۇنىڭدىن ھەركىم قورقۇر!

ھىجرىيە 1286 - يىلى[1] قوقان خانى خۇدايارخان قادىر قۇل بەگنى كاشغەرگە ئەۋەتىپ ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىگە قارام بولۇشىنى ئېيتقانىدى. ياقۇپ خان ئۇنىڭ مەمۇرىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويدى.

ياقۇپ خان بۇ چاغدا سىياسىي ئىشلاردا جىددىيرەك ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغانىدى. تېگىشلىك خەۋەرلەرنى سىرتقا چىقارتماسلىق ئۈچۈن مەمۇرلارغا قاتتىق جېكىلىدى. چېگراغا قاراۋۇللار قويۇپ ھېچكىمنى سىرتقا چىقارماسلىقنى، سىرتتىن كىرگەنلەرنى تۇتۇپ قېلىشنى بۇيرۇدى.

مەملىكەتكە خىيانەت قىلماق بولغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنلا مەملىكەتنى كېڭەيتىش يولىغا چۈشتى.

ئاقسۇنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە ھەكىم خو-جىنى ۋالىي ئېتىپ قويدى - دە، كۇچاغا يۈرۈش قىلدى. لې-كىن كۇچادا ئازراق سوقۇش قىلىشقا توغرا كەلدى. ياقۇپ خاننىڭ بۇ يەردىكى كۆرشى، باتۇرلارغا تۇرلۇك مۇكاپاتلار ۋەدە قىلىش جەھەتتىن چىن ۋە جىددىي بىر كۆرەش ئىدى.

[1] مىلادىيە 1869 - يىلى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پالۋانلىرى بەل باغلاپ كۈچ سىنى-نىشىش مەيدانىغا ئاتلاندى. بىر تەرەپ يولۋاس كەبى ئاغزىدىن ئوت چاچار، يەنە بىر تەرەپ ئەجدىھاغا ئوخشاش ھۆركىرەر ئىدى! ئۇزاق ئېلىشقاندىن كېيىن ياقۇپ خاننىڭ باتۇرى كۇچ-چا پالۋاننى يىقىتتى. بۇ بىچارە شۇنداق يىقىلدىكى، يەر تىترەپ كەتتى. بىچارىنىڭ ھالى ئېغىر ئىدى. داۋۇت خەلپە دېگەن كىشى ئۇنىڭغا بولۇشۇپ 10 مىڭچە قالماقنى ياردەمگە چاقىرىپ ئۇنى تۇرغۇزماق بولغانىدى. لېكىن ياقۇپ خان قوشۇنىنىڭ سول قانىتى بىلەن داۋۇت خەلپىنىڭ بوغۇزىدىن تۇتتى، ئوڭ قانىتى بىلەن ھەممە قالماق، تۇڭگانلارنى قىستى.

كۆپچە ۋەقەلەرنى جىددىي يوسۇندا تەپسىلىي يازماق بولسا سۆز ئۇزىراپ كېتىدىغانلىقى سەۋەبلىك شۇنچىلىك سۆزلەپ كۆپايىلىنىشكە مەجبۇر بولدۇم.

ياقۇپ خان كۆپ يەرلەرنى قورال ئىشلەتمەي يەرلىك مۇسۇلمانلارغا ھەقىقىي ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈش يولى بىلەن ئاسانلىقچە ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوقۇشۇشقا توغرا كەلگەن يەرلەردە قان تۆكۈلۈشتىن قورقۇپ تۇرمىدى. ئۇنىڭ چىنلىق ۋە قالماقلار بىلەن قاتتىق كۆرەش قىلىشقا توغرا كەلدى.

ياقۇپ خان مەملىكەتنى كېڭەيتىش يوللىرىدا پەۋقۇل-ئاددە ئۇستاتلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ بارغانلا يەردە مۇ-ۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، مەملىكەت ۋە ھۆكۈمەتنى گۈللەندۈرۈش، ئۇنى ئەسىرلەر بويى داۋاملاشتۇرۇش مەسى-لىسى ئۇنى قىينار ئىدى. ئۇ بۇ توغرىسىدا ئويلىنىپ قالمى-دى، ئاتا ـ بوۋا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش ياردەم سوراپ مازارلارغا بارمىدى. ئۇ بۇ جەھەتتە مۇنداق يول تۇتتى:

ياقۇپبەگ ھىجرىيە 1289 ـ يىلى[1] گېنېرال كائۇفمان بىلەن تاشكەنت شەھىرىدە بىر سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى.

① مىلادىيە 1872 ـ يىلى.

شۇنىڭ بىلەن رۇسىيە ھۆكۈمىتى نارىن تەرەپكە تاجاۋۇز قى-
لىشتىن ۋاز كەچتى. ھىجرىيە 1290 - يىلى[1] قوقانلىق ھا-
جى موللا تۇراپ ئىسمىلىك كىشىنى پېتروگرادقا ئەۋەتتى.
ھاجى موللا ئۇ يەردە قىزغىن قارشى ئېلىندى. ھىجرىيە
1289 - يىلى بۇخارا ئەمىرى مۇزەففەرىددىن خاننىڭ ئوغلى
ئابدۇلمەلىك خان كاشغەرگە كېلىپ ياقۇپ خان بىلەن كۆ-
رۈشتى. يەنە شۇ يىلى مىسىر ھۆكۈمدارى ئىسمائىل پاشا تە-
رىپىدىن ئەۋەتىلگەن خاس مەمۇرمۇ كاشغەرگە كەلدى. مىلا-
دىيە 1890 - يىلى مۇسيى مۇسيۇ فورسىس ۋاستىسى ئار-
قىلىق ياقۇپ خان ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئا-
رىسىدىمۇ بىر مۇھىم كېلىشىم تۈزۈلدى. ياقۇپ خان شۇ
چاغلاردا يەنە تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ
ئۇلاردىن قورال - ياراغ ۋە ھەربىي ئۇستىلارنى جەلپ ئې-
تىشكە باشلىغان ۋاقتى ئىدى. ئۇ يەنە شۇ يىلى ئافغانىستان
ئەمىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. ھىجرىيە 1292 -
يىلى[2] ئىشى ئوغدىن كېلىپ تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىز
خان بىلەن كۆرۈشتى. ياقۇپبەگنىڭ ئېلىپ كەلگەن سوۋغى-
لىرى قوبۇل ئېتىلىپ ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك مەجىدىي
نىشانى(ئوردېنى) بېرىلدى. ئۇ شۇ قېتىملىق سەپىرىدە تەلى-
يى ئوغدىن كېلىپ رۇسىيەنىڭ باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈ-
شۈپ ئۇنىڭ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئەنگلىيە
باش ئەلچىسىنىڭ ئۆگىتىشى ئارقىلىق كاشغەر ھۆكۈمىتى-
نىڭ قوقانغا قول تىقماسلىق شەرتى بىلەن چىنلىقلار بىلەن
سوقۇشقاندا رۇسىيەنىڭ ياردەملىشىشى توغرىسىدا ۋەدىلەش-
مەك ئۈچۈن پېتروگرادقا باردى، رۇسىيە ئىمپېراتورى بۇ
توغرىسىدا گېنېرال كائۇفمان بىلەن كۆرۈشۈشى كېرەكلى-

① مىلادىيە 1873 - يىلى.
② مىلادىيە 1875 - يىلى.

كىتنى ئېيتقاندىن كېيىن، تاشكەنت يولى ئارقىلىق كاشغەرگە ياندى.

(ياقۇپ خان ئابدۇلئەزىزخاندىن بىر «شاھانە پەرمان» ئالغانىدى. بۇ پەرمان بەك ئۇزۇن بولغاچقا ماقالىمىزدە قىسقارتىۋېتىپ بىرەلمىدۇق).

ئابدۇلئەزىزخان تەرىپىدىن قەشقەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئۇرۇش قوراللىرىنى مۇرات ئەپەندى ۋە كاشغەر كاتىپلىرىدىن موللا سالىھ ۋە ئابدۇللائاخۇن قاتارلىق كىشىلەر ھىندىستان يولى بىلەن ئېلىپ كېلىشتى. ياركەنتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەسكەرلەرگە تەلىم بېرىشكە باشلىدى.

ياقۇپ خان ئىشنى مانا مۇشۇنداق تاماملىدى!

راست، كېلىشىم، يارىشىش، ئىتتىپاق بولۇش بىلەنلا ئىشنى پۈتتى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. كېلىشىم ئىككى ياقلىق بولۇر. شۇڭا ياقۇپ خان بۇ جەھەتتىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ تىرەن مۇلاھىزە ۋە تەدبىرلەردىن كېيىنلا ئىش كۆرۈر ئىدى.

بۇ سۆزلىرىمىزنىڭ ياخشىراق چۈشىنىلىشى ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ياقۇپ خان ئارىسىدا بولغان «مۇنازىرە» نى كۆزدىن كەچۈرەيلۈك:

ئالتە شەھەردىكى ئالتۇنلۇق تاغ ۋە جىلغىلاردىن ھەم باشقا مەدەنلەردىن پايدىلىنىش ئۈمىدى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياقۇپ خان بىلەن ئىمتىيازلىق بىر شەرتنامە تۈزمەكچى بولۇپ مەدەن ھاسىلاتىنىڭ تۆتتىن بىرىنى بېرىشنى، بۇنىڭ بەدىلىگە ئەنگلىيە تەرەپ سوقۇشتىكى ئەسكەرلەرنى كېرەكلىك كىيىم - كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى شەرت قىلغانىدى. ياقۇپ خان ئاقچا ۋە ئەسلىھەلەرگە ھەرقانچە ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، مەملىكەتنىڭ يەر ئاستى بايلىقىنى سېتىشتەك ئاخىرى ياخشى بولمايدىغان بۇ ئىشنى رەت

قىلدى. ئۇ: «ئالتە شەھەردە بۇنداق مەدەنلەر يوق، سىز بۇنى كىمدىن ئىشىتتىڭىز ھەم قانداق بىلدىڭىز؟» دېدى. مۇسيۇ فورسىس: «كاشغەردە چاغاتايچە يېزىلغان بىر ئەسەر بىزنىڭ ساياھەتچىلىرىمىزنىڭ قولىغا چۈشكەنىكەن. بۇ ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالتە شەھەرنىڭ قايسى يېرىدە قانداق مەدەن بارلىقى بايان قىلىنغان. بىز بۇنى شۇ ئەسەردىن ئۆگەندۇق»، دېدى.

قورال - ياراغ ۋە ئاقچىغا شۇ قەدەر ئېھتىياجى چۈشكەن بىر چاغدا ياقۇپ خان نېمىشقا ئىنگلىزلارغا ئىمتىياز بېرىپ مۇكاپاتلار ئېلىشقا ئالدىرىمىدى؟ ھەربىي ئوقۇتقۇچى ئىسمايىل ئەپەندى تەرىپىدىن قويۇلغان شۇ مەزمۇندىكى سوئالغا قارشى ياقۇپبەگ مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: «ئىنگلىزلار سىياسەت بابىدا بەك ماھىر خەلقتۇر. ئۇلار ھىندىستاننىمۇ ‹سودا› قارمىقى بىلەن قولغا چۈشۈرگەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ قولىغا ئىمتىياز بېرىلسە، ئۇلار ئالتە شەھەرنىمۇ تەسەررۇپىغا ئېلىۋالۇر».

خۇلاسە، ياقۇپ خان ئۆتكەنكى خان، خوجا - تۆرىلەرگە ئوخشاش تەدبىرسىز ۋە ئۆزىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈنلا ئورۇنىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئاغا - ئىنىلىرى بىر - بىرى بىلەن (مەنسەپ، ھۆكۈمەت تالىشىپ) ئۆزئارا سوقۇشۇپ يۈرگىنىدە ياقۇپ خان كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بىر تۈرك ھۆكۈمىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا جان تىكىپ چىنلىق ۋە قالماقلار بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقاندى. نېمىدېگەن ئەقىللىق باش - ھە؟ ئەپسۇس، قۇش ئۇۋىسىدىن تۇخۇم ئالىمەن دېگەندە ئىشتانسىز قالدى. ياقۇپبەگ بۇ يەردە تۈركىيەگە ئوخشاش مەدەنىي قېرىنداشلىرىنى جەلپ قىلىپ، ياۋروپا تەرتىپىدە ھەربىي قوشۇن ۋە قورال - ياراغ

www.uyghurkitap.com

ھازىرلىماق بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ياقۇپ خان ئىنتىزاملىق ئەسكەر، كۆچلۈك تۈپ ئۇستا قوماندانلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىپ سوقۇشتى.

ياقۇپ خان ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ھەم تۇغما زاكاۋىتى(ئەقلى) بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا كۈچلۈك بىر تۈرك ھاكىمىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرمەك يولىدا پائالىلىق كۆرسىتىۋاتقانىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا «تەقدىر» ياردەم قولىنى سۇنمىدى. راست، ياقۇپ خان ئالتەشەھەردە مەڭگۈلۈك مەدەنىي ۋە گۈللىنەرلىك ئىشلارنى قىلالمىدى. مائارىپ ۋە سانائەت ساھەسىدە مەخسۇس مۇئەسسەسەلەرنى قۇرمىدى. لېكىن بۇ ئىشلارنى قىلىشقا تېخى ۋاقىت يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ تېخى ئۇرۇشتىن توختىمىغان بولۇپ يېڭى يەرلەرنى ئېلىپ ئۇ يەرلەردە ھۆكۈمىتىنى چىڭىتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ مۇراد ـ مەقسەتلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئاخىرەت سەپىرىنى قىلدى. مىلادىيە 1877 ـ يىل جامادىيەلئاخىرنىڭ 16 ـ كۈنى[1] كورلىدا ۋاپات بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن نەق ئىلگىرىكى خوجىلارغا ئوخشاش خوتۇن، بالىچاقا، مال ـ دۇنياغا، تەخت ـ ھاكىمىيەت تۇتۇشقا ئامراق شەخسىيەتچى بەگلەر، ھاكىملار چىنلىق ۋە قالماقلار بىلەن سوقۇشۇشتىن ۋاز كېچىپ ئۆزئارا تالاش ـ تارتىشقا كىرىشىپ كەتتى. نىياز ھاكىم دېگەن ساتقۇن ياقۇپ خاننىڭ تىرىكلىكىدىلا ھۆكۈمەت ۋە مەملىكەتنىڭ زىيىنىغا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان ۋە ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن بەك كۆپ سوقۇش قورالىرىنى يەرگە كۆمۈپ قويغانىدى. ياقۇپ خاننىڭ يەرگە كۆمۈلۈشى بىلەنلا بۇ خائىن ئۆزىنىڭ يەرگە كۆ-

① ياقۇپبەگ 1878 ـ يىلى ئۆلگەن ــ ت.





مۆپ قويغان قورال - ياراغلىرىنى يەر ئاستىدىن كولاپ چە-
قارغانىدى، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. بۇ قوراللار چىن-
لىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ياقۇپ خاننىڭ ئۆلۈمىگە
شۇ كىشى سەۋەبچى بولغان دېگۈچىلەرمۇ بار.

نوشىرۋان يائۇشېف (خوتەن)

(«شۇرا» 1917 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى، 10 — 10 -
نومۇرلۇق سانى، 222 — 224 - بەتلىرىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئالتەشەھەر

ئۇلۇغ مەركىزىي ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم بولسا كېرەك. ئالتەشەھەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسى 5 مىليونغا يېتىدۇ. بۇلار مىللەت ۋە قەۋمىيەت جەھەتتە تۈركىي خەلقتۇر. زۇلۇم ۋە مۇستەبىتلىك سەۋەبىدىن تۈركلۈك روھىنى، غەيرىتىنى ۋە تۈركلۈك قەھرىمانلىقىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، تىل ۋە ئەدەبىياتىنى ياخشى ساقلاپ كەلگەن.

چىندا جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەزكۇر خەلقنىڭ ھوقۇقى ۋە ھۆررىيىتى قولىغا قايتىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىنغانىدى. لېكىن، بۇ ئۈمىد پۈتۈنلەي يوققا چىقتى. جۇمھۇرىيەتتىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدا ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمىدى. جۇمھۇرىيەتتىن مۇسۇلمانلارغا بىر تىيىنلىقمۇ پايدا كەلمىدى. ئالتەشەھەرنى ئىدارە قىلغۇچىلار ئىلگىرى قانداق بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق كېتىۋاتىدۇ. زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ يەردىكى خەلق جۇمھۇرىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ھۆكۈمەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەردىنمۇ خەۋىرى يوق.

چىننىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە، بەلكى بىرئاز ئۆزگىرىشلەر بولغاندۇر، ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىمۇ ئالماشقاندۇر؟

ئەمما، نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى مۇسۇلمانلار ئىگىلىگەن ئالتەشەھەردە ھېچبىر ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. چىننىڭ كونا ئەمەلدارلىرى يەنىلا خەلقنى تالاۋاتىدۇ، ماللى-

رىنى، بالىلىرىنى، يەر ۋە مۈلكىنى بۇلاۋاتىدۇ، دىنىي ۋە مىللىي ھوقۇقلىرىنى، ئار - نومۇسلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتىدۇ. مەزلۇم ۋە مەھكۇم مۇسۇلمان بالىلىرى شۇ قاباھەتكە چىدايدۇ. تىلى، قول ۋە پۇتى باغلاقلىق بولۇپ، چىن مەنىسىدىكى ئەسىر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. خەلققە كۆچمەس ئېغىر ئالۋان سالىدۇ، بېرەلمىگەنلەرنىڭ يېرى ۋە مۈلكىنى تارتىۋالىدۇ، ھېچنېمىسى يوقلارنىڭ بالىلىرىنى ساتقۇزۇپ تۆلىتىدۇ. مەمۇرلار بولسا شۇ مەزلۇم تۈرك — مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىدىن قان تامدۇرۇپ ئالغان پۇللارنى ئۆز كەيپى ۋە راھىتى يولىدا كۆيدۈرىدۇ. خەلق ۋە مەملىكەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى ئەسلا قىلمايدۇ. قىلىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قىلغان خەلقنىڭ ئۆزىگە ئەركىنلىكمۇ بەرمەيدۇ. 5 — 6 مىليون نوپۇسقا ئىگە بولغان ئالتەشەھەردە بىر دانە بولسىمۇ ئۇسۇلى جەدىد مەكتىپى يوق.

مەكتەپ ئېچىشقا ھەرىكەت قىلغان ياشلارنى ئامباللار كالتەكلەيدۇ (مەخسۇس ياسالغان كالتەك بىلەن 500دىن 3000غىچە ئۇرىدۇ).

بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئاسارەتتە ياشىشىغا يالغۇز ھۆكۈمەت ۋە مەمۇرلارلا سەۋەبچى ئەمەس. ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كاشغەردىكى كونسۇلخانىلىرى بۈگۈنگىچە يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىر يېڭىلىق، تەرەققىيات، ئىلمىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ كەلدى.

كاشغەردىكى ساياھىتىمدە يەرلىك مۇسۇلمانلارغا مەكتەپ ئېچىش ھەققىدە مۇراجىئەت قىلغانىدىم. شۇ چاغدا ئۇلار: «بىز خەلقىمىزنىڭ غەپلەت ۋە جاھالەتتە قالغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىمىز. لېكىن، بىزدە يېتەرلىك مۇئەللىملەر يوق، قازان ۋە ئىستانبۇلدەك شەھەرلەردىن مۇئەللىملەرنى ئېلىپ كېلىپ، يېڭى ئۇسۇلدا مەكتەپ ئېچىشىمىزغا ھۆكۈمەت مە-

مۇرلىرى، ئىنگلىز ۋە رۇس كونسۇللىرى توسقۇنلۇق قىلى-دۇ»، دېگەنىدى.

جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى بىر مەملىكەتتە شۇنچىلىك قەبىھ ۋە ئىستىبداتنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى، مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇشقىمۇ رۇخسەت بەرمەسلىكى ناھايىتى چۈشىنىك-سىز ئەھۋالدۇر.

رۇسىيەدىكى ئىنقىلاب ۋاقتىدا مەن كاشغەردە ئىدىم. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، كاشغەردىكى بەزى زىيالىيلار بەك شادلاندى، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزمۇ ياخشىلىنىدۇ، رۇ-سىيەدىكى ھۆرىيەتتىن بىزگىمۇ پايدا كېلىدۇ، دەپ ئۈمىد-لەنگەنىدى.

كاشغەر زىيالىيلىرى بىزدىكى ھۆرىيەتكە شادلانغاندەك، بىزنىڭ زىيالىي ۋە ئاڭلىق كىشىلىرىمىزمۇ ئۇلاردىكى زۇ-لۇم ۋە ئىستىبداتقا قايغۇرىدۇ. لېكىن، «ۋاي بىچارىلەر!» دەپ ئېچىدە ھېسداشلىق قىلىپ قويۇشنىڭ پايدىسى يوق. شۇڭا، قولىمىزدىن كەلگىنىچە ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىمىزدەك ھوقۇق ۋە ھۆرىيەتكە ئېرىشىشىگە، ئىلمىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىكى تە-رەققىياتىغا، زۇلۇم ۋە جاھالەت ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا بار كۈچىمىز بىلەن تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇ ئىش مىللىتى-مىز، مىللىي تۇيغۇمىز ۋە ئىمانىمىزغا باغلىق.

نوشىرۋان يائۇشېۋ

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1917 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى 10 ــ 12 ـ سانى، 273 ـ بەتتىن).





# ساياھەتتىن بىر پارچە

ئالتەشەھەردىن تىبەت يولى بىلەن ھىندىستانغا ساياھەت قىلاي دەپ تۇرغىنىمدا، ئويلىمىغان يەردىن ۋەتىنىمىز رۇسىيەدە ئىنقىلاب پارتلىدى. مەنمۇ شۇ شادلىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ساياھىتىمنى توختىتىپ، ۋەتەنگە(رۇسىيە تۇپرىقىغا) قايتتىم.

كاشغەر بىلەن ئوش ئارىلىقىدىكى ساياھىتىمنى ھازىرچە يازمايمەن. قارلىق تاغلار، كۆمۈشتەك سۈزۈك سۇلار، ئارچا ياغاچلىرى بىلەن بېزەلگەن چوققىلار ۋە شۇ گۈزەل مەنزىرىلىك يەرلەردە ماللىرىنى بېقىپ يۈرگەن قارا قىرغىزلار ھەققىدىكى خاتىرەمنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، ساياھىتىمنىڭ بىر پارچىسى بولغان تاشكەنت خاتىرىلىرىمنى يازدىم.

ئوش، ئەندىجان ۋە خوجەند شەھەرلىرىدە بىر كۈندىن تۇرۇپ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەركىزى بولغان تاشكەنتنى كۆرۈشكە ئاتلاندىم. 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدە مەركەزگە يېتىپ كېلىش شەرىپىگە ئېرىشتىم. ۋوگزالنىڭ يېنىدىكى بىر چايخانىغا چۈشۈپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى قويدۇمدە، دەرھال «ئومۇمىي تۈركىستان قۇرۇلتىيى» بولغان سابىق گېنېرال گوبېرناتورخانىسىغا كەلدىم. بۇ بىنانىڭ ھەشەمەتلىكلىكىنى، جەننەتنىڭ دەرەخلىرىدەك گۈزەل گۈللەر بىلەن زىننەتلەنگەن چوڭ زاللارنى، چاقچۇق چاپلاپ ياسالغان قىشلىق باغچىلارنى، ھەشەمەتلىك زالدا گۈللەر ئارىسىغا چىقىرىپ ياسالغان ئاق قاپارتمىلارنى كۆرۈپ، قاپارتمىلار ئارىسىدىكى بۇلبۇلنىڭ سايرىشىدەك «دىن» ۋە «شەرىئەت» كەلىمە

تەييىبەلەرنى ئىشىتىپ ھەيرەتتە قالدىم. ئىچىمدە: «مانا بۇ خۇدانىڭ رەھمىتى، تەلىيى كەلگەن خېنىملار بىلەن يوغان قورساق تۆرىلەر ئولتۇرغان ئۆيلەرغۇ بۇ»، دېدىم. مەن بۇ يەرگە كەلگەندە كۈندۈز سائەت 11 بوپتىكەن، سائەت 12 بولغاندا خەلق كېلىشكە باشلىدى. ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرغان يالاڭ باشتاق كىشىلەرنىڭ رۇسچە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئاز كۆڭۈلسىز تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ مىللىي ياشلىرىمىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭلۈم باشقىدىن كۆتۈرۈلدى.

بۇ مەجلىستە مېنىڭ كونا تونۇشلىرىممۇ بار ئىدى. ئىشلىرى تۈگىگەندە بېرىپ كۆرۈشتۈم. لېكىن، سەپەر مېنى تاغدا ياشايدىغان قارا قىرغىزلاردىن بەكرەك قارايتقان، كېيىملىرىممۇ مەينەت ۋە رەتسىز ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مىللىي دوستلىرىمىز مەندىن: «ئامان ـ ئېسەن كەلدىڭمۇ؟» دەپ ھال ـ ئەھۋال سوراپلا قويدى. ئارتۇق گەپ قىلمىدى. قوللىرىدا كۆتۈرۈۋالغان نەرسىلىرىنى ئالغىنىچە ئىشخانىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. ئۇلاردىن ئاغرىنغاندەك بىنادىن چىقتىم ـ دە، ئۇدۇل ئاشخانىغا ماڭدىم.

يالغۇز ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە شۇنداق ئويلىدىم: مەن ئۆزۈمنى 7000 ــ 8000 چاقىرىم قۇملۇق چۆللەردە، ئاتلىق جاپالىق ساياھەت قىلىپ كەلگەن ئاددىي بىر سەيياھ دەپ تونۇيمەن. بۇ يەردىكى ئەپەندىلەرنىڭ ساياھەتىمگە قانداق كۆز بىلەن قارايدىغانلىقىنى ئۆلچىدىم. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى قانچىلىك تۆۋەن بولسىمۇ، بىر سەيياھنىڭ روھىنى چۈشۈرمەسلىككە تىرىش، دېدىم. پەقەت، مىللىتىمىزنىڭ زىيالىي قاتلىمى سانىلىدىغان ئەزالارنىڭ ئۆز مىللىي سەيياھلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكىگە ئىچىم سىيرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە بەك تۆۋەن تۇرىدىغانلىقى-



www.uyghurkitap.com



مىزنى مۇشاھىدە ئەتتىم. مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ سەيياھلىرىغا قاراشلىرىنى، ھەربىر سەيياھنى ئۆز دەرىجىسىگە مۇناسىپ قەدىرلەپ، ئىززەتنى قىلىدىغانلىقى ئېسىمگە چۈشتى. ئاخىرىدا ئۆز مىللىتىمنىڭ شەرىئەت بىلەن تەرىقەتتىن ئۆتۈپ، ساياھەت بابىغا يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى ئەسلىدىم. شۇنداقتىمۇ، مەن ساياھەتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ۋاز كېچىشنى ئويلىمىدىم.

سەپەردە يۈرۈپ، مىللىي گېزىتلىرىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇش شەرىپىدىن مەھرۇم قالغان، ئىنقىلاب تارىخىدىن چەتتە بولسامۇ، قولغا قەلەم ئالماي چىداپ تۇرالمىدىم. يېڭىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «تۇران» دېگەن گېزىتكە ماقالە يېزىشقا باشلىدىم. لېكىن «تۇران»نىڭ باش مۇھەررىرى مەرىپەتسىز بىر كىشى بولغانلىقتىن ماقالىلىرىمنى داۋاملىق ئېلان قىلدۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇ كۈنلەردە «شۇرائى ئىسلامىيە»گە بىرنەچچە قېتىم باردىم. لېكىن، بۇ «شۇرا»لار مېنىڭ كاشغەر يولى بويلىرىدا ئويلىغىنىمدەك گۈزەل ئەمەسكەن. ھۆررىيەت شەرىپىگە ئېچىلغان بىر مۇئەسسەسەدە كونىلىق ۋە ئىستىبدات ھۆكۈم سۈرەتتى. گويا بۇ ھۆررىيەت دىنىي كوندىلىقلارنى يولغا قويۇش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. «يىراقتىكى قۇياش ئىللىق بولىدۇ» دېگەندەك، كاشغەردەك قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭدا ھۆررىيەتنىڭ ئۆزىنى كۆرمىسىمۇ، ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇش كۆڭۈللۈكرەك بولغان ئىدى.

ئۆلىمالار ئۆزلىرىنى «ئەنبىيالارنىڭ ۋارىسى» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. قارا خەلق ئۇلارنى شۇنداق دەپ تونۇيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئەمەلىيەتتە مەركىزىي ئاسىيا ئۆلىمالىرى ئەنبىيا (ئەلەيھىسسالام)نىڭ مىراسىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى، بۇ ئۆلىمالار ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مىراس بولۇپ قالغان «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئورنىغا خۇراپات ۋە كونىلىقنى دەسسەتكەن. ئۆلىمالار پەيغەمبەر مىراسىنى ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئىرانلىقلار خۇراپاتى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئاسارىتىگە كىرىپ قالغان. بەس، ئۇلار ھەقىقىي «ئەنبىيالارنىڭ ۋارىسى» ئەمەس، بەلكى ئىرانلىق ياكى بەنى ئىسرائىل ۋارىسلىرىدۇر. شۇڭا، بۇ يەردىكى ۋارىسلار ئىلمىي ۋە مەنىۋى مۇراد ھاسىل بولمايدىغان ۋارىسلاردۇر. بۇ يەردىكى مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەردە، ئىلمىي تەھسىل ۋە مۇتائىلە قىلىنىغان كىتابلارنىڭ كۆپرەكى پارس تىلىدا بولۇپ، مۇئەللىپلىرىمۇ كۆپىنچە ئىرانلىقلاردۇر. شۇڭا بۇلارنىڭ دىنىمۇ ئىران خۇراپاتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تۇغۇلغان.

ئاپرېل ئايلىرىدا تۈركىستانغا «قازان ھەيئىتى» كېلىپ ئىشلەشكە باشلىغاندى. بەك ئۆم بولمىغان ئۆلىمالار جاماەتى بۇ ھەيئەتنى سىغدۇرالمىدى، «بىزگە تاتار كېرەك ئەمەس، دىن ۋە شەرىئەت كېرەك»، دەپ ھەيئەت ئەزالىرىنى «شۇرائى ئىسلامىيە» دىن قوغلاپ چىقاردى. نىھايەت، مىللىي مۇھەررىرلىرىمىزدىن ئابدۇللا بەتتال[①] ئەپەندى «شۇرائى ئىسلامىيە» گېزىتىنىڭ 6 ـ سانىنى چىقىرىپ بولۇپ، تاشكەنتتىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسمائىل ئابىدىمۇ كەتتى. قالغانلارمۇ بەك قىسىلىپ ئىشلەۋاتىدۇ. زەكى ۋە-

① ئابدۇللا بەتتال تايماس (1883.12.8 ـــ ؟) قازاننىڭ بۇزاۋلىق ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، مىسىردا ئوقۇغان. 1913 ـــ 1917 ـ يىللىرى قازاندا چىقىدىغان «يۇلتۇز» گېزىتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1917 ـ يىلى تۈركىستانغا كېلىپ ئىشلىگەن. ئەمما، ئۇزۇن تۇرالماي قايتىپ كەتكەن. سوۋېتلەرنىڭ تۈرمىسىدىن قېچىپ فىنلاندىيەگە كەتكەن، كېيىن تۈركىيەگە كېلىپ تىل تەتقىقاتى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر تەرجىمانلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. «ئىبنى مۇھەننا لۇغەتى»، «بۈيۈك قىرغىز سۆزلۈكى» ۋە «ياقۇت تىلى سۆزلۈكى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەييارلاپ نەشر قىلدۇرغان.



لىدى①، بۇرھان ھەبىب ۋە ئەزىدىن ئەپەندىلەر «مەركىزى شۇرائى ئىسلامىيە» نامىدا «كېڭەش» دېگەن ئىسىم بىلەن يېڭى گېزىت چىقىرىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. ئىچىدىكى دۇر ۋە گەۋھەرلەرنى گېزىتلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن چاچمىغاندا، جەمئىيەتلەرگە تارقىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەمدى تاتارلارنىڭ پائالىيىتىگە كەلسەك، بۇلارنىڭ ھالىمۇ ماختىنغۇدەك ئەمەس، ئارىسىدا مىللىي تەربىيە كۆرگەن، ئالىي مەلۇمات ئالغانلاردىن بىرىمۇ يوق. تۈرلىرى خەلققە ئارىلاشمايدۇ. پەقەت ئەبۇبەكىر دىۋايېف ئەپەندىلا مىللىي مەجلىسلەردە ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تېخى بىرنەچچە خانىم ۋە يولداشلارنىڭمۇ مىللىي يىغىلىشلارغا كېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، تاشكەنت تاتارلىرى ئۆم ياشىمايدۇ.

① زەكى ۋەلىدى توغان (1890 — 1970) — باشقىرت ئالىمى، تارىخچى، تۈركولوگ. بالىلىق دەۋرىدە رۇسچە، پارسچە، ئەرەبچە ئۆگەنگەن. 1908 - يىلى قازانغا كېلىپ كاتانوف بىلەن تونۇشقان. 1911 - يىلى «تۈرك - تاتار تارىخى» دېگەن كىتابى نەشر قىلىنغان. 1914 - يىلى پەرغانەدە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بىر نۇسخىسىنى بايقىغان. 1917 - يىلى باشقىرتىستان مۇستەقىل بولغاندا ئارمىيە نازىرى بولۇپ، لېنىن، ستالىنلار بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشكەن. رۇسلار باشقىرتىستاننى قايتا ئىگىلىگەندە، تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا «تۈركىستان مىللىي بىرلىكى»نى قۇرىدۇ. ئەمما باسمىچىلار قوشۇنىغا كېيىن قېتىلغان ئەنۋەر پاشا بىلەن پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەي بۇ يەردىن كېتىدۇ. ئافغانىستانغا كەلگەندە ھىراتتا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ قەبرىسىنى تاپىدۇ. 1925 - يىلى تۈركىيەگە كېلىپ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيدۇ. 1932 - يىلى ساختا تارىخچىلاردىن زەربە يەپ، ۋېناغا كېتىدۇ. 1935 - يىلى دوكتور ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن، گېرمانىيەدە ئىشلەيدۇ. 1939 - يىلى تۈركىيەگە قايتىپ كېلىدۇ. 1944 - يىلى سوۋېتلەرنىڭ بېسىمى بىلەن 10 يىللىق تۈرمىگە تاشلانغان بولسىمۇ، ھەربىي سوت قويۇۋېتىدۇ. 1948 - يىلىدىن باشلاپ يەنە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسور بولۇپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇنىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، «تارىخ مېتودىكىسى» ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى تارىخى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.

«ئىتتىپاق» دەپ بىر جەمئىيىتى بار بولسىمۇ، بۇ جەمئىيەتمۇ ئىككى ئايدىن بېرى ئىدارە ئەزالىرىنى سايلاش بىلەن ئالدىراش. ئۇنىڭدىن باشقا، تىلغا ئېلىپ كۆرسەتكۇدەك ئىشى مەيدانغا كەلگىنى يوق.

مەركىزىي ئاسىيادىكى تاتار جەمئىيەتلىرىنىڭ مەركىزىي بىيۇروسى «ئۇلۇغ تۈركىستان» دەپ بىر گېزىت چىقىرىشقا باشلىغان ۋە بۇ گېزىت ئۈچۈن بىر مەتبەئە ئالغاندى (لەتىپ يائۇشېف ئالدى دېگەن گەپ خاتا). مەركىزىي بىيۇرونىڭ ھازىرغىچە كۆزگە كۆرۈنگۇدەك قىلغان ئىشىمۇ شۇنىڭدىن ئىبارەت، خالاس. بۇ گېزىتمۇ باشتىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى سەۋەبىدىن ئاقساپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممە ئىشنى كەبىر بەكىرنىڭ ئىختىيارىغا بېرىۋەتكەچكە، تەھرىر ھەيئىتىلا ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. كەبىر بەكىر ئەپەندى «ئۇلۇغ تۈركىستان»غا مۇھەررىرلەرنى جەلپ قىلالمىدى. مەركىزىي بىيۇرونىڭ پۇلى ئاز، دەيدۇ.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، تاشكەنت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىشلىرى شادلانغۇدەك ئەمەس، ئاڭسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش دېگەندەك ئۇششاق ئىشلاردىن نېرىغا ئۆتەلمەيۋاتىدۇ.

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1917 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 10 ـــ 13 ـ سانى، 297 ـــ 298 ـ بەتلىرىدىن).



# ئالتەشەھەر تۈركلىرى ھاياتىدىن (1)

ئالتەشەھەر تۈركلىرى ھەققىدە يازماقچى بولغانلىرىمىز ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا دائىر بولۇپ، بۇ ھەقتە يورۇتماقچى بولغان نۇقتىلارنى ئىمكانقەدەر ئۆز جايىغا قويۇشقا تىرىشىمىز. يەنى، بەرگەن مەلۇماتلىرىمىزنىڭ توغرا بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمىز.

ئالتەشەھەر تۈركلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ۋە مەئىشەتلىرى، ھايات ۋە بەخت ـ سائادەتلىرى ئومۇمەن يەر ۋە سۇيىگە باغلىقتۇر. قىلىدىغان كەسپى ۋە ھۈنەرلىرىمۇ كۆپىنچە تېرىقچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت.

يېرى ئومۇمەن چۆل ۋە قۇملۇقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، غەربى ۋە شىمال تەرەپلىرى ئالتاغدىن، جەنۇبى قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن قار سۇلىرى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسى تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، يىل بويى قار، يامغۇر كۆرمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەردە چۆل دەرەخلىرى، يۇلغۇن ۋە توغراق ئورمانلىرى بار. تاغ ئېتەكلىرىدە قارىغاي دېگەندەك دەرەخلەر ئۆسىدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن، گۆڭگۈرت ۋە كۆمۈر قاتارلىق مەدەنلەر چىقىدۇ. بەزى يەرلەردە يەنە نېفىت قۇدۇقلىرى بار دەپمۇ ئاڭلىدىم.

يېرى قۇم بولغاچقا، سۇنى كۆپ ئىچىدۇ. شۇڭا تېرىقچىلار سۇغا تويمايدۇ. تېرىقچىلىق ئىشلىرى كۆپ يەرلەردە سۇغا قاراپ بولىدۇ. باغ ۋە ئېتىزلىقلار ئېقىن سۇلار بەرد-

كىتى بىلەنلا ياشىرىپ تۇرىدۇ. سۇ بىلەنلا ئىش پۇتمەيدۇ، بە-
نە ئوغۇتلاش كېرەك. ئوغۇت بولسا خېلىلا قىممەت. شۇنداق
بولسىمۇ، ئالغان ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىپ تۇرىدۇ. پىلەقۇرتى
بېقىشمۇ تېرىقچىلىقتا ئوخشاشلا يۇرت - يۇرتلاردا تەرەققىي
قىلىپ تۇرىدۇ. تەبىئىيكى، ئالتەشەھەرنىڭ ھېچقانداق ئىشى
تەرەققىياتنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى باسقۇچىدا ئەمەس، بەلكى
باشلانغۇچ ھالىتىدىدۇر.

چارۋىچىلار باي كىشىلەر بولۇپ، ماللىرىنى 10 - 15
كۈنلۈك يەرلەرگە ئاپىرىپ تاغلاردا ياقىدۇ. يېزىدىكىدەك يېزا
ۋە شەھەر ئەتراپلىرىدا ئوتلاق ۋە ئۆيلەڭلەر يوق. بار بولسى-
مۇ سۇغىرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئېتىزلىق ۋە ئورمانلىقلارلا
بار.

ھاۋاسى ئىسسىق ۋە كۆچلۈك بولغاچقا، بىر يىلدا ئۈچ
قېتىم ھوسۇل ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، كۆزگى بۇغدايلارنى ئو-
رۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قوناق تېرىيدۇ. قوناقتىن كېيىن
سەۋزە دېگەندەك زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ.

گۈرۈچ، بۇغداي، قوناق، ئارپا، زىغىر، كۆنجۈت قاتارلىق
دانلىق زىرائەتلەر، پاختا ۋە يىپەك قاتارلىق كىيىملىكلەر
چىقىدۇ. ئۈزۈم، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ئا-
نار، بېھى قاتارلىق مېۋىلەر چىقىدۇ. كەرەپشە، يېسىۋىلەك،
يۇمغاقسۈت، پالەك، سەۋزە، تۇرۇپ، چامغۇر، پىياز قاتارلىق
كۆكتاتلار چىقىدۇ. سەۋزە، چامغۇرلار گۆش ياكى گۈرۈچ بى-
لەن پىشۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ. يەيدىغان تاماقنىڭ كۆپىنچىسى
گۈرۈچ تامىقى، گۆش، قوناق ۋە بۇغداي نېنىدىن ئىبارەت.
پىياز ئاز يېيىلىدۇ. يەپ - ئىچىش ئاساسەن ئىقتىسادىي
ئەھۋالغا قاراپ بولىدۇ. چاينى ئاز ئىچىدۇ. مېھمان چاقىرى-
شىپ ئوينايدىغان ئادەتلىرى يوق. پەقەت بايلىرى ئارىسىدا
«مەشرەپ» بولۇپ تۇرىدۇ. ھاراق ئىچمەيدۇ، لېكىن تاماكىنى

كۆپ چىقىدۇ. قاپاقتىن ياسىغان يوغان قورساق چىلىملىرى بولىدۇ. ئەر ـ خوتۇن، قىزلىرىغا قەدەر شۇنداق چىلىملارنى تارتىدۇ. ھاۋاسىدىنمۇ، سۇيىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئادەملىرى ئومۇمەن كۈچسىز ۋە ھالسىز بولىدۇ. قارا قاشلىرى، يىرتماق كۆزلىرى، سوزۇنچاق يۈزلىرى، شالاڭراق قارا ساقاللىرى بىلەن تۈركلەرگە ئوخشايدۇ. ئەسلىدە ئۆزلىرىمۇ تۈركتۇر. لېكىن تېنى ئاجىز، گەۋدىلىرى كىچىك بولىدۇ. نەشە، ئەپيۈن چېكىپ كەيپ سۈرىدىغان، قىمار ئويناپ كۈن كەچ قىلىدىغان، سەدىقە سوراپ قورساق تويغۇزىدىغان دىۋانە، بىكار تەلەپ ئادەملەر كۆپلەپ ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. دىۋانە، قەلەندەر، ئەۋلىيا ۋە مازارلارغا بولغان ئىخلاسلىرى ئۈستۈن. ئومۇمەن جاھالەت ئاستىدا ياشايدۇ.

باي بولسۇن، گاداي بولسۇن، تۇرغان ئۆيلىرى، يېمەك ـ ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل. پەقەت خوتۇن ـ قىزلارلا بۇنىڭ تېشىدا. ئەرلىرى غايەت ساددا كىيگەنىنىڭ ئەكسىچە خوتۇن ـ قىزلىرى ناھايىتى تەكەللۇپلۇق كىيىنىدۇ.

ئۆيلىرى پۇتۇنلەي لايدىن سېلىنغان، دېرىزىسىز ھۇجرىلاردىن ئىبارەت. ئۆگزىلىرى تۈپتۈز، يورۇق چۈشۈش ئۈچۈن تۆت يېرىم ئارشىن چامىسىدا تۆشۈك تېشىپ قويۇلىدۇ. بۇ تۆشۈكنى ئۆزلىرى «تۈڭلۈك» دەيدۇ. ئىشىك ئالدىدا ئوچۇقچىلىقمۇ بولمايدۇ. دېرىزە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن شەھەر كوچىلىرى تامغا تام تىرەپ سېلىنغان ئۆيلەر بىلەن تولغان. لېيى قۇم تۇپراقتىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۆيلەر ئۈچ ـ تۆت يىلدىن ئۇزاق چىدىمايدۇ. سىيرىلىپ تۇرىدۇ. ئۆزۈم تۇرغان بىر ئۆينىڭ تېمىغا قەغەز چاپلاي دېگەنىدىم، تۇرمىدى. قەغەز ئۆزىگە يېپىشقان قۇملار بىللە سىيرىلىپ چۈشتى. مىخلاپمۇ باقتىم، تام مىخنىمۇ تۇتمىد-

دى. ئىسسىت، ئالتەشەھەر تۈركلىرى شۇنداق ئۆيلەردە تۇزان يۇتۇپ ئۆتىدۇ. ئىلىم - پەن بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن پاكىز-لىق، تازىلىق، سۇ - ھاۋا دېگەندەكلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ شۇ سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈرلۈك كېسەللىكلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بەدەنلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى تېز - تېز يۇيۇپ تۇرمايدۇ. سوپۇن ئىشلەتمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بار چاغدا بۆرىدەك يەيدۇ - دە، يوق چاغدا شۇمشى-يىپ گۆرۈخانا ئەتراپىدا يۈرىدۇ.

تۇرمۇشلىرى ئومۇمەن بىر خىلدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، مۇئامىلە جەھەتتە ئىش باشقىچە. بايلار خۇددى پادىشاھتەك، پېقىر ۋە موھتاجلىرى قۇلدەك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. چۈنكى سودا مۇناسىۋەتلىرى پۈتۈنلەي نېسى، قەرز، ئۆسۈم ۋە مۇنا-سىۋەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بايلار بىر پۇللۇق نەر-سىسىنى ئىككى پۇللۇق ئۆسۈم بىلەن ھاجەتمەنلەرگە تارقى-تىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن «مىننەت»لەرنى ئارتىپ قويىدۇ. نېسى ۋە ئۆسۈملەرنى تۆلىگۈچە بايلارغا ھەر ئىشتا خۇشامەت قىلىپ تۇرۇش، ئۇلارنى كۆرگەندە ئېگىلىش، ئاتى-تىن چۈشۈش، ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇش، ئىش - كۈشلىرىنى قىلىپ بېرىش ۋە قۇلچىلىق قىلىش بى-لەن ئۆتىدۇ. ئەسلىدە موھتاجلارغا ئۆسۈملۈك قەرز تارقىتىپ بېيىغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇلاردىن مىننەتدار بولۇشى كې-رەك ئىدى. چۈنكى بايلارنىڭ بېيىشىغا، پېقىر ۋە موھتاجلار-نىڭ موھتاج ۋە بىچارە بولۇپ قېلىشلىرىغا مەزكۇر ئۆسۈم، قەرز ۋە نېسى سەۋەب بولغان. بايلار موھتاجلارنى شۇنداق ئېزىدۇكى، سېتىلغان قۇللارمۇ بۇلاردىن راھەترەك ۋە ئەر-كىنرەك ياشايدىغاندۇر. خەلقنىڭ بەشتىن بىرى ئەنە شۇنداق جازانىخور بايلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قالغان قىسمى ئاساسەن ئاشۇ بايلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە باغلىنىپ سېتىلغان

قۇللاردۇر. بۇلارنىڭ ئارىسىدا دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەرمۇ بار. قارىماققا، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرۇۋاتقاندەك، ئۆز ئىختىيارىچە ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىقتىسادىي بىر يىپ بىلەن بايلارنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرىغا باغلانغان. ئۆز مەيلىچە ھەرىكەت قىلغۇدەك ھالى قالمىغان.

يەر ياخشى تۇرۇقلۇقمۇ دېھقانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەر نېمىشقا بايلارغا ئەسىر بولۇپ قالىدۇ. نېمىشقا ئۆزلىرى ئاشلىق تېرىپ جان باقمايدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغاچقا، بۇنىڭغا مۇنداق ئىزاھ بەرمەكچىمىز.

«بار چاغدا بۆرىدەك، يوق چاغدا شورىدەك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ مۇشۇ ئىزاھتىن كېيىن ئېنىقلىنىدۇ. ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئىلىمسىزلىك ۋە ھورۇنلۇق سەۋەبىدىن يەرلىرىنى ساتىدۇ، زېمىن ۋە مال - مۈلكىنى رەنگە قويىدۇ. قوللىرىغا كىرگەن پۇللارنى خەجلەپ بولۇپ، ئاندىن يەر ۋە مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ كوچىدا خەقنىڭ ئىشىكىدە قالىدۇ. تېرىقچىلىققا يارامىلىق يەرلىرى ۋە مال - مۈلكىنىڭ كۆپىنچىسى بايلار قولىدا قالىدۇ. نۇرغۇن يەرلەرنى ۋەخپە دەپ، مازار شەيخلىرى ۋە مەدرىسە خادىملىرى باشقۇرىدۇ. ۋەخپىلەر بايلارغا 99 يىللىق مۇددەت بىلەن سېتىلىدۇ. ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئاساسەن يەر ۋە مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان مىسكىنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، قىش - ياز بايلارغا ئىشلەش بىلەن ئۆتىدۇ. قىسقىسى، ئالتەشەھەر تۈركلىرىنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇش - تىرىكچىلىكلىرى تەرتىپسىز ۋە كۆڭۈلسىزدۇر.

يەرلەرنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇپ تۇرغۇچى «شامال»مۇ ئاشۇ قارغىش تەگكۈر جازانە ۋە نېسى دېگەندەكلەردىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبلىك، يەرنىڭ تەبىئىي بار بولغان بايلىقلىرىمۇ پايدا بەرمەي قالىدۇ.

كۆڭۈلگە شۇ نەرسە كېلىدۇكى، ئاھالىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى، كۆچ ـ قۇۋۋەتلىرىنى ئۆزلىرىگە قارىتىۋالغۇچى بايلار ھۆكۈمەت خەزىنىسىدەك بايلىقلارغا ئىگە بولغان بولۇسىدى كاشكى. لېكىن، ئىمە سەۋەبتىندۇر بۇ يەرنىڭ بايلىرى ئۆسۈمگە چۈشلۈق بېيىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ جازانىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن كەتكەن كۈچلەر، ئاققان تەرلەر، تامغان كۆز ياشلىرى ئۇلارنى ئالغا باستۇرمايۋاتقاندۇر، بەلكىم. چۈنكى ئالتە شەھەردە مىليونلارغا خوجا بولغان، مائارىپ ۋە ياخشى ئىشلارغا مىڭلارچە پۇل سەرپ قىلغان بايلارنى كۆرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئالتەشەھەرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىبادەت ئورۇنلىرىغا كەلسەك، قەلەمگە ئالغۇدەك ئالىي ۋە مۇقەددەس قورۇلۇشلارنى كۆرەلمەيمىز. بارلىرىمۇ خارابە ۋە ۋەيرانىلىكلەردىن ئىبارەت. مۇنداق قورۇلۇشلاردىن پەقەت مەسچىت، گۈمبەز، مەدرىسەلەرلا بار بولۇپ، بۇلارغا قاراشلىق ۋەخپە يەرلەر بەك كۆپ. پەقەت مىليونلاپ پۇلغا ئىگە تورۇقلۇق ئاچ ـ يالىڭاچ يۇرگەنلىكى سەۋەبلىك، بۇ يۇرتلار كېيەن ۋە يۇيۇپ ـ تاراشقا ھاجەتسىز ھالدا توپىغا كۆمۈلۈپ ياتماقتا. نۇرغۇن ئىلىم ۋە ئىبادەت ئورۇنلىرى نۇرغۇن ۋەخپىلەرنى مىراس قىلىۋېلىپ، توپىغا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. ساق قالغانلىرىمۇ چاڭ ـ توزان، ئەسكى ـ تۈسكىلەر ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتىدۇ.

مۇسۇلمان خانلىرى زامانىدا كۆزگە كۆرۈنگۇدەك ئىلىم ۋە ئىبادەت يۇرتلىرى سېلىنمىغانمۇ ياكى كېيىنكى مەزگىللەردە يوقىلىپ كەتكەنمۇ؟ بىز بۇنى ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىدىن سورايمىز. ئالتەشەھەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئالىي ۋە ھەشەمەتلىك، مەزمۇت قورۇلۇشلارنى، خان ئوردىلىرىنى ئۇچرىتالمايمىز. بەدەۋلەت ياقۇپبەگ زامانىدا سېلىنىپ قالغان، كاشغەر ۋە خوتەن شەھەرلىرىدىكى ئىككى

ئورۇندىكى مەسچىت ۋە جامە ئالتەشەھەردە بىرىنچى دەرىجەلىك ئالىي ئىمارەتلەردىن سانالماقتا. بۇ جامەلەرنى مۇسۇلمان پادىشاھىدىن نەمۇنە ۋە خاتىرە بولۇپ قالغان ئىلىم ۋە ئىبادەت ئورنى دەپ قارىمىغاندا، ئۇنىڭ ماختانغۇدەك ھېچقانچە يېرى يوق. چۈنكى، مۇنداق بىنالارنى رۇس ۋە پەرەڭلەرنىڭ كىچىككىنە يېزىلىرىغا بارسىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

## خۇلاسە

ئالتەشەھەردە بۇخارا ۋە سەمەرقەنت شەھەرلىرىدىكىدەك چوڭ - چوڭ مەدرىسەلەر، مەسچىت - جامەلەر، كارۋان سارايلار، ھاممام ۋە گۇمبەزلەر، شاھ ئوردىلىرى، خان سارايلىرى يوق. ئالتەشەھەر خانلىرىنىڭ ھاياتى ئۆزئارا قىرغىنچىلىق بىلەنلا ئۆتۈپ كەتكەن. مەزكۇر بەدەۋلەت جامەلىرىمۇ سېلىنغاندىن بېرى رېمونت قىلىنمىغان بولسا كېرەك. يەرگە سېلىنغان سېلىنچىلىرىمۇ يوق. مەسچىت تاملىرىدىكى ئالامەتلەردىن قارىغاندا، سېلىنغاندىن تارتىپ سۈپۈرۈلمىگەنلىكى مەلۇم، چاڭ - توزان، ئۆمۈچۈك تورلىرىنىڭ بەك كونا زامانلارنى ئەسكە چۈشۈرۈشىگە قارىغاندا، تەسەۋۋۇرىمىز توغرا چىقسا كېرەك. پەقەت جۈمە كۈنلىرىدىلا ئۇزۇن چاپان كىيىپ نامازغا كەلگۈچى مىڭلارچە مۆمىنلەر ئېتەك ۋە يەڭلىرى بىلەن سۈپۈرۈپ ۋە ئاياغلىرى بىلەن ئېرتىپ، چاڭ - توزاننى سەل - پەل ئازايتىدۇ. كۆچلۈك تەقۋادار كىشىلەر مەسچىت توپىسى ۋەخپە دەپ قاراپ كىيىملىرىنى مەسچىتنىڭ ئىچىدىلا قېقىۋېتىپ كېتىدۇ.

مەن بىر چاغدا بىر مەسچىتتىكى چاڭ - توزاننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، سۈپۈرۈلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدىم. بۇ مەسچىت «ۋەخپە»، ئۇنىڭ ئىچىدىكى توپىمۇ

«ۋەخپە»، شۇڭا ئۇنى سۇپۇرۇپ تۆكسەك ۋەخپىگە خىيانەت قىلغان بولىمىز، دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قارى ۋە تۆلىبە مالارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنى سېتىپ مۆھۈر بېسىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئەگەر شۇ مەسچىتتىكى چاڭ ـ توزاڭ پۇلغا يارىغان بولسىدى، بۇگۈنگىچە كۆزگە سۈرتكۈدەكمۇ قالمىغان بولاتتى ۋە قارىغۇلارچە تەقۋادارلىقنىڭ سىرىمۇ شۇ چاغدا ئېچىلغان بولاتتى، دېدىم ئىچىمدە.

ئىلىم ۋە تائەت ـ ئىبادەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆ-رۈنۈشلىرى مانا مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ئىلىم ئەھلى ياخشى بىلسە كېرەك.

تەبىئىيكى، ئەمدى مۇنداق بىنالاردا «شەرھى ئابدۇللا»، «شەرھى ئابدۇلرەھمان»، «ھاشىيەئى ئابدۇلرەھىم» ۋە «ئاب-دۇلغەفۇر»لاردىن دەرس ئۆتۈپ تۇرغۇچى شەيخ ئابدۇللا ۋە شەيخ توختى ئاخۇنلار بار.

بۇ ئاخۇنلارغا تىل تەگكۈزۈش ئەدەپسىزلىك ھېسابلان-مىسا، «شەرھى»لەر بىلەن «شېرىف»لەر توغرىسىدا بىرگە ئېيتىپ ئۆتىدىغىنىم، «شەرھى» ۋە «ھاشىيە»لەردىن چى-قىپ، «تەفاھاتى شېرىف»، «مەكتۇباتى شېرىف»، «مەسنەۋىي شېرىف»، «مۇشكات شېرىف» قاتارلىقلاردىن تاشقىرى، يەنە «قۇرئان شېرىف» ۋە «ھەدىس شېرىف»قا ئوخشاش ئىلىملەر-مۇ ئوقۇتۇلسا بەك ياخشى بولاتتى. ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمدەك بولسا، تېخى شەرھى ۋە شېرىفلەرنى قالدۇرۇپ، ئەرەب تىلى-نىڭ فونېتىكا، گىراماتىكا، لېكسىكا ۋە لوگىكىلىرى، شە-رىئەت قانۇنى، ھەدىس، تەپسىر ۋە ئۇسۇلى فىقھە، ئۇسۇلى ھەدىس، تارىخ، ھېساب، جۇغراپىيە، تۈركىي تىل قائىدىلى-رى، سىيەر شېرىف، تەبىئەت، ماتېماتىكا پەنلىرى ئوقۇتۇ-لۇشقا تېگىشلىك. مۇمكىن بولسا تېرىقچىلىق، سودا ـ سې-

تىق ۋە سانائەت مەكتەپلىرىنى قۇرۇش، كۆچلۈك ئوقۇتقۇچى ۋە تەربىيەچىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تەلىم - تەربىيە مەكتەپلىرى — دارىلمۇئەللىمىن ۋە دارىلمۇئەللىماتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. دوختۇر، تېۋىپ، يېتىمخانا ۋە ئاممىۋى سورۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. ئىلمىي، ئەدەبىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي گېزىت ۋە ژۇرناللارنى چىقىرىش كېرەك. شەرىئەت مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا نەپ بېرىدىغان قازى، مۇپتىلار، ئۆلىما ۋە روھانىيلارنى تەييارلاش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن مىللىي ۋە مەدەنىي مۇئەسسەسەلەر، ئىلمىي ۋە كۇندىلىك پائالىيەت سورۇنلىرى، تۈرلۈك پەنلەرگە ماھىر ئوقۇتقۇچى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى ھازىرلاش كېرەك. مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يۈكسىلىشى مانا مۇشۇنداق ئىشلارغا باغلىق بولۇپ تۇرماقتا. بىزنىڭ ئالتەشەھەر تۈركلىرىگە ئېيتار سۆزلىرىمىز ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

يەنە بىر سۆزۈم: شارائىتقا بەك توغرا كەلمىسىمۇ ئېيتىدىغىنىم شۇكى، قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى سېلىش بەك لازىم ئىدى.

ھازىرقى مەكتەپلەرنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. قەيەردە تاشلاندۇق ئۆي بولسا مەكتەپ شۇ. قەيەردە بىرەر سوپى ۋە دەرۋىش بولسا شۇ ئوقۇتقۇچى. بالىلار تۆت ئەتراپىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆيلەردە لاي - توپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. بايۋەچچىلەر ئوقۇيدىغان سەل ياخشىراق مەكتەپلەرنىڭ تېگىگە پاخال سېلىنغان بولۇپ، بالىلار تۇخۇم باسۇرۇۋاتقان توخۇدەك پاخال ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر ئوقۇشىدۇ.

بۇ يەردە ھەجە پارس تىلىدا ئوقۇتۇلىدۇ، تۈرك بالىلە-رى: «ئەلف زەبەر ئە، ئەنى لەمگە ئەل، ھە زەبەر ھە ئەلھە، ھە-نى مىمگە ئەلھەم، دال پەش دۇ ئەلھەمدۇ»، دەپ ھەجىلەيدۇ.

كىمدۇر بىرىدىن قازاق ھەجىسى ھەققىدە مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم: «ئەلپ ئۇستىندە باقان ئە، لام ئۇستىن-دە چاڭغاراق ئال، ھى ئۇستىندە تاغى باقان ئەلھە، مىم ئۇس-تىندە تاغى چاڭغاراق ئەلھەم، دال ئۇستىندە چوقمار ئەلھەم-دۇ»...

مىنىڭچە بۇ ئۇسۇل يۇقىرىقىغا قارىغاندا مىنىڭ ياخشى. چۈنكى باقان، چاڭغاراق ۋە چوقمار دېگەندەك نەرسىلەر ھەر-بىر قازاق بالىسىغا تونۇشلۇق نەرسىلەردۇر. ئەمما زىر، زە-بەر، پەش، ساكىن دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالتەشەھەر بالىلى-رى كۆرگىنىمۇ، ھەتتا ئاڭلىغىنىمۇ يوق.

مەكتەپ ـ مەدرىسەلىرى، دىنىي ۋە ئىلمىي ئورۇنلىرى مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرغان مىللەتنىڭ باشقا ئەھۋاللىرىنى ئوقۇغۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئاڭقىرالايدۇ. بۇلارنىڭ ئەقىدى-لىرى ھەققىدە يازغانىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. يازغان تەقدىردى-مۇ ئەقىدىلەرنىڭ 99 پىرسەنتى خۇراپات ۋە كارامەتلەردىن ئىبارەت.

مەن ھازىرچە پەقەت بۇ ھەقتە شۇلارنىلا ئېيتىپ قوي-غۇم كېلىدۇ: ئاللاھ تەبارەك ۋە تەئالانىڭ بىزلەر ئۈچۈن تە-يىن قىلغان بارلىق ھۆكۈملىرىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، ئامەنتۇ بىللاھى كەماھۇ بىسسەمائە ۋە سىفا-تە ۋە قىبىلەتۇ جەمىئ ئەھكام، دېيىشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىل-مايدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىس ئۆگىنىش كېرەك. شۇ چاغدىلا، ئاندىن ئاللاھنىڭ ھۆكۈم ۋە قانۇنلىرىنى بىلىپ، ئۇنى ئە-مەلدە ئىشلىتىش مۇمكىن. بۇ مۇمكىنچىلىكنىڭ ئىمكانى-





يىتىمۇ مۇنتىزىم مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ بارلىققا كې-لىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقۇسىدۇر.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1917 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 10 ـــ 15 ـ سانى، 345 ـــ 348 ـ بەتلىرىدىن).



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئالتەشەھەر تۈركلىرى ھاياتىدىن (2)

ئالتەشەھەردە سۇ يولى ۋە تۆمۈريوللار يوق. سودا ۋە كارۋان يوللىرىمۇ ئوڭشالمىغان. يوللار ئومۇمەن قۇملۇق ۋە تاشلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپىنچە جايلىرىدا ھارۋا ماڭالمايدۇ. يۈكلەر تۆگە، ئات ۋە قېچىرلار بىلەن توشۇلىدۇ. ئالتە شەھەرنىڭ ماختاشقا لايىق نەرسىلىرىدىن بىرى يۈگۈرۈك يورغا ئاتلىرى بولۇپ، بۇ ئاتلار كىچىك، دىقماق بولسىمۇ، كۈچلۈك ۋە چىداملىق كېلىدۇ ھەم ناھايىتى تېز ماڭىدۇ. مۇنداق ئاتلارغا مىنسەڭ بىر كۈندە ئالتە سائەت، 50 — 60 چاقىرىم يول يۈرگىلى بولىدۇ. مۇنداق يۈگۈرۈك يورغا ئاتلارغا مىنىپ، سەپەر قىلىش پەيتوندا ئولتۇرغاندىن راھەتىرەك. ئۆزۈممۇ ئالتە شەھەرنى كۆپىنچە ئاتلىق ساياھەت قىلدىم. 20 كۈنلەپ يول يۈرۈپمۇ مىنگەن ئېتىم چۈش چاققانچىلىكمۇ يېغىر بولمىدى. ھېچنېمە بولمىدى. ئۆزۈمنىڭمۇ ساغرا ۋە كۆكرەكلىرىمنىڭ ئاغرىغىنىنى سەزمىدىم. مۇنداق ياخشى ئاتلار لوپنور كۆلى ئەتراپى ۋە قاراشەھەردىن كۆپ چىقىدۇ. بۇ يەردە يەنە بىر خىل تاغ ئاتلىرى باركى، بۇ ئاتلار قۇلۇندەك كىچىك بولسىمۇ، يول يۈرۈشكە تۆمۈردىن ياسىغان ماشىنىدەك چىداملىق كېلىدۇ.

سەل قىممەتلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مىنىشكە قېچىردىن ياخشى ھايۋان يوق. قېچىر بىلەن بىر كۈندە 70 — 80 چاقىرىم يول يۈرگىلى بولىدۇ. ئالتە شەھەرنىڭ قويلىرىمۇ ئاتلىرىدەك كىچىككىنە، قۇيرۇقسىز بولىدۇ. سىيىرلىرىمۇ شۇنداق ئۇششاق ـ ئۇششاق ھەم سۈتسىز كېلىد-

دۇ. غاز، ئۆردەك دېگەندەك قۇشلارنى باقمايدۇ. توخۇلىرىمۇ بەك كىچىك بولۇپ، تۇخۇملىرى كەپتەر تۇخۇمىدىن سەللا چوڭ بولىدۇ.

كاشغەر، ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك شەھەرلىرى ئارىسىدا تېلېگراف سىملىرى بار. مۇسۇلمانلار تېلېگراممىلىرىنى ئىنگلىز ھەرپى بىلەن يازىدۇ. تېلېفونخانىلاردا تۇرغۇچىلار چىنلىقلار بولۇپ، بېرىلىدىغان تېلېگراممىلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. كاشغەردىن خوتەنگە قاراپ سوزۇلغان كارۋان يولى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، چىنىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىن چېگدۇغىچە بارىدۇ. ياركەنتتىن ھىندىستانغا بارىدىغان بىر يول بار. بۇ يولدا تاغ ئاتلىرى ۋە قوتازلارلا ماڭالايدۇ. چۈنكى بۇ يول قاراقۇرۇم ۋە ھىمالايا تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاقسۇدىن ئۇدۇل غۇلجىغا بارىدىغان يولمۇ تار ۋە تاشلىق بولۇپ، ھارۋا مېڭىش ئىمكانىيىتى يوق.

ياركەنت ـ خوتەن ـ چىگدۇسىنىڭ[1] يوللىرىمۇ يۇمشاق قۇم بولۇشى سەۋەبلىك ھارۋا ماڭالمايدۇ. ئالتە شەھەرنىڭ نەقلىياتى (ترانسپورت) مۇشۇ يوللار ئارقىلىق ئۆتىدۇ. سودىگەرلەرنىڭ بىر قىسمى يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قالغىنى پەرغانە، ئافغانىستان ۋە ھىندىستانلىقلار ھەمدە جازانىخور چىنلىقلاردۇر. بۇ يەردىن رۇسىيەگە چىقىدىغان ماللار: يۇڭ، تېرە، يىپەك، پاختا، بۆز، گەز ۋە ئۆرۈك قېقى قاتارلىقلاردۇر. رۇسىيەدىن بۇ يەرگە كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەھمىيەتلىكلىرى: گەزمال، تۆمۈر، چاي، شېكەر، كىرسىن، ھەرخىل ئاياغ كىيىملەر، تۈرلۈك بوياقلار، تۈگمە دېگەندەك مىلىچماللار، ئازراق قەغەز پۇل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

① چىگدۇسىنىڭ ــ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى چېگدۇ شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ھىندىستانغا يىپەك ۋە ئالتۇن ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك دورا - دەرمەك، پارقىراقلار، كەشتىلەر، يۇڭ يىپىكتىن توقۇلغان رەختلەر، كۆن - خۇرۇم ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئالتۇن - كۈمۈش ۋە يىپەك مەھسۇلاتى خوتۇن - قىزلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئېسىمگە كەلگەندە، شۇنىمۇ دەپ ئۆتەي: ئالتە شەھەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرى تەلىم - تەربىيەدىن، ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي زىننەتلەردىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن تاشقى بېزەكلەرگە ۋە سۈنئىي گۈزەللىكلەرگە بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ كەتكەن. بۇلارنىڭ مۇنداق تەربىيە ۋە ئەدەپ - ئەخلاقتىن، ئىلىم - ھۈنەردىن مەھرۇم قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئەرلىرىنىڭ نادانلىقلىرىدىن بولغان. ئالتە شەھەر خەلقى ئومۇمەن ئىلىم - پەن، مائارىپ، سانائەت، تىجارەت ئىشلىرىدا ئالغا بېسىشنى پەقەت ئويلىمايدۇ. ئۇلارنى بۇ يولغا ھەرقانچە ھەيدىسەڭمۇ، ئۈركۈگەك ئاتتەك كەينىگىلا داجىيدۇ. ئۇلار تەنتەربىيە، تەپەككۇر ۋە ئەقىل تەربىيەسى، دىن ۋە ئەخلاق تەربىيەسى، ئاياللار تەربىيەسى دېگەندەكلەردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز تۇم تۇرۇك (ئۆزلىرىنىڭ تەبىرلىرىچە)لەردۇر.

خەلق نادان، قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ۋە زامان تەقەززاسىغا خىلاپ. شۇ سەۋەبلىك، تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىكلىرى خادا تاشقا ئۇرۇلغان پاراخوتتەك ۋەيرانلىق، مەھكۇملۇق دېڭىزىغا غەرق بولۇپ يۈردى. زامان ھارۋىسى ئۆز ناخشىسىنى ئېيتمىغانلارنى بەربىر ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

ھېچبىر ئىشىدا يېڭىلىق ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت كۆرۈلمەيدۇ. بىر كۈنلۈك ئىشنى ئون كۈنگە سوزۇپ قىلىدۇ. قىلىدىغان ئىشىنىڭ پەقەت ۋاقتى، قەرەلى يوق. «تەگسە تۆۋەن-

گە، تەگمىسە شاخقا» دەپ، دەرەخ بېشىغا تاش ئاتقاندەك ئويناپ ئىشلەيدۇ. بەك تەتۈر ئىش قىلىدۇ. جاھاننىڭ ئىشلىرىغا تەتۈرىسىچە قارايدۇ.

ئۆلۈكلەرنى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. مېيىتلارنىمۇ پەۋقۇلئاددە داغدۇغىلىق مۇسىبەتلەر بىلەن دەپنە قىلىدۇ. ۋارىسلىرى ئايلاپ ئۇن سېلىپ يىغلايدۇ. بۇنداق يىغلاش ئۆلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەن. يىغلىمىسا باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. مېيىت چىققان ئۆيگە ئۈچ كۈنگىچە تاماق كېلىپ تۇرىدۇ. مېيىتنى يەرلىككە قويۇپ قايتقاندىن كېيىن، كىشىلەر مىراسخورلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ، ئۆيگە كىرىپ پاتىھە ئوقۇيدۇ.

مەھەللە خەلقى خۇپتەن نامىزىنى مېيىت چىققان ئۆيدە ئوقۇيدۇ. نامازدىن كېيىن مېيىت ئۈچۈن «ھەۋزەل نامىزى» دەپ يەنە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ ئىش ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ. قەبرە ئۈستىگە ئۆي سېلىپ ياكى ۋاقىتلىق چېدىر تىكىپ، ئۈچ كۈندىن 40 كۈنگىچە، ئۈچ ـ تۆت قارى ۋە مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى تۇرىدۇ. قۇرئان ۋە تەھلىل ئوقۇلىدۇ.

ئەگەر ئۆلگۈچى ياخشى ئادەملەردىن، ئىشان ۋە ئەۋلىيالاردىن بولسا، ئۇنىڭغا مازار قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزى بېرىپ چوقۇنىدۇ، مەدەت ۋە ياردەم تەلەپ قىلىدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە خوتەندە شۇنداق كارامەت ئىگىلىرىدىن بىرى ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭغا مازار قىلىش ھەققىدە شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلدى. چۈنكى ئۇنداق مازارنى ھەركىمنىڭ ئۆزىگە مۇلۇك قىلىۋالغۇسى كېلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ مازارنى مەن ئۆز دادامنىڭ قەبرىسى بېشىغا تىكلەيمەن دەپ سوقۇشتى. ئاقىۋەتتە، مازاردىن قۇرۇق قالغان تەرەپ ئاچچىقلىنىپ، مېيىت نامىزى ئوقۇلماي تۇ-



روپلا قايتىپ كەتتى.

ئىلگىرىكى زامانلاردىمۇ ، «ۋەلىي»لىكى مەلۇم بولغان ئادەملەرنى مازار قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش ئادىتىمۇ بار① دەپ ئاڭلىدىم. شۇنداق بولغان بولسىمۇ بولغاندۇر، چۈنكى بۇلارنىڭ مازارغا بولغان ئەقىدە ۋە ئېتىقادلىرى ناھايىتى مۇكەممەل.

خەلق ھەددىدىن ئارتۇق قاراڭغۇ جاھالەت ۋە زۇلمەت ئاستىدا ئېزىلىدۇ. ئۆمۈرلىرى قۇرۇق خىياللار بىلەن ئۆتىدۇ. خۇدا دېيىشنىڭ ئورنىغا خوجا باھاۋىدىن، غەۋسلئەزەم ۋە باشقا ئاللىقانداق كىشىلەرنىڭ نامىنى ياد ئېتىدۇ. قەرەللىك مەتبۇئاتقا يامان كۆز بىلەن قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىچە گېزىت ـ ژۇرناللار خەلقنى ئالداپ پۇل تېپىش ئۈچۈنلا چىقىرىلغان نەرسىلەرمىش، گېزىتلەر يالغانمىش.

توغرا، گېزىت، ژۇرناللارنى، ئىلمىي، ئەدەبىي رىسالىلەرنى سۆيۈپ ئوقۇغۇچىلارمۇ بار. لېكىن مۇنداقلار بەك ئاز. مەسىلەن، ئالتە شەھەرنىڭ مەشھۇر ۋىلايەتلىرىدىن بىرى بولغان خوتەن شەھىرىدە قۇربان ھاجى بىلەن يۇسۇپ ئاخۇنغىلا گېزىت كېلىدۇ. قۇربان ھاجى خوتەننىڭ مۆتىۋەر سودىگەرلىرىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، گېزىت

① «ۋەلىي»لىكى مەلۇم بولغان ئادەملەرگە مازار تىكلەپ چوقۇنۇش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش ئادىتى راست بولۇپ، تۇرپانلىقلار چۆچەكتىكى تاتار ئالىمى مۇرات ئەپەندى (رەمزى)نى 1929 ـ يىلى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىدۇ. تۇرپانلىقلار ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن داۋانچىڭغا ئالدىغا كېلىدۇ. مۇرات رەمزى تۇرپاندا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، چۆچەككە قايتماقچى بولىدۇ. تۇرپانلىقلار قايتىپ كەتمەسلىكىنى قايتا ـ قايتا ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ، مۇرات رەمزى قېلىپ قېلىشقا ئۇنىمايدۇ. بۇنى كۆرگەن بىر قىسىم ئەسەبىيلەر: «تۇرپاندا قېلىشقا ئۇنىمىسا، ئۆلتۈرۈپ جەسىتىنى بۇ يەردە دەپنە قىلىپ، مازار ياساپ، مازىرىغا تېۋىنايلى!» دەپ مازار تەييارلاشقا كىرىشكەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئوغرىلىقچە قېچىپ كېتىدۇ. (گۈلشات: «مۇرات ئەپەندىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىل 4 ـ سان، 46 ـ بەت).

ئوقۇشنى باشلىغىلى بەش ـ ئالتە يىل بولۇپتۇ. شۇنىڭ سايىسىدە پىكرىمۇ ئېچىلىپ قالغان. ئۈچ ـ تۆت تۈرلۈك تاتارچە گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇيدۇ. ئۇلار خوتەندە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ پەن ـ مائارىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيەسىدىن قۇرۇق قالغان مىللەت بالىلىرىنى زامانغا لايىق تەربىيەلەپ، ھەقىقىي مىللەتپەرۋەر كىشىلەرنى قاتارغا قوشۇش يولىدا قاتتىق باش قاتۇرۇۋاتىدۇ. كاشكى، شۇنداق كىشىلەر كۆپرەك بولغان بولسىدى...

## ھۈنەرلىرى

ئالتە شەھەر خەلقى ھۈنەر ـ سەنئەتكە قابىل ۋە ئۇستا. پەقەت بۇ يولدا ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى مۇئەللىملەر، ياردەملەشكۈچى ماشىنىلار بولمىغاچقا، ئىشى ئالغا باسمايۋاتىدۇ.

ئاساسلىق ھۈنەرلىرى: تۆمۈرچىلىك، زەرگەرلىك، توقۇمىچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، قولدا ياسىغان ۋە توقۇغان نەرسىلىرى ئارىسىدا زاۋۇت ۋە فابرىكا ماللىرىدىن قېلىشمايدىغان نەرسىلەر بار.

تۆمۈر ۋە پولاتتىن پالتا، پىچاق، ئاچقۇچ، تاقا، قاداق دېگەندەك نەرسىلەرنى ياسايدۇ. مىس ۋە تۇچتىن قازان، تاۋاق، چۆمۈچ، چەينەك، داس، لېگەنلەرنى ياسايدۇ. ساماۋاردا چاي قاينىتىپ ئىچىش ئادىتى بولمىغاچقا، ئۇنداق نەرسىلەرنى ياسىمايدۇ.

ئېسىل تاشلار، قاشتېشىلاردىن بەك نەپىس، چىرايلىق تۈرلۈك ئۈزۈك، بىلەزۈك، ھالقا، تۈگمە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىشلەيدۇ. مۇنداق تاشلاردىن ياسالغان بىلەزۈكنىڭ بىرى 100 سومغىچە سېتىلىدۇ. بۇنى ياسىغۇچىلار يەرلىك خەلق

بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى چىنىلىقلارلا ئىشلىتەلەيدۇ. بىلەزۈك-تىن باشقىلىرىنى مۇسۇلمانلار ئىشلىتىدۇ. ئالتۇن - كۈمۈشتىنمۇ خوتۇن - قىزلارغا لايىق شۇنداق كىچىك زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايدۇ. تاشچى ۋە زەرگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىدا بەك قەدىمكى زامانلاردىن قالغان زىننەت بۇيۇملىرىمۇ بولىدۇ. ئاسارئەتىقىگە بەك قىزىقىپ كەتمىگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى ئانچە بىلىپ كېتەلمەيدىكەنمەن. مۇنداق سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ دەرىجىسىنى، پەقەت ياۋروپا ساياھەتچىلىرىلا بىلىدۇ.

بايراق دۇكانلار ئادەمگە مۇزېيلارنى ئەسلىتىدۇ. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زىننەت بۇيۇملىرى ئارىسىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى بەك تارتىدىغان نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇرۇنقى سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن بۈگۈنكى سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭ پەرق يوق. پەقەت كونىلىرىغا سىپلىشتۇرغاندا، ھازىرقىلىرى سەل كىچىكرەك بولىدۇ، شۇ. مۇشۇ كۈندە ئىشلىتىلىۋاتقان تاش ھالقىلار دۇپدۇگىلەك بولۇپ، چوڭلۇقى تەخمىنەن چاي تەخسىسىنىڭ تۆۋىچىلىك كېلىدۇ. بۇنى بەك چىرايلىق نەقىشلەپ، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن زىننەتلەپ كىشى زوقلانغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. ئالتۇن تۈگمىلەرنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇپ، چوڭلۇقى ۋە شەكلى توخۇ تۇخۇمىغا ئوخشايدۇ. بېشىغا كەپتەر تۇخۇمىچىلىك جىنىڭ مارجانلارنى ئورنىتىدۇ. مۇنداق تۈگمىلەرنىڭ بىر كىيىملىكى (بەش دانىسى) 200 سەر (600 سوم) گە سېتىلىدۇ. ئۈزۈك قاشلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا چوڭ بولىدۇ. لېكىن، مۇنداق نەرسىلەرنىڭ يىلدىن - يىلغا كىچىكلەۋاتقانلىقى مەلۇم. شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بۇنداق بۇيۇملار پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالىدۇ. ئۇ چاغدا بۇنداق نەرسىلەرنى پەقەت مۇزېيلاردىلا كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ

قالىدۇ. توقۇمىچىلىق ئىشلىرى بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدىكى
كەندىر يانجىش ئىشلىرىغا قارىغاندا كۆپ ئىلغار. ھۈنەرلىرى
نازۇك ـ سىپتا بولۇش بىلەن تەڭ، ئۈنۈملۈك ھەم جەلپكاردۇر.
يىپەكتىن شاھى كۆڭلەكلىك، بەقەسەم چاپانلىق رەختـ
لەرنى توقۇيدۇ. توقۇمىچىلىق ئىشلىرى ئالتە شەھەرنىڭ
ھەرقانداق يېرىگە قارىغاندا، خوتەنگە خاسراق كۆرۈنىدۇ. بۇ ـ
گۇنگە قەدەر خوتەننىڭ ئىشى پەرغانە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
ئىشىغا قارىغاندا تۆۋەنرەك ئىدى. كېيىنكى يىللىرى كەركىن
ۋە خۇدابەردى بايلارنىڭ يېڭىلىقلىرى نەتىجىسىدە، خوتەن
شايىلىرى، يىپەك بەقەسەملىرى پەرغانىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ
كەتتى.
يۇڭدىن گىلەم، پاختىدىن بۆز توقۇش ئىشلىرىمۇ خېلى
تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. توقۇش ئىشلىرى كۆپىنچە ئەرلەرگە
خاس بولۇپ، يىپەك تارتىش، چاق ئېگىرىش ئىشلىرىنى خو ـ
تۇن ـ قىزلار باشقۇرىدۇ. يىپ ئىگىرىش ئۈچۈن ياغاچتىن
ياسالغان چاقلىرى، غول ماشىنىلىرى بەك साددا كۆرۈنىدـ
مۇ، بىزنىڭ ئۇرچۇقلاردىن ياخشى. ئۇرچۇق بىلەن ئون كۈنـ
دە قىلىدىغان ئىشنى ئۇلار چاق بىلەن بىر سائەتتە ئىشلەيـ
دۇ. بۇ چاقلار بىر مىنۇتتا 20 ئارشىنلاپ يىپ چىقىرىدۇ.
توقۇغۇچى ئۇستىلار بايلارغا كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەيـ
دۇ. كۈنلۈك ھەققى ئىككى تەڭگە بولۇپ، بىر كۈندە بەش
سەر يىپەك توقۇيدۇ. خام يىپەكنىڭ بىر سەرى ئىككى تەڭگە
بولۇپ، توقۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ تەڭگىگە سېتىلىدۇ. دېـ
مەك، ئىشچىلار ئۆزلىرى يىپەك ئېلىپ ئىشلىسە، بىر كۈندە
ئۈچ تەڭگە پايدا تاپىدۇ. ئۇلارنى بۇ پايدىدىن قۇرۇق قالدۇرغان
نەرسە قوللىرىنىڭ قىسقىلىقىدۇر. ئىككىنچى دەرىجىدىكى
ھۈنەرۋەنچىلىك ـــ ياغاچچىلىق بولۇپ، شەرق ئۇسۇلىدا بەك
چىرايلىق گېئومېتىرىك نەقىشلەر، ئىشىك ـ دېرىزىلەر،

دېرىزە قاپقاقلىرى ياسىلىدۇ. بۇ ياغاچ ئۇيمىلارغا كۆپ چۈشسە، گېئومېتىرىيە قائىدىلىرى بارلىق نازاكەتلىرى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالىدۇ. بۇلار گېئومېتىرىيە ئىلمىنى ئوقۇماي تۇرۇپ، قانداقسىگە مۇنداق ئېسىل نەرسىلەرنى ئىشلىگەندۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. مۇنداق ئېسىل نەقىشلەر ئەڭ ئالدى بىلەن ھۆكۈمەت قورۇلۇشلىرى ئۈچۈن تەبىئىي زىننەت بولۇشقا بەك لايىق.

تاختا، ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە ھەرخىل بوياقلار بىلەن بەك نەپىس ۋە تەبىئىي بېزەكلەرنى بېرىش، گۈل، دەرەخ ۋە باشقا جانسىز نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ئادىتى بار. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇلار رەسىم سەنئىتىگە ناھايىتى ئۇستا.

جۇجەم(ئۇجمە) ياغىچىدىن دۇتار، تەمبۇر دېگەندەك چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ھۈنىرىمۇ بار.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئالتە شەھەر خەلقى ھۈنەر ـ سەنئەتكە ناھايىتى ماھىر. پەقەت بۇ ساھەدە يېڭىلىق يارىتىپ، تۈرلۈك ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنى زامانغا لايىق رەۋىشتە ئۆزگەرتىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىلا قالدى. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كەسپىي ھۈنەر ـ سەنئەت مەكتەپلىرىنى ئېچىش كېرەك. ساناتئەتنىڭ ئىنسانىنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن نان بىلەن سۇدەك زۆرۈر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. خەلق شۇ پىتكىردە چىڭ تۇرسا، تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىكلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ، مىللەت بەختىيارلىقتا راھەت ياشايدۇ. ۋەيرانلىق ۋە ھالاكەتتىن قۇتۇلىدۇ، نامراتلىق دەستىدىن ھەر كىشىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشتىن قۇتۇلىدۇ.

ئالتە شەھەر خەلقى ياۋاش، ئەمىر ـ مەمۇرلىرىغا بەك ئىتائەتچان كېلىدۇ. ناماز، روزا تۇتۇش، زاكات، ھەج قاتارلىق



دىنىي پەرزلەرنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ. قازى ۋە ئەلەملىرى جامائەت نامىزىغا بارمىغانلارنى، قىمارۋاز، ئوغرى، پاھىشە، پاھىشىۋازلارنى تىزگىنلەپ، تەنقىد ـ تەربىيە بېرىپ تۇرىدۇ. يەنە شۇنداقمۇ ئىشلار باركى، قازى ۋە دىندارلار تەنقىد ۋە جازا بەرگەندە، ھەق ـ ناھەققە رىئايە قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەقەت ئاجىز، بىچارىلەرنىلا كۆرىدۇ. چوڭلارغا چىشى پاتمايدۇ. شۇڭلاشقا، شەرىئەتكە يات ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى بايلاردا سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە يازىدىغان سۆزلىرىمىز كۆپ ئىدى، قىسقارتتۇق.

شۇنىسى گۈزەلكى، ئالتە شەھەر خەلقى دوستلۇق ـ باراۋەرلىكنى قەدىرلەيدۇ، يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە قېرىنداش دەپ بىلىدۇ. تەرتىپلىك مەكتەپلەر ئېچىلىپ زامانىۋى ئوقۇتۇش يولغا قويۇلسا، ئوقۇتۇلۇشقا باشلىنسا، قان ـ قېرىنداشلىرىغا بولغان مايىللىق ۋە مۇھەببەتلىرى يەنىمۇ ئاشىدۇ.

شۇنىسى ھەيران قالارلىقكى، چەت ئەللەردىكى قېرىنداشلىرىغا مۇھەببەت بىلەن قارىسىمۇ، لېكىن ئۆز ئىچىدە ھېچ مېھىر ـ مۇھەببەت ھاسىل قىلالمايدۇ. نېمىشقىدۇر ئۆز ئارىلىرىدىكى يېقىن قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. مىللەت ۋە جامائەت بولۇپ ئۇيۇشالمايدۇ. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە پەقەت كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. باغلاقتىن قاچقاندەك ھەممىسى ھەر تەرەپكە تارتىشنىڭ كويىدا. بولۇپمۇ، دۇنيا، بايلىق مەسىلىسىدە بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەننى پەقەت سىغدۇرالمايدۇ. قېرىنداشلىرىنىڭ ئىش ـ كۈشلىرى راۋاج تېپىپ كەتسە، ئۇنىڭغا ئىچى تارلىق قىلىدۇ. بىرىنىڭ دۇنياسى كېڭەيسە، بىرىنىڭ ئىچى تارىيىدۇ. يۈرەكلىرىدە ھەسەت ئوتى يانىدۇ. ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ بۇ ھاللىرى دىنىي ۋە ئەخلاقىي، مىللەت ۋە جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بەك

زىيانلىق. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرلىكى، ئۆملۈكى، ھەمـ-
كارلىق ئىشلىرى ۋۇجۇدقا چىقماي تۇرىدۇ.

خەلقنىڭ روھىي ئەھۋالى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇش، قارىمۇقارشىلىق شۇ قەدەر كۈچلۈكـ-كى، بۇنى تەرىپلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

كۆرۈنۈشكە شۇنداق نازاكەتلىك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك كۆرۈنىدۇ. بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ سالام بېرىشلە-رى، كوچىدا ئۇچراشقاندا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈشلىرى، بىرى سورۇنغا كىرسە، دەررىدە ئورنىدىن قوپۇپ، تۆردىن ئورۇن بېرىشلىرى ھەمدە بۇنىڭدىن باشقىمۇ تۈرلۈك ئىززەت - ئىكرام، تەكەللۇپلىرىنى كۆرگەن كىشى ئۇلارنى بەك ئۆم - ئىناقكەن، دەپ قالىدۇ. لېكىن بۇ ھەرىكەتلەر سەمىمىي ئەمەس، پەقەت بىرەر غەرەزگە دالدا قىلىپلا ئادا قىلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكىلەردىنمۇ بىلىش مۇمكىن. ئەگەر سېنىڭ ئىشىڭ پالاقشىدىمۇ بولدى، ساڭا دوستمۇ يوق، سالام - سەھەتمۇ يوق، ئىززەت - ئىكراممۇ يوق.

ئاقچا باردا باردۇر دوست ۋە باردۇر يار،
تۈگىسە ئاقچاڭ، بارچە يانىڭدىن قاچار.

شائىر (رەھمىتۇللا ئەلەيھى)نىڭ بۇ شېئىرى ئالتەشە-ھەر خەلقىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە رېئال ھەرىكەتلىرىنى ئىپادە قىلىشتا ۋايىغا يەتكەن شېئىردۇر.

بۇلار كۆز بوياشقا شۇنداق ئۇستا ئىكەنكى، ئۆزلىرىنى قول دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ، ھاجىتى چۈشكەن كىشىنىڭ قېشىدا «غوجام»، «تۆرەم» دېگەندەك ياغلىما سۆزلەر، يېقىم-لىق ھەرىكەتلىرى بىلەن قارشى تەرەپنى مۇمدەك ئېرىتىۋې-تىدۇ.

ئوتۇنچىلاردىن تارتىپ، ئەڭ چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «بۇ نەرسەڭ نەچچە پۇل؟» دەپ سورىشىغا، «ئۆزلىرى چاغلاپ ئالسىلا، غوجام» دەپ، باھا قويۇشنى خېرىدارغا ئىتتىرىپ قويىدۇ. لېكىن خېرىدارنىڭ چاغلىغىنىغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. ئادەتتە بىر تەڭگىگە سېتىلىدىغان نەرسىگە بەش - ئالتە تەڭگە سورايدۇ. ئېلىش - بېرىش مەسىلىسىدە، بەك ئۇزاق تالىشىدۇ. چوڭراق سودىلار ئاساسەن دەلاللارنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۈتىدۇ.

دېمەك، تەربىيەسىزلىك، مەكتەپسىزلىك سەۋەبىدىن مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۆز تەبئىيلىكىنى يوقاتقان. دىنىي، شەرئىي، مىللىي ۋە ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەردە پىيادە قالغان. تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىكلىرىمۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرغۇدەك دەرىجىدە بۇلغانغان ۋە تەرتىپسىز.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1917 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى 10 — 16 - سانى، 367 — 370 - بەتلىرىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئالتەشەھەر تۈركلىرى ھاياتىدىن (3)

## تىل ۋە ئەدەبىياتى

تىل ۋە ئەدەبىيات مەسىلىسى ھەممىلا كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان تېما. بۇ مۇنداق قارىماققا، ئېيتماققا ئاساندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەسلىدە تىل ۋە ئەدەبىيات دېڭىزىنىڭ تۈۋى خېلى چوڭقۇردۇر. تىل ـ ئەدەبىيات دېڭىزىدا ئۈزۈشنى بىلىش ئۈچۈن ياخشى مەلۇمات، نۇرغۇن تەجرىبە ۋە ماھارەت كېرەك.

ئالتەشەھەر تۈركلىرىنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتى مىللىي مەتبۇئاتىمىزنىڭ ئەدەبىيات بابلىرىنى تولدۇرغۇدەك رەۋىشتە باي ۋە دولقۇنلۇق بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتىم ئاز. شۇڭا، ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتى ھەققىدە يازماقچى بولغانلىرىمنىڭ قۇسۇرى ئەپۇ ئېتىلسە دەپ تىلەيمەن.

ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم قورالى تىل بولغىنىدەك، ئۇ قورالنى ئىشلەتكۈچى سۆز ئۇستىلىرىمۇ ئەدىب ۋە شائىرلاردۇر. ئالتەشەھەرنىڭ ئەدىب ۋە مۇھەررىرلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەرنى كۆرۈش ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، تا بۈگۈنگىچە ئۇنداق ئەسەرلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرىتالسامۇ ئۆزۈمنى بەك بەختىيار ھېسابلىغان بولاتتىم.

ئالتەھەشەردە بۈگۈنكى كۈندە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى زاتلار يوق. شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ بارلىقىمۇ

ماڭا مەلۇم ئەمەس. كاشغەردە تۇرۇشلۇق، رۇسىيەلىك ئۆزبېكلەردىن زېرىپ قارى ھاجى[1] جانابلىرىنىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر نەشر قىلىنماي تۇرۇپتۇ. يازغان ئەسەرلىرىنى ئۆز ئۆيىدە، ئۆز كىتابخانىسىدا ساقلايدىكەن. ئەرەب تىلىنىڭ تەلخىس ۋە بالاغەتى ئورنىدا، تۈركىي تىلغا ئاتاپ يېزىلغان «ئەدەبىياتى تۈركىيە» دېگەن ئەسىرى ماڭا بەك تەملىك تۇيۇلغانىدى. مۆھتەرەم زېرىپ قارى ھاجى جانابلىرىنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ بىرنەچچە مۇھىم ئەسەرلەر يازغانلىقى مەلۇم. تىل ۋە ئەدەبىيات ھەققىدىكى يازمىلىرىنىڭ مەتبۇئات ئالىمىگە چىقىشىنى ھەمىشە ئارزۇ ئەتمەكتىمەن. ياركەنتتە تۇرۇشلۇق تەجەللى ساھىب دېگەن بىر زاتنىڭ ئەرەبىي قەسىدىلىرى، نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى بار دەپ ئاڭلىدىم. ئەرەبچە بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەپمۇ كەتمىدىم ۋە كۆرمىدىم.

ئالتەشەھەردە ئەدىبلەر ئورنىدا قايىم ماقام(ھاكىم) بولۇپ تۇرغۇچى مەدداھلارنىلا كۆرگىلى بولىدۇ.

مەدداھلارنىڭ ئېيتقان ھېكايىلىرىنىڭ تېمىلىرى ئەھمىيەتسىز بولسىمۇ، تۈركىي مەسەللەر بىلەن زىننەتلەپ چىرايلىق سۆزلىگەنلىكلىرى جەھەتتىن ئۇلارنى تىل ـ ئەدە-

[1] زېرىپ قارى (1858 ــ 1958) تاشكەنتتە تۇغۇلغان. 1890 ـ يىلى كاشغەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ «قۇرئان كەرىم»گە شەرھى يازغان. «پەرغانە ۋە كاشغەر تارىخى»نى پارسچە يازغان. 1934 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كاشغەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە ئەدلىيە نازىرى بولغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، سابىت داموللا بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ياتقان، كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ، غۇلجىغا بارغان. 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. 1949 ـ يىلدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. 1958 ـ يىلى غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

بىيات ماشىنىلىرى دېيىشكە لايىقتۇر. بۇلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە سۈكۈناتلىرى، ھاياجانلىق ۋە مەيۈسلۈك جايلاردا ئاۋازلىرىنى گاھ كۆتۈرۈپ، گاھ چۈشۈرۈپ ئۇرغۇلۇق ئېيتىشلىرى ناھا- يىتى جايىدىدۇر. شۇڭا مەدداھلارنىڭ سۆزلىرى يېقىملىق ۋە ھېكايىلىرى تەسىرلىك بولۇپ چىقىدۇ.

مەدداھلار تېما تاللاشتا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ. شۇڭا سۆزلەۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ كۆ- پىنچىسى ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرىگە دائىر نەرسىلەر بولى- دۇ. بۈگۈن بىر مەدداھتىن ئاڭلىغان بىر ھېكايىنىڭ مەزمۇ- نىنى بۇ يەردە قىسقىچە يېزىپ ئۆتمەكچىمەن:

— بەلخ شەھىرىدە دىۋانە ۋە قەلەندەر سۈرىتىدە يۈرىدى- غان بىر ۋەلىي بار ئىدى: كوچمۇ كوچا قەلەندەرلىك قىلىپ يۈرەتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، پادىشاھنىڭ ئالىي، ھەشەمەتلىك ئىمارەتلىرى كۆزىگە كۆ- رۈندى، بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ قارىسا، ئىمىسىنى ئېيت- قۇلۇق، يۈزىدىن نۇرلار يېغىپ تۇرغان بىر قىز دېرىزە تۈۋى- دە ئولتۇرغۇدەك. قىزنى كۆرگەن زامان قەلەندەرنىڭ يۈرى- كىگە ئوت تۇتىشىپ، ئاشىقى بىقارار بولدى، قىزنىڭ جەزى- بىسى قەلەندەرنى مەھلىيا قىلغان ئىدى. قەلەندەر سارايغا كىرىپ پادىشاھنى ئىزدىدى، پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ نېمە كې- رەك دەپ سورىدى. دىۋانە مۇنداق دەپ سۆزىنى باشلىدى:

— ئەي پادىشاھ، جاھاندا مەن سىزدىن پۇلمۇ سورىماي- مەن، كىيىم - كېچەكمۇ سورىمايمەن، دۆلەت ۋە مەنسەپ ئارزۇيۇممۇ يوق، پەقەت بىرلا ئەرزىم باركى، ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە، سۆزلىسەم، ھەزرەتلىرىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن 12 ياشلىق بىر قىزلىرى بار ئىكەن، پېقىر ئاشۇ قىزىڭىزنى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولدۇم. مەن سىزدىن ئاشۇ ئاي يۈز- لۈكنى سورايمەن.

پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ «جاللات» دەپ توۋلىدى. مىڭلارچە كۆزلەرنى ئويغان، مىڭلارچە تىللارنى كەسكەن، يۈزلەرنى، باشلارنى تەندىن ئايرىغان يەتتە جاللات ھازىر بولدى.

لېكىن بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان بەلخىنىڭ ئۆلىماسى شاھ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدىلەر ۋە: «ئىشق ئىنسانىنىڭ تىز-گىنىنى يوقىتىدىغان بىر نەرسىدۇركى، قىزىڭىزغا ئاشىق بولغان سەۋەبلىك بۇ قەلەندەرنى ئۆلتۈرۈشىڭىز شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ. بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر دېگەندەك قىزىڭىزنى بەرگۈڭىز كەلمىسە، ئۇنىڭدىن جىق تويلۇق سوراش كېرەك. مەسىلەن، دۇنيادا ئۈچلا يەردە گۆھەر بار: بىرى چىن خاقانىنىڭ خەزىنىسىدە، بىرى سۇلتان خەلىپە-نىڭ خەزىنىسىدە، يەنە بىرى قاپ تېغىنىڭ ئارقىسىدا. مانا بۇ گادايغا شۇنداق گۆھەردىن بىر جۈپنى تويلۇق سېلىشىڭىز كېرەك. بۇ گاداي چۆل - باياۋانلاردا شۇ گۆھەرلەرنى ئىزدەپ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلىدۇ. شۇنىڭدا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئالدىدا بۇ ئىشقا مەسئۇل بولمايسىز»، دېدى.

ئۆلىمانىڭ بۇ سۆزى پادىشاھقا ماقۇل كەلدى ۋە قەلەن-دەرگە شۇ شەرت بىلەن قىزىنى بەرمەك بولۇپ، ئۇنى يۇرت-تىن قوغلاپ چىقاردى. قەلەندەر ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھالىنى بايان قىلدى. ئانىسى: «بۇ ئىش مۇمكىن ئەمەس، گۆھەر تېپىلمايدۇ، ئۇنداق گۆھەرلەرنى شور دەريا (قىزىل دېڭىز)دا بار دەپ ئاڭلىدىم، لېكىن ئۇ يەر بەك يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى دەريا تېگىگە چۈشۈپ ئېلىش بەك قىيىن»، دەپتۇ.

ئانىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قەلەندەر خۇش بولۇپ، شور دېڭىز سەپىرىگە ئىجازەت سوراپتۇ. ئانىسى رۇخسەت بەردى، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئەۋلىيادىن مۇشكۇللەر ئاسان،

www.uyghurkitap.com

غايىبلار ھازىر، يىراق يول قىسقا بولسۇن، دەپ ئۆتۈنىدۇ. قە-
لەندەر «ياپىرىم» دەپ بىر ئاتىلىدۇ، بارچە يولنى بىر-بىرلى
بېسىپ، ئىككىنچى ئايىغى بىلەن شور دەرياغا دەسسەيدۇ.
بويىنىغا سۇ تولدۇرۇلغان بىر تۇلۇم ئاسقان، قولىغا كىچىك
رەك بىر جام تۇتقانىدى. قولىدىكى ياغاچ جام بىلەن دېڭىز-
دىن بىر جام سۇ ئېلىپ تۇلۇمغا قۇيدى، دېڭىزنىڭ سۈيى
ئۈچ غۇلاچ پەسەيدى، تۇلۇم يېرىممۇ بولمىغانىدى، ئەمما دې-
ڭىزنىڭ سۈيى ئازلا قالدى. قەلەندەر ئۆك ـ سولىغا باقماي
تۇلۇمنى سۇغا تولدۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. بىر چاغدا سۇ
ئۈستى قوغۇنلۇق ـ بوستانلىقتەك ئادەم باشلىرى بىلەن تو-
لۇپ كەتتى. قەلەندەر بۇ باشلارنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدى.
باشلار سۇ ئۈستىدە تۇرلۇك تۈستە بولۇپ سەكرەشكە باشلى-
دى. بۇ سۇنىڭ ئاستى ئادەم باشلىرى بىلەن تولغانىدى. بۇ
ئادەمى ماھى دېيىلەتتى. بۇ ئىش سۇ ئادەملىرى ئۈچۈن بىر
بالا بولدى. چۈنكى ئۇلار بېلىقتەك سۇ ئىچىدىلا ياشىيالايت-
تى، كۈن نۇرىغا چىدىيالمايتتى. بۇ ئىشتىن سۇ خەلقىنىڭ
پادىشاھلىرىمۇ خەۋەردار ئىدى. بۇ ھەقتە مەلۇمات ئېلىش
ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىما ۋە ئەۋلىيالىرىنى يىغدى. ئۆلى-
مالار كىتابقا قارار، پالچىلار پال ئاچار ئىدى، بەزىلىرى بۇنى
قىيامەتنىڭ بەلگىسى دېدى، دېمىسىمۇ بۇ بىر قىيامەت ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، بىرمۇنچە سۇ ئادىمى ھېلىقى قەلەندەر-
نىڭ يېنىغا چىقتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھالاكەتكە يۈز تۇتىدىغان-
لىقى ھەققىدىكى نالە ـ ئەپغانلىرىنى قەلەندەرگە ئېيتتى.
قەلەندەرمۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ۋە
دېڭىز سۈيىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن
سۇ ئادەملىرى گۆھەر دېگەن سۆزنى چۈشەنمەس ئىدى. قە-
لەندەر ئۇلارنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي: «ئۇ شۇنداق بىر
تاشتۇركى، كېچىلىرى ئوتقاشتەك يېنىپ تۇرىدۇ، بىز يەر

ئادەملىرى ئۇنداق تاشلارنى بەك ياخشى كۆرىمىز»، دېدى. سۇ ئادەملىرى پادىشاھلىرىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، قەلەندەردىن رۇخسەت سوراپ، سۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

پادىشاھ ۋەقەدىن خەۋەردار بولۇپ: «ئاشۇ بىزنىڭ يولىمىزدا پۇتلىشىپ تۇرىدىغان ۋە كېچىلىرى يۇلتۇزدەك كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان تاشلار ئۈچۈنمۇ؟» دەپ قاقاھلاپ كۈلدى ـ دە، ئۆز پۇقرالىرىنى ئۇ تاشلارنى دېڭىزنىڭ تېشىغا چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. بىر چاغدا گۆھەر ـ ياقۇتلارنى يەرگە ياغدۇرۇشقا باشلىدى، دېڭىز ساھىلى گۆھەردىن تاغ بولدى، بۇنى كۆرگەن قەلەندەر تۇلۇمدىكى سۇنى دېڭىزغا تۆكتى، دېڭىز ئىلگىرىكى ھالىغا قايتتى.

قەلەندەر گۆھەرلەرنى تۇلۇمغا قاچىلاشقا باشلىغانىدى، شۇ پەيتتە بىر ئاقساقال كىشى پەيدا بولدى. بۇ كىشى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇ: «ھەي ۋەلىي، بۇ تاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالما، قىيامەتتە ھېسابىنى بېرىپ تۈگىتىش تەسكە چۈشىدۇ. 80 تاللا ئال، قالغىنى قالسۇن»، دەپ كۆزدىن يۈتتى.

قەلەندەر 80 دانە ياخشى گۆھەرنى تۇلۇمغا سېلىپ، ئىككى دانىسىنى 40 ياماقلىق يانچۇقىغا سېلىپ، «ياپىرىم» دېگەنىدى، ئۆزىنى ئۆز شەھىرىدە كۆردى ۋە ئۇدۇل پادىشاھ قېشىغا بېرىپ، ئىككى دانە گۆھەرنى ياماقلىق يانچۇقى بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويدى. پادىشاھ گۆھەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي: «بەلخ پادىشاھى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئارزۇلۇق بالىسى بولغان قىزىنى بىر قەلەندەرگە بېرەمدۇ!»، دەپ ئاھ ئۇردى.

پادىشاھ بارلىق ۋەزىرلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ كېڭەش قىلدى، كۆڭلىگە ياقمىغان پىكىرلەرنى قىلغان ئالىملارنى

ئۆلتۈرۈش بىلەن قورقۇتتى. ئاخىرىدا، قەلەندەرنىڭ بارلىق گۆھەرلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى.

قەلەندەرنىڭ گۆھەرلەرگە ئىچى ئاغرىمىدى، يۈرىكىدە ئىشق ئوتى ھەمىشە يانماقتا ئىدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قەلەندەرنىڭ مەشۇقى بىمەزگىل ۋاپات بولدى. پادىشاھ بۇ مۇسىبەتتىن قاتتىق قايغۇردى. قەلەندەر قەبرىستانغا بارغاندى، ھېلىقى قىزنىڭ گۆرى ئېچىلدى، قەلەندەر ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي قالدى، چۈنكى قىز تىرىلگەنىدى. قەلەندەر ئۇنى قەبرىدىن چىقىرىپ، شۇ يەردىكى بىر مازار شەيخىگە نىكاھ ئوقۇتۇپ، قىزنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

بىر يىل ئۆتەر ــ ئۆتمەي، غايەت چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. بۇ بالىنىڭ ئىسمىنى ئىبراھىم قويدى. مەشھۇر ئىبراھىم بىننى ئەدھەم دېگەن مانا مۇشۇ كىشىدۇر، دەيدۇ.

خوتەن شەھىرىدە بىرنەچچە يىلدىن بېرى يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە ۋابا كېسىلى ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. خوتەن ئەھلى بۇنى شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن كۆرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، خوتەن مولللىرىدىن بىرى بىر رىسالىمۇ چىقاردى. كىتاب 30 بەتلىك بولۇپ تۈركىيچە نەزم بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەسەرنى بەزىلەر كۆچۈرۈۋالىدىكەن. كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىدىن بىرىنى مەنمۇ كۆردۈم. نەزمىنىڭ تىلى ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ، ئالتەشەھەر تۇرمۇشىدىن ئېلىنىپ يېزىلغان ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن خېلى مۇھىمدۇر. بۇ نەزملەردىن بىرمۇنچىسىنى بۇ يەرگە كۆچۈرىمىز:

ئۆلىما قىلدى نەماز، تازا قىرائەت قىلمادى،
ئۇمرا رىشۋەت[1] ئالىپ، ئەدلى ئادالەت قىلمادى.

① رىشۋەت ــ پارا.

غەنىلەر پۇلنى يىغىپ، خەيرى ساخاۋەت قىلمادى،
پەقىرلەر تاپقانغە شۇكرى ـ قانائەت قىلمادى.
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

ئانى ئابدان دېدىلەر كىم تولا ئىچسە چاغىر،
ئۆزىگە قىلدى پىسەند، ساتسا يەنگىل، ئالسا ئاغىر.
موللا ئاجىزنى خەلق كۆردى تولا ھەقىر،
ئۆلسە باي يۇگۇردىلەر، بارمادىلەر ئۆلسە پەقىر.
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

بىرسى بولدى قىمارباز، تەقى بىرسى جالەب،
ئۇتدۇرۇپ بار ـ يوقىنى، يۇردى يۇندا يالاپ.
بىرسى ئوغرى بولۇپ ياتتى، ئەلنىڭ پۇلىن ماراپ،
بىرسى گاداي بولۇپ تۇردى، خەلق قولىغا قاراپ.
بىرى دۇنيانى يىغىپ قالدى، ئانىڭ ھېرسى بىلەن،
بىرى پۇل ئۆتنە بېرىپ ئالدى، ئانى جەرمى بىلەن،
بىرسى قالدى ھالاكەتتە، ئانىڭ قەرزى بىلەن.
بىرسى مەرىپەت ئەتتى، ئىشى يوق پەرزى بىلەن.

تۇردى بەند ئۇرغالى مىكرى بىلەن ھەر بەندە.
بىرى سازەندە بولۇپ، بولدى بىرى داپەندە.
بىرى رەممال، بىرى ئىشان، بولدى بىرى نۇشەندە[①]،
بىرى تا ھەق دەئۋا قىلىپ دېدى پۇلۇم بار سەندە.
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

كىردى بازارغە ئەرگە خاتۇن ئارالاشىپ،
بىر كۇندە خاتۇننى بەش قويۇپ، ئۇچ ياراشىپ.

① نۇشەندە ــ ئىچكۇچى، هاراقكەش.

بىرى دەللال بولۇپ، مىكرى ئەپسۇنلەر قىلدى،
بىرى پوستەكچى بولۇپ، ئەل بىلەن ئورتاقلاشتى،
بۇ جاھان ئۈشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

مىللىي ئەدەبىي ھېكايە ۋە شېئىرلارنى بۇ كۈندە بىردىنلا ئۆچۈرتىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق، خىيالىي ھېكايىلەرنى كۆپلەپ تېپىشقا بولىدۇ.

بىز تىل ـ ئەدەبىيات مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن بىرگە تەڭ ئۆسىدۇ ۋە باراۋەر تەرەققىي قىلىدۇ، دېگەنىدۇق. بۇ ئىش ئالتەشەھەردىمۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەگەر ئالتەشەھەر خەلقىمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش مىللىي ۋە مۇنتىزىم مەكتەپلەرگە، ئالىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەكتەپلىرىگە ئىگە بولغان بولسىدى، تىللىرى تۈزەلگەن، ئەدەبىياتلىرى كېڭەيگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەقىل، پىكىرلىرىمۇ ئۆسكەن بولاتتى. لېكىن، ئۇلار دۇنيادا مۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. مىللىي تىل، مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاش يولىدا قىلچىلىك ھەرىكەت قىلماي، سۈكۈتتە تۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ھاۋا ۋە ئىقلىمىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن تىللىرى ۋە بەزى ئەدەبىياتلىرى ئىنقىرازغا ئۇچرىماي بۈگۈنگە قەدەر خېلى ياخشى ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ ئۇلارغا تەبىئەت ئاتا قىلغان نېمەتمۇ، قانداق؟ بۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ مۇنداق ساق ـ سالامەت قېلىشى مىللىي ھېسسىيات بەرىكىتىدە، مىللەتنىڭ بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئەمەس. چۈنكى بۇلاردا مىللىي ھېسسىياتنىڭ بارلىقىدىن ئازراقمۇ ئەسەر يوق. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەدرىسە كۆرگەن زاتلار تۈركىي تىلدىن نەپرەتلىنىدۇ. بىلۇر ـ بىلمەس پارسچە ۋە ئەرەبچە يېزىشقا ۋە شۇ تىللاردا سۆزلەشكە تىرىشىدۇ.

سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، مەكتەپ ۋە مەدرىسە ئىشىكى
كۆرمىگەن بىر ئوتۇنچى بىلەن ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى
مەدرىسە ئەتراپىدا چۆرگىلەپ ئۆتكەن بىر موللا تىلى ياكى
مەدرىسە تىلى ئارىسىدا خېلىلا چوڭ پەرقنىڭ بارلىقى سېزد-
لىدۇ. ئالدىنقىسى ئازراقمۇ دۇدۇقلىماي، ساپ تۈركىيچە
سۆزلىگەننىڭ ئەكسىچە، كېيىنكىسى تىلىنى چايناپ پارس-
چە، ئەرەبچە سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، «تىل مەجۇنى» ياساي-
دۇ. چۈنكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقى مەجۇنگە بەك ئامراق.
توغرىسى، مانا مۇشۇنداق مەجۇنچىلەر تۈركىي تىلغا شىددەت-
لىك زەربە بېرىپ تۇرماقتا.

## دۇئا ۋە سېھىر

ئالتەشەھەر خەلقى دۇئا بىلەن سېھىردىن بەك قورقىدۇ.
«دۇئاخان» ۋە «جادۇگەر»لەر روھ ۋە جىنلارنى چاقىرىپ، ئا-
دەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەرمىش. بۇ يەردە
ئىستىخارە[1] بىلەن ئىش كۆرگۈچىلەرمۇ بار.

دۇئاخانلار كۆپرەك ئەر - خوتۇنلار ئارىسىغا ئىسسىق-
لىق ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى سوۋۇتۇشقا تىرى-
شىدۇ. كۈنداشلىق خوتۇنلار ئۆزلىرىنى سۆيدۈرۈش، كۈنداش-
لىرىنى يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەرلىرىدىن يوشۇرۇن
ھالدا، 20 — 25 سوملاپ پۇل بېرىپ، دۇئاخانلارغا دۇئا ياز-
دۇرىدۇ.

چۆللەردە كۆمۈلۈپ قالغان تىلسىملارنى ئېچىپ، ئالتۇن -
كۆمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئىزدىگۈچى كىشى-
لەرمۇ بار، دەپ ئاڭلىدىم.

دۇئاخانلار دۇئا بىلەن پۇلنى ئۆزلىرىگە بويسۇنىدۇ،

① ئىستىخارە — پالچىلىق، پال ئېچىش.

دەيدىكەن.

بۇ كۈندە «خ» شەھىرىدە «م» ئىسىملىك بىر موللىلار بۇ موللا رىيازەت ۋە ئىستىخارە بىلەن ئۈچ مەرتىۋە چىللىگە ئولتۇرۇپ①، 140 كۈن دۇئا ئوقۇپ، ئۈچ ـ تۆت تەڭگىگە دەم سالغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭگىلەر ئۇنىڭغا بويسۇنغان. بازاردىن بىر نەرسە ئېلىپ شۇ تەڭگىنى بەرسە، ئۇ تەڭگىلەر مال ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرماي، دۇئاخاننىڭ قولىغا قايتىپ كەلگەن. بۇ زات شۇ تەڭگىلەر بىلەن بىرنەچچە يىللار راھەت ۋە تىنچلىقنى يېتىپ يېگەن، ئىچكەن ۋە كىيگەن. دۇئاخان بىرنەچچە كۈن بىر ئاشخانىغا كىرىپ، مەززىلىك تائاملارنى يېگەن. ئاشپەز ھەر كۈنى كەچتە تەڭگىلىرىنى سانىسا، بىر تەڭگە كەم چىقىدىكەن. ئاقىۋەتتە ئاشپەز دۇئاخاندىن شەكلىنىپ ئۇنىڭ ئېشىغا ئىت پوقى قوشۇپ بەرگەن. چۈنكى ئىت پوقى دۇئا ۋە سېھىرنى ياندۇرارمىش. مانا شۇنىڭدىن كېيىن تەڭگىلەر ئازاد بولغانمىش. بۇ موللىنىڭ بۇگۈنكى كۈندە نامرات ۋە موھتاجلىقتا قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىنمىش. دۇئا بىلەن تۆمۈرنى كۈمۈش، مىسنى ئالتۇن قىلغۇچىلارمۇ بار، دەپ ئاڭلىدىم. لېكىن شۇنداق دۇئاخانلار ئارىسىدا، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە ئىگە بولغان باي كىشىلەرنى ھېچ يەردە كۆرمىدىم. مۇنداق ئىشنىڭ كەينىدە يۈرگەنلەر ئومۇمەن نامرات ۋە موھتاجلىقتا قالىدۇ، شۇ.

مۇنداق خىيالىي ئىشلار كۆپرەك مەدرىسە تالىپلىرى ۋە ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى مەدرىسە ئەتراپىدا ئۆتكەن موللىلار ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئوقۇمىغان قارا خەلق، ئاشلىق تېرىش، ئوتۇن سېتىش ۋە باشقا تۈرلۈك ماددىي كەسىپلەر بىلەن قورساق تويغۇزۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما، موللىلار سىنىپى بەك ھۇرۇن بولۇپ،

① ئىبادەت ئۈچۈن بىر جايدا 40 كۈن ئولتۇرماق.

ئۇنداق ئىشلاردىن قورقىدۇ. ئۇلار قانداق قىلىپ بولمىسۇن، دۇم يېتىپ يېيىشىنىڭ يولىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ. كۇندۇزلىرى قاراڭغۇ ھۇجرىدا، شېرىن خىياللار بىلەن كۇننى ئۆتكۇزىدۇ، كېچىلىرى شېرىن چۇش كۆرىدۇ، چۇشىدە كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ئۇڭىدىمۇ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئىش - ئوقەت ۋە ھۇنەر - كەسىپتىن قول ئۇزىدۇ.

سودىگەرلەر كېچە - كۇندۇز بىر تىيىننى بەش قىلىش كويىدا باش قاتۇرىدۇ ھەم شۇنىڭغا ئېرىشىپمۇ قالىدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1917 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۇنىدىكى 10 — 17 - سانى، 389 — 392 - بەتلىرىدىن).



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە (11)

## (ئېركە بەگ تارىخىدىن)

## خوجىلارنىڭ كېلىشى[1]

مەخدۇم ئەزەم خوجىنىڭ ئىسھاق ئىسىملىك بىر ئوغلى سەمەرقەنتتىن كاشغەرگە كەلدى. ئۇ چاغدا مۇھەممەد خان ئاقسۇدا ئىدى. ئۇ كاشغەرگە خوجىنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاش بىلەن، دىدار كۆرۈشمەك ئۈچۈن، ئالدىراپ خوجا ھۇزۇرىغا

① موغۇل ۋە چاغاتاي خانلىقى بۇرۇنقى شەۋكىتىنى يوقىتىپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەنىدى. بۇرۇنقى غەيرەت ۋە قەھرىمانلىقى سۇنۇپ، ساداقەت ۋە ئىتتىپاقلىق يىپى ئۈزۈلگەنىدى. ھۆكۈمەت ۋە مەملىكەتمۇ قار - بورانىدا ئۇچۇپ كېتەي دەپ قالغانىدى. خوجىلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى گويا شۇ قارنى ئۇچۇرۇۋاتقان شامالغا ئوخشايتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ زاۋاللىقنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئىشلار شۇنداق كېتىۋاتقاندا، خانلارنى غەپلەت بېسىپ، خوجىلارنى كۆككە كۆتۈردى. ئۇ چاغدا، نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنداق زامان ئۆتۈپ كەتتى. بۈنى يېزىشتىكى مەقسىتىممۇ، بۈگۈنكى ياشلارغا تەربىيە بېرىپ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالدۇرۇشتۇر. خوجا ۋە ئىشانلاردىن ئالتەشەھەرگە ھەم پۈتۈن تۈرك مىللىتىگە بىر پۇللۇقمۇ مەنپەئەت تەگمىدى. ئۇلار دۇئا ۋە «كارامەت» كۆرسىتىپ قورسىقىنى تويغۇزىدىغان بەندىلەر، خالاس. ئۇلار تىرىك ۋاقتىدا ئەجدادلىرىمىزنى ئالدىغاندەك بۈگۈندىمۇ ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئالدانغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس. مېنىڭچە، خوجىلارنىڭ ئۆزىدىنمۇ، قەبرىسىدىنمۇ ياردەم كۈتۈش پۈتۈنلەي خۇراپاتلىق ھەم بىھۇدە ھەرىكەتتۇر. يەلكى، بۇ ئىش زالالەتتۇر. سائادەتنى قەبرىلەردىن، ئۆلۈكلەردىن كۈتكۈچە، تىرىكلەردىن كۈتۈش لازىمدۇر. قەبرە بېشىدا 10 كۈنلەپ يىغلاپ ئولتۇرۇشتىن بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ بىر سائەت ئۆتكۈزۈش ئەۋزەلدۇر، يەنى ئەبەدىي سائادەت ئىلىم - ھۈنەرگە باغلىقتۇر. قەبرىستان ئۆلۈكلەرگە تەۋە مەخسۇس يەردۇر. شۇڭا، ئۇنىڭدا ئۆلۈكلەر ياتىدۇ. بەس، قەبرىستانغا بېرىپ يېلىنغان كىشىمۇ ئۆلۈكتۇر، تىرىك مېيىتتۇر (ن.ي).

يوگوردى. كـــۆرۈشكـەنـدىن كېيىـــن، خوجـا مۇھەممـەد خانىدىن:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى خوجا.

— مۇھەممەد، — دەپ جاۋاب بەردى.

خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېنى بۇ دىيارغا جەلپ قىلغۇچى ئەسلىـدە سىزنىڭ شۇ مۇبارەك ئىسمىڭىزدۇر، — دېدى.

مۇھەممەد خان خوجىغا كۆڭلىدە مايىل بولغان بولسـا-مۇ، قول بەرمەي ئاقسۇغا ياندى. خوجا:

از زەيف دل زردى رخسار ميندېش،

در ئىشق قدم، كى زمشوق مدهاست.

(تەرجىمىسى: يۈرىكىڭنىڭ ئاجىزلىقىدىن، يۈزۈڭنىڭ سارغىيىپ قېلىشىدىن قىلما ۋەھىمە، ئىشققا قەدەم قويغىن، مەشۇقتىن مەدەتلەر بولغاي كۆپ، گۇمان ئەيلىمە.)

دېگەن بېيىتنى يېزىپ مۇھەممەد خانغا ئەۋەتتى. مۇھەممەد خان مەكتۇپنى ئېلىپلا، خوجىنىڭ خىزمىتىگە باردى ۋە قول بېرىپ مۇرىت بولدى. ئارقىدىن قاسىم ۋە يۈسۈپ خەلپىلەر مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى بىلەن خوتەن تەرەپتىن كېلىپ، خوجىغا قول بەردى. بۇ ئىككى خەلپىنىڭ خوجىغا بۇنداق مايىللىقىنى كۆرۈپ، كاشغەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى خو-جىغا قول بېرىپ ئېتىقاد باغلىدى. مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى-نى دەپتەرگە خاتىرىلىدى. خوجا كاشغەر خەلقىنى ئۆز ئىدا-رىسىگە ئالغاندىن كېيىن، ياركەنتكە قاراپ ئاتلاندى. يار-كەنتنىڭ ھاكىم ۋە ئۇلۇغلىرى خوجىنى بۈيۈك ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى. ئابدۇلكەرىم خان خوجا بىلەن

كۆرۈشمەكچى بولۇپ، ئۇ چۈشكەن مېھمانخانىغا باردى. خوجا خىلۋەتخانىدە ئىدى. خاننىڭ كەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ «موغۇل» دەپ ئالدىغا چىقىشقا ئالدىرىمىدى ۋە دەرھال قوبۇل قىلمىدى. خان بىر ئاز كۈتسىمۇ، چىقمىغاچقا، خاپا بولۇپ ياندى. شۇ سەۋەبتىن، خان بىلەن خوجا ئارىسىدا كۆڭۈل ئاغرىنقى پەيدا بولدى. خوجا ياركەنتتە ئۇزۇن تۇرماي، خوتەنگە قاراپ ئاتلاندى. يولدا «توققۇز كەنت» خەلقى ئىستىقبالغا چىقىپ، كۆپ سوۋغا ـ سالام تۇتۇپ كۈتۈۋالدى. خوجا خوتەنگە يېقىنلاشقاندا، قۇرەيش سۇلتان شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى باشلاپ كۈتۈۋېلىشقا چىقتى ۋە كۆپ ئىلتىپات ـ ھۆرمەت كۆرسەتتى. خوجا خوتەن خەلقىنىمۇ بويسۇندۇردى. مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرىنى كۆپەيتىپ، چىرىغا باردى. چىرىدا ئىرشاد بېرىپ (قارماق سېلىش) بىلەن مەشغۇل بولدى. شۇ چاغدا، قۇرەيش سۇلتاننىڭ خوتۇنى ئۆلدى. قۇرەيش سۇلتان ئۆزىنىڭ ئوغلى خۇدابەندىنى چىرىغا ئەۋەتىپ، خوجىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. خوتۇنىنىڭ مېيىتى تېخى دەپنە قىلىنمىغانىدى، قۇرەيش سۇلتان يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي ئۇلۇغ خوجام، مېنىڭ خوتۇنۇمنى تىرىلدۈرۈپ بېرىڭ! — دەپ يالۋۇردى. خوجا:

— بۇ خەۋەرنى ماڭا بۇرۇنراق دېيىشكىنىز كېرەك ئىدى، ئەمدى بولمايدۇ، — دېدى. قۇرەيش سۇلتان خوجىنىڭ بۇ سۆزىنى قانداق چۈشىنىشنى بىلەلمەي، پۇتۇنلەي گاڭگىراپ قالدى. چۈنكى، ئۇ «خوجام كەلسە، ئەلۋەتتە تىرىلدۈرەلەيدۇ» دەپ ئىتىقاد قىلغانىدى. شۇڭا، بۇ ئىتىقاد بىلەن خوجىغا ئىلتىجا قىلغانىدى ۋە:

— ئەي ھەزرىتى خوجام، ئۇنداق دېمىسىلە، چوقۇم تىرىلدۈرۈپ بەرسىلە! — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. خوجا:

— ئىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، بۇرۇنراق دېيىشكىنىز كېرەك

ئىدى، ـ دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى. قورەيش سۇلتانمۇ خو ـ تۇننىڭ تىرىلىشىدىن ئۈمىدسىنى ئۈزۈپ، خوجىدىن خاپا بولدى. خوجا «خوجا بولۇپ تۇرۇپ، بىر خوتۇن كىشىنى تىرىلدۈرەلمىدى، دېگەن ئاتاق بىلەن خەلق نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىپ قالماي» دەپ خوتەندىن قويرۇقنى تىكىۋەتمەكچى بولۇپ، ئاقسۇغا قاراپ ئاتلاندى.

خوجىنى مۇھەممەد خان پەۋقۇلئاددە تەنتەنە بىلەن قارشى ئالدى. خوجا مۇھەممەد خاننىڭ ھەققىگە «ئەۋلادى پادىشاھ بولغاي!» دەپ نەپەس قىلدى. ئاقسۇلۇقلاردىن بەزى ئادەملەر خوجىغا قول بېرىپ مۇرىت بولدى، لېكىن، مۇرىت ۋە مۇخلىس بولىدىغانلار يەنىلا كۆپ بولمىدى. خوجا قۇتلۇق مۇھەممەد مىرزا جوراسنى يېنىغا چاقىرىپ:

— خەلق نېمە سەۋەبتىن سۆھبىتىمىزگە كەلمەيدۇ، — دەپ سورىدى. مىرزا تازىم قىلىپ تۇرۇپ:

— مەن خەلققە تەشۋىق قىلاي! — دەپ ئاھالىگە مۇنداق نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىدى:

— «خوجامنىڭ بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىز ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتتۇر، نىجاتىمىزمۇ ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنىگە باغلىقتۇر، ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشىشنى تىلىگەن كىشى چوقۇم خوجامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، مۇرىت بولۇپ، ئۇنىڭغا تېۋىنىشى كېرەك، — دېدى. خەلق ئارىسىدىن بىر كىشى چىقىپ: «چەتتىن بىر كىشى كېلىپ، ئۆزىنى خوجا ۋە ئەزىز دەپ تونۇشتۇرسا، بىز ئىشەنمەيمىز، بىزنىڭ خوجىمىز خۇدادۇر» دېگەنىدى، شۇ زامان، شۇتۇر خەلىپە خەلقنى ئۇرۇپ ـ يىقىتىپ، قولىدىكى كالتەك بىلەن ھېلىقى كىشىنى شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. ئاقسۇ خەلقى تەدرىجىي مۇرىت بولۇشقا باشلىدى، مۇرىت بولىدىغانلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى. خوجا

قۇتلۇق مۇھەممەد مىرزا جۇراسغا خەير دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ بۇرادىرى مامۇق مىرزىنىمۇ خەير دۇئا قىلدى. ئاندىن مامۇق مىرزا خوجىدىن پەرزەنت تەلەپ قىلدى. خوجا دەرھال قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولدى. مامۇق مىرزىدىن بەش ئوغۇل، يەتتە قىز ۋۇجۇدقا كەلدى. قۇتلۇق مۇھەممەد مىرزىدىن سەككىز ئوغۇل ۋە تۆت قىز ۋۇجۇدقا كەلدى. قۇتلۇق مىرزا بۇ ۋەقەلەرنى توپلىغۇچى(مەھمۇد بىن پازىل)نىڭ ئۇچىنچى بوۋىسىدۇر.

خوجا ئاقسۇدا مۇرىت يىغىپ بولغاندىن كېيىن، كۇچاغا سەپەر قىلدى. شۇتۇر خەلىپىنى تۇرپانغا ئەۋەتتى. تۇرپان خەلقى شۇتۇر خەلىپىگە ئىتائەت قىلمىدى. كۇچا خەلقى بولسا، ئويلاپ ئولتۇرماستىن خوجىغا مۇرىت بولدى.

خوجا ئالتەشەھەرنى تامامەن ئۆزىنىڭ مۇرىتى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەقسىتىگە يېتىپ، سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى. مانا بۇ خوجىلارنىڭ مىللەتكە قىلغان خىزمەتلىرى!

نوشىرۋان يائۇشېۋ، خوتەن

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1917 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى 10 — 18 - سانى، 414 — 415 - بەتلىرىدىن).

# ئالتەشەھەر تۈركلىرى ھاياتىدىن (4)

## خەلق ئەدەبىياتى

ئالتەشەھەر تەبىئىي گۈزەللىكلەرگە بەك باي بولمىسا-
مۇ، تۇرمۇش ۋە مەئىشەتلىرى ئۆزىگە خاس قىزىق بولۇپ،
بەك كۆڭۈللۈك ياشايدۇ.

ئالتەشەھەردە ھەممە ئۆيدە دېگۈدەك بىردىن دۇتار ساق-
لىنىدۇ، بولۇپمۇ خوتۇن - قىزلىرى نەغمە - ناۋاغا ئامراق
كېلىدۇ. دۇتار چېلىشنى بىلمەسلىك خوتۇن - قىزلار ئارى-
سىدا زور ئەيىب ۋە نادانلىق سانىلىدۇ.

بىر قىزنىڭ ئۇزلۇقى، زىبالىقى، ياخشى - يامان بو-
لۇشى، يۇرۇش - تۇرۇشى، خۇلقى - مىجەزى، ناخشا ئېيت-
ىشقا ۋە سۆزگە ماھىرلىقى قانچىلىك ئەھمىيەتلىك سانال-
سا، بۇنىڭ ئىچىدە دۇتار چېلىشنى بىلىشى تېخىمۇ مۇھىم
ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، خوتۇن -
قىزلارنىڭ بوش ۋاقىتلىرى دۇتار چېلىشنى ۋە ناخشا ئېيت-
ىشنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتىدۇ.

يازنىڭ تازا ئەلۋەك ۋاقىتلىرىدا، بىزدىكى يىغىلىش ۋە
سابان تويلىرىغا ئوخشاش، مىللىي ئويۇن ۋە بايراملىرى ھەم
«مەشرەپ» نامىدا ئىلمىي ۋە ئەدەبىي يىغىلىشلىرى بولىدۇ.
مەشرەپلەردە ئۈچ - تۆت كىشىدىن تەركىب تاپقان مىللىي
ئوركېستىر، مىللىي سازلار بىلەن خەلق ناخشىلىرى ئېيتىد-
لىدۇ. ياشلارنىڭ مەشرەپلىرىدە قىز - چوكانلار ئۇسسۇل
ئوينايدۇ.

نەغمىچى ئەرلەر غايەت مۇڭلۇق ۋە ئېسىل كۈيلەر بىلەن مىللىي ناخشىلارنى ئېيتىدۇ، فۇزۇلى ۋە نەۋايى شېئىرلىرىنى دۇتار، تەمبۇر ۋە غىرجەكلەر بىلەن ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدۇ.

ياش يىگىتلەر بىلەن قىز - چوكانلار ئارىسىدا مۇھەببەتلىشىش ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىشق - مۇھەببەت ئوتلىرى ئىچىدىلا يېنىپ، مۇھەببەت يالقۇنىنى تېشىغا چىقىرىشقا مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئەمما، مۇھەببەت خەتلىرىنى يېزىش بىزنىڭ كونا مەدرىسە ئۇسۇلىدا بولىدۇ. خەتنى كۆپىنچە مەدرىسە تالىپلىرىغا يازدۇرىدۇ.

## خەلق ناخشىلىرى

ئانار گۈلى ناپەرمان، مەن يارىمنى تاپارمەن،
مەن يارىمنى تاپقاندا مۇرادىمغا يېتەرمەن.

ئالما گۈلى قىسمايمەن، ئۇچۇپ كېتىدۇ يەلگە،
چوكان ئاشنا تۇتمايمەن، تېگىپ كېتىدۇ ئەرگە.

ئېگىز ئاسمانغا شوتا يوق، ئۇلۇغ دەرياغا كۆۋرۈك يوق،
گۇۋاھ بولسۇن خالايىق، سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم، كەتسەڭ نېمە پەرۋايىم،
ئەزىز باشىم ساق بولسا، ھەر يەردە مېنىڭ يارىم.

كېچە كەلدىم مەن ئۆيۈڭگە، قىزىل گۈلۈم كەلمىدى،
قىزىل گۈلۈم كەلگۈچە، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

ئايۋانىڭدا ياتقاندا چاڭخوراڭدىن ئاتاي تاش،
يۈرەك ئېقىپ سۇ بولدى، بىر باقمايدۇر قەلەم قاش.

بىرمۇنچە زامان بولدى، ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ،
يۈرەكتىكى زەرداب سۇ، قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ.

ئەجەب كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ، يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

ئالتەشەھەردە مۇنداق ناخشا ـ قوشاقلار بەك كۆپ. بىراق، بىز يۇقىرىقىلار بىلەنلا بولدى قىلىمىز. ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئۇچۇن مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك.

ئۇلار ئازغىنە سۆزلەردىن بەك كۆپ مەنىلەرنى چىقىرالايدۇ .ئەپسۇسكى، بۇنىڭدىن ئارتۇق يېزىش لازىم كۆرۈلمىدى.

ئەجەب كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ، يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

نېمىدېگەن دەھشەتلىك، نېمىدېگەن مۇبالىغىلىك، نېمىدېگەن گۈزەل شېئىر.

بۆكىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن، كەڭ ۋە قېلىن چاپانغا ئورالغان ئاددىي بىر كىشى ئاغزىدىن ئاڭلىغاندا، ئېھتىمال بۇ شېئىر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتىپ كېتەلمەس. ئىشقىلىپ بىر قۇلاقتىن كىرىپ، يەنە بىر قۇلاقتىن چىقىپ كېتەر. ئەمما، بۇ شېئىرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، ئاشۇ شېئىر قايناپ چىققان يۈرەكنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسە ئەقىللەر ھەيرەتتە قالۇر. بۇ شېئىرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇنداق بىر ۋەقە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن:

بىر دەردمەننىڭ جانجىگەر يارى پۇل تېپىش ياكى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شەھەر ئېلىش نىيىتى بىلەن ئېتىغا مىنىپ، سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ كەتكەن. لېكىن دې-

گەن ۋاقىتتا ئۆيگە قايتمىغان، ئۆيدە قالغان سۆيگىنى ئۇنى سېغىنغان، ئۆگزىگە چىقىپ يارى كەتكەن يولغا قاراپ [illegible]-قىپ كۈتكەن.

بىر يىل ئۆتكەن، ئىككى يىل ئۆتكەن، لېكىن يارىدىن ھېچبىر خەۋەر كەلمىگەن. خوتۇن يالغۇزلۇقتا غۇربەتتە ۋە مۇشەققەتتە قالىدۇ. ئۇنىڭ ھېچبىر يېقىنى، قايغۇسىنى تار-تىشىدىغان دوستلىرىمۇ بولمايدۇ، بولسىمۇ يېنىدا كىچىك-كىنە بىر بالىسىلا قالغان.

يارىنىڭ كەينىدىن ئىزلەپ بېرىشنىمۇ ئويلايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئاقىۋەتتە قەلبى ئۆرتىنىدۇ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك ئېرىيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرىكى بەختىيار كۈنلىرىنى ئەسلەپ دۇتارنى چېلىشقا باشلايدۇ. گۈزەل ۋە مۇڭلۇق كۈيلەرنى ئىجاد قىلىدۇ.

قاتتىق ئۆرتەنگەن قەلبىدىن غايەت نازۇك مەنىلىك قو-شاقلارنى توقۇيدۇ، مانا شۇ سەۋەبلىك:

ئەجەب كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئالىپ، يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

دېگەن قوشاق كېلىپ چىقىدۇ. ئېرىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلى-كىدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغاچقا، ئۇ باشقا ئەرگىمۇ چىقمايدۇ، ھامان كۈتىدۇ. لېكىن يىللار، ئايلار ئۆتۈپ خو-تۇننىڭ ياشلىق دەۋرى كېتىپ قېرىيدۇ، يىغلاپ، يىغلاپ كۆز نۇرلىرىدىنمۇ ئايرىلىدۇ، شۇ پەيتتە:

يارىم ئاتلىنىپ كەتتى، قامچا يانىدا كەتتى،
ئۆز يۇرتۇم دېگەن بىلەن جېنىمى غۇربەت ماڭا يەتتى.
سىم ـ سىم ئارىلاپ، سىم ـ سىم ئارىلاپ دەريانى بويلاپ،
ئىككى كۆزۈم يېسىر بولدى، يولۇڭغا قاراپ.

دېگەن قوشاقلارنى توقۇيدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يارى بەلكى ئۇ يەردە باشقا بىر يار تاپقاندۇر:

رومالىم قارا دۇردۇن، يار بىلىگە قىستۇردۇم،
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى، ئالتى بولدى ياندۇردۇم.

دەپ ناخشا قاتقاندۇر ياكى غۇربەتتە قېلىپ مالىدىن، ئات - تونىدىن ئايرىلغاندۇر ۋە:

باردىم دەريا كەچكىلى، ئولتۇردۇم سۇ ئىچكەلى،
كەلسە يارىمدىن خەبەر، قاناتىم يوق ئۇچقالى.

دەپ ئاھ ئۇرۇپ پەرياد چەككەندۇر... مانا مۇشۇلاردىن قارىغاندا ئالتە شەھەر خەلقىدە ئىلگىرىكى مەزگىللەردە سۆيگۈ سائادىتى خېلى كۆپلۈك بولغان بولسا كېرەك. بۇنى:

لەيلى - مەجنۇن شاخ ئېگىلدى، يار ئېگىلمەيدۇر ماڭا،
يا كېلىپ ئالغىل بۇ جاننى، يا كۆڭۈل بەرگىل ماڭا.

دېگەن قوشاق بىلەن ئىسپاتلاش يېتەرلىك. شائىر يەنە مۇنداق دەيدۇ:

مەن سېنى سۆيىمەن، جامالىڭنىڭ مۇھەببىتى شەرىپىگە ئالدىڭدا باش ئېگىمەن. بۇلبۇل قونغان شاختەك سەنمۇ ماڭا كۆڭۈل بەر، يا بولمىسا جانىمنى ئال...

نوشىرۋان يائۇشېۋ

(«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1917 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى 10 — 21 - سانى، 486 — 487 - بەتلىرىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# چىن مۇسۇلمانلىرى[1] ئۇچۇن شەرىئەت ئىدارىسىنىڭ كېرەكلىكى

چىن مەملىكىتى[2]دە 40 ــ 50 ھەتتا 80 ــ 90 مىليونچە مۇسۇلمان بار، دېيىشىدۇ. بولسىمۇ باردۇر، ئەمما، بۇلارنىڭ بارلىقى بىلىنمەيدۇ، كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۇلاردا مىللىي مەتبۇئات يوقلۇقى، خەلقنىڭ مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى ھەم تۆمۈريول ۋە سۇ يوللىرى يوق تۇرۇپمۇ، ئارىلىرىنىڭ شۇنچە يىراقلىقىغا قارىماي پېتىشماسلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئاڭسىزلىق ، ھۆرۈنلۈق ۋە مىللىي روھنىڭ يوقلۇقى بۇلارنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئايرىلىپ ياشاشقا مەجبۇر قىلىغان قارا پەردىدۇر.

ھۆكۈمەت بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشىغا ئارىلاشمايدۇ. قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئومۇمىي ئىسلاھاتقا ياردەم بېرىشى مۇمكىندۇر. جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۆز خەلقىنىڭ ئىلمىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. بۇ يولدا بىللە مېڭىشقا خەيرخاھلىق كۆرسەتسىمۇ، مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن پايدىلانمايدۇ. مەسىلەن، بېيجىڭدىكى پۈتۈن مەملىكەتلىك دۆلەت ۋە كېڭەش مەجلىسى، مەجلىس

① نوشىرۋان بەزىدە تۇڭگانلارنى «چىن مۇسۇلمانلىرى» دېسە، بەزىدە دۆلەت تەۋەلىكى بويىچە ئۇيغۇرلارنىمۇ «چىن مۇسۇلمانلىرى» دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى «چىن مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇرلارنىمۇ كۆزدە تۇتىدۇ.

② جۇڭخۇا مىنگونى دېمەكچى.

ئەزالىرى بار. ئەمما، مۇسۇلمانلاردىن ۋەكىل بارمىغان. مۇ-
سۇلمانلاردىن مىللىي ۋە دىنىي ئىشلار توغرىسىدا پىكىر
يۈرگۈزىدىغان جامائەت ئەربابلىرى مەيدانغا كەلمىدى.

سانى نەچچە مىليون بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ هالدا
قېلىشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلاردا دىنىي ۋە مىل-
لىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ھېچقانداق قانۇنلۇق ئىدارىسى
بولماسلىقىدا بولسا كېرەك. بۇ يەردە دىنىي ئىشلار تەرتىپ-
سىز ھەم بەربات، مەدرىسە ۋە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇق نامىلا
قالغان بولۇپ، دىنىي روھمۇ، مىللىي روھمۇ بېرەلمەيدىغان
خارابىلەردۇر. روھانىيلار، يەنى قازى ۋە مۇپتىلار شەرىئەت
قانۇنلىرىدىن خەۋەرسىز بولۇپ، قىلغان ئىشلىرى زۇلۇم،
يۈرۈشتۇرگىنى پارا ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇنداق ئىنتىپاقسىز، جاھالەت زۇلمەتى ئىچىدە ياشاش
ياخشى ئىش ئەمەس. بۇلارنى بۇ ناچار ھالدىن تېزرەك قۇتۇل-
دۇرۇش كېرەك. مېنىڭ پىكرىمچە بولغاندا، بۇ مۇسۇلمانلار-
نىڭ ئىلمىي، پىكرىي، دىنىي، ئەخلاقىي، مىللىي، ئەدەبىي
ۋە ماددىي ـ ئىقتىسادىي جەھەتتە تۈزۈلۈشى ئۈچۈن ئەڭ كې-
رەك بولغان نەرسە «شەرىئەت ئىدارىسى»دۇر. بۇلار ئۈچۈن
«شەرىئەت ئىدارىسى» ئېچىلغاندا، رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى-
نىڭكىدەك ئىككى ـ ئۈچ ئورۇندا ئېچىش مۇۋاپىق ئەمەس.
چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، بۇ يەردە يوللار ئۇ-
زۇن، مۇسۇلمانلار مەملىكەتنىڭ ئوخشاشمىغان يەرلىرىگە
تارقالغان. ئۆزئارا يېتىشمايدۇ. شۇڭا ئۈچۈن مۇسۇلمانلار
كۆپ بولغان ھەر ۋىلايەتتە بىردىن «شەرىئەت ئىدارىسى» بو-
لۇشى كېرەك.

بۇنداق «شەرىئەت ئىدارىسى» بىزنىڭكىدىنمۇ خېلى كەڭ
ھوقۇق يۈرگۈزەلىشى مۇمكىن. خەلقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن
كېرەك بولغان قانچىلىك ھوقۇق ۋە مۇھىم ماددىلارنى تۈز-

www.uyghurkitap.com

سە، ھۆكۈمەتنىڭ قوبۇل قىلىشىدا شۇبھە يوقتۇر.

بۇ ئىش ئەڭ دەسلەپ ئالتەشەھەردە يولغا قويۇلۇشى كېرەك. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ يەرنىڭ خەلقى ھەممىسى مۇسۇلماندۇر. ئىككىنچىدىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تىلدا ۋە بىر شىۋىدە سۆزلىشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بۇلار مەملىكەت بويىچە ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا قالغان خەلقتۇر.

بۇنداق مەھكىمە تەسىس قىلىش ئۈچۈن پۇل تېپىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن مۇمكىن بولىدىغان ئىشتۇر. مەسىلەن، مۇنداق يوللار بىلەن پۇل تاپقىلى بولىدۇ:

(1) شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مەخسۇس باج ئېلىش.

(2) ئۆشرە ــ زاكات ۋە ھىممەتچىلەردىن مەخسۇس ئىئانە توپلاش.

(3) دۆلەت خەزىنىسىدىن ياردەم ئېلىش.

بۇنداق مەھكىمە ئېچىشنىڭ مەقسىتى ــ ئىسلاھات بولغانلىقتىن، «شەرىئەت ئىدارىسى» گە مۇدىر ۋە ئەزالارنى تەيىنلىگەندە، مۇمكىنقەدەر زامان ئەھۋالىدىن خەۋەردار، مىللىي تۇرمۇشقا ئاشنا، خەلق ۋە مىللەتنىڭ پايدىسىغا ئامراق، ئۇچۇق پىكىرلىك كىشىلەرنى سايلاش كېرەك.

«شەرىئەت ئىدارىسى» نىڭ ئاساسلىق خىزمىتى مۇنداق بولۇشى كېرەك:

(1) ئۇچۇق پىكىرلىك، بىلىملىك روھانىيلارنى تەشكىللەپ، بىر ــ ئىككى مەدرىسەنى ئىسلاھ قىلىپ بىر ئالىي دىن مەكتىپى ئاچىدۇ.

(2) كاشغەر، ياركەنت، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا ۋە تۇرپاندەك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن «ئۇسۇلى جەدىد مەكتىپى» ئاچىدۇ. بۇلارغا تەلىم ــ تەربىيە ئىشلىرىغا ئامراق مۇئەللىملەرنى تەكلىپ قىلىدۇ، ھازىر بۇ يەردە ئىق-

تىدارلىق مۇئەللىملەر بولمىغاچقا، چەتتىن تەكلىپ قىلىپ ئەپكېلىش كېرەك. بىر دارىلمۇئەللىمىن ئېچىپ، يېتىشىپ چىققان مۇئەللىملەر ئارقىلىق ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ سانىنى ئاۋۇتۇش كېرەك. ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ بەزىلىرىنى تەدرىجىي تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، بۇ مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەرگە «شەرئەت ئىدارىسى» ئىگە بولۇشى، ئۇلارغا ۋەزىپە بېرىپ خىزمەتكە قويۇشى كېرەك.

(3) مۇسۇلمانلار كۆپ بولغان ھەربىر شەھەردە بىردىن ھۈنەر مەكتىپى ئاچىدۇ. بۇ يەرنى پۈتكۈزگەن شاگىرتلارنىڭ ئەڭ ئىستېداتلىقلىرىنى چەت ئەلگە ئەۋەتىپ ھۈنەرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ (ئەلۋەتتە قىزلار ئۈچۈنمۇ مەكتەپلەر ئېچىلىدۇ).

(4) خەلقنى پاھىشە، قىمارۋازلىقتەك شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى يوقىتىش يولىنىڭ تەدبىرلىرىنى قىلىش، مۇسۇلمانلارمۇ نازارەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە بۇ يولدا ئىجتىھات قىلىدۇ.

(5) خوتۇن ـ قىزلار مەسىلىسىنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق بىر يول بىلەن ھەل قىلىدۇ، مەسىلەن، نىكاھ ۋە تالاق ئىشلىرىنى شەرىئەت بويىچە يۈرگۈزۈشكە باشلايدۇ. خوتۇنلارنى زۇلۇمدىن ساقلاشنىڭ تەدبىرلىرىنى قىلىدۇ.

(6) تەربىيەسىز قالغان ئاجىز ۋە يېتىملەرگە ئىسلامىي تەربىيەخانىلەرنى ئاچىدۇ.

(7) مۇناسىپ تېپىلغان بىرەر شەھەردە مەتبەئە ئېچىپ، ئانا تىلدا دىنىي ۋە ئىلمىي گېزىت چىقىرىدۇ. مەكتەپ دەرسلىك كىتابلىرىنى نەشر قىلىدۇ.

(8) خەلق ئوقۇتۇش ۋە ئاقارتىش مەقسىتىدە شەھەرلەردە قىرائەتخانا ئاچىدۇ. نەشر ـ مائارىپ مەقسىتىدە، مۇسۇل-

مانلار جەمئىيىتى ئېچىشقا ياردەم بېرىدۇ.

(9) ھەر يىلى مۇئەللىم، زىيالىي ۋە ئاتاقلىق بايلارنى «شەرىئەت ئىدارىسى» نىڭ ھوزۇرىدا چاقىرىلىدىغان يىغىنغان مەجلىسكە چاقىرىدۇ. بۇ يەردە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى قارار قىلىدۇ. مەكتەپ ـ مەدرىسەلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈرۈشۈپ كەتمەسلىكى تەبىئىي. بۇنىڭ ئۈچۈن سانى بەك ئاز بولسىمۇ، بار بولغان ئوچۇق پىكىرلىك موللىلار ۋە بايلار شەھەردىن ـ شەھەرگە بېرىپ، خەلققە بۇنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرئاز پۇل يىغىپ، پىروگراممىلارنى تۈزۈپ، ھۆكۈمەتكە مۇراجىئەت قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئەگەر مۇشۇ رەۋىشتە خىزمەت قىلىپ، بىر مۇسۇلمانلار «شەرىئەت ئىدارىسى» ئېچىلسا، باشقا ۋىلايەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ دەرھال بۇنىڭدىن ئۈرنەك ئېلىشىدىن چوڭ ئۈمىد بار.

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1745 ـ سانىدىن).

# كاشغەر خاتىرىلىرى

كاشغەر ھاۋاسى مۆتىدىل، يېرى مۇنبەت، سۈيى مول. بۇ يەر زىرائەت ئۈچۈن يامان ئەمەس. خەلقلىرىمۇ زىرائەت ۋە تىجارەت بىلەن كۆپ كەچۈرىدۇ. لېكىن، بۇ يەردە فابرىكا ۋە زاۋۇتلار يوق[1]. شۇڭا تېرە ـ يۇڭ دېگەندەك خام ئەشيالار چەتكە چىقىرىلىدۇ. كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى رۇسىيەدىن ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ يىللاردا قولدا ئىشلىگەن نەرسىلەر ئېتىبارىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۈچ ـ تۆت يىللار ئاۋۋال، قولدا ئىشلەنگەن ماتا ـ بۆزلەرنى كىيگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. ئەمدى پۈتۈنلەي دېگۈدەك، نېپىز تاۋارلارنى ئالىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى توغرىسىدا سورىمايلا قويۇڭ. بۇ توغرىدا سۆزلەشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ. مەكتەپ ـ مەدرىسەلەر نەق بۇخارا ئۇسۇلىدا ئىكەن. كاشغەرنى لايىھەلىگەن كىشى بۇخارايى شېرىپنى لايىھەلىگەن بولۇپ، ھېچقانداق نەرسە پەرقلەنمەيدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، نېمە ئۈچۈندۇر تەقدىرىگە شۇنداق يېزىلغانمۇ بىلمىدىم، يەرلىك خەلق بەك ئارقىدا قالغان. رۇسىيەدىن، ئافغانىستاندىن ۋە ھىندىستاندىن كەلگەنلەر سودا قىلىپ ئوبدانلا بېيىۋاتىدۇ. ئەمما، كاشغەر ئەھلى بولسا ئومۇمەن پېقىر ۋە موھتاجلىقتا ئۆتۈۋاتىدۇ.

بىر كۈنى قولۇمدىكى «شۇرا» ژۇرنىلىدىن «شەرقى نەزەرىدە دۇنيا» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ ئولتۇرسام، كاشغەرلىك ئاغىنىلەردىن بىرى يېنىمغا كېلىپ:

[1] ئېلى ھاجى نەۋرۇز ھاجى ئوغلى ۋە مۇسابايېفلارنىڭلا زاۋۇتلىرى بار (ن.ي).

— بۇ گېزىتمۇ؟ ئۇرۇش ھەققىدە نېمە خەۋەر بار؟ — دەپ سورىدى.

— سىز قايسى ئۇرۇشنى سوراۋاتىسىز؟

— رۇسىيە - گېرمانىيە ئۇرۇشچۇ؟

— خەۋىرىڭىز بولسۇن، ئەپەندىم. بۇ قېتىم پەقەت ئىقتىسادىي ئۇرۇشلار ھەققىدە يېزىپتۇ، — دېدىم.

سوئال سورىغۇچى ئىمام ئىدى. سۆزلىرىمنى چۈشىنەلمەي ھاڭقىيىپ قالدى.

— ئەجەبلەنمەڭ، ئەپەندىم! بۇ سۆزۈم راست. بەك ئەھمىيەتلىك ۋە دەھشەتلىك ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. سىز سورىغان ئۇرۇش بىرنەچچە ئايدىن كېيىن توختايدۇ. ئۇرۇش سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن زىياننىڭ ئورنى تېز سۈرئەتتە تولدۇرۇلىدۇ، بۇزۇلغان شەھەرلەر قىسقا بىر زاماندا ئاۋۇالقىدىن ياخشىراق قىلىپ تۈزىلىدۇ، بەزى كىشىلەرگە ئەجەل يېتىپ، دۇنيادىن كېتىدۇ. بۇنىڭ ئازابىمۇ تېز ئۇنتۇلىدۇ.

ئەمما، بۇ ئارىمىزدا نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە ھەمىشە بولۇۋاتقان ئۇرۇش بەك قورقۇنچلۇقتۇر! بۇنىڭ توختاش، ئاياغلىشىش ئېھتىمالى پەقەت كۆرۈنمەيدۇ، ئەكسىچە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. بۇنداق كىشى كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان كۈچلۈك ۋە تۇنجۇقتۇرغۇچى ئۇرۇش ئۇن چىقارماستىن، جەڭگە ئاتلىنىۋاتىدۇ. مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، مىليونلاپ ئاسىي بەندىلەرنى ھايات دۇنياسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاۋاتىدۇ. بىچارە مىللەت ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەيۋاتىدۇ.

بۇ ئۆلۈم ۋە ئاسارەت ھازىرقى ئۇرۇشلارغا قارىغاندا، نەچچە ھەسسە مۇدھىشتۇر. ئىقتىسادىي ھاياتنى چۈشەنمەي، باشقىلارنى «تۇرۇك» دەپ ئويلايدىغانسىز. ياق، دېگىنىڭىز

بىكار گەپ. خاتا ئوي، ناتوغرا پىكىر بىلەن ئۆلسىڭىز، ئۆ-لۈمىڭىز شان – شەرەپلىك ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى، بىچارە ئۆلۈم بولىدۇ.

سىز دېھقانچىلىق قىلىپ، ئاشلىق تېرىسىڭىز، مال باقسىڭىز، قەرزگە بوغۇلىسىز. راھەتنى بولسا، باشقىلار كۆرىدۇ. دېمەك، سىز مەدەنىيەتلىك، ھۈنەر (تېخنىكا) بىلىدىغان خەلقلەرنىڭ خىزمەتچىسى سىز، ئويلاپ بېقىڭ! بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق، مۇدھىش مەغلۇبىيەت بولامدۇ؟

— ئورۇشتا كىم يېڭىپ، كىم يېڭىلدى؟

مانا بۇ «سىياسەتچى»لەرنىڭ سوئاللىرى. قىزىق خەلق-دە بۇلار!

— كىم يەڭدى؟

— سىز يەڭدىڭىز.

ئورۇش! ئورۇش! مانا ئورۇش! ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەق-قىدە يېزىلغان ماقالىلەرگە قاراپمۇ قويمايدۇ. خەۋەرلەرنى ئاڭلاپمۇ قويمايدۇ. ۋەھالەنكى، ئۆزلىرى سەكرات كارىۋىتىدا يېتىۋاتىدۇ.

— ئورۇش خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغۇڭىز كەلسە، ئۆزىڭىز گېزىت ئېلىپ ئوقۇڭ.

— بىز نوغاي تىلىنى چۈشەنمەيمىز!

— ئۇنداق بولسا، ئۆز تىلىڭىزدا مەركىزىي ئاسىيادا چىقىۋاتقان گېزىتلەرنى ئېلىڭ!

بەك قىزىق! مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى ئالتەشەھەردە بولسۇن، مەن بۇ سۆزنى بەك كۆپ كىشىلەردىن ئاڭلىدىم.

سەمەرقەنتتە چىقىۋاتقان «ئايىنە» گېزىتىدە: «بىز مەر-

كىزىي ئاسىيالىقلار تاتار مەتبۇئاتىدىن كۆرۈ، كاپكاز مەتبۇ-
ئاتىنى بەكرەك چۈشىنىمىز» دېگەن سۆز بار ئىدى. «ئالـ-
نە»نىڭ بۇ سۆزى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن
توغرا بولسىمۇ، ئالتەشەھەردىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كاپ-
كازچىدىن تاتارچە چۈشىنىشلىكرەك.

قاراڭ بۇلارنىڭ هالىغا!

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالتەشەھەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىل - شېۋىسى يېقىن بولغاچقا، تاتارچىدىن كاپكازچە ئاسانراق بولسا كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولۇشى كېرەك بولسىمۇ. لېكىن بۇنىڭ مۇنداق سەۋەبى بار، ئەپەندىم:

ئالتەشەھەردە كاپكازلىقلار يوق، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا سانى خېلى كۆپ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇلار پايدا بولىدىغان چاغدا ئۆز شېۋىسىدە سۆزلىشىدۇ. بارغان يېرىدىكى خەلقنىڭ شېۋىلىرىنى ئۆگەنمەيدۇ، ئۆگىنىشكە قىزىقمايدۇ. بەلكى، ئۆز شېۋىسىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

تاتار بولسا پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە (مەن بۇنىڭ سەۋە-بىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم). تاتارلار قازاقلارنىڭ ئارىسىغا بار-سا قازاقچە، رۇسلار ئارىسىغا بارسا رۇسچە، بۇ يەرگە كەلسە، بۇ يەرنىڭ شېۋىسىدە سۆزلىشىدۇ. ئۆز تىلى، ئۆز شېۋىسىدە ياشقىلار بىلەن تونۇشالمايدۇ. ئاخىرىدا بۇنىڭدىن نېمە چىق-تى ئەمدى؟

شۇ كاپكاز مەتبۇئاتىنىڭ مەركىزىي ئاسىيالىقلار ئۈچۈن تاتارچىدىن ئاسان بولۇشى شېۋىلەرنىڭ يېقىنلىقىدىن ئە-مەس، بەلكى، مەركىزىي ئاسىيا شېۋىسىگە تاتار شېۋىسىنىڭ يېقىنلىقىدۇر. دېمەك، بۇ ئىش خەلقى ۋە تەبىئىي ئەمەس، بەلكى كەسپىي ئىكەن.

مەھمۇدخوجا بېھبۇدى[1] ھەزرەتلىرىنىڭ تەسبىھى بويىچە ئايرىپ قاراش بەك مۇۋاپىق بولۇپ، يېتىشمىسە مۇمكىنقەدەر تۈركىي تىلنى ئاۋۋالقى ھالىغا قايتۇرۇپ، پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر چۈشىنەلەيدىغان بىر ھالغا كەلسە يامان بولماس. ئۇ چاغدا، يۇقىرىدا يازغىنىمدەك «بىز نوغايچە بىلمەيمىز!» دېگەندەك كىشىنىڭ كۈلگۈسىنى ھەم يىغلىغۇسىنى كەلتۈرىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايتتۇق. پەقەت، پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى چەتتىن قوبۇل قىلساقلا بولاتتى.

ھازىرقى تاتار مەتبۇئاتىنىڭ مەقسىتىمۇ تىلىمىزنى مىللىي شېۋىلەرگە قاراپ تۈرلەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر چۈشىنىدىغان قىلىپ ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت.

تىل مەسىلىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، سۆزىمىزنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى!

شۇنداق، كاشغەر مۇسۇلمانلىرى ئىقتىسادىي ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن. مال - دۇنيانى ئاز تاپىدۇ،

① مەھمۇدخوجا بېھبۇدى (1875 — 1919) — سەمەرقەنتنىڭ بەختىنەپە يېزىسىدا تۇغۇلغان. بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، سەمەرقەنتكە قايتىپ قازىنىڭ كاتىپى بولغان. كېيىن مۇپتىلىق مەرتىۋىسىگە ئۆستۈرۈلگەن. 1899 - يىلى ئىستانبۇل يولى بىلەن قاھىرەگە بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە دىنىي جەدىدچىلىكنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن ھەجگە بارىدۇ. 1903 - يىلىدىن باشلاپ جەدىدچىلىك ھەرىكىتىگە ئاتلىنىپ، يېڭىچە دەرسلىك تۈزىدۇ. «پەدەركۈش»، («دادا قاتىلى») دېگەن درامىنى يېزىپ سەھنىلەردە قويىدۇ (بۇ درامىنى ئە.كامالمۇ ئاتۇشتا ئوقۇغۇچىلىرىغا ئويناتقۇزغان). ئىسمائىل غاسپىرالى بىلەن ئىككى قېتىم ئەسرارلىشىپ، ئۇنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. 1903 - يىلىدىن باشلاپ «سەمەرقەنت» گېزىتى ۋە بۇخارادا «ئايىنە» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىدۇ (نوشىرۋاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتىدە يازغان ماقالىلىرى دەسلەپ مۇشۇ گېزىتتە ئېلان قىلىنغان). «يېڭى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى» دېگەن شەرەپكە مۇناسىپ بولغان بېھبۇدىنىڭ 300 پارچە ماقالە، كىتاب، دەرسلىك ۋە درامىسى بار. بېھبۇدى 1919 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سەمەرقەنتتىن ئايرىلىپ بۇخارا ئەمىرلىكىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگەندە رۇسلارنىڭ پەرمانى بىلەن بۇخارا ئەمىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

تاپقانلىرىمۇ تۈتۈشنى بىلمەيدۇ.

بىچارە، مەزلۇمە، ئېپپەتلىك بىر قىزنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان كىيىمى بولغىنى بىلەن، پاھىشىلەر بايلاردەك ياشايدۇ. باشتىن ـ ئاياغ ئالتۇنغا، كۈمۈشكە چۆمكەنگەن بۇلار مال ـ دۇنيانى كەتمەن چېپىپ، ساپان سۆرەپ تاپمايدۇ، بەلكى كاشغەر مۇسۇلمانلىرى تاپقان پۇللار بىلەن بېيىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ كىرىمى ئازراق بولغان بولسا، باشقا سۆزمۇ يوق ئىدى.

كاشغەردە 110 مەھەللە بار[1]. ھەر مەھەللىدە 100 دىن ئائىلە بار دەپ ھېسابلىساق، جەمئىي 11 مىڭ ئائىلە بولىدۇ. ھەربىر ئائىلىدە بەشتىن جان بار دېسەك، جەمئىي 55 مىڭ نوپۇس بار بولغان بولىدۇ.

55 نى ئىككىگە بۆلسىڭىز، ئۇچكە تەقسىم قىلسىڭىز، كىشى بېشىغا ھېسابلاپ تۇتۇلغان پۇللارنى بىر يەرگە يىغسىڭىز، بۇ پۇللارنى تەلىم ـ تەربىيە ۋە مائارىپ يولىدا سەرپ قىلسا، ئىقتىسادتا بىرئاز تەرەققىيات كۆرۈلمەسمۇ؟ مىڭلارچە پاھىشىلەرگە سەرپ قىلغان پۇلنى، بالىلىرىنى تەربىيەلەشكە سەرپ قىلسا بولماسمىدى؟

كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن بەستلىك گادايلار پاھىشىلەردىن پەرقلەنمەيدۇ. بۇلار ئىش قىلمايدۇ. قورساق غېمىنى خەلققە يۈكلەپ قويىدۇ، ھېسابلاپ كۆرۈڭ، 7000 تىلەمچى (ئىشقا يارىمايدىغانلىرى بۇ ھېسابقا كىرمەيدۇ.) كۈنگە 10 تىيىندىن 70 مىڭ تىيىن (700 سوم) بولىدۇ. بۇنى بىر يىل (365 كۈنگە) سەرپ قىلسا، 237 مىڭ سوم بولىدۇ. پاھىشىلەرنىڭ كىرىمى بۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ بولۇشى تەبىئىي. 50 تىن 55 كە ھېسابلىغاندى-

① ھەر مەھەللىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىردىن مەدرىسە، ئىككىدىن مەسچىت (ن.ي).

مۇ، كۈنىگە 4000 سوم، بىر يىلدا 10 مىليون 440 مىڭ سوم بولىدۇ.

مازارلارغا يىغىلغان قويلارنى، مازارغا چىققاندىكى هارۋا كىرالىرىنى، بىر قېتىم چاچ چۈشۈرتۈش ئورنىغا ئايدا تۆت قېتىم چۈشۈرتسە، تېجەپ قالغان پۇللارنى قوشۇپ ھېسابلى-غاندا قانچىلىك پۇل يىغىلىدۇ.

ئەگەر بۇ پۇللار ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت يولىدا سەرپ قىلىنسا، مەكتەپلەرلا ئەمەس، مەد-رىسەلەرمۇ كۆپىيەتتى.

مەركىزىي ئاسىيالىق «سىياسەتچى»لەر بۇ ئۇرۇش خۇ-سۇسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ باقسۇن. مەغلۇبىيەت، ئاسارەت، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى كۆرسەتسۇن! ئىقتىسادىي ئىشلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، پۇل تېپىش ئورۇنلىرىنى قۇر-سۇن! تەرتىپلىك مەكتەپلەرنى ئېچىپ، بالىلارنى زامانغا مۇۋاپىق تەربىيەلىسۇن! خەيرىيەت جەمئىيەتلىرى، يېتىمخا-نىلار ئاچسۇن! ھۈنەر مەكتەپلىرى ئېچىپ، كوچىدا يۈرگەن بالىلارغا ئىش تېپىپ بەرسۇن! سىفلىستەك يۇقۇملۇق كې-سەللىكلەرنىڭ ئازىيىشىغا ئامال قىلسۇن! دوختۇر ۋە تې-ۋىپلارنى تەييارلىسۇن! خەلقنىڭ ماددىي ـ مەنىۋى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشىغا تەدبىر ـ چارىلەر تاپسۇن!

ئۆزىنى ئۆلىما دەپ يۈرگەن زاتلارمۇ بېشىنى پىكىرگە يىقىن تۇتسۇن، خەلقنى جاھالەت ۋە موھتاجلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش توغرىسىدا يول كۆرسەتسۇن! خاتىپلارمۇ مۇنبەردە پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەت قىلسۇن! ئۆزلىرى يولباشچى بو-لۇپ، خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلىسۇن! بۇنىڭ ساۋابى جىھاد بىلەن ئوخشاشتۇر.

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندى-كى ئومۇمىي 1784 ـ سانىدىن).

## ئالتەشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار (1)

سۆز بېشىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئالتەشەھەر خەلقى ئومۇمەن مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت. بۇ يەردە رۇسىيە، ئافغانىستان ۋە ھىندىستانلاردىن سودا ـ تىجارەت ئۈچۈن كەلگەن مۇساپىرلارمۇ بار. لېكىن بۇلار يەرلىك خەلقنىڭ يۈزدە بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ.

بۇ يەردە 50 ـــ 60 يىللار ئىلگىرى مەيلى سودا ـ تىجارەت بولسۇن، مەيلى يېزا ئىگىلىكى بولسۇن ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيەدە ئىدى. ئۇ چاغلاردا چەت ئەللىكلەر بىلەن باردى ـ كەلدى ئىشلىرىمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى چەتكە مال تارتقۇچى سودىگەرلەرنىڭ يولدا ئوغرى ـ قاراقچىلارغا ئۇچراپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشى ئىدى. بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رۇسىيەگە قوشۇلۇشى بىلەن، سودىگەرلەرگە يول ئېچىلغان. شۇ چاغلاردىمۇ نۇرغۇن سودىگەرلەر قىرغىزلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان. ئالمۇتا رۇسلار قولىغا كىرىپ، بۇ يەرلەردە رۇسىيە نوپۇزى يىلتىز تارتقاندىن كېيىنلا، بۇ يەرلەردىكى بۇلاڭچىلىق بېسىققان. شۇ چاغلاردا بۇ يەردىن نۇرغۇن قوينى ئېلىپ بېرىپ سېتىش، ئۇ ياقتىنمۇ رۇس ماللىرىنى ئېلىپ قايتىشتەك سودىلار بولغانىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا رۇس ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيگەندىن كېيىن، ئوغرىلارنىڭ قوللىرىمۇ قىسقىراپ، سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالمۇتا ۋە قاراقول يولى ئېچىلغان. ئىككىنچى تەرەپتىن ياقۇپبەگنىڭ غەيرىتى بىلەن كاشغەر ۋە قوقان يولى كې-

گەيگەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا باردى ـ كەلدى، ئالدى ـ ساتتى ئىشلىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان.

كاشغەر خەلقى بۇ يەردىن قوي، تېرە، يۇڭ، ئۆچكە يۇڭى دېگەندەك نەرسىلەرنى قوقانغا ئاپىرىپ سېتىپ تۇرغان. ئۇ يەردە بىرمۇنچە فىرمىلار بىلەن توختاملىشىپ، تۈرلۈك مال، تاۋارلارنى كاشغەرگە ئېلىپ قايتقان. مانا شۇنىڭ سايىسىدە كاشغەردە نۇرغۇن دۇكان، سارايلار ئېچىلغان.

بۇ سودىدىن دەسلەپىدە بىرگە بىر پايدا قونۇپ تۇرغان. بۇ ياقتىن ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى ئۇ ياقتا ئىككى ھەسسە، ئۇ ياقتىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىمۇ بۇ ياقتا ئىككى ھەسسە باھا قوشۇپ ساتقان.

ئىلگىرى شەھەر خەلقى بولسۇن، يېزا خەلقى بولسۇن گۇرۇھ، مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈپ، ئۇرۇش ـ تالاش قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. ئۆمرى جەڭگى ـ جېدەل ئىچىدە ئۆتەتتى. يوللار تىنچلىنىپ سودىدىن پايدا كۆرۈشكە باشلىغان خەلق بىردىنلا جانلىنىپ تۇرمۇشنىڭ تەم ـ لەززىتىنى سېزىشكە باشلىغان. سودىگەرلەر بەش ـ ئالتە يىل ئىچىدە 15 — 20 مىڭ سومنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان. شۇنداق قىلىپ تەدرىجىي بېيىشقا باشلىغان. سودىگەرلەرنىڭ سانىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىغان، 20 — 25 يىلنىڭ ئىچىدە كاشغەر ئورۇش مەركىزىدىن سودا مەركىزىگە ئايلانغان.

خەلقنىڭ بېيىشى سىرتتىن قارىماققا بەك ياخشى ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇ بايلىقنىڭ ئاساس ـ ئۇلى بولمىغانلىقى، خەلقنىڭ سودا ئىلمىنى بىلمىگەنلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئىلىم يولى بىلەن ئىش تۇتمىغانلىقى ئۇچۇن ئۇزۇنغا بارالمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ نەزەردىن چۈشۈشى بىلەن بىچارە خەلقنىڭ تۇرمۇش ـ تىرىكچىلىك يول-

لىرى تارىيىشقا باشلىغان. ئىككىنچىدىن، خەلق موھتاج بولغانلىقتىن، سودىگەرلەرنىڭ نېسىلىرىمۇ ۋاقتىدا تۆلەنمەي قالغان. نەتىجىدە خەلق سودىگەرلەرگە، سودىگەرلەر شىركەتلەرگە قەرزدار بولۇپ قالغان. ئاقىۋەتتە، شىركەتلەر كاشىغەرلىكلەرگە مال سېتىشنى توختاتقان. ھازىر كاشىغەرلىكلەردىن پەقەت ئىككىلا كىشى (مۇسابايېفلار ۋە ئاخۇنبايېفلار) روسىيە ۋە قوقاندىن مال ئالالايدۇ. قالغانلىرى بولسا، كۆللى شەيئى يەرجەئۇ ئەلا ئەسلەھۇ قانۇنىغا بويسۇنۇپ قالغان.

ئەمما، ئالتەشەھەر ۋە پەرغانىلىق مۇساپىرلاردىن بەش ـ ئالتە كىشى سودىسىنى ياخشى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. يەنە ئۆتكەن يىلى تاشكەنت ۋە قوقاندىن سېنىدىل ۋە تىۋېر شىركەتلىرى كېلىپ ئىسكىلات ـ دۇكان قۇردى. بۇلار تىنچلىق بولسا، يەنە ئالتەشەھەرنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئىسكىلاتلارنى ئاچماقچى ۋە پۈتكۈل ئالتەشەھەرنىڭ سودىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى، يەنى بۇ يەردىكى خام ئەشيالارنىمۇ ئۆزلىرى ئېلىپ، شىركەتلىرىگە ئەۋەتىپ تۇرماقچى ئىدى. بىراق، بۇ يىلقى پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىش ۋە تىنچسىزلىقلار سەۋەبىدىن ئۆز ئىشلىرىنى باشلىيالماي قالدى. ئەگەر ۋەزىيەت ئىلگىرىكى ھالىتىدەك تىنچ تۇرسا، «رىفا»دىن بىر شىركەت كېلىپ، بۇ يەردە بىر ئاياغ كىيىم ئىسكىلاتى ئاچماقچى.

ئالتەشەھەردە شۇنداق چوڭ شىركەتلەر ئىسكىلات قۇرۇپ، پاختا، يۇڭ، ئۆچكە يۇڭى، تىۋىت، تېرە، يىپەك سودىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىنى، مىليونلارچە ئىشسىز يۈرگەن مۇسۇلمانلارغا قىلغۇدەك ئىش چىقىرىلىشىنى ئويلىغاندا بۇ ئىش يامان بولمايتتى. لېكىن ئوبدانراق ئويلىغاندا بۇ ئىش ئۇنچىۋالا شادلانغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. چۈنكى، مۇنداق بولۇۋەرسە، يەرلىك خەلقنىڭ ئىچىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان ئادەم چىقمايدۇ. توغرىسى

خىزمەتچى، مالاي بولۇپ ئۆمرىنى قۇللۇقتا ئۆتكۈزىدۇ. توغرا، ھازىرقىدەك تىلەمچىلىك قىلىپ جان باققانغا قارىغاندا، مالاي بولۇپ ئىشلەپ جان بېقىش مىڭ ياخشى. ئەمما، ھازىردىن باشلاپ ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ ئىقتىسادىي جەمئىيەتلەر قۇرۇپ، سۇسىز يەرلەرگە سۇ چىقىرىپ، بوش، بىكار ياتقان يەرلەرگە زىرائەت ۋە كېۋەز تېرىپ، مۇستەقىل ئىشلەپ، مۇستەقىل پۇل تېپىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى روناق تاپقۇزۇپ، مۇمكىن بولسا زاۋۇت ـ فابرىكىلارنىمۇ ئېچىپ، سودىنى پۈتۈنلەي قولدىن بېرىپ قويماي، ئۆز قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

ۋەلىئاخۇندىن ئېلىپ، ئەلىئاخۇنغا سېتىش بىلەنلا سودىگەر بولغىلى بولمايدۇ. قوقاندىن ئېلىپ كېلىپ، كاشغەرگە سېتىش بىلەنلا قەرزدىن قۇتۇلۇش قىيىن. ئۆز ئېلىڭ نامرات ۋە موھتاجلىقتا تۇرغاچقا، مۇنداق بايلىق ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئاقىۋەتتە، ئۆزۈڭمۇ ئەسلىي ھالىتىڭگە قايتىپ قالىسەن. شۇڭلاشقا، ئەگەر راستتىنلا بېيىغۇڭ كەلسە، ئالدى بىلەن خەلقىڭنى بېيىتىشنىڭ چارىسىنى قىل. تىلەمچى ۋە گادايلارغا ئىش تېپىپ بەر. ئېرىق ـ ئۆستەڭ قازدۇر، سۇ چىقارت، زىرائەت ۋە كېۋەز تېرىت، تاغلاردىن ئالتۇن ـ كۈمۈش، تۆمۈر، قوغۇشۇن، نېفىت، كۆمۈر قازدۇر. مانا مۇشۇنداق ئىشلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بېيىيدۇ، سېنىمۇ ناھايىتى تېزلا بېيىتىدۇ.

مانا كاشغەر دەرياسى، ئەنە ئاقسۇ، ياركەنت دەريالىرى، ئەنە يەرنىڭ تېگىدە نى ـ نى بايلىقلار قەدىرسىز ياتماقتا. سەن پاختا كۆپىيىپ كەتسە، پايدا بولمايدۇ دەپ قورقۇۋاتامسەن، ھەرگىز قورقما، رۇسىيەگە ھەر يىلى 20 مىليون پۇت[1] (بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقتۇر) پاختا كېرەك. لېكىن رۇسى-

① پۇت ـــ 16.38 كىلوگىراملىق ئېغىرلىق ئۆلچىمى بىرلىكى.

يەدىن ئاران 10 مىليون پۇتلا پاختا چىقىدۇ. قالغىنىنى رۇ-سىيە مىسىر ۋە ئامېرىكىغا ئالتۇن بېرىپ سېتىۋالىدۇ. سى-نىڭ زېمىنىڭدا رۇسىيەنىڭ قەغەز پۇلى بەك تېز ئۆتىدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن مىسىر ۋە ئامېرىكا بېرەلىگەن پاختى-سەن نېمىشقا بېرەلمەيسەن؟ ئۆزۈڭ بەرسەڭ، ئۆزۈڭ ئۇچۇن-مۇ، ئۆزگىلەر ئۇچۇنمۇ پايدىلىق ئەمەسمۇ؟

ھازىرنىڭ ئۆزىدە، كاشغەردىن رۇسىيەگە ئارانلا 100مىڭ پۇت پاختا چىقىدۇ.

توغرا، رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئالمۇتا يولىنى پۈتكۈزىدۇ. پەرغانىنى پاختا بازىسىغا ئايلاندۇرسا، ئۇ ھالدا چەتكە ئۇنى-چىۋالا ھاجىتىمۇ چۈشمەس. لېكىن ھەرقانچە بولسىمۇ، پاخ-تىڭىز سېتىلماي قالمايدۇ.

كىشى قولىدا قۇش ئويماس، دېگەن گەپ بار. قولىڭىزدا باي ۋە مۇنبەت يېرىڭىز بولغاندىكىن، ئەمدى ئۇششاق-چۈششەك سودىنى قويۇپ، تېگى بارراق ئىشتىن بىرنى تۇتۇپ ئۆز قارنىڭىزنى ئۆزىڭىز تويغۇزۇشقا غەيرەت قىلىڭ. ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ ئىقتىسادىي ئاساس سالسىڭىز ئۇنى كامالىغا يەت-كۈزۈشكە ھۆكۈمىتىڭىزمۇ ياردەم قىلغۇسىدۇر. شۇنىمۇ ئې-سىڭىزدە تۇتۇڭكى، سىز بىر ئىشنى باشلىماي تۇرۇپ ھېچ-كىم سىزگە پۇل تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. ئىش بىلەن داڭقىڭىز چىقسا، خېرىدارىڭىزمۇ چىقىدۇ، پۇل بىلەن ياردەم بەرگۈچى-لەرمۇ چىقىدۇ.

مازارلارغا قىلغان قۇربانلىقلىرىڭىزنى ئىشچىلىرىڭىز-غا يېگۈزسىڭىز، تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

كاشغەر

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدى-كى ئومۇمىي 1795 - سانىدىن).



## ئالتەشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار (2)

ئومـۇمەن ئالتــەشەھەردە، بولـۇپمۇ كاشـغەر تەرەپلــەردە
بىردىنبىر ياخشى كەسىپ تېرىقچىلىقتۇر. لېكىن، نېمە سە-
ۋەبتىندۇر بىزنىڭ خەلق بـۇ ئىشقـا تازا كۆڭۈل بـۆلمىگـەن.
تېرىقچىلىق ئىـشلىرى تـەرتىپسـىز، ئۇنۇمـسىز بولـغانىنـىڭ
ئۈستىگە، ھە دېسىلا تىجارەت ئىشلىرىغا ئۇرۇنىـدۇ. ئىككى -
ئۈچ يىل سودا - تىجارەت قىلـغانلار ئىچىدە، يەر ۋە مـال -
مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ۋەيران بولغانلار كۆپ ئۇچراپ تۇرىـدۇ.
بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى، مەدەنلىرى كۆپ. ئازراقلا تىرىـش-
سا، نۇرغۇن پايدا تېپىش ئىمكانىيىتى بار. بۇ يەر تېرىقچى-
لىققا بەك باب كېلىدۇ، يـاخشى پەرۋىـش قىلىـنغان يەردىـن
ياخشـى مول ھوسۇل ئـالغىلـى بولىدۇ. تـوغرا، ئۇلار يـەرگـە
ئىشلىگەندە، خېلى ياخشى ئىشلەيدۇ، يەرنى ئـاغدۇرىدۇ ياكـى
كەتمەن بىلەن چېپىپ يۇمشىتىدۇ، ئوغۇتلايـدۇ، سۇغىرىـدۇ.
ئۇرۇقنى چېچىپ بولغاندىن كېيىن، يەرنى ئـوتايدۇ، سۇغى-
رىدۇ. بۇ يەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىش شۇكى،
ئۇ بولسىمۇ بىدە تېرىشتۇر. بۇنىڭدىن كۆپ پايدا ئالغىلى بو-
لىدۇ. بېدىنى بىر يىلدا ئۈچ - تۆت قېتىم ئورۇۋالغىلى بـو-
لىدۇ. بۇنى كۆپىنچە ھاللاردا بازارغا ئاپىرىپ ساتىدۇ، قالغى-
نىنى يەنە توغراپ قىشلىق ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇنىـڭ
بەش - ئالتە قادىقى بەش تىيىندىن 10 تىيىنغىچە سېتىلـى-
دۇ. بۇنىڭ ئىشىمۇ ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس. يىل بويى ئوتـاش-
مۇ، ئاغدۇرۇشمۇ، چېپىپ يۇمشىتىشمۇ ھاجـەت ئەمەس. بىـر
قېتىم ئىشلەپ، ئوغۇتلاپ تېرىلغان بېدە 10 يىلغىچە ئۆسۈپ

www.uyghurkitap.com

ھوسۇل بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا سۇمۇ جىق كەتمەيدۇ. بىر قېتىم ئورۇغاندا، بىر سۇغىرىپ قويسا كۇپايە. بۇ يەردە سۇ يېتەرلىك بولۇپ، بەزى يەرلەردە تېخى سۇ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ. لېكىن مۇشۇ پايدىلىق نەرسە ئاز تېرىلىدۇ. بىدىنى كۆپ تېرىغاندا، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەك پايدىلىق بولغان بولاتتى.

ھازىر بۇ يەردە مال چارۋىچىلىققا تازا كۆڭۈل بۆلۈنمەيۋاتىدۇ. بۇ يەردە دېھقانچىلىقنىڭ چارۋىچىلىققا، چارۋىچىلىقنىڭ دېھقانچىلىققا بولغان پايدا مۇناسىۋىتى ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە يەر ئوغۇتلانماي تۇرۇپ تېرىلمايدۇ، مال چارۋا ئاز بېقىلغاچقا، سۇنئىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش ئىمكانىيىتى يوق. شۇڭا يەرنى ئوغۇتلاشتا، پەقەت مال قىغىدىنلا پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە مال قىغىنىڭ بىر خالتىسى 10 تىيىنغا سېتىلىدۇ. ئادەم گەندىسىنىڭ بىر خالتىسى 50 ــ 60 تىيىنغا سېتىلىدۇ. بۇ يەردە قىغنى توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ، يەرگە كۆمۈپ چىرىتىشتەك ئۇسۇللارمۇ بار. بۇ ئىشى ماختاشقا لايىقتۇر. چۈنكى بۇلار مۇنداق ئىلمنى مەكتەپتىن ئۆگەنگەن ئەمەس، تەبىئەت دەرسىمۇ ئۆگەنمىگەن. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. بۇ توغرىدا باشقا چارىلەرنىمۇ قوللىنىش مۇمكىن.

مەسىلەن، بۇ يەردە ئوتۇن ئاز، شۇڭا يەرنى ئوغۇتلاشقا كېتىدىغان نەرسىنىڭ كۆپىنچىسى كۆل بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، بۇنىڭ چارىسى دېھقانچىلىققا يارىمايدىغان يەرلەر، ئويمان ـ دۆڭلەر، سازلىقلار، سۇ بويلىرىنى تۇرلۇك دەل ـ دەرەخلەر، تېرەك ۋە تاللار بىلەن تولدۇرۇشتۇر. بۇنىڭ ھەر جەھەتتىن پايدىسى كۆپ. بۇ يەردە دەل ـ دەرەخلەر بەك تېز ئۆسىدۇ. ئىككى يىلدا بادرا، ئۈچ ـ تۆت يىلدا لىم قى-

لىشقا يارايدۇ. بىر قېتىم كېسىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە تېگىدىن شۇڭ تارتىپ ئۆسۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا دەل - دەرەخنى ئاسانلىقچە خوراتقىلى بولمايدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ يەردە ئەڭ پايدىلىق نەرسە پاختىدۇر. كېۋەز تېرىشقا ئۇنچىۋالا جىق سۇمۇ كەتمەيدۇ. تېرىلىدىغان يەرنى قىش كۈنى بىر قېتىم توڭ سېلىپ قويسىلا بولىدۇ. كېۋەزنىڭ ھەممىلا يېرى پايدىلىق. چىگىتىدىن ياغ تارتىلىدۇ. ئۆي - ئۆيلەردە جىنچىراغقا ياغ قىلىنىدۇ. ياغ تارتىپ، ئېشىپ قالغىنى كۈنجۈرە دېيىلىدۇ. كۈنجۈرىدە قوي باققىلى بولىدۇ. كۈنجۈرە يەپ سەمرىگەن قويلار ئادەتتىكى قويلاردىن 20 پىرسەنت ئېغىر كېلىدۇ. مەسىلەن، بەش سومغا يارايدىغان قوي كۈنجۈرىدە بېقىلسا، 15 سومغا يارايدۇ. كېۋەزنىڭ غولىنى ئوتۇننىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، بولۇپمۇ نان يېقىشتا، تونۇر قىزىتىشقا بىرىنچى دەرىجىلىك ئوتۇن بولىدۇ. پاختىنىڭ ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق.

ئەمدى يەرگە ئىشلەش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىش تېخىمۇ ئوڭاي. بۇ يەردە ئەمگەك كۈچى كۆپ ھەم ئەرزان، كەتمەن چاپقۇچىلارنىڭ كۈنلۈكى ئاران 20 تىيىن، پاختا تەرگۈچى، چىگىت ئايرىغۇچى خوتۇن - قىزلارنىڭ كۈنلۈكى ئارانلا 10 تىيىن.

بۇ يەردىن ئۈزۈم، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، گازىر، ئامۇت، ئانار، ئەنجۈر قاتارلىق تۈرلۈك مېۋە - چېۋىلەر چىقىدۇ. لېكىن بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. توغرا، باغلار بار، مېۋىلەر پىشىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئاز، يەيدىغان ئادەم كۆپ. بۇ يەردە بايلار باغ قىلىدۇ. باغچىسىز باي، سودىگەر يوق دېسەم يالغان بولماس. لېكىن ئۇلار ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى دەپ ئەمەس، بەلكى ياز

كۈنلىرى سايىداش، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا باغ بىنا قىلىدۇ.

ھۆكۈمەت كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن يەرلىك خەلققە نۇرغۇن نەرسە بېرىدۇ. ئۇلارغا پۇل بەرمەي تۇرۇپ ئالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەرنىڭ بايلىرى بۇ ئىشقا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. شەھەرگە يېقىنلا يەرلەردە ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ تۇرغان نېفىت بۇلاقلىرى بار. ئالتەشەھەرگە كىرسىن روسىيەدىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ، بىر قادىقى 15 تىيىندىن 20 تىيىنگىچە سېتىلىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندا جىنچىراغ ياقىدىغانلار ئازىيىپ، لامپا ئىشلىتىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن كىرسىنگە بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ ئاشىدۇ.

توۋا دەيمەن، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىگە! سودا قىلىمەن دەپ گەردىنىگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ، ئەلگەكتىكىنى چېلەككە تۆكۈپ يۈرگىچە، تەڭرى ئاتا قىلغان بايلىقلاردىن پايدىلانسا بولماسمىدى؟

ئالتەشەھەرنىڭ قايسىلا شەھىرىگە بارماڭ، كوچىلاردا كۆزگە ئەڭ كۆپ چېلىقىدىغان نەرسە گۆرۈخانىلاردىن ئىبارەت. گۆرۈخانا ئىگىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چىنلىقلار بولۇپ، ئۇلار شۇ ئىش بىلەن سودا قىلىپ، خېلى ياخشى پايدا تېپىپ تۇرىدۇ. گۆرۈخانىلارنىڭ ئالدى مۇسۇلمانلار بىلەن تولغان بولىدۇ. بەش ـ ئالتە ياشلىق بالىلاردىن تارتىپ، گۆرۈخانىلار بىلەن ئېلىش ـ بېرىش قىلمىغان ئادەم قالمايدۇ. بۇ يەرگە ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنلار ۋە قىمارۋازلار كۆپرەك كېلىدۇ. بۇلار ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن تارتىپ گۆرۈخانىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

ساتىدىغان نەرسىسى قالمىغان قىمارۋازلار ئۇتقان كىشىگە قولىقىنى كېسىپ تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. قولاقلىرىمۇ

كېسىلىپ تۇگىگەندىن كېيىن، يەنە نېمىسىنى دوغا تىكىدى-
غانلىقىنى بىلمىدىم.

بۇ يەرلەردە دوختۇرلار بولمىغاچقا، داخانلار، باخشى -
پېرىخونلارغىمۇ نۇرغۇن پۇللار ھارام كېتىپ قالىدۇ.

ھەزرىتى ئافاق خوجىنىڭ يېنىغا كۆمىمىز دەپ ئۆلۈك-
لەرنى ئۇچ - تۆت كۈنلۈك يەرلەردىن كاشغەرگە ئېلىپ كې-
لىش، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ نەزىر تارتىشتەك ئىشلارمۇ،
ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەك زىيانلىق ئىشلاردۇر.

كاشغەر

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدى-
كى ئومۇمىي 1808 - سانىدىن).

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# كاشغەردە ئۆزگىرىش

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى دۇنيامۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تېخى بۇلتۇرلا ئۇسۇلى جەدىد ھارام، جەدىدچىلەر كاپىر دەپ ۋارقىراپ يۈرگەن كاشغەر دامولللىلىرى بۇ يىل پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كەتتى. ئۇسۇلى جەدىدكە قارشى تۇرۇش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ گۈزەل سەمەرىلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇ ئىشقا ئۆزلىرى ياردەم بېرىشكە باشلىدى. يېقىن ئارىدا ھەممە قازى ۋە مۇپتىلار كېڭىيىۋاتقان ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە بۇ مەكتەپلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئۆشرە ۋە زاكات سەدىقىلىرىنى سەرپ قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە پەتىۋا بېرىپ مۆھۈر باستى. بۇگۈنگىچە «ئۆلىما»لارنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان بايلارمۇ ئىككىلىنىش ـ شۈبھىدىن قۇتۇلدى. ئاشكارا رەۋىشتە مەكتەپ ئېچىلىشقا باشلىدى. پەقەت، كاشغەرنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق بايلىرىدىن ئۆمەرئاخۇن جانابلىرىلا يەنە شۈبھىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. زامان ئۆزى چۈشەندۈرىدۇ. ئىنشائاللاھ، بۇ زاتمۇ تېزدىن بۇ ئىشلارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلار، «توپتىن ئايرىلغان قوي»دەك يالغۇزلا ئايرىلىپ قالمىسكەن، دەپ ئۈمىد قىلىمىز.

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1813 ـ سانىدىن).



# ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ھالىدىن (1)

چىندا جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نەنجىڭدە دۆلەت مەجلىسى ئېچىلىپ، مەركۇر مەجلىسكە ھەر تۈرلۈك جىنس ۋە مىللەتتىن ۋەكىللەر چاقىرىلدى. بۇ دۆلەتكە ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەندى. لېكىن، ئالتەشەھەردە ئوقۇغان، چىنچە بىلىدىغان كىشىلەر بولمىغانلىقتىن، بۇنىڭغا يەرلىك ۋەكىللەر قاتنىشالمىدى.

جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنىشتىن بەش ـ ئالتە يىل ئىلگىرى، ئالتەشەھەرنىڭ ھەربىر شەھىرىدە مۇسۇلمان بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن مەكتەپلەر ئېچىلىپ، چىنچە ئوقۇتۇش ئۈچۈن يېتەرلىك مۇئەللىملەر قويۇلغان. ھەتتا، ئوقۇغۇچى بالىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك خىراجەتلىرىنىمۇ دۆلەت خەزىنىسىدىن كۆتۈرىدىغان بولغان. شۇنداق بولسىمۇ مۇسۇلمانلار بالىلىرىنى ئوقۇتمىغان. ئوقۇغانلارنىڭ سانى بەك ئاز. ھازىر بۇ مەكتەپلەر پۈتۈنلەي خارابلىشىپ، بوش ـ بىكار تۇرۇۋاتىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ چىنچە ئوقۇماسلىقىدا مۇنداق سەۋەبلەرمۇ بار. بىرىنچى، چىنچە ئوقۇماق ناھايىتى تەس بولۇپ، 25 ـــ 30 يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاران ئوقۇپ يازالىغۇدەك بولالايدىكەن. چۈنكى، چىنچىدە ھەرپ يوق، ھەربىر سۆزگە بىر خەت يازىدىكەن. بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۆمۈر ئوقۇپمۇ ئۆگىنىپ بولغىلى بولمايدىكەن. ھەرپ يوقلۇقىنىڭ زىيىنى بۈگۈنگىچە سېزىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن، ئەلۋەتتە سېزىلىدۇ.

چۈنكى، ھازىر چىن ھۆكۈمىتى مۇتلەق ياۋروپا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش پىكرىگە كەلدى. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياۋروپا تىلىدىن چىنچىغا تۇرغۇن كىتابلارنى تەرجىمە قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ. تەرجىمە ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ھەرپ بولۇشى كېرەك. تاۋۇشلارغا قاراپ ياكى ئۆزلىرى ھەرپ كەشىپ قىلىدۇ ياكى مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ھەرپلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق قىلمىسا، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى سەۋەب، بۈگۈنگىچە چىندىكى مۇسۇلمانلاردا مۇسۇلمانچە ئوقۇشنىڭ يوقلۇقىدىندۇر. بۇلار ھازىرغىچە ھۆكۈمەت تىلىنىڭ مۇھىملىقىنىلا ئەمەس، مۇسۇلمانچە ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنىمۇ بىلمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق چىنچە ئوقۇغانلىرىمۇ مىللەتنى نەپرەتلەندۈرىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشنى بىلمەيدۇ. ئەمدى بۇلار ھازىردىن مۇسۇلمانچە ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىشكە باشلىدى. ئوقۇپ كۆزى ئازراق ئېچىلسا، ھۆكۈمەت تىلىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ.

بۇلار يېڭى ئۇسۇلدىكى مەكتەپلەرنى ئېچىشقا باشلىدى. لېكىن، ھازىرمۇ مەكتەپلەرنىڭ ئاساسى يوق. چۈنكى تەلىم ئۇسۇلى ۋە تەربىيە ئىلمىنى بىلىدىغان مۇئەللىملەر يوق. مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى بولغاندەك مەكتەپنىڭ ئاساسىمۇ ئانا تىلدۇر. ئەمما، ھازىر بۇ مەكتەپلەر ئانا تىلغا ئازراقمۇ ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بەختسىز باللار «چاھار كىتاب»، «خوجا ھافىز» ۋە بېيتلەردىن قۇتۇلالىسىمۇ، يەنە شۇ پارسچە، ئەرەبچە، تۈركىيچە سۆزلەر ئارىلاشتۇرۇلغان بىر تىل بىلەن ئوقۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

1914 ـ يىلى كاشغەرگە تەۋە ئارتۇش يېزىسىنىڭ مۆتىۋىرى مۇساباييېفلارنىڭ ماددىي ياردىمى، ئەھمەد كامال ئەپەن-

دىنىڭ ئىلمىي خىزمىتى سايىسىدە بىر مەكتەپ ئېچىلغانىد-
كەن. كاشغەردەك ئىلىم - مەرىپەتتىن مەھرۇم قالغان بىر
يەردە مەكتەپ ئېچىپ، باللارنى تەربىيەلەش بەك ياخشى
ئىش. تەربىيەسىز ئانىلاردىن تۇغۇلۇپ، نادان ۋە ئەخلاقسىز
ئاتىلارنىڭ قولىدا ئۆسۈپ هايۋاندەك چاپچىپ يۈرگەن با-
لىلارنى چىن كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈش نىيىتى بىلەن ئو-
قۇتۇپ، قارىداپ كەتكەن يۈرەكلىرىنى ئىلىم نۇرى بىلەن ئا-
قارتىشتىنمۇ ياخشى ئىش بولمىسا كېرەك. ئەسلىدىمۇ مەك-
تەپ — مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنىڭ نېگىزىدۇر.

هەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، تېخى بۇلتۇر چاپچىپ -
سەكرەپ يۈرگەن تەربىيەسىز باللار بىر يىل ئىچىدە ئادەم
قىياپىتىگە كىرىپ قالدى، ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگەندى،
ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تونۇدى. بۇلار شۇ رەۋىشتە تەربىيە
كۆرۈپ تۇرسا، ئەلۋەتتە چىن كىشى بولۇپ چىقىدۇ.

بۇ مەكتەپ بىر يىل داۋامىدا 10 — 15 نەپەر مۇئەللىم
يېتىشتۈرۈپ تەييارلىيالىدى. بۇلار هازىر هەممە يەردە مەك-
تەپ ئاچتى. دېمەك، مىللەتنىڭ سائادىتى ئۈچۈن بار كۈچى
بىلەن تىرىشىۋاتىدۇ. كاشغەر ئەھلىنى بۇ ئىشلىرى بىلەن
تەبرىكلەيمەن.

كاشغەر

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى
ئومۇمىي 1816 - سانىدىن).



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## كاشغەر مەدرىسەلىرى

بۇخارا مەدرىسەلىرى كونىلىقى ۋە تەرتىپسىزلىكى جەھەتتىن قانداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولسا، كاشغەر مەدرىسەلىرىمۇ ئەنە شۇنداق سۈپەتلەر بىلەن ئاشۇنداق رول ئويناۋاتىدۇ. مەدرىسەلەرنىڭ بىنالىرىمۇ نەق بۇخارا ئۇسۇلىدا سېلىنغان بولۇپ، ھۇجرىلىرى قاراڭغۇ، كۆن چۈشمەيدۇ. ھاۋاسى ئالماشمايدۇ. شاگىرتلارنىڭ يۈزى بولسا كۈن نۇرىغا تويۇنمىغاندەك سارغىيىپ كەتكەن، تېنى زەئىپ، روھلىرى چۈشكۈن ھالەتتىدۇر. مەيلى مەكتەپ، مەيلى مەدرىسەدە بولسۇن، تازىلىققا رىئايە قىلمايدۇ. پەن بىلىملىرىنى ئوقۇمىغانلىقتىن، بۇنىڭ يولىنىمۇ بىلمەيدۇ.

بۇ يەردە 14 مەدرىسە، 79 مۇدەررىس بار. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ 85 شاگىرت ئوقۇيدۇ، مۇدەررىس ۋە تالىپلارنىڭ مائاشى ۋەخپىلەردىن كەلگەن كىرىمدىن بېرىلىدۇ. مەدرىسەلەرنىڭ ۋەخپىلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، تەرتىپكە سېلىنمىغانلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلمايدۇ. بەك كۆپ ۋەخپىلەر چىن ئەمەلدارلىرىغا سېتىپ بېرىلگەن. ئېشىپ قالغانلىرى بولسا، سۈيئىستېمال سەۋەبىدىن، كۈندىن ــ كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋېتىپتۇ. ۋەخپە يەرلەر، ۋەخپە دۇكانلار «مۇلۇكلەر»نىڭ ئۈچتىن بىر باھاسىغا ئىجارىگە بېرىلگەن. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن مۇدەررىس ۋە تالىپلارنىڭ مائاشلىرىمۇ تەمىنلەنمىگەن. ۋەخپىلەر خالىغانچە بىرەرىنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مۇتىۋەللىلەر ئۈستىدىن قاراپ تۇرغۇچى «ۋەخپە نازىرى» دېگەندەك مۇدىرلار قويۇلمىغان. ۋەخپە باش-

قۇرۇش مەسىلىسىدە مۇستەھەپلەر بىلەن غەيرىي مۇستەھەپلەر پاكىزلانمىغان، تەكشۈرۈلمىگەن. مەدرىسەلەرگە مۇدەررىس تەيىنلەش ئىشلىرى ئۆلىمالارنى تاللاش يولى بىلەن بولماستىن، نادان بايلارنىڭ بارماق ئىشارەتلىرىگە قاراپ يۈرۈتۈلىدىكەن. نائەھلى ئادەملەر مەدرىسەلەردىن ئورۇن ئالىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، بەزى مەدرىسەلەردە ئوقۇغۇچى تالىپلار بولمايدىكەن. مۇدەررىسلەر بولسا مۇشەققەتسىزلا ۋەخپە تەمىناتى يەپ ياتىدىكەن. مەسىلەن، ئابدۇرەسۇل باي مەدرىسەسىدە بەش مۇدەررىس بار، 20 تالىپ ئوقۇيدۇ. شاھپولات مەدرىسەسىدە بەش مۇدەررىس بار، بىر نەپەرمۇ تالىپى يوق.

سۆزنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە شۇنىمۇ دەپ ئۆتەي، بۇ يەردە قازى سايلاش ئىشلىرىمۇ بايلارنىڭ ئىختىيارىدىدۇر.

بۇنىڭدىن 42 يىل ئىلگىرى، يەنى ھىجرىيەنىڭ 1291 ـ يىلى[①]دا بەدۆلەت ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئوڭشىتىلىپ، بەك كۆپ ۋەخپىلەر قوشۇلغان «ھېيتگاھ جامەسى» ۋە مەدرىسەسىنىڭ ئۇ چاغدىكى ۋەخپىدىن يىلدا 50 مىڭ سومچە كىرىم بولۇپ تۇرىدىكەن. ھازىر بولسا يىللىق كىرىمى ئاران 25 مىڭ تەڭگە (2500 سوم) بولىدىكەن. بۇ سومما ئالتە مەدرىسە، 150 شاگىرت، بىر ئىمام، بىر مۇئەززىن، بىر مۆتىۋەللى[②] ۋە بىر جارۇبكەش[③]كە دەرىجىسىگە قاراپ تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىدىكەن.

ئافاق خوجا مەدرىسەسىنىڭ ۋەخپىسى بۇگۇندىمۇ بەك كۆپ. يىللىق كىرىمى 40 مىڭ سومدىن ئاشىدۇ. مەزكۇر مەدرىسەدە بىر مۇدەررىس، 20 شاگىرت بار. ئەمما، مەدرىسە خارابە ھالىدا، مۇدەررىسنىڭ مائاشىمۇ تەمىنلەنمەيدىكەن.

① مىلادىيە 1874 ـ يىلى.
② مۆتىۋەللى ــ مەسچىتنىڭ ۋەخپە ـ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.
③ جارۇبكەش ــ تازىلىقچى.

مەيلى مەدرىسەلەرنىڭ خارابلىقى، مەيلى ئوقۇتۇشنىڭ ناچارلىقى جەھەتتىن بولسۇن، كاشغەر مەدرىسەلىرى بىچارە بىر ھالەتتەدۇر. مەيلى ۋەخپىلەرنىڭ تەرتىپىنى يولغا قويۇش، مەيلى مەدرىسەلەرنى ئوڭشاش ۋە دەرسلەرنى ئىسلاھ قىلىش قازى ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئىختىيارىدىدۇر. بۇ ئىشلارغا چىن ھۆكۈمىتى پەقەت ئارىلاشمايدۇ. ۋەخپىلەرنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ساتمىسا، ئۇلار ھەرگىز مەجبۇرلاپ ئېلىۋالمايدۇ. بەلكى بۇ ئىشلارغا ئەمەلدارلار ئۆزلىرى ياردەملىشىپ بېرىدۇ.

كاشغەردە ۋەخپە كۆپ. بۇ يەردە ۋەخپىسىز مەسچىت، ۋەخپىسىز مەدرىسە، ۋەخپىسىز مازار يوق. بۇ يەردە خۇسۇسىي مۈلۈكتىن ۋەخپە كۆپرەك دېيىش مۇبالىغە بولمىسا كېرەك.

مېنىڭچە، بۇ ۋەخپىلەر شۇ كۈندىن باشلاپ ياخشى تەكشۈرۈلۈشى، قايسى زاماندا كىم تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن، چېگرالىرىنى شەرتلىرى بىلەن دەپتەرگە يېزىپ، ھۆكۈمەتكە رەسمىي تەستىقلىتىپ قويۇش كېرەك.

مەدرىسەلەردە ئوقۇش مۇددىتى 28 يىل بولۇپ، بۇ جەرياندا «بىدان»، «مەئزى»، «زەنجانى»، «تەسەررۇفات»، «شەرھى ئىملا»، «شەرھى ۋەقايە»، «مەسنەۋى شەرىف»، «مەكتۇبات شەرىف»، «مۇشكات شەرىف»، «مۇشكاتۇلمۇسابىيىيە»، «سەلەمۇلئۇلۇم»، «شەمسىيە»، «تەھزىبۇلمەنتىق»، «ئاقايىد نەسەفى»، «ھېكمەتۇلئەيى»، «موللا جالال» دېگەن كىتابلارنى ئوقۇيدۇ.

يېقىنقى يىللاردا بەزى مەدرىسەلەردىلا بالاغەت، ئۇسۇلى فىقھى، ھەدىس ۋە تەپسىر دەرسلىرىمۇ ئوقۇتۇلۇشقا باشلىغان. مەدرىسەلەر ئارىسىدا دەرسلەرنى ئىسلاھ قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىغانلارمۇ بار. بەك ئاز بولسىمۇ، گېزىت ۋە ژۇرنال ئوقۇيدىغانلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

مۇدەررىسلەرنىڭ كۆپرەكى كاشغەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان زاتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «تىجارەتچى»لەرمۇ بار.

ئەمدى مەدرىسەلەردە ئوقۇغان شاگىرتلارنىڭ ئەھۋالىغا كېلەيلى:

سەككىز يىل مەكتەپتە يۈرۈپ، 28 يىل مەدرىسەدە يېتىپ، 45 ياشقا كىرگەندە، دۇنياغا چىققان شاگىرتلارنىڭ نېمە ئىشقا يارايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى قاراڭغۇ ھۇجرىلاردا ئۆتكۈزگەن بىچارە شاگىرتلار قالغان يېرىم ئۆمرىدە ياخشى كۈنلەرنى كۆرەلمەيدۇ. بەك بەختلىك بولغىنى بىرەر باينىڭ ياردىمى سايىسىدە، يىللىقى 100 سوم كىرىمى بولغان بىرەر مەدرىسەگە مۇدەررىس بولالىشى مۇمكىن. مۇدەررىس بولغاندىن كېيىنمۇ، ھەمىشە بايلارغا چاپانچىلىق قىلىپ يۈرۈپ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلىسە، بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى قازىلىق مەنسىپىگە مىنەلەيدۇ. ئەگەر تەقدىر تەلىيى ئوڭدىن كەلمىسە، تۆگەشتى دېگەن گەپ. 36 يىل مەدرىسەدە ئېزىلگەننىڭ ئۈستىگە 36 يىل بۇ دۇنيادا ئېزىلىدۇ. ئاندىن كېيىن، بىرەر مەسچىتكە ئىمام ياكى مۇئەززىن بولالىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغىمۇ بولالمىسا، بىرەر ئىپتىدائىي مەكتەپكە مۇئەللىم بولالىشى مۇمكىن. بۇنىڭغىمۇ بولالمىسا، ئىشلىرى تېخىمۇ قىيىنلىشىدۇ، بۇنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن بويىنىغا خۇرجۇن ئېسىپ، كوچىغا چىقىشلا قالىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز «كىرىشتىن ئىلگىرى چىقىشىڭنى ئويلا»، دېگەنىكەن. شۇڭا، تەدبىر كېرەك، ئىشنىڭ ئاخىرىنى، غايىسىنى ئويلاش كېرەك، بۇرادەرلەر.

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1820 ـ سانىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كاشغەر مۇسۇلمانلىرى ھالىدىن (2)

«ھېيتگاھ» مەسچىتىدە جۈمە نامىزىدىن كېيىن كاشغەرنىڭ مۆتىۋەر ئالىملىرىدىن قازىكالان ئىسلام ئاخۇن ھەزرەتلىرى خەلققە قاراپ، تۈركىي تىل[1]دا پايدىلىق سۆزلەرنى سۆزلىدى، ئائىلە تەربىيەسى ۋە ۋاقىتلىق نىكاھ[2] ھەققىدە ئىجابىي ۋە سەلبىي رەۋىشتە نەسىھەتلەرنى قىلدى، قازى جانابلىرى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر جۈمە كۈنى شۇنداق پايدىلىق ۋەزلەرنى سۆزلەپ تۇرماقچى بولدى. بۈگۈنگە قەدەر كاشغەردە تۈركىي تىلدا خۇتبە ۋە نۇتۇقلار سۆزلەنمىگەن، باشقا مەسچىتلەردىكى ئىمام ۋە خاتىپ ئەپەندىلەرمۇ بۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ، جۈمەلەردە تۈركچە ۋەز - نەسىھەتلەرنى سۆزلەشكە باشلىسا ياخشى بولاتتى.

---

① تۈركىي تىل — بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىنى دېمەكچى. 15 - ئەسىردىن باشلاپ ئىسلامىيەتنىڭ بېيىنەلمىنەلچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە، «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامى تەدرىجىي يوقىلىپ، «تۈرك» دېگەن ناملا قالغاچقا، «ئۇيغۇر تىلى»مۇ «تۈركىي تىل» دەپ ئاتىلىپ قالغان. «ئۇيغۇر» دېگەن نام 1921 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاشكەنتتە چاقىرىلغان «تارانچىلار ۋە كاشغەرلىكلەر قۇرۇلتىيى»دا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قوللىنىش قارار قىلىنغان. «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئاتالغۇ بولسا، «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1925 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى ئومۇمىي 52 - سانىدىن باشلاپ قوللىنىلغان.

② ۋاقىتلىق نىكاھ (مۇتئە) — ئىسلامدا ھارام قىلىنغان بىر خىل بىنورمال نىكاھ شەكلى. بۇ ئادەت شىئە مەزھىپى ۋە ئىشانلار ئارىسىدا ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئاساسەن جىنسىي ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ، زىنادىن ساقلايدۇ دېگەن باھانە بىلەن ئائىلە قۇرۇشنى مەقسەت قىلماستىن، زىنا خاراكتېرىنى يېپىش ئۈچۈن زورمۇزور نىكاھ ئوقۇلۇپ، بىر كېچىدىن بىرەر ئايغىچە داۋاملىشىدىغان، ئىنسانىي ئىززەتنى دەپسەندە قىلىدىغان نىكاھ بولغاچقا، ئەھلىي سۈننىيلەر ھارام دەپ ھېسابلايدۇ.





يېڭىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان مىللىي مەكتەپلەر پايدىسىغا تەرەققىيپەرۋەر بايلار تەرىپىدىن «ياردەم ئورنى» ئېچىلدى.

زىرائەتلەر پىشىپ ئورما ۋاقتى بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن «تاۋاپچىلار» ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكە باشلىدى.

رامىزان شەرىف ئاخىرلىشىشى بىلەن يازدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان مەشرەپلەر قايتىدىن قىزىشقا باشلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شامپاننىڭ بىر شىشىسى 9.50 سوم، كونياك 4.50 سوم، هاراق 1 سوم 75 تىيىنگە چىقتى. بۇ يەردە بايلارنىڭ ھىممەت ۋە غەيرەتلىرى ھەم بايلىقىنىڭ دەرىجىسى مەزكۇر مەشرەپلەر بىلەن ئۆلچىنىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن مۇمكىنقەدەر مەشرەپلەرنى ياخشىراق قىلىشقا تىرىشىدىكەن.

بۇ يەردە 300 — 400 ئۆيلۈك رۇسىيەلىك ئۆزبېك قېرىنداش بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بايلاردىن، سودا ئىشلىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە راۋاجلىنىپ كېتىۋېتىپتۇ. بۇ تەرىپىدىن قارىغاندا، بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھالىنى ماختىماسلىققا ئامال يوق. بىر قاملاشمىغان ئىشى شۇكى، ئۇلار ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا پەقەت ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلار يەرلىك خەلقتىن تۆۋەن تۇرىدىكەن، ئۇلار ئۆزئارا ئاداۋەت قىلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ غەيۋىتىنى ئېيتىشىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس مەكتەپلىرىمۇ يوقكەن، باللىرى ئىلىمدىنمۇ، تەربىيەدىنمۇ مەھرۇمكەن، ئارىسىدا (پەقەت پازىل مۆھتەرەم زېرىپ قارى بۇنداق ئىشلاردىن مۇستەسنا) زامان ئەھۋالىدىن خەۋەردار مائارىپپەرۋەر ئادەمدىن بىرىمۇ يوقكەن.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1830 ـ سانىدىن).



www.uyghurkitap.com

# كاشغەر

كاشغەر خەلقى ئاددىي خەلق بولسۇن ياكى ئۆلىمالىرى بولسۇن، پۈتكۈل شەرىئەت ئەھكاملىرىنى پەقەت ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇشتىنلا ئىبارەت دەپ بىلىدۇ. موللىلىرى بۇ ئىككى ئىشنى چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك كاشغەر خەلقى روزا تۇتىدۇ، ناماز ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، يەنە ھېچبىر ئىنسان قىلمايدىغان ناچار ئىشلارنىمۇ قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. ناماز ئوقۇمىغان، روزا تۇتمىغان ئادەملەرنى بەك قاتتىق جازالايدۇ. ئەمما، قىمار ئوينىغان، پاھىشىۋازلىق قىلغان، بالىلىرىنى باشقىلارغا ساتقانلارغا ھېچقانداق جازا يوق. دېمەك، ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار چىڭ تەكشۈرۈلىدۇ، ئەمما بەندە بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ئىشلار ھەرگىز تەكشۈرۈلمەيدۇ. پەقەت كاشغەردىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئالتەشەھەر خەلقى بارلىق بەخت ـ سائادەتنى پەقەت ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج تاۋاپ قىلىشتا دەپلا بىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك باشقا ئىشلارغا پەقەت ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

كاشغەردە سىرتتىن كەلگەنلەرنىمۇ روزا تۇتۇشقا زورلايدۇ. ئۆتكەن يىلى رۇسىيەلىك بىر سودىگەرنى روزا تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن قازىخانىغا ئېلىپ بارغان. قازىلار ئۇنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ باغلاپ، يۈزىگە كۆگە سۈرتۈپ، «مانا، روزا تۇتمىغاننىڭ جازاسى» دەپ كوچىدا سازايى قىلغان. كاشغەرنىڭ پۈتكۈل كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قىيىنىغان پېتى كونسۇلخانىغا ئېلىپ كەلگەن ۋە

كونسۇلغا «بىزنىڭ شەرئىتىمىزدە روزا تۇتمىغان كىشىنى شەھەردە ساقلاشقا بولمايدۇ»، دەپ پەتىۋا چىقارغان. كونسۇل جانابلىرىمۇ قازىنىڭ پەتىۋاسىنى ئىناۋەتكە ئېلىپ، بۇ كىشىنى تاشكەنتكە قايتۇرىۋەتكەن.

بۇ يىلمۇ شۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئىنسابلىق، كىشىلەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان بىر كىشىنى روزا تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن سارايدىن چىقىپ كېتىشكە قىستىدى. ياخشىلىقچە كەتمىسە، قازىخانىغا ئېلىپ بېرىپ قوغلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىچارە كىشى ئامالسىز قېلىپ، چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، بۇلارنىڭ ئېتىقادىچە روزا تۇتمىغان كىشىگە جەبىر ـ زۇلۇم قىلغان كىشىگە روزا تۇتقاننىڭ ئەجرى ساۋابىنى بېرەرمىش.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1836 ـ سانىدىن).



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇرۇش ۋە چىن مۇسۇلمانلىرى

ھازىرقى ئۇرۇشقا چىن مۇسۇلمانلىرى قانداق قارايدۇ؟ بۇ ئۇرۇش پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىنىۋاتسىمۇ، چىن خەلقى بۇ ئۇرۇشقا بەك سوغۇق نەزەر بىلەن قاراۋاتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس مەتبۇئاتى ۋە گېزىتلىرى بولمىغانلىقتىن، چىن مۇسۇلمانلىرى پۈتۈنلەي دېگۇدەك خەۋەرسىز تۇرۇۋاتىدۇ. رۇس پوچتىسى كەلمىگەن يەرلەرگە تاتار گېزىتلىرىمۇ كەلمەيدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن، بۇلار ئۇرۇش بىلەن يېقىندىن تونۇشالمىغان، تونۇشۇش پۇرسىتىمۇ بولمىغان.

گېزىت ئوقۇغان، ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىدىغانلارمۇ بۇ ئىشقا بەك يەڭگىل قارايدۇ. ئىككى بالىنىڭ ئۇرۇشقىنىغا قاراپ تۇرغاندىن، بۇمۇ ئارتۇق ئەمەس. بىر قىسىم خەلق ئارىسىدا نېمىس[①]لارغا تەرەپدار بولىدىغان پىكىرلەر تارقالغان بولسىمۇ، رۇس پۇقرالىرى ۋە ئۇلارغا مۇھەببىتى بارلار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىشىنى تىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ خەلقنىڭ بۇنداق تىلىشىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك سەۋەب بولسىمۇ، بۇلار ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمەيدۇ. چۈنكى بۇلار ۋەتىنىگە سىغمىغان ۋەتەنسىزلەردۇر!

نوشىرۋان يائۇشېۋ

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىكى ئومۇمىي 1839 ـ سانىدىن).

① نېمىس ــ گېرمانىيەلىكلەر.

# كاشغەر مۇسۇلمانلىرىدا توي

بۇ يەردە يىگىت بىلەن قىزنى تېپىشتۇرىدىغان كىشىنى «دەللال» دەيدۇ. بىرىنچى قېتىمدا ئاشۇ دەللاللار، ئىككىنچى قېتىمدا يىگىت ئۇچۇنمۇ، قىز ئۇچۇنمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋەكىل بولالايدۇ. دەللالنىڭ ۋاستىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككى ياش بىر ـ بىرىنى ياراتقاندىن كېيىن، يىگىت تەرىپىدىن قىز سوراپ بارىدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا سۆز سالىدۇ. تۇرمۇش ئەھۋالى تۆۋەن خەلق بولسا، قىز تەرەپتىن: «بىر قات چىت كۆڭلەك، چىت ئىشتان، بىر بۆك، بىر توپلەي، ئۆتۈك ـ مەسە تويلۇق بېرىسىز»، دەيدۇ. يىگىت تەرەپ قوبۇل قىلسا، توي قىلىدۇ. توي راسخوتىنى يىگىت تەرەپ كۆتۈرىدۇ. يېقىنلىرىدىن بەش ـ ئالتە كىشى ھەم مەھەللە ئىمامى چاقىرىلىپ توي ئىشى بېرىلىدۇ. بۇ ئاش كۆپىنچە كەچقۇرۇن تەييارلىنىدۇ. ئاشتىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلىدۇ. نىكاھقا يىغىلغانلار تارقالغاندىن كېيىن، قىزنى ئىككى خوتۇن يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويىدۇ. ئۇ خوتۇنلار ئەتىسىمۇ كېلىدۇ. ئەگەر قىز يىگىتكە يارىسا، كەلگەن خوتۇنلارغا زىياپەت قىلىپ بېرىدۇ. يارىمىسا قىزنى مەزكۇر خوتۇنلارغا تۇتقۇزۇپ ئەۋەتىۋېتىدۇ. بۇ قىممىتى تۆۋەن ۋە يېقىر كىشىلەرنىڭ تويى. بايلار بولسا، ئەڭ ئاز بولغاندا توققۇز قاتتىن كىيىم ئالىدۇ. مەسىلەن، «تويلۇققا توققۇز قات ئەتلەس كۆڭلەك، توققۇز قات ئەتلەس ئىشتان، توققۇز تاۋار چاپان، توققۇز تون، توققۇز ئالتۇن گۈللۈك بۆك، توققۇز قاداق شاپاق دوپپا، توققۇز جۈپ ئۆتۈك ـ مەسە، توققۇز جۈپ



ئالتۇن ھالقا، توققۇز ئالتۇن بىلەزۈك، توققۇز ئۈزۈك، توققۇز مونچاق، قىسقىسى، كىيىدىغان كىيىملەرنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز قاتتىن بېرىسىز»، دەيدۇ. بايلار قەرزگە بوغۇلۇپ كەتسىمۇ، سورىغىنىنى بېرىپ، قىزنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. «تويلۇققا چىدىماي ئالمىغان كىشى» دېگەن غەيۋەتتىن قورقىدۇ. ئۇ تويلۇقلارنىڭ ھەممىسى قىزنىڭ ئۆيىدە قالىدۇ. كېلىن بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئېرى يېڭى كىيىم تىكتۈرۈپ بېرىدۇ.

مۇساپىرلارغا قىز ئېلىش ئەرزان چۈشىدۇ. چۈنكى، مۇساپىرلارغا پېقىر ۋە بىچارىلەرلا قىز بېرىدۇ. مۇساپىرلارغا قىز بەرگەندە، دىن ۋە مىللەت پەرقىگە قارالمايدۇ. كىم پۇلنى كۆپرەك خىراجەت قىلسا، قىزنى شۇ ئالىدۇ. ئوتتۇرىچە ھېسابلىغاندا، بىر قىزغا 10 — 15 سوملاپ چىقىم بولىدۇ.

بۇ يەردە خوتۇنلار بالا تۇغقىچە، «چوكان» دېگەن نامدا يۈرىدۇ. بالا تۇغقاندىن كېيىن، توي قىلىپ «جۇۋان» دېگەن نامنى بېرىدۇ. بۇ تويىنىڭ تەرتىپى ۋە خىراجىتىمۇ ئاۋۋالقى تويىنىڭكىدەك بولىدۇ.

جۇۋان بولۇپ، ئۈچ - تۆت يىل يۈرگەندىن كېيىن، خەنزۇلارنىڭ بېشىدىن كېسىۋالغان قارا چاچنى بازاردىن سېتىۋېلىپ، جۇۋاننىڭ چېچىغا ئۇلاپ، تېخىمۇ ئۇزارتىپ ئۆرۈپ قويىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىن «چاچ ئۇلاش» نامىدا بىر ئاخشىمى توي ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بۇنداق توي قىلىش قىزىق بولسىمۇ، چىقىمى قىممەت چۈشكەچكە، زىيىنى قىزىقىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەمما خوتۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ تويلارنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ ئۈچ تويىنى ئۆتكۈزگۈچە، بىر ئەر بىلەن چىداپ ئولتۇرالايدىغان خوتۇنلار بەك ئاز بولىدۇ. بۇ يەردىكى خوتۇن - قىزلارنىڭ بىر ئەر بىلەن ئۇزاق ئۆي تۇتماي، بىر

ئەردىن ئاجرىشىپ، يەنە بىر ئەرگە تېگىپ يۈرۈشىنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق:

1. ئەرگە تەگكەن قىزغا تويلۇق ئالىدۇ، ئەمما ئۇ تۇيۇلۇقلار قىزنىڭ ئۆيىدە قالىدۇ. بىر خوتۇن ئىككى ئەرگە تېگىپ، ئىككى قاتتىن كىيىم ئولجا ئالغاندا، ھەر تۇردىن 40 قات كىيىمگە ئىگە بولىدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن، يەنى كىيىمنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، قانداق قىلسا قىلىپ، بىر باھانە تېپىپ، بىر ئەر بىلەن ئۇزاق تۇرماسلىققا تىرىشىدۇ.

2. ئەرلەرنىڭ خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشىغا قاراپ، ئاۋۋالقى خوتۇنى ئىچىدىكى پالانى ماڭا قانائەت قىلمىغانمىش، ئۇنداق بولغاندىكىن، مەنمۇ ئۆزۈمگە باشقىسىنى تاپىمەن دەپ، باشقا ئەرلەر بىلەن ئاشنا ئويناشقا باشلايدۇ. پادىشلەرنىڭ كۆپىيىشىگىمۇ، ئاساسەن مۇشۇ ئىش سەۋەب بولىدۇ.

كاشغەردە بىرىنچى سانىلىدىغان «س» ئىسىملىك بىر موللا بىر ئايدىن بېرى مەسچىتلەردە مىڭلارچە كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ. «س» موللىنىڭ بىر ئاي سۆزلىگەن سۆزلىرى «من تسبه يقوم فهو منهم» (كىم ئۆزىنى باشقا قوۋمغا ئوخشاتسا، ئۇ شۇ قوۋمغا مەنسۇپتۇر)نىڭ شەرھى ۋە ھاشىيەلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ، قىسقا كىيىم كىيگەنلەرنى كاپىر قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. مىللەت بولسا مۇشۇنداقچە ئىسلامىيەتتىن چەتلەپ، تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. لېكىن «س» موللىنىڭ كۆزى بۇنى كۆرمەيۋاتىدۇ. خەلقنىڭ كىيىمدىن ئەھمىيەتلىكرەك بولغان ئەخلاق ۋە ئادەتلەر بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. پاھىشىلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. ئىلىم ـ ھۈنەر يوقلۇقىدىن ئاچلىق ۋە موھتاجلىق كاساپىتى بىلەن مىللەت ماددىي ۋە مەنىۋى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان. بۇ موللا بۇلارنى كۆرمەيدۇ. زىيىنى ھەسسىلەپ بو-

لۇۋاتقان ئىشلار بىلەن كارى بولماي، زىيىنى بولمىغان كەم-يىم مەسىلىسىنى بىر ئايدىن بېرى سۆزلەپ، كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتقۇچە، مىللەتنىڭ ئىنقىرازغا سەۋەب بولغان ئىشلارنى سۆزلىسە، ياكى مىللەتنى ئىنقىرازدىن قۇتقۇزۇپ بەختلىك ۋە بەختىيار قىلىش توغرىسىدا چارىلەر ئويلىسا، ئۆتكۈر پىكىر يۈرگۈزۈپ، پايدىلىق نۇتۇقلار سۆزلىسە، مىللىي مەكتەپلەرنىڭ راۋاجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، «قۇر-ئان» بىلەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، نادان خەلقنىڭ يۈرىكىدىكى خۇراپات ۋە يالغانلارنى ئېرىغدىسا بولماسمىدى.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، كاشغەر

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدى-كى ئومۇمىي 1853 - سانىدىن).





# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (1)

## كاشغەردە مەكتەپلەرنىڭ ھالى

دۇنيادا كاشغەر خەلقىدەك ئاڭسىز، پىكىرسىز، نادان ۋە
چېچىلاڭغۇ بىر خەلق بولمىسا كېرەك. بۇلار ناچار ئىشلارنىڭ
ھەممىسىدە بار، ئەسكى ئىش ئۈچۈن ئىتتىپاق بولىدۇ، شې-
رىكمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئومۇم ئۈچۈن پايدىلىق، مىللىي ۋە
ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئەمرانى ئىشلارغا كەلگەندە مۇناسى-
ۋەتى بۇزۇلىدۇ. ئارىسىغا شەيتانلار كېلىپ قىسىلىدۇ. خەلق
بىر توپ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياخشى بىر ئىشقا كىرى-
شەلمەيدۇ. قىلاي دېسە، ئۇ ئىشقا پۈتلىكاشاڭ بولغۇچى، تو-
سىغۇچىلارمۇ چىقماي قالمايدۇ.

مەسىلەن، ئۆتكەن يىل باھائىددىن مۇساباييېفلارنىڭ
ھىممەت ۋە غەيرەتلىرى سايىسىدە، ئارتۇش يېزىسىدا ئىپ-
تىدائىي مەكتەپ مۇئەللىملىرى يېتىشتۈرىدىغان بىر مەك-
تەپ ئېچىلغانىكەن ۋە شۇ مەكتەپتىن بىرنەچچە نەپەر مۇئەل-
لىم يېتىشىپ چىقىپ، كاشغەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى با-
لىلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدى. لېكىن، بۇ مەكتەپلەر ۋە
خۇسۇسەن ئارتۇشتىكى «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد» ئۇزاق
داۋاملىشالمىدى. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئارىدىن ئۆكتى-
چىلەر چىقىپ بۇ ئىشنىڭ داۋاملىشىشىغا قارشى تۇردى.
مەزكۇر مەكتەپنى «ھەربىي ۋە سىياسىي» ئۆزگىرىش قىلىش-
قا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر بېرىپ، ھۆكۈمەت مە-
مۇرلىرىنى شۈبھىلەندۈرۈپ قويغان. ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىمۇ

جاسۇسلارنىڭ خەۋىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، مەكتەپنى كۆرمەستىن، تەپتىشمۇ قىلماستىن، مۇئەللىمنى تونۇپ، مەكتەپنى تاقاتقۇزۇۋەتتى. كاشغەر (شەھەر ئىچى)دىكى مۇتەئەسسىپلەردىمۇ كونا ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتۇلسۇن، دەپ پەرمان چىقاردى. دېمەك، ئىشنىڭ ئەسلىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، شۇنداق چوڭ ۋە مەسئۇلىيەتلىك ئىشنى توختىتىشقا جۈرئەت قىلدى.

سەككىز ياشلىق بالىلارنى ئوقۇتۇۋاتقان ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنى سىياسەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ، ھەم باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئوقۇتۇشنى توختاتقۇدەك تەربىيەسىزلىكمۇ بولامدۇ؟ شەخسىي غەرەز بىلەن ئويدۇرۇلغان تۆھمەتلەرنى ئېتىبارغا ئېلىپ بولسىمۇ، مىللەتنىڭ مەسۇم بالىلىرىنىڭ جاھالەت قۇربانى بولۇشىغا كۆز يۇمۇپ تۇرۇشتەك زور جىنايەت دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ.

چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى[①]دىن ۋە مىللەتلەرگە ئوخشاش قاراپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچەۋاتقان بىر ۋاقىتتا، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە كىرىپ، مىللەتنى ئىلىم ۋە مەرىپەت تەھسىلىدىن مەھرۇم قىلىشتەك نادانلىقنى ئەقلى بېشىدا بولغان كىشى قىلمىسا كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىش بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتىگە خىلاپ، ئىككىنچىدىن، خەلق ۋە ئاھالە ئۈچۈن بەك زىيانلىقتۇر، جىنايەت ۋە خىيانەتتۇر.

جاھالەت سەۋەبىدىن، پاسىق ۋە پىسەندى يولنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان مىللەتنىڭ بەختسىز بالىلىرىنى شۇنداق پاجىئەلىك ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ، بەختلىك ۋە بەختىيار قىلىش يولىدا تەرتىپلىك، مىللىي ۋە مۇنتىزىم مەكتەپلەرنىڭ قانداق رول ئوينايدىغانلىقى ھەممىيلەنگە مەلۇمدۇر. بۇنىڭ

① جۇڭخۇا مىنگونى دېمەكچى.

پايدىسى ھەققىدە سۆزلەۋېرىشنىڭ ئورنى يوق. مىللەتنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ بەختىنى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلىشتەك ۋىجدانسىزلىق — چىن ۋە ھەقىقىي بىر مۇسۇلمانىڭ ئىشى ئەمەستۇر. چۈنكى، كاشغەر خەلقى ھەمىشە مۇشۇ ھالدا تۇرۇۋەرسە، ئوقۇمىسا، بەلكىم 100 يىلغا بارماستىن مۇنقەرز بولۇپ يوقىلىشى، دۇنيادا ئىسمىمۇ، جىسمىمۇ قالماسلىقى مۇمكىن.

بۇنداق «بىچارە» ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى بولسا، پەقەتلا ئوقۇماق، ئىلىم ۋە مائارىپ تەھسىل قىلماقتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ ئاساسىمۇ مەكتەپتۇر. دېمەك، مەكتەپ مەسىلىسى شۇنچىلىك زۆرۈر، شۇنچىلىك مۇھىمدۇركى، مىللەتنىڭ ھاياتىمۇ، ماماتىمۇ مەكتەپكە باغلىقتۇر. بۇ ھالدا مەكتەپ ئېچىش — مىللەتنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ياكى بولمىسا مىللەتنى ئۆلتۈرۈش دېمەكتۇر.

مىليونلارچە ئەزالاردىن تەركىب تاپقان بىر مىللەتنى ئۆلتۈرۈش ئەمەس، ئىككى قولى، ئىككى پۇتى بار بىر كىشىنى ئۆلتۈرسىمۇ، شۇنچىلىك تەپتىش ۋە تەھقىقلەر قىلىنىدۇ. بىر ـ ئىككى دۈشمەننىڭ يالغان مەلۇماتىغا ئىشىنىپ، بىر مىللەتنىڭ ھايات ـ مامات مەسىلىسى بولغان مەكتەپلەرنى تاقاتقۇزۇپ، بالىلارنى مائارىپتىن مەھرۇم قىلىش ـ ئاڭسىزلىق، نادانلىق بولماي نېمە؟

«مۇخبىر»

*　　*　　*　　*

ئىدارىمىزگە ئە. رەھىم ئىمزاسى بىلەن كەلگەن ئىككىنچى مەكتۇپتا بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:

باھائىدىن باي ھىممىتى بىلەن ئېچىلغان مەزكۇر

«دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد» يېرىم يىل داۋاملاشقان. ئەھمەد كامالبەگ مۇدىرلىق قىلغان يېرىم يىلدا، 25 نەپەر ئىپتىدا-ئىي مەكتەپ مۇئەللىمىنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان. نەۋۇزبېگى ھاجىزادە ھاجى ئەلى، ئىمىن باي، ئابدۇلكەرىمخان، يۈسۈپ ئاخۇنباي ۋە باشقا بىرنەچچە ھىممەت ئىگىلىرىنىڭ غەيرەت-لىرى ئارقىسىدا ئىككى مەكتەپ تەسىس قىلىنغان. پېقىر ۋە يېتىم بالىلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن «خەيرىيەت جەمئىيە-تى» تەسىس قىلىنغان. بىر «مۇلازىمەت ئورنى» ئېچىلىپ كىرىمى يېتىم بالىلارنىڭ پايدىسىغا بېغىشلانغان. كاشغەر ۋە ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياج-لىرىدىن چىقىش يولىدىكى بۇ ياخشى ئىش شۇ يەرلىك ئە-مەلدارلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان. بۇ ئەبلەخ تۆخۈمدىن تۆك ئۈندۈرۈپ، ھۆكۈمەتكە چاققان. نەتىجىدە، دارىلمۇئەللى-مىننىڭ مۇدىرى ئەھمەت كامال ئەپەندى بىلەن ھاجى ئەلى، ئىمىن باي، ئابدۇلكەرىمخان، يۈسۈپ ئاخۇنباي، مەھمۇدخان، سىدىقئاخۇن، شەمسىدىن داموللا، مۇدەررىس ئىمىن ئەپەندى-لەر سوراققا تارتىلىپ، تۈرمىگە تاشلانغان. ئىككى كۈن ئۆت-كەندە مەكتەپلەرنى قايتا ئاچماسلىققا قول قويدۇرۇپ، قويۇ-ۋەتكەن. ئەھمەت كامال ئەپەندى مۇددەتسىز تۈرمىدە قالغان.

مەكتۇپنىڭ ئاخىرىدا، بۇ ھالنىڭ ئاڭلىق كاشغەر مۇ-سۇلمانلىرىنى زور قايغۇغا سالغانلىقى بايان قىلىنغان.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىد-كى ئومۇمىي 1860 - سانىدىن).

## گېزىتلەردىن ئېلىندى:[1]

«تەرجىمان» گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ھۈسەيىنباي مۇسابايېف جانابلىرى چىندىن بىر مۇئەللىم ئەكەلدۈرۈپ ئارتۇش يېزىسىدا بىر مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپ بىر يېرىم يىل داۋامىدا بىرنەچچە نەپەر ئىپتىدائىي مەكتەپ مۇئەللىم- لىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان. 1334 ـ يىلى ئۇ مۇئەللىم- لەردىن ئىككىسىنى كاشغەرگە ئېلىپ كېلىپ يۇقىرىدىكى مەزكۇر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى بىلەن ئىك- كى مەكتەپ ئېچىلدى. بۇ چاغدا مەنمۇ كاشغەردە ئىدىم. مەكتەپ ئېچىلىشى بىلەن كاشغەرنىڭ نوپۇزلۇق بايلىرىدىن ئۆمەرئاخۇن بۇ ئىشقا قارشى چىقتى. سەۋەبى: مۇسابايېفلار- نىڭ ئابرۇيى قازىنىپ كېتىپ ئۆمەر بايدىن ئېشىپ كېتىشى- دىن قورققان بولسا كېرەك. نىھايەت، ئۆمەر باي جانابلىرى مەزكۇر مەكتەپ ۋە جەمئىيەت ئۈستىدىن: «بۇ ئىش ئالتە شەھەردە ئىستىقلالىيەت داۋاسى يولىدىكى بىر خىزمەتتۇر»، دەپ ھۆكۈمەتكە چاققان. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئەھمەد كامال ئەپەندى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنى تە- قىپ قىلىشتى. ئەھمەد كامال ئەپەندى پېكىندىكى[2] گېرما- نىيە ئەلچىسىدىن خەۋەر كەلگەنگە قەدەر (75 كۈن) مەھبۇس بولۇپ تۇردى. تەپتىش قىلىش نەتىجىسىدە مەكتەپنىڭمۇ، جەمئىيەتنىڭمۇ سىياسىي ئىش ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىلمىي ئىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇڭا بەزى مەكتەپلەر يەنە ئېچىلدى. جەمئىيەتمۇ ئۆز يولىدا داۋام قىلىدىغان بولدى. پەقەت، ئەھمەد كامال ئەپەندىنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماسلى-

---

① گېزىتنىڭ بۇ بېتىنى كۆپەيتكەندە دىققەتسىزلىكتىن بۇ سانىنىڭ نو- مۇرى ۋە نەشر قىلىنغان ۋاقتى كوپىيەلەنمەي قالغان. شۇڭا مەزمۇن تەرتىپى بو- يىچە بۇ يەرگە قويدۇق.

② پېكىن ـــ بېيجىڭ.

قى ۋە ئېچىلغان مەكتەپلەردە چىنچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش شەرت قىلىندى.

ئۆمەر باي جانابلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتى نەتىجىسىز قالغان بولسىمۇ، ئۇ ھەمىشە ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ يۈرگۈ. ئۇ: «كۆردىڭىزمۇ بۇلارنى، بالىلىرىڭىزنى خەنزۇچە ئوقۇتۇشقا باشلىدى، ئىسىت! بۇنىڭ ئاخىرى نېمە بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدىڭىزمۇ؟» دەپ خەلققە قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭ كىشى دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى شۇكى، ئۆمەر باي خەنزۇچە ئوقۇتۇشقا مۇئەللىم ئېلىپ كېلىشكە ئۆزى سەۋەب بولغان تۇرۇقلۇق، ئەمدى بۇ ھەقتىكى ئەيىبنى ياشلارغا، جەمئىيەت ئەزالىرىغا يۈكلەپ قويسا ھەقسىزلىق بولماسمۇ؟ بېشىدا ئازراقلا ئەقلى بار كىشى ئەلۋەتتە بۇنى مۇتائىلە قىلىپ بىلەلەيدۇ.

ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشى پەرز قىلىنغان بىر ئەمەل بولغان تۇرۇقلۇق، مۇسۇلمان بولغان بىر زاتنىڭ بۇ ئىشقا بۇزۇلچىلىك قارشىلىق كۆرسىتىشى ئۆزىگە مۇناسىپ ئىشمۇ ئەمەس. بەلكى بۇنىڭدا بىر چۇشەنمەسلىك بولغاندۇر، دەپ ئويلايمەن.

# ئالتەشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار (3)

## زىرائەت، سانائەت، تىجارەت، خەلقنىڭ پېقىرلىقى، بېيىش يوللىرى، ۋەخپىلىرى، تاشئاخۇننىڭ زاۋۇتلىرى

يېرى باي ۋە خەلقىنىڭ بېيىشى بەك ئاسان تۇرۇپمۇ، ئالتەشەھەر ئەھلىنىڭ پېقىر ۋە موھتاج بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭغا نېمە ۋە كىم سەۋەب بولغان؟ بۇ يەردە بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرگۈچى ۋە تەكشۈرۈپ بىلگۈچى كىشىلەر يوق. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق ھالدا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. بۇلاردا ئۆزلىرىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگۈدەك مەلۇماتمۇ يوق. ھەجگە بېرىپ كەلگەنلىرى، بىلگەنلىرىمۇ بۇنى تەقدىرگە ئىتتىرىپ قويىدۇ.

مىللەت ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاچ، تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. مەكتەپ، مەدرىسەلەر خارابە ھالەتتە. مەدرىسەلەرگە ئوزۇق بولغان ۋەخپىلەر تەمىناتسىز قالغان. خەلق نادان، ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگەتكۈچىلەر يوق. مۇسۇلمانلار ئەزىز بالىلىرىنى، ياش قىزلىرىنى چىنلىقلار ۋە ھىندىلارغا ساتىدۇ. مىللەت ئەزالەت ۋە رەزالەتكە مەھكۇم.

مەن بۇ ماقالىنى ياركەنتتە تۇرۇپ يازدىم.

بۇ شەھەر يېرىنىڭ بايلىقى، سۈيىنىڭ موللۇقى بىلەن ئالتەشەھەردە بىرىنچى دەرىجىدە ياخشىدۇر. شۇنداق بولسىمۇ، خەلقى پېقىرلىق ۋە موھتاجلىقتىمۇ بىرىنچى دەرىجىدىدۇر.

بۇ يەردە گۈرۈچ، بۇغداي، ئارپا، قوناق، زىغىر، كۈنجۈت، كېۋەز ۋە يىپەك، ئاشلىق ۋە ھەر تۈرلۈك يېمىشلەر يېتىشىدۇ. لېكىن، زىرائەت ئاز تېرىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى

بولسا خەلقىنىڭ پېقىرلىقى ۋە بايلارنىڭ شەپقەتسىزلىكىدىن بولۇپ، دېھقانلار زىرائەت تېرىيدىغان ۋاقىتتا، ھىندى ۋە چىنلىقلاردىن، رۇسىيە ۋە كاشغەر مۇسۇلمانلىرىدىن قەرزگە پۇل ئالىدۇ. بۇلارنىڭ بۇ ئىشى تۇتمىغان ئېيىقنىڭ تېرىسىنى ساتقانغا ئوخشاش ئىش. بىر تەرەپتىن بەك قىزىق تۇيۇلسىمۇ، يەنە تەرەپتىن بەك بىچارە كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق: ئەتىياز ۋاقتى پۇل ئالغاندا، جازانىگە تېرىمىغان زىرائەتنى بازار باھاسىدىن 70 پىرسەنت كەم ھەق بىلەن پۇل بەرگۈچىگە سېتىپ قويىدۇ. توغرىسى، كۈزدە بېرىدىغانغا بايلاردىن پۇل ئالىدۇ. زىرائەت پىشقاندىن كېيىن، جازانىخورلارغا تاپشۇرىدۇ. بىر ياز ئىشلەپ تاپقان ھوسۇل قەرزنى تۆلەشكە يەتسە، بەك ياخشى. يەتمىسە، بازاردىن بىر پۇتنى 16 تەڭگىدىن ئېلىپ، بايلارغا ئالتە تەڭگىدىن ھېسابلاپ بېرىدۇ. بازاردىن ئېلىپ بېرىشكە كۈچى يەتمىسە، بۇ يىلقى بەش پۇت ئۇچۇن كېلەر يىلى 15 ياكى 20 پۇت تۆلەپ بېرىشكە بايلارغا قولىدىن ھۆججەت بېرىدۇ. شۇ تەرىقىدە قەرز ئۈستىگە قەرز قوشۇلىدۇ. بىچارە دېھقانلارنىڭ ئۆمرى مۇشۇنداق بايلارغا قەرزدار بولۇپ ئۆتىدۇ. ئاخىرىدا يېرىدىن، مۈلكىدىنمۇ ئايرىلىپ، بايلارغا ئەسىر بولىدۇ.

بۇ يەردە، ھەر تۈرلۈك ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ ئەسلىي ــ نېگىزى بار. لېكىن بۇنىڭدىن 1000 يىل ئاۋۋالقى پېتىچە قېلىپ قالغان. يېڭىلاش ۋە كېڭەيتىش دېگەن يوق. ھۈنەرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان كىشىلەرمۇ يوق. شۇ سەۋەبتىن ھەممە مەئىشەت ئەسۋابلىرى چەتتىن كېلىدۇ. خۇسۇسەن كۆن تاۋارلىرى بەك قىممەتكە چۈشىدۇ. گەرچە تېرە ئۆزلىرىدىن چىقسىمۇ زاۋۇتلىرى بولمىغانلىقتىن، رۇسىيە ۋە ھىندىستانغا چىقىپ كۆن بولۇپ كەلگۈچە، بىر سوملۇق تېرىگە بەش سوم قونىدۇ. بۇ يەردىكىلەر قولدا كۆن ئىشلەيدى-





غان بولغاچقا، پۈتۈن ئالتەشەھەرگە ھەر يىلى بولىدىغان زىيان 2 ـ 3 مىليون سومدىن ئاشىدۇ.

سودا ئىشلىرى پۈتۈنلەي رۇس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرى، چىنلىقلار ۋە كاشغەر مۇسۇلمانلىرى قولىدا بولۇپ، يەرلىك خەلق مالنى كۆپىنچە نېسىگە ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قىممەت چۈشىدۇ.

مەكتەپ ۋە مەدرىسەلىرى خارابە ھالەتتە. ۋەخپىلەر ھەركىمنىڭ تەسەررۇپىدا، توغرىسى كۈچلۈكلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ. مەدرىسەلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇدەررىسلەرگە ئۆي، ۋەخپىلەرنىڭ كۆپرەكى مۈلۈك ۋە ئوزۇق بولغان.

بۇ يەرگە مەككە ۋە مەدىنە تەرەپتىن بەدەۋى ئەرەبلەر كېلىپ، ئۆزلىرىنى «سەئىد» دەپ تونۇشتۇرۇپ، بىچارە خەلقنى ئېمىپ ياتىدۇ. مانا بۇ ئىقتىساد مىكروبلىرى!

ئۆزلىرىدە تېۋىپ ياكى دوختۇر بولمىغانلىقتىن ئاغرىقلارنىڭ پۇللىرى شېۋىت شىپاخانىلىرىغا ئېقىۋاتىدۇ.

بۇلارنىڭ پېقىر ۋە نادان قېلىشىغا نېمە ۋە كىم سەۋەب بولغانلىقى ئەمدى بىر ئاز چۈشىنىشلىگەن بولسا كېرەك. ئەمدى خەلقنى بېيىتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىش بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بەك ئاسان چۈشىنىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، بۇ يەرنىڭ يېرى ياخشى، يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، خېلى مۈشكۈل كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، خەلق نادان. بۇمۇ يەتمىگەندەك، ئاڭسىز موللىلار بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈۋالىدۇ.

بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش بايلارنىڭ ھىممەت ۋە غەيرەتلىرىگە ھەمدە شەپقەت ۋە مەرھەمەتلىرىگە باغلىنىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەگەر مۆھتەرەم بايلار ھىممەت قىلىپ پۈتۈن ئالتەشەھەر ئۈچۈن بىر ئىقتىسادىي جەمئىيەت تەسىس قىلسا، شۇ جەمئىيەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتەشەھەردە زىرا-

ئەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئۆستەڭ قېزىپ سۇسىز يەرلەرگە سۇ چىقارسا، يېڭى ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ماشىنىلارنى سېتىۋالسا، ئۈچ ـ تۆت يىل ئىچىدە پۈتۈن ئالتەشەھەر خەلقى باي بولاتتى.

جەمئىيەتنى مۇنداق تەسىس قىلىش مۇمكىن:

ئالتەشەھەردە چوڭ ـ كىچىك بولۇپ، 15 دەك شەھەر بار. ھەرقايسىسىدىن 10 — 15 باي ئەزا بولۇشقا تىرىشسا، ئەزالاردىن يىغىلغان پۇللارنى ياز كۈنى ئازراق ئۆسۈم بىلەن دېھقانلارغا بەرسە، ئىككى ـ ئۈچ يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەس دېھقانلار بېيىيدۇ. جەمئىيەتنىڭ پۇلىغىمۇ موھتاج بولمايدىغان بولىدۇ. جەمئىيەت دېھقانچىلىقنى بىر ئىزغا سالغاچ، تەدرىجىي تۈردە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋە تېرە زاۋۇتى قۇرۇپ، خەلققە ئىش تېپىپ بەرسە، بايلىق چەتكە چىقىپ كەتمەي ئالتەشەھەرنىڭ ئۆزىدە قالىدۇ. گاداي، دىۋانە، قەلەندەر ۋە قىمارۋاز، بۇزۇقلارمۇ قومغا سىڭگەن يامغۇردەك ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ.

يەنە پۈتۈن ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي بىر بۇرۇلۇش ياساپ، ۋەخپىلەرنى تەكشۈرۈشكە بېرىشى، ئارىلىرىدىن ياخشى ۋە مىللەتپەرۋەر بىر كىشىنى نازارەتچى قىلىپ قويۇشى كېرەك. ھەر شەھەرگە يېڭىدىن مۆتىۋەللىلەر تەيىنلەش كېرەك. مۆتىۋەللىلەرنىڭ قولىغا ھېساب دەپتىرى بېرىپ، يىل سانى بويىچە ۋەخپىلەرنىڭ ھېسابلىرىنى ئېلىپ تۇرۇش كېرەك.

ۋەخپە نازارەتچىلىرىگە ئىلمىلىك ياردەمچىلەرنىمۇ قوشۇپ بېرىش كېرەك. مەدرىسەلەرگە مۇدەررىس تەيىنلەش ئىشىنى بايلارغا تاپشۇرماي، ئىمتىھان بىلەن بولۇشى كېرەك.

بۇنداق ماڭغاندا، ۋەخپىلەردىن كەلگەن كىرىم مەدرىسە ۋە مۇدەررىسلەردىن ئېشىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئالتەشەھەردە

ۋەخپىلەر بەك كۆپ، پەقەت تەرتىپكە سېلىنمىغان. مەسىلەن، ياركەنتنىڭ ئۆزىدە 50 مىڭ دېسەتىنە[1] دەك ۋەخپە يەر بار. بىر دېسەتىنە يەرنى تۆت سومدىن ئىجارىگە بەرگەندە، بىر يىلدا 200 مىڭ سوم بولىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە بەرمەستىن تېرىسا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يىلدا 1 مىلىيون پۇت بۇغداي يىغىۋېلىنىدۇ. مەدرىسەلەردىن ئاشقان پۇللار بىلەن ئىپتىدائىي ۋە ئالىي دىنىي مەكتەپلىرى، ھەر تۈرلۈك ھۈنەر مەكتەپلىرىنى قۇرۇشقا بولىدۇ. مۇنداق مۇئەسسەسەلەر ئۈچۈن چىن ھۆكۈمىتى شادلىنىدۇ، شادلىقىدىن رۇخسەتمۇ بېرىدۇ.

ئەھمىيەت بېرىپ ئىشلەنسە، شۇ ئىككى مۇئەسسەسە ئارقىسىدا، پۈتۈن ئالتەشەھەر خەلقى موھتاجلىق ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلىدۇ ھەم بەك تېز، 20 يىلغىمۇ قالماستىن يۈكسىلىدۇ. مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە، 100 يىلغا بارماستىن، مۇنقەرىز بولۇشىمۇ شۈبھىسىزدۇر.

«ۋاقىت» گېزىتىدە «چىن مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئىدارەئى شەرئىيەلەر كېرەك» دېگەن بىر ماقالە بېسىلغانىدى. لېكىن، چىن مۇسۇلمانلىرى بۇ ماقالىگە قىلچە ئەھمىيەت بەرمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، «ئىدارەئى شەرئىيە»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇ ماقالە بېسىلىپ، كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن، «ئۇ ئىدارەئى شەرئىيە قانداق نېمە؟» دەپ سورىغۇچىلار كۆپ بولدى. بۇلارنىڭ «ئىدارەئى شەرئىيە»نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەسلىكى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر بىز تاتارلارنىڭ ئارىسىدىمۇ كۆپچۇ!

بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت يىل ئىلگىرى، ئارتۇشلۇق تاش-

① دېسەتىنە (دېسياتىنا) — ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى رۇسىيەدە قوللىنىلغان، 1.09 گېكتارغا تەڭ يەر مەيدانى ئۆلچىمى.

تاشئاخۇن ئەپەندى ئالتەشەھەردە فابرىكا ۋە زاۋۇتلار قۇرۇش، مەدەن كېنى ئېچىش ئۈچۈن چىن ھۆكۈمىتىدىن ئىمتىياز ئالغان. مەخسۇس شۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن روسسىيە ۋە گېرمانىيەنى ساياھەت قىلىپ، تۈرلۈك فابرىكا ۋە زاۋۇتلارنى ھەم مەدەن كانلىرىنى كۆرۈپ ئۆلگە ئېلىپ قايتقان، تاشئاخۇن جانابلىرى ئارتۇش بايلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىش باشلىغان. ئۆتكەن يىلىغا كەلگەندە، ياغلىق زاۋۇتى ۋە بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرغان. لېكىن، ئاڭسىز مولللارنىڭ «زاۋۇت ۋە فابرىكا پەرەڭنىڭ ئادىتى» دېيىشىدىن قورقۇپ، شېرىكلىرى شىركەتنى بۇزىدۇ. تاشئاخۇن ھەزرەتلىرىنىڭ ئىمانى كۈچلۈك ئىكەن، ئۇ ئۇنداق سۆزلەرگە پەرۋا قىلماستىن، ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. ھازىرمۇ شۇ ئىككى كارخانىنى ئۆزى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. توقۇمىچىلىق ئۈچۈن مەخسۇس ماشىنىلار بولمىسىمۇ، ياركەنتنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا پۇلنى كۆپرەك بېرىپ، مەزمۇت ۋە نەپىس ماتالارنى توقۇتۇۋاتىدۇ. تاشئاخۇن جانابلىرى بەك كۆپ ئىشسىز خوتۇن ۋە باللارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، تاشئاخۇن ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ ئىشىغا كۆپ تەھسىن ۋە ئاپىرىندۇر.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، ياركەنت

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1873 ـ سانىدىن).





# ئالتەشەھەر مەكتەپلىرى (2)

## چىن مۇسۇلمانلىرى ھالىدىن

چىن مەملىكىتىدە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ، ھۆرىيەت، ئادالەت، يېڭى قانۇنلار ئېلان قىلىنغىنىغا بىر نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار كۆپرەك بولغان يەرلەردە (مەسىلەن، ئالتەشەھەردە) يەنىلا يولغا قويۇلماي تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلارنىڭ نادانلىقىدا بولۇپ، جۇمھۇرىيەت قائىدىسىدە، ئىش يۇرۇتۇش ئۈچۈن ئاھالىنىڭ ئاڭلىق، پىكىرلىك ۋە مەرىپەتلىك بولۇشى شەرتتۇر. بۇ شەرتكە چۈشىدىغانلار ئالتەشەھەردە تېپىلمايدۇ. شۇڭلاشقا، جۇمھۇرىيەت قانۇنلىرىمۇ ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ.

بېيجىڭدا دۆلەت مەجلىسى ئېچىلىپ، مەجلىسكە بەش ئۆلكىسىنىڭ ھەربىرىدىن، شۇ يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر بىرىدىنمۇ ۋەكىل چاقىرتىلغان. ئەمما، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھۆكۈمەت تىلىنى بىلىدىغان، مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار ئادەملەر يوق. شۇ سەۋەبتىن، بۇ بىچارىلەر دۆلەت مەجلىسىگە بارالمايدۇ، ئۇ يەردىكى سۆزلەرنى چۈشىنەلمەيدۇ. يەنى، جۇمھۇرىيەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلەلمەي مۇستەبىتلىكتە ئۆمرى ئۆتىدۇ.

ھۆكۈمەت بولسا ئالتەشەھەردىمۇ جۇمھۇرىيەت قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. لېكىن، خەلق نادان بولغانلىقتىن بۇنى بىلدۈرەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار ھۆكۈمەت تىلىنى ئۇقمايدۇ ۋە بىلمەيدۇ. دۆلەت مەجلىسىدىكى مۇزاكىرە ۋە

مۇشاۋىرەلەر مەتبۇئات يۈزىگە چىقمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانچە گېزىت يوق. چىنچە گېزىتلەرنى مۇسۇلمانلار ئوقۇيالمايدۇ. مانا شۇنداقلىقىدىن، بۇلارنىڭ جۇمھۇرىيەت بىلەن ئالاقىسى ۋە مۇناسىۋىتى بولمايدۇ.

بولمىسا، چىن ھۆكۈمىتى ھېچبىر دىن ۋە مىللەتنى پەرقلەندۈرمەستىن، بەش ئۆلكىنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ كۈنلەردە ئاساسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم بولۇشى ھۆكۈمەتتىن ئەمەس، ئۆزلىرىدىندۇر، نادانلىقلىرىدىندۇر. ئىش بىلىدىغانلىرى بار بولسا، ھۆكۈمەت مۇسۇلمانلار سانى كۆپ بولغان يەرلەردە، ھەممە مەمۇرلارنى مۇسۇلمانلاردىن قويماقچىكەن. لېكىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش بىلىدىغان كىشىلىرى يوق. ئالتەشەھەردىكى ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىغا خەنزۇلاردىن قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەب ۋە ئەرز بارلىقى مەلۇم ئەمەس.

تۇڭگانلار چىنچە قوللانغاچقا، ئارىلىرىدا چىنچە ئوقۇغان مەرىپەتلىك كىشىلەرمۇ بار ئىكەن، لېكىن تۈركىيچە سۆزلەشنى بىلمىگەچكە، «چەنتولار» بىلەن ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت ھاسىل قىلالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئىككى مۇسۇلمان بىرلىشەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە يىل ئىلگىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ۋەكىل سايلاش ھەققىدە ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىغىمۇ ئەمىر ـ پەرمان كەلگەن. بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلار بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن، ئىككىنچىدىن، ئارىسىدىن ۋەكىل بولۇپ بارغۇدەك كىشىلەرنى تاپالمىغانلىقتىن، بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن. بۇلار تېخى مەجلىس ۋەكىلىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. پۈتۈن ئالتەشەھەردە ھۆكۈمەت تىلىنى بىلىدىغان ۋە مىللەت ئېھتىياجىنى چۈشىنىدىغان بىرمۇ كىشى يوق.

بۇ يىل پەرمان كەلگەن. لېكىن، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ۋەكىل سايلاشنى تىلغا ئالىدىغان كىشى چىقمىغان. ئاخىرىدا ۋەكىللەر چىنلىقلاردىن تەيىن قىلىنغان. ئەمدى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چىنلىقلار ۋەكىل بولۇپ، دۆلەت مەجلىسىگە بارىدىكەن. بۇلارنى مۇسۇلمانلار سايلىمىغان، بەلكى ۋىلايەت باشلىقلىرى - ھاكىملار تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن.

نېمىلا بولسۇن، مەجلىسكە كىشى كېرەك. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى بۇ ئىشنىڭ كەينىدىن ماڭمىدى. قىممەتلىك مىنۇتلىرىنى مەشرەپلەردە غەيۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

ئەگەر باشلىرىدا ئەقلى بار بولسا، بۇ ھەقتە ئۆزئارا مۇشائىرە مەجلىسلىرى قىلىپ، بۇرۇنراق مەسلىھەت قىلىشسا، كېڭەشسە، چارە ئىزدىسە، چەنتولاردىن ۋەكىل بولىغۇدەك كىشى تاپالىسا، تۆڭگانلاردىن بولسىمۇ سايلىيالايتتى.

ھازىرقى كۈندە ھۆكۈمەت مۇسۇلمانلارغا كەڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىياز بېرىۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلار بۇنىڭ قىممىتىنى بىلمەيۋاتىدۇ. كامىل نادانلاردىن بولغاچقا، «بۇ ئىش بىزگە كېرەك ئەمەس»، دەپ ئۆزلىرى رەت قىلىدۇ.

ئۆتكەن يىلى، ئالتەشەھەردە زىرائەت، سانائەت ۋە تىجارەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىيىتى بىلەن كاشغەر، ئاقسۇ، ئىلى، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىدە كىرېدىتلىق بانكا ئېچىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن 20 مىليون سوملاپ كۈمۈش ئاجرىتىلغان. بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ ئاھالىسى ئومۇمەن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، مەزكۇر بانكىلارنىڭ ھەممە ئىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغان، شۇنداق بولۇپ تۇرغاندا مىللەت مىكروبلىرى — ئاڭسىز ۋە مەرىپەتسىز موللىلار ئوتتۇرىغا چى-

قىپ، بۇ ئىشنى بۇزۇشقا باشلىغان. جازانىخور بايلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ: «بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە بانكا مۇئامىلىسى هارام، ئۇ دېگەن جازانە» دەپ كاشغەر موللىلىرى خەلقنى ئۈركۈتۈۋەتكەن. «جەننەتكە ئەكىرگۈچىمۇ، دوزاخقا تاشلىغۇچىمۇ ئۆلىما» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان نادان مۇسۇلمانلار هېلىگەر موللىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇ ئىشتىن ۋاز كەچكەن. نىھايەت، مۇسۇلمانلاردىن كىشى تاپالماسلىق سەۋەبىدىن، بانكا ئېچىش ئىشلىرى چىنلىقلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. مۇدىر ۋە مەمۇرلىرىغىمۇ بىردەك چىنلىقلاردىن قويۇلدى. بايلارنىڭ 30 پىرسەنت ئۆسۈم بىلەن پۇل تارقىتىشى هالالۇ، ئەمما، بانكىلاردىن ئۈچ پىرسەنت بىلەن قەرز ئېلىش هارامىمىش! هەي جاهالەت!

نوشىرۋان يائۇشېف، كاشغەر

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1884 ـ سانىدىن).

# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (3)

## ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ۋە مەكتەپ

مەيلى ئالتەشەھەر، مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار بولسۇن، ئىپتىدائىي تەلىم - تەربىيەگە پەقەت ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ خەلق ھەمىشە مەكتەپلەرگە تۆۋەن كۆز بىلەن قارايدۇ. بۇ تەرەپلەردىكى خەيرىيەتچى بايلار ئېغىزىدا «خانىقا، مەسچىت، مازار ۋە قارىيخانا، ئۆزلىرى يېتىشقا گۈمبەز سېلىش»نىلا ياخشى ئىش دەپ زىكرى قىلىشىدۇ. مەكتەپ دېگەننى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ. زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ، مەسچىت يېنىغا مەسچىت، مەدرىسە يېنىغا مەدرىسە، گۈمبەز ۋە قارىيخانىلارنى قوشلاپ ھەم ئۇستىلەپ سېلىشقان. ئەمما، بۇ مۇئەسسەسەلەرگە قارىغاندا، مىللەتنىڭ ئېھتىياجى نەچچە ھەسسە چوڭ، تۆھپىسى كۆپ بولغان مەكتەپلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە قىزىققۇچىلاردىن بىرىمۇ يوق. شەھەر ئىمارەتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى مەسچىت - مەدرىسە، خانىقا ۋە قارىيخانا، گۈمبەز ۋە مازارلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يەرنىڭمۇ يېرىمى مەزكۇر مۇئەسسەسەلەرگە ۋەخپە قىلىپ بېرىلگەن. ئالتەشەھەر (غۇلجا بۇنىڭ سىرتىدا)نىڭ ئىچىدە بالا ئوقۇتقىلى بولغۇدەك تەرتىپلىك ۋە مۇنتىزىم بىرمۇ مەكتەپ يوق.

ئەگەر ئارىدىن بىرەر باي چىقىپ، مەكتەپ سالماقچى بولسا، «ئەخمەق» دەيدۇ. ئەقلى بولسا، شۇ پۇلنى مەكتەپكە سەرپ قىلماي، مەدرىسە ياكى بىرەر مازارغا گۈمبەز ياساتسى-

دى! دۇرۇسراقى مۇنداق، دېيىشىدۇ.
بىر ئادەم مەدرىسە سالدۇرسا ياكى گۇمبەز باسلاتسا، ئۇ-
نىڭ ئىسمى شەھەرگە، پۈتۈن ئەتراپقا تارقىلىدۇ. ئەگەر مەك-
تەپ سالدۇرماقچى بولسا، كۆرۈشۈشتىمۇ ئۆزىنى تارتىدۇ.
شۇ سەۋەبتىن، بۇ يەرنىڭ بايلىرى مەكتەپ سالدىغان پۇل-
لىرىنى مەدرىسەلەرگە تارقىتىدۇ. گۇمبەز ـ مازارلارغا سەرپ
قىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ خەلقىدە مىللىي ئاڭ، مىللىي تۇيغۇ يوق،
ئىپتىدائىي تەلىم ۋە تەربىيەگە قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.
بۇ يەردىكى مەكتەپلەردە باشتىن ئاياغقىچە، پارسچە ـ ئەرەب-
چە كىتابلار، پارس ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىلا ئوقۇتۇلىدۇ. بۇ كى-
تابلارنىڭ ھەممىسى خۇراپىي بايانلار بىلەن تولغان. مۇ-
شۇنداقلىقىدىن ئەۋلادلارغا مىللىي ھېسسىيات تامامەن يو-
قالغان ھالەتتە ساقال چىقىدۇ. ئۇلار مىللىي تىل ۋە مىللىي
ئەدەبىياتتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز چوڭ بولىدۇ. ئۆز تىلىنى،
ئۆز ئەدەبىياتىنى سۆيمەيدىغان، مىللىتىنى تونۇمايدىغان،
مىللىتىنى چۈشەنمەيدىغان، بېشى قۇرۇق خىيال ۋە خۇراپات
بىلەن تولغان ماددىۋىيەت ئالىمىدىن قول ئۈزۈپ، پەقەت مە-
نىۋىيەت بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان بىر مىللەتنىڭ ئىستىقبا-
لى نېمە بولىدىغانلىقى مەلۇمدۇر. بۇ كېسەلگە مۇپتىلا مىل-
لەت سىل كېسەلگە ئوخشاش، ئاخىرى بىر كۈن ھايات دۇن-
ياسىدىن يوقىلىشقا مەھكۇم بولىدۇ. بۇنىڭ دورىسى ـ ئىملا-
جى يوقتۇر. ئەگەر بار دېسەك، ئۇ ئىپتىدائىي تەلىم ـ تەر-
بىيە ۋە مەكتەپتۇر.

مەكتەپ مەسىلىسى ھايات ۋە مامات مەسىلىسىدۇر.
مىللەتنىڭ ئۆلۈمىمۇ ۋە نىجاتىمۇ مەكتەپكە باغلىقتۇر. باشقا
مىللەتلەر بۇنى خېلى بۇرۇن چۈشىنىپ، ھەممىسى بۇ ئىشقا
چاپلاشقانىدى. تەرتىپلىك بىر مەكتەپنىڭ مەدرىسە، گۇمبەز
ۋە مەسچىتتىن ئارتۇق، پايدىلىق ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا

چۈشەنگەن، ئۇلار تەرتىپلىك بىر مەكتەپنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابىنى يالغۇز خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، بەندە تەقدىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ، دەيدۇ.

ئىپتىدائىي مەكتەپ ۋە تەلىم - تەربىيە كۆرمەي، مەدرىسەگە كىرىپ ئوقۇشنىڭ ھېچ پايدىسى چىقمىغانلىقى تەجرىبىلەر بىلەن ئىسپاتلانغان. بۇ ئىشنىڭ قۇرۇق ياغاچتىن مېۋە ئىزدىگەندەك، مەنىسىز ۋە مەنتىقسىز بىر ھەرىكەت ئىكەنلىكى كۆپتىن بېرى مەلۇم بولغان.

مىللەتنى ئۆلۈمدىن - ئىنقىرازدىن قۇتقۇزۇپ، بالىلارنى بەختلىك قىلغان مىللەت ھېچقاچان ۋاقىتنى قولدىن بەرمەستىن، ئىشنى تەرتىپلىك ئىپتىدائىي مەكتەپلەردىن باشلاشقا تىرىشقان.

ئالتەشەھەردە مەسچىت بىلەن مەدرىسەدىن كۆپ نەرسە يوق. لېكىن، ئىچىگە كىرىپ ئىبادەت قىلىدىغان ۋە دۇرۇس سۆزلەيدىغانلار بولمىسا نېمە پايدا؟

مەدەنىي مىللەتلەردە مەسچىت ۋە مەدرىسە سالغۇچىلارغا قارىغاندا، مەكتەپ ۋە ھۈنەر يۇرتى(تېخنىكوم) سالغۇچىلار بەكرەك ھۆرمەتلىنىدۇ. ئۇلاردا بىر ھۈنەر مەكتىپى سالغۇچى 100 مەسچىت سالغۇچىدىن ئارتۇق كۆرۈلىدۇ ۋە شۆھرەت تاپىدۇ. بىر كۈنلەردە، بىزدىمۇ مەكتەپ سالغۇچىلارنىڭ ئىسىم ۋە شۆھرەتلىرى مەسچىت ۋە مەدرىسە سالدۇرغۇچىلاردىن ئاشقاندا، خەلقىمىزدە مەكتەپتىن كېلىدىغان پايدىنى چۈشەنمەيدىغان كىشى قالمايدۇ. بىر زامان كېلىدۇكى، خەلق مەكتەپ سالغۇچىلارنىڭ ھىممەتلىرىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. مىللەتنىڭ يىلتىزىنى سۇغارغان بۇ خەيرىيەتچىلەرنىڭ ئىسىملىرى ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلىپ، تارىخقا كىرگۈزۈلىدۇ. مەدەنىي ئىستىقبالىمىزنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرنىڭ شۇلار ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. ئىسىملىرى مەڭگۈ ياخشىلىق



بىلەن ياد ئېتىلىدۇ. مەكتەپ سېلىشنى ئويلىغان ۋە تەرتىپلىك مەكتەپ تەسىس قىلىش يولىدا ئىش باشلىغان ياكى باشلىماقچى بولغان كىشىلىرىمىز، مىللىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى هالى بىلەن مەيۈسلەنمىسۇن! يېقىن كېلەچەكتە، سىز باشلىغان ئىشلارنىڭ، ۋاقىتلىق خەيرىيەتلەرنىڭ ئورۇنلۇق بولغانلىقى چۈشىنىلىدۇ. ئۇ چاغدا سىزگە سوغۇق نەزەر بىلەن قارىغانلارنىڭ ئۆزى ئۈيلىدۇ، قىلغان گۇناھلىرىغا ئۆكۈنىدۇ.

زامان پەقەت زاھىتلىق ۋە خانىقا زامانى ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت زامانىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىن تەقدىرلىنىدىغان كىشىلەرمۇ مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت يولىدا خىزمەت قىلغۇچىلار بولغۇسىدۇر. ئۆزىنىڭ راۋاجى ۋە سائادىتىنى مىللەتنىڭ بەختى ۋە سائادىتىگە بېغىشلىغان كىشىلەر مانا بۇ يولدا ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشۋاتىدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېق، ياركەنت

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1892 ـ سانىدىن).



# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (4)

## ئالتەشەھەردە ساياھەت

### (كاشغەر ـ خوتەن)

بۇلتۇرقى روزا ھېيتنى تەڭرىتاغنىڭ ئارقىدىكى شىخو بىلەن ماناس ئارىلىقىدىكى بىر قىشلاقتا ئۆتكۈزگەنىدىم. قىشلاقنىڭ ئىمامى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلغان، ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆزلىرى بىلەن كۆڭلىمىزنى خۇش قىلغانىدى. قۇربان ھېيت كۇچادا بولۇپ، بۇ ھېيتمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكەن، ھېيت شادلىقىدىن قۇرۇق قالمىغانىدىم. بۇ يىلقى روزا ھېيتنى تەڭرىتاغنىڭ بۇ يېقىدىكى كاشغەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى.

ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەچ بىلەن مەپە ياللاپ يولغا چىقتىم. كېچىچە مېڭىپ، تاڭ سۈزۈلۈپ، كۈن چىقار ـ چىقماس، مەپىمىز خانئېرىق دەرياسىغا كېلىپ توختىدى. سۇنىڭ قارشى تەرىپىدە ھارۋىلار بار ئىدى. دەرياغا كىرىشتىن قورقۇپ تۇراتتى. دەريا بەك چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن دەريا سۈيى بەك تېز ئاقاتتى ھەم چوڭقۇر ئىدى. بۇ يەر چوڭ كارۋان يولى بولسىمۇ، لېكىن كۆۋرۈك سېلىنمىغانىدى.

مەپىچى بىسمىللاھ دەپ سۇغا كىرىۋىدى، ئات بىلەن ھارۋىمىز تۈۋەنگە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئاتنىڭ ئايىغى لايغا پېتىپ، سۇغا يىقىلدى. مەپىنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىشكە

باشلىدى. بەختكە يارىشا، ئادەملەر كۆپ بولغاچقا قۇتقۇزۇۋالدى. خەلق بۇ يەردىن يۈك ئارتىلغان ئېشەكلەر بىلەن ئۆتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھۆكۈمەت بۇ يەرگە كۆۋرۈك سالمىغانىدى.

ياپچان دېگەن يېزىغا كېلىپ، بىر سارايغا چۈشتۇم. كېيىملىرىمىزنى قۇرۇتۇشقا يېيىپ قويۇپ، چۆگۈندە چاي قاينىتىپ ئىچتۇق.

سارايىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر موماي تاياق بىلەن باشاق يانجىۋاتاتتى. بۇ ئىش دىققىتىمنى تارتتى ــ دە، يېنىغا بېرىپ:

ـــ نېمە قىلىۋاتىسىز، موما؟ ـــ دەپ سورىدىم.

ـــ ھەي بالام، سورىما مېنىڭ ھالىمنى، ئېرىم ئۆلگىلى ئىككى يىل بولدى. 20 ياشلىق بىر ئوغلۇم بار. دادىسىدىن 1000 سومالاپ پۇل قالغانىدى، قىمار ئويناپ ئۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قەرز ئېلىپتۇ، قەرزلەرنى تۆلىيەلمىگەچكە، قەرز ئىگىلىرى بەك قاتتىق قىينىدى، داۋالانغان بولسىمۇ، ھازىر ئىشقا يارىماس بولۇپ قالدى. ئەمدى شۇ ئوغلۇمنىمۇ ئۆزۈم بېقىۋاتىمەن، ـــ دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.

كىتابتا «ياڭخىسار» دەپ يېزىلىسىمۇ، ئاۋام تىلىدا «يېڭىسار» دېيىلىدىغان يەرگە كەلدۇق. بىر سارايغا چۈشتۇم. ساراي ئىچى ئورىدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ ئۇرۇش ـ تالاش، جەڭگى ـ جېدەل، قىيا ـ چىيالار ھۆكۈم سۈرەتتى. خوتۇن ـ قىزلارنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەبرىگە ئوخشاش بىر ھۇجرىغا كىرىپ شامنى ياقتىم. ئىشىك ئالدىدا ئاتلار تۇراتتى. بۇ يامان ھالەتكە چىدىغۇدەك ھالىم يوق، چۈنكى قارنىم بەك ئاچقانىدى. يەي دەپ بەش ـ ئالتە تۇخۇم ئالسام، بەختسىزگە ۋاقتسىز دېگەندەك ھەممىسى پالاق چىقتى.

ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ شەھەر كوچىلىرىنى تاماشا قىلىشقا چىقتىم. دىققىتىمنى ھەممىدىن بەكرەك تارتقان نەرسە — كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتىرىغا تىزىلىپ كەتكەن چىنلىقلارنىڭ گۆرۈخانىلىرىدا سېتىقچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان چىرايلىق، كېلىشكەن مۇسۇلمان خوتۇن - قىزلىرى بولدى. ئۇلار چىنلىقلارغا خوتۇن بولغانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ، قىياپىتىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى. بۇنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان يېرى شۇكى، بۇ خوتۇن - قىزلارنىڭ باشقىلاردىن چىرايلىق ھەم چېۋەر بولۇشى ئىدى. چىنلىقلار گوياكى سۈت ئۈستىدىكى قايماقنى سۈزۈۋالغاندەك شەھەردىكى قىزلارنىڭ ئەڭ چىرايلىق، ئىشچانلىرىنى تالىۋالغانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە يارامسىز، ئاقساق - چولاقلىرىلا قالغانىكەن.

ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، بۇ يەردە 40 - 50 ئۆيلۈك رۇسىيەلىك مۇسۇلمان بار ئىكەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمى تىجارەت، بىر قىسمى دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. مالنى كاشغەردىن ئەكېلىپ ساتىدىكەن. شەھەر ئىچىدىكى يەرلىك خەلق 2000 ئۆيلۈك بولۇپ، يېزىدىكىلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، 55 مىڭ ئۆيلۈك چىقىدۇ. شەھەردە 12 مەسچىت، بەش مەدرىسە بار. ئەمما، بىرمۇ پەننىي مەكتەپ يوق. يېرى بەك ياخشى، سۈيى مول بولۇپ، تۈرلۈك مېۋە - چىۋە، يەل - يېمىش، زىرائەتلەر يېتىشتۈرۈلىدىكەن.

كاشغەر بىلەن يېڭىسارنىڭ ئارىلىقى 80 چاقىرىم بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، يېرى مۇنبەت ھەم مەھسۇلدار. غەربىي جەنۇب تەرىپىدە چوققىسى بۇلۇتقا تاقاشقان ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك قارلىق تاغلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلاردىن تۆمۈر، قوغۇشۇن، مىس، تۇچ، يەر كۆمۈرى قاتارلىق مەدەنلەر چىقىدۇ. لېكىن، ھۆكۈمەت بولسۇن ياكى يەر-



لىك خەلق بولسۇن بۇ بايلىقلاردىن ھەرگىز پايدىلانمايدىكەن. دېمەك، يەر باي، پەقەت خەلقلا نادان.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدە يېڭىساردىن قىزىلغا قاراپ ئاتلاندىم. كۈن ئىسسىق بولۇپ، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. چۈش بولغاندا توپىلىق دېگەن لەڭگەرگە كېلىپ توختىدىم. بىزنىڭ مەپىچى بىلەن توپىلىق خەلقى ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن زىرائەتلەرنىڭ كۆيۈپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە قىزىق گەپ باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئەھمىيەتلىك بىر پاراڭ بولغاچقا مەن پاراڭغا قوشۇلۇپ خېلى جىق نەرسىلەرنى بىلىپ قالدىم. توپىلىق خەلقىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا:

بۇ ئەتراپتا يېڭىسار ناھىيەسىگە قاراشلىق شاناز (شاھنىياز) دېگەن بىر يۇرت بار. بۇ يۇرت ئىككى مۇسۇلمان بەگنىڭ باشقۇرۇشىدا. تېتىر، يېڭىيار، دامشون، پەلىز، لايبۇلاق، سۆگەتتىكەن، جاي، توغىچى، كالىچىن، كەلپىن، توپىلىق، ئېگىزيار، قوشگۇمبەز، قۇدۇق، تامىيار، چاملون، قىزىلدىن ئىبارەت 17 يېزا بار. كۆلىمى 970 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 3000 ئۆيلۈك ئاھالىسى بار. يېرى ئاجايىپ ياخشى، پەقەت سۈيى كەم. بۇ يەردە پەقەت يامغۇر ياغسىلا تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىكەن. بۇ يىل بۇ يەردە يامغۇر ياغمىغان. شۇڭا تېرىلغان زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتكەن، باغلاردىكى مېۋىلەرمۇ بولمىغان، ھەتتا دەل ـ دەرەخلەرمۇ قۇرۇشقا باشلىغان. يامغۇر تىلەپ مازارلارغا بېرىپ قوي سويۇپ قۇربانلىق قىلىپمۇ كۆرگەن، لېكىن يامغۇر ياغمىغان. شۇنىڭ بىلەن يادىچى[1]نىڭ قېشىغا بېرىپ 200 — 300 سوملاپ پۇل خەجلىگەن. يادىچىمۇ يامغۇر ياغدۇرالمىغان.

خەلقىنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، ئاچلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

---

[1] يادىچى — يادا تېشىغا ئەپسۇن ئوقۇپ، يامغۇر ياغدۇرغۇچى.

بۇلار زىرائەت تېرىغاندا ئېيىغا 10 پىرسەنتلىك ئۆسۈم بىلەن كاشغەر بايلىرىدىن پۇل قەرز ئالىدىكەن. ئاخىرىدا قەرزنى ھەم ئۆسۈمىنىمۇ تۆلىيەلمەي يېرى ۋە مال - مۈلكىنى بايلارغا قەرزگە قوشلاپ تۇتۇپ بېرىدىكەن. شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن كىشىلەر ئىش ئىزلەپ سىرتقا — ئەنديجان تەرەپلەرگە چىقىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى:

بۇ يۇرتنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بۆگەن دېگەن بىر دەريا بار، بۇ دەريانى كىچىككىنە بىر تاغ پارچىسى تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر شۇ تۆپىلىك ئېلىۋېتىلسە بۇ يۇرت سۇغا قانىدۇ. بۇنىڭدىن بەش - ئالتە يىل ئىلگىرى چىن ھۆكۈمىتى مەزكۇر تاغ پارچىسىنى كېسىشكە 20 مىڭ سوم پۇل بەرگەنىكەن. لېكىن شەخسىيەتچى بەگلەر بۇ پۇللارغا خىيانەت قىلىپ ئۆز چۆنتىكىگە تىققان. پوتكول شانازغا كېلىدىغان بايلىقنىڭ يولىنى شۇ كىچىككىنە تاغ پارچىسى توسۇپ تۇرىدۇ. بۇلار ئىچىدىغان سۇلارنى يازلىقى كۆلگە قاچىلىۋالىدۇ، كۆل سۈيى تۈگىگەندىن كېيىن 30 — 440 غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قېزىپ قۇدۇق سۈيى ئىچىدۇ. قۇدۇق سۈيى تۇزلۇق ھەم ئاچچىق بولىدۇ.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدە ئاقرابات دېگەن ئۆتەڭگە چۈشتۇم. ئەنديجانغا بېرىپ پۇل تېپىپ قايتىپ كەلگەن كىشىلەر قوغۇن يەپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇلار خوتەنلىك بولۇپ، 300 كىشى ئەنديجانغا بارغان. ئېيىغا 18 سومدىن رۇسلارغا ياللىنىپ ئىشلىگەن. رۇسلارغا كەتمەن چېپىپ كېۋەز تېرىپ بەرگەن. ئۈچ ئاي يول يۈرگەن، تۆت ئاي ئىشلەپ 72 سوم پۇل تاپقان، 12 سومنى خىراجەتكە تۇتۇپ قالغان. قالغان 60 سومنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ.

بۇ ئىشچىلارنى كۆرۈپ، شاناز ئېسىمگە چۈشتى. مۇشۇ

باتۇرلارنى شۇ تاغقا ئېلىپ بارغان بولسىدى، تاغنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتەر ئىكەن دەپ قالدىم.

ئىككى كۈندىن بېرى قۇملۇق يولدا ماڭدىم. ئېغىز ئا تېمىتقۇدەك سۇ، سايىدىغۇدەك دەل ــ دەرەخمۇ يوق ئىنسان ھاياتلىقتىن ھېچ ئەسەر يوق.

بۇ يەردە كېرەكسىز، كۆڭۈلسىز، دەھشەتلىك قۇم دېڭىزىغا كىرىپ كەلگەچ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇلار، رەڭگارەڭ گۈل ــ چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن چىملىقلار، قېلىن ئورمانلىقلار، چىرايلىق كېپىنەكلەر، ھەسەل ھەرىلىرى، بۇلبۇللار، قۇشقاچلار كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى. گۈزەل مەنزىرىلەر تۇغۇلغان يۇرتۇمنى سېغىندۇراتتى.

8 ــ ئاينىڭ 6 ــ كۈنى قۇملۇق، تاشلىق يوللاردىن ئۆتۈپ، مۇنبەت، مەھسۇلدار يەرلەردىن، ئېتىزلىقلار، دەل ــ دەرەخلىقلەردىن ئۆتۈپ ياركەنتكە يېتىپ كەلدىم.

كاشغەر بىلەن ياركەنت ئارىلىقى تەخمىنەن 220 چاقىرىم بولۇپ، بۇ ئارىلىقتىكى خەلق ئومۇمەن دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بۇ يەردە تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكىدەك ناھايىتى كونا ئۇسۇلدا قىلىنىدىكەن. دېھقانچىلىق قوراللىرىمۇ بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئوخشايدۇ. قوللىرىدا باشقا ھۈنىرى يوق. ئامراتلىق ۋە موھتاجلىقتا خار ــ زەبۇن ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. يۇرتلىرى پۈتۈنلەي خارابە ۋە ۋەيرانە ھالەتتە، كىيگەن كىيىملىرىمۇ ياۋايى ئادەملەرنىڭ كىيىملىرىگە ئوخشاش پەقەت ئۇياتلىق يەرلىرىنىلا يېپىپ يۈرىدۇ. 12 ـــ 13 ياشلىق بالىلار پۈتۈنلەي ئانىدىن تۇغما يالىڭاچ ھالەتتە يايىدۇ، مۇنچا يوق. باشقىچە يۇيۇنۇش، پاكلىنىش ئۇسۇللىرىنىمۇ بىلمەيدۇ. ھايۋاندىن پەقەت «مستقيم القامه»[1] لىك سۇ-

① تۈپتۈز، ئۆرە قامەت.

پىتى بىلەنلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

يەرلىرى باي بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرى گاداي، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئاستىدا تۇرسا سىرتقا چىقىپ بايلىق ئىزدەيدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز ـ تولا بايلىرىمۇ بار. لېكىن بۇلارمۇ ئۆز راھەتلىرى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. بۇلارنىڭ بايلىقلىرىدىن باشقىلارغا بىر تىيىنلىقمۇ پايدا كەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئاجىز، بىچارىلەرنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلىۋالىدۇ. جامائەت پايدىسى ۋە مائارىپ يولىغا بىر تىيىنمۇ بەرمەيدۇ.

شەھەرگە كىرگەن ۋاقتىمىز پېشىن ۋاقتى بولغانىكەن، پەيشەنبە كۈنى ياركەنتنىڭ بازار كۈنى ئىكەن. كوچىلار تار، خەلق ھېسابسىز كۆپ بولۇپ قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا ماڭغىلىمۇ بولمايتتى. خەلقنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە تەرتىپسىزلىك، باشباشتاقلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈپ، ئۇرۇش ـ تالاش، جەڭگى ـ جېدەل قىلىشاتتى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يالاڭ ئاياغ يۈرەتتى. باشلىرىدا ئىشانلار كىيىدىغان ئاق كۆلاھ، ئەگنىدە ئاق بۆزدىن توقۇلغان يېلىڭ چاپان بولۇپ كۆڭلەك كىيمىگەنىدى. شۇڭا قورساق ۋە كىندىكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ياركەنت خەلقىمۇ ئاقسۇ خەلقىگە ئوخشاش پوقاق كېسىلىگە مۇپتىلا ئىكەن.

كوچىدا ئۈستىگە ئوتۇن، بېدە، قوغۇن ـ تاۋۇز ئارتىلغان ئېشەكلەر، ياغاچ چېلەكتە سۇ كۆتۈرگەن كىشىلەر، ئات ـ ھارۋىلار بىر ـ بىرىگە پۈتلىشىپ يۈرىدۇ. قايسىبىرلىرى دۇكان ئالدىدا قوغۇن تىلىپ سېتىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا سوپۇنچى، قاسساپ، ياماقچى، چىمىلىقلارنىڭ گۆرۈخانىلىرى، ئاشخانىلار، كونا چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ساتقۇچىلار ئولتۇراتتى.

بازار توخۇ كاتىكىدەك پاكار بولۇپ، ئىنچىكە بادرىلار



بىلەن تىرەلگەنىدى. دىققەت قىلماي بېشىڭىزنى شۇنداقلا كۆتۈرىدىغان بولساق بېشىڭغا تېگىدۇ. ئۆستىگە ياغاچلار رەتسىز سېلىنغان بولۇپ، ياغاچلارنىڭ ئۆستىگە ئەسكى-تۈسكى تاغارلار يېپىلغانىدى. ساڭگىلاپ تۇرغان تاغارلار باشقا تېگىپ تۇراتتى. شەھەر پۈتۈنلەي ۋەيرانە ھالەتتە بولۇپ، كوچىلىرى ناھايىتى تار ئىدى.

قىستا - قىستاڭ، ئەگرى - توقاي كوچىلاردىن ئاران تەسلىكتە ئۆتۈپ كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندا ئاران «پىششىق خىش سارىيى»غا يېتىپ كەلدىم. ئۆز ئاقساقىلىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ كونسۇل بەرگەن قەغەزنى بەردىم. ئاقساقال ياخشى ئادەم ئىكەن، ناھايىتى تېزلا ئۆي تېپىپ بەردى. ئاچقۇچ ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرىمنى ياتاققا جايلاشتۇردۇم - دە، مەيىنى يولغا سېلىۋېتىپ تاھارەت ئالدىم. بېشىمغا يوغان سەللىنى يۆگەپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇدۇم. نامازدىن كېيىن ئاقساقال ئۆز ئۆيىگە چاقىردى. بەك تەملىك پولۇ ئەتكەنىكەن. قورسىقىممۇ تازا ئاچقانىدى، بەك ئىسسىق باستى. شۇ يەردە خۇپتەن نامىزىنىمۇ ئوقۇپ بولۇپ ئۆيگە قايتىپ چىقتىم.

ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ چاي ئىچكەچ قەلەمنى ئېلىپ سەپەر خاتىرىلىرىمنى يېزىپ قويدۇم. جۈمەدىن كېيىن ئاقساقال ئاكا بىلەن شەھەرنى تاماشا قىلىشقا چىقتىم. ئاقساقال ئاكا مېنى ياركەنتنىڭ ئەڭ پازىل ۋە ئالىم مۇدەررىسلىرىدىن موللا ئابىد بوۋا بىلەن كۆرۈشتۈردى. مۇدەررىس قوقاندا ئىلىم تەھسىل قىلغان كىشى بولۇپ، ئەرەبچە كىتابلارنى ياخشى چۈشىنىدىكەن. ئۇ كىشىدىن مەدرىسە ۋە دەرسلەر ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ، بىر چەينەك چېيىنى ئىچىپ سۆھبىتىدىن مەمنۇن بولۇپ قايتتىم.

ياركەنتتە 36 مەدرىسە، 70 — 80 مۇدەررىس بار. مەد-

رىسە ۋە مۇدەررىسلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بەك ئاز. مەدرىسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋەيرانە ھالەتتە. خانلىق مەدرىسەدىن باشقىلىرىنى مۇدەررىسلەر ئۆزلىرىگە ئۆي قىلىۋالغانىكەن. ئات - ئېشەك، قوي - كالا، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن بىللە مەدرىسەدە تۇرىدىكەن. مەدرىسەنىڭ بەزى ئۆيلىرى ئۆتۈكچى، موزدۇزلارغا، تۇل خوتۇنلارغا ئىجارىگە بېرىلگەنىكەن. بەزىلىرىدە ئوقۇغۇچىلار تۇرىدىكەن.

ئىلگىرى بۇ مەدرىسەلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولغانىكەن. ھازىر بۇ ۋەخپىلەر مۇلۇككە سۇندۇرۇلۇپ سېتىۋېتىلگەن. كۆپىنچە ۋەخپىلەرنى مۇدەررىسلەر شەرىئەت ھىيلىسى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئۆز بالىلىرىغا تەۋە قىلىۋالغان. مەسىلەن، بىر مۇدەررىس مەدرىسەنىڭ ۋەخپىنى بىساتى مۇلۇك، تېگى ۋەخپە دەپ ئىككىنچى بىرىگە ساتىدىكەن. ئۇ كىشى ئازراق پايدا ئېلىپ يەنە ئۇنى مۇدەررىسنىڭ ئوغلى ياكى خوتۇنىغا سېتىپ بېرىدىكەن.

ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كەلسەك بۇ يەردە «ئەنقا»غا ئوخشاش ئوقۇشنىڭ ئىسمىلا بار. ئوقۇغۇچى شاگىرتلار ھەققىدە سۆزلىگەننىڭ پايدىسى يوق. باشلىرىغا قازاندەك سەللە يۆگىگەن مۇدەررىس، قازىلارمۇ قارا قورساق، نادان. بۇلارنىڭ بىلىملىرىگە قارىغاندا، تاتارلارنىڭ 10 ياشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ بىلىمى سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە يۇقىرىدۇر.

ياركەنت ئەتراپىدا قەلەم تۇتۇپ يېزىقچىلىق قىلىشنى بىلىدىغان ئادەملەر يوق دېسەم خاتا بولماس. شەھەردە بىرەرمۇ مۇنتىزىم مەكتەپ، يېڭىچە تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن بىرەر مۇئەللىم، گېزىت ئوقۇغۇچى، كۆزى ئوچۇق، زاماننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بىرىمۇ ئادەم يوق. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قايسى زاماندا ياشاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

بولتۇر رۇسىيە ئاقساقىلى بىلەن ئىنگلىز ئاقساقىلى

غەيرەت قىلىپ كاشغەردىن بىر ئوقۇتقۇچى ئالدۇرۇپ كەلگە-نىكەن. ھازىر بۇ ئوقۇتقۇچىمۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن قول ئۈزۈپ مۇدەررىس بولۇشقا تىرىشىپ، ئامىيالغا ئەرز سۇنۇپ يۈرۈر-مىش.

ياركەنتنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل بولۇپ، سۇيى كۆپ، يېرى مۇنبەت ۋە مەھسۇلدار. بۇ شەھەر مۇنبەت يېرىنىڭ كۆپلۈ-كى، سۇيىنىڭ موللۇقى بىلەن ئالتەشەھەردە ئالدىنقى ئو-رۇندا تۇرىدۇ.

بۇ يەردە بۇغداي، ئارپا، قوناق، زىغىر قاتارلىق زىرائەت-لەر، پاختا ۋە يىپەك دىگەندەك ئالاھىدە پۇللۇق نەرسىلەر، تۈرلۈك تاتلىق يەل - يېمىش، مېۋە - چېۋىلەرچىقىدۇ.

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر پۇت ئۇرۇقتىن 10 پۇت ھوسۇل چىقىدۇ. ياركەنتنىڭ ئاشلىقى ئۆزىدىن ئېشىپ كاشغەرگىمۇ توشۇلىدۇ. بۇ يەردە يەر كۆپ ھەم بەك ئەرزان بولسىمۇ، لېكىن ئاشلىقنى ئاز تېرىيدۇ. خەلقى ھورۇن، ئىشلىمەيدۇ. شۇڭا تېرىقچىلىققا يارامىلىق يەرلەر بوش - بې-كار ياتىدۇ. يەرلىك خەلق شۇ ھورۇنلۇق سەۋەبىدىن موھتاج-لىققا قېلىپ، دىن ۋە مىللەت ئايرىمىسىغا قارىماي، قىز با-لىلىرىنى سىرتتىن كەلگەنلەرگە بېرىدۇ.

بۇ يەردىكى سودا - سېتىق پۈتۈنلەي رۇسىيە ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرىنىڭ قولىدا. رۇسىيە پۇقرالىرى كاشغەر-دىن مال، قىزىلچاي، شېكەر، قەلەي، تۆمۈر، ئاياغ كىيىم، شام، كىرسىن ۋە باشقا تۈرلۈك مىلىچماللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى رۇسىيەدىن كەلتۈرۈلىدۇ. پەرغانە تەرەپتىن ئەتلەس، بەقەسەم، ھەسەل، دوپپا، تاماكا دىگەندەك نەرسىلەر كەلتۈرۈلىدۇ.

ھىندىستاندىن كىمخاب، خەسە، مەخمەل، داكا، گەزمال، سەللىلىك، ياغلىق، قاما، كۆن - خۇرۇم، تۈرلۈك چايلار،

تەمرە ھىندى، زەرچىۋە، دارچىن، زەپەر قاتارلىق تۈرلۈك دورا - دەرمەكلەر كەلتۈرۈلىدۇ.

ئالتەشەھەردە رۇسىيە ماللىرىنى تارقىتىشتا كاشغەر ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرى قانداق مۇھىم ئورۇندا تۇرسا، ھىندىستان ماللىرىنى تارقىتىشتا ياركەنت ۋە خوتەن شەھەرلىرىمۇ شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ياركەنتتىن رۇسىيەگە كىگىز، گىلەم، پاختا، ماتا، يىپەك، تېرە، يۇڭ ھەم ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلار چىقىرىلىدۇ.

ياركەنتنىڭ نوپۇسى 60 — 70 مىڭ دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ساناق ئېلىنمايدۇ. دارامەت، كىرىم - چىقىم دەپتەرلىرىمۇ تۇتۇلمايدۇ. ھۆكۈمەت مۇنداق ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ يۈرمەيدۇ. چىنلىقلارمۇ بىز مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش بەك ساددا ۋە بىپەرۋا. ساناش، ئۆلچەش دېگەن گەپلەر يوق. ھەممە ئىشنى مۆلچەر بىلەن قارىسىغا قىلىدۇ. پەرەڭ سەيياھلىرى دېگەندەكلەر كېلىپ ئۆلچىمىسە، بۇلار بىر - بىرلىرىنىڭ ھېسابىنى بىلىشمەيدۇ.

تەخمىنەن 100 ئۆيلۈك كىشى رۇسىيە پۇقراسى، يەنى پەرغانىلىكلەردۇر. 200 ئۆيلۈكتەك كىشى ئەنگلىيە پۇقراسى، يەنى ھىندىستان ۋە ئافغانىستانلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مۇسۇلمانلار بولۇپ، قالغانلىرى ھىندىلاردۇر. ھىندىلارنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىك خەلققە ئۆسۈملۈك قەرز تارقىتىپ جازانىخورلۇق قىلىپ پۇل تاپىدۇ.

ياركەنتنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ئەتراپى ياپيېشىل ئورمانلىقتىن ئىبارەت. يېرى تۈز، ئەتراپىدا تاغ يوق. شۇڭا ھاۋاسى كېچە - كۈندۈز بىر خىل تۇرىدۇ.

تەخمىنەن 677 كىۋادرات چاقىرىم يەر ئېتىزلىق ۋە سۇنئىي ئورمانلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ ئېسىل بوستانلىق ئىچىدە 15 يۇرت، 200 مىڭلاپ خەلق بار. يېقىنقى مەز-

گىللەردىكى غەيرىي رەسمىي بىر ساناقتا قارىغاندا، بۇ يۇرتلاردا 108مىڭ 829 نەپەر ئايال كىشى، 101مىڭ 509 نەپەر ئەر كىشى بارلىقى مەلۇم بولغان.

شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلار كەنتلەرگە بۆلۈنىدۇ. كەنت باشلىقلىرى مۇسۇلمانلاردىن بولىدۇ. كەنت باشلىقلىرى بەگ دېيىلىدۇ. ھەر يۇرتتا بىر بەگ، بىر قازى، بىر مۇپتى، سەككىز يۈزبېشى، ئون ئونبېشى بولىدۇ.

دىن ۋە شەرىئەت ئىشلىرىنى قازىلار باشقۇرىدۇ. شەرىئەتكە ياتمايدىغان دەۋالار بەگلەرگە بارىدۇ. بەگلەر بۇنى ئامباللارغا يوللايدۇ.

مەنسەپدارلار شەھەردە تۇرىدۇ. لېكىن مۇسۇلمان ئەمەلدارلار ئۆز خەلقىگە جەبىر ـ زۇلۇم سېلىشتىن ھەرگىز قولىنى تارتمايدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېف، ياركەنت

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى ئومۇمىي 1808 ـ سانىدىن).





# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (5)

## ئالتەشەھەردە ساياھەت

## (ياركەنت ـ خوتەن)

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى. قۇياش چىقىپ ئادەم بويى ئۆرلىگەندى. شامال، بوران يوق، ھاۋا ئوچۇق ۋە چىرايلىق ئىدى. (يەنىلا) ياز ھاۋاسى. ھازىر كۈز يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى بىر ئازمۇ بىلىنمەيدۇ. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ياپيېشىل پېتىچە تۇرۇۋاتىدۇ. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا شالاڭ ئورمان، ئورمان ئارىسىدا كۆكىرىپ تۇرغان شاللىق. مانا ھازىر ئىككىنچى قېتىملىق ئورما ۋاقتى كەلدى. بۇلتۇر كۈزدە تېرىغان بۇغدايلارنى ئورۇۋالغاندىن كېيىن ئورنىغا تېرىغان شال پىشىپ قالدى. ھاياتلىق ئۇچۇن كېرەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنى، گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ مېڭىۋاتسام، ئارقامدىن ئەھمەد سابىت ئەپەندى يېتىپ كېلىپ:

— قارىسىلا، ياركەنتنىڭ يەرلىرىدەك مۇنداق ياخشى يەر پەرغانىدىمۇ يوق. يىل چۆرگىلىسە، ئىككى ـ ئۈچ مەرتەم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، — دېدى. مەن:

— ھەقىقەتەنمۇ ياخشى يەرلەركەن، يېرى شۇ قەدەر مۇنبەت ۋە مەھسۇلاتلىق بولغاچقا، خەلقلىرىمۇ باي بولۇشى كېرەك ئىدى، نېمە سەۋەبتىن ياركەنت خەلقى ۋەيرانە؟ — دېدىم. ئەھمەد سابىت ئەپەندى:

— بۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىدىن، يالقاۋلىقىدىن

www.uyghurkitap.com

بولغان، ــــ دېدى. ئىككىمىز بىرمۇنچە مۇڭدىشىپ ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزاپ كەتتى.

بىز پوسكام بازىرىغا كېلىپ، تاماق بۇيرۇتۇپ قورسـ ـقىمىزنى تويغۇزدۇق. ئاي كۆتۈرۈلگەندە يولغا چىقتۇق. ئاي ـنىڭ تولۇق ۋە يورۇقلۇقى، يولنىڭ تىنچلىقى، ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقى كۆڭۈلگە ئالىلقاندادقتۇر ياشارتىدىغان شادلىق بېرەتتى. شۇنداق چاغدا مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان بىرەرىمۇ يوق. مەنمۇ ناخشا ئېيتمىدىم. تەبىئەتنىڭ جىم ـ جىتلىقىنى بۇزمىدىم. ھارۋىكەشمۇ بۈگۈن ناخشا ئېيتمىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ تۇرغاندۇر، ئۇ بىر تەرەپكە قىيسايـ ـسىمۇ، يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالاتتى. بەك قۇملۇق يەرلەرگە كەلگەندە ئاتنىڭ غىلجىڭلىقى ئازراق ئىچىنى پۇشۇرۇپ قو ـ ياتتى. ھايۋان ئەمەسمۇ؟ ئاتنىڭ تىلى يوق، ئۇ بولسىمۇ قىيـ ـنالمىسا...

بىردەمدىن كېيىن مەن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، پۈتۈنلەي ياشقا ئادەم، ھارۋا سارايدا، ئات قوشۇقلۇق پېتى، بىرنەچچەيلەن نامازغا تاھارەت ئېلىپ يۈ ـ رىدۇ. بىر ياقتىن قىزىپ قۇياش چىقىۋاتىدۇ.

ــــ بۇ قەيەر؟

ــــ قارغالىق.

قارغالىق شەھىرىدىن ئۆتۈپ، «ئېقىنچۇلاق» دېگەن لەڭگەرلەردە بىر كېچە قونۇپ، گۇما شەھىرىگە كەلدىم. چودا، زاڭگۇيا، بىرئالمە (پىيالما)، زاۋا دېگەن يېزىلاردىن ئۆتۈپ 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خوتەنگە يېتىپ كەلدىم .

ياركەنت بىلەن خوتەننىڭ ئارىلىقى 350 چاقىرىم چا ـ مىسىدا بولۇپ، بۇ ئارىدىكى خەلق دېھقانچىلىق بىلەن تۇر ـ مۇش كەچۈرىدۇ. خوتەن قىزلىرى پاختىدىن يىپ ئېگىرىپ، بۆز توقۇيدۇ. تۇرمۇش مەئىشەتلىرى دېگۈدەك بەك ناچار. ئۆي ـ

لىرىدە پەقەت بىر چۆگۈن، ئۈچ ـ تۆت دانە ياغاچ ئاياق، بىر قازان بولىدىكەن. تاھارەت ئۈچۈنمۇ، غۇسۇل ئۈچۈنمۇ، چاي ئىچىش ئۈچۈنمۇ شۇ بىر چۆگۈننى ئىشلىتىدىكەن.

بۇ ئەتراپنىڭ شىمالى چېكى يوق. يول پۈتۈنلەي يۇمشاق قۇم بولۇپ، ئازراق شامال چىقسا، قۇم ـ بوران بولۇپ كۆتۈرۈلىدىكەن. سەپەرگە چىققاندا بوراندا ئادىشىپ قېلىپ، مەزكۇر چۆل ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، ئۆمرى شۇ يەردە تۈگەيدىغانلار كۆپ بولارمىش.

جەنۇب تەرەپتىكى تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن سۇلار بولمىسا، بۇ يەرلەردە ئادەم ۋە ھايۋاندىن ئەسەر قالماس ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىمۇ دېگۈدەك سۇغا باغلىق. سۇ قەيەردە بولسا، ھايات ۋە ئاۋاتلىق شۇ يەردىدۇر.

شەھەرلەر بىنا قىلىنىپتۇ، يېزىلار شەكىللىنىپتۇ. بۇلارنىڭ چوڭ ياكى كىچىكلىرىمۇ سۇ ئۈچۈن ئاۋارە. چۈنكى، بۇ يۇرتتا ياز بويى يامغۇر ياغمايدۇ، زىرائەت، ئوت ـ چۆپ، دەرەخ ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن قار سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە سۇ ئەتىۋارلىق، دېھقانچىلىق ۋاقىتلىرىدا سۇ ئۈچۈن ئۇرۇشۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

ئالتەشەھەر خەلقى ئەخلاق ۋە ئادەت نۇقتىئىنەزەرىدىن پۈتۈنلەي بىر تۇستە كۆرۈنىدۇ. تۇرمۇش، مەئىشەت ھەممىدە تىل ـ شېۋە جەھەتتىن باشقا يەرلەرگە قارىغاندا، بىرئاز باشقىچە سېزىلىدۇ. بەكرەك شەرققە كەتكەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى ساپ ۋە سۆزگە باي كېلىدىكەن. قۇم دېڭىزى ئىچىگە سولىنىپ قالغان، باشقىلار بىلەن ئالاقىسى ئاز بولغان خوتەن ۋادىسى بۇ نۇقتىدا خېلى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇرۇندىن باشلاپ بۇ تەرەپلەردە ساپ تاتارچە سۆزلەر ئىشلىتىلگەن (ئاڭلىنىپ تۇرغان.) بۇ يەردە ھازىر تاتارلاردىن بىر

كىشىمۇ يوقلۇقىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى «سىبنا تاتار»، «بېشكە تاتار»، «تاتار زېمىنى»، «تاتار تاشقاما» دېگەندەك يېرا ئىسىملىرى بارلىقىنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىشى — بۇ يەردە تاتارچە سۆزنىڭ كۆپ ئۇچرىشى تولىمۇ تەبىئىي ئىش بولۇپ قالىدۇ. بىر زامانلاردا بۇ يەرلەردە تاتارلار ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ۋە تۇرغانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇنداق بولغاچقا بەزىبىر نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى تاتارچە بولۇشىغا ئەجەبلىنىشنىڭ ئورنى قالمىدى.

خوتەننىڭ «گۈلباغ» دېگەن يېرىدىكى سارايغا چۈشكەنىدىم. سارايىنىڭ ھۇجرىسى بەك قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ دېرىزىلىك ھۇجرا ئىزدىدىم. خوتەندە دېرىزىسى بار ساراي تاپالمىدىم.

خوتەن سۈيى تەملىك، ھاۋاسى مۆتىدىل، مەنزىرىسى گۈزەل، يۇرتلىرى ياركەنت، ئاقسۇغا قارىغاندا ھوسۇللۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى ئىشچان كېلىدۇ. بۇ يەردە ئىشان، دۇئاگوي، گاداي ـ قەلەندەر دېگەن مەخلۇقلار ئاز.

خوتەننىڭ يېرى مۇنبەت بولىسىمۇ، خەلقىنىڭ قولىدا قالىدىغىنى ئازدۇر. بۇلار ئىشچان، ھۇنەرۋەن كېلىدۇ. خوتەننىڭ قول ھۇنەرۋەنچىلىكى بەك مەدەنىي خەلقلەرنىڭمۇ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك رەۋىشتە گۈزەلدۇر.

خوتەن شەھىرى يىپەك مەھسۇلاتى — شايى ۋە بەقەسەملىرى، ئوچۇق ۋە مەزمۇت گىلەملىرى، كىگىز ۋە ماتالىرى بىلەن ئۇيغۇر يۇرتىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئەرلەر ۋە خوتۇن ـ قىزلىرى بىرگە ئىشلەيدۇ. شەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلەردە بازار بولىدۇ. بازاردىمۇ خوتۇن ـ قىزلار ئەرلەر بىلەن بىرگە مەھسۇلاتلارنى ساتىدۇ. خوتەننىڭ بازىرى بەك قىزىق بولىدۇ. بازار كۈنى — بىر ھەپتىلىك

لازىمەتلىكلەرنى ئېلىۋالىدىغان مۇھىم كۈن، قەدىرلىك كۈن، بىرىنىڭ قولىدا گىلەم، بىرىنىڭكىدە كىگىز، بىرى بۆك، بىرى تۇماق، بىرى بېشىدا ئاق بۆز كۆتۈرگەن بولۇپ مېڭىپ ساتىدۇ. ھەممە نەرسە ئەرزان. خوتەنگە رۇسىيەدىن گەزمال، تۆمۈر ۋە ھەر تۈرلۈك ماللار كەلتۈرۈلىدۇ. خوتەندىن رۇسىيەگە، ھىندىستانغا ۋە باشقا شەھەرلەرگە چىقىرىلىپ تۈرىدىغان ماللار يىپەك، بۆز، گىلەم، كىگىز ۋە مېغىزدەك نەرسىلەردىن ئىبارەت ئىكەن. خوتەنگە پۇلنىڭ كىرىشى كۆپ، ئەمما چىقىشى ئاز بولىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرنىڭ بىر قىسىم خەلقى خېلى باي ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۆپرەك خەلق پېقىرلىق ۋە موھتاجلىقتىن بايلارغا ئىشلەشتىن باشقا ئامالى يوقكەن. مەئىشەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىقتىسادىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرىشمۇ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كەلگەندە بۇ تەرەپ خەلقى بەك تۆۋەن تۇرىدىكەن.

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1914 ـ سانىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## خوتەندە مەكتەپ ئېچىلغان ۋاقىت

ئۆتكەن يىلى خوتەنگە ئۆزىنى دوست دەپ بىلگەن تەرەققىيپەرۋەر ۋە ياخشى ئىلىملىك بىر كىشى[1] كېلىپ، خوتەندە ئۇسۇلى جەدىد مەكتىپى ئېچىش كېرەك بولۇپ قالغانلىقىنى تەشۋىق قىلغان. بىراق، خەلق چۈشىنىپ يېتەلمىگەچكە، ئۇ كىشى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ ئېچىپ، بىكار يۈرگەن باللارنى قوبۇل قىلىپ ھەقسىز ئوقۇتقان. لېكىن ھېچبىر ماددىي ياردەم بولمىغانلىقتىن، ماددىي جەھەتتە قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ مەكتەپنى تاقىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ خوتەنگە كەلگەندە ياخشى بىر ئېتى، ھارۋىسى ۋە بىرمۇنچە پۇلى بار كىشى بولۇپ، ئاخىرى ئېتىدىن، ھارۋىسىدىن ۋە پۈتۈن پۇلىدىن ئايرىلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئەگەر مەكتەپ ئېچىشقا ياردەم قىلىمەن دېگۈچىلەر بولسا، بۇ يىلمۇ ھەقسىز ئوقۇتۇش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈرگەن، خەلق يەنە ئېرەن قىلمىغان. نىھايەت، ئۇ ئاخۇنلار تەرىپىدىن سەدىقە قىلىنغان بىر ئات بىلەن ئاتلىنىپ كەتمەكچى بولغان چاغدا، مىللىي باللارنىڭ بەختىگە كاشغەردىن مەھمەد بىن ئىنايەتۇللا ئەپەندى كەلدى.

مەھمەد بەگ تاشئاخۇننىڭ شېرىكلىرىدىن بولۇپ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن كۆپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان تەرەققىيپەرۋەر بىر يىگىتتۇر. ئۇ تۈرك ۋە تاتار مەتبۇئاتلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ، چىن تىلىنى ئانا تىلىدەك ياخشى بىلىدۇ. ئىلگىرى بەگ ئىدى، ھازىر تاشئاخۇن بىلەن

[1] ئىسمائىل ھەققىنى دېمەكچى.

ئىشلەۋاتىدۇ. مانا شۇ مەھمەد بەگ ھەزرەتلىرى كېلىپ، ۋەقەنىڭ باش - ئاخىرىنى بىلدى. ئۇ بۇنداق مۇئەللىمنى مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە ئېھتىياج چۈشۈپ تۇرغان بىر چاغدا، ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىشنىڭ قاملاشمىغان ئىش بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ: «بىر ئامال قىلىپ مۇئەللىم ئەپەندىنى ئېلىپ قېلىش كېرەك»، دېدى .

ئۇ 23 - زۇلھەججىدە خوتەننىڭ ھەممە بەگلىرىنى، سودىگەر ۋە مۆتىۋەرلىرىنى بىر ئۆيگە چاقىرىپ مەكتەپنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت قىلدى. مەجلىس (يىغىلىش)كە خوتەننىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن 40 — 50 ئادەم ھازىر بولدى. ئاش يېيىشىپ، چاي ئىچىشىپ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى يۇمشىغاندىن كېيىن («ئاش تاشنى ئېرىتەر »دېگەن تەمسىل بويىچە)، مەھمەد بەگ ئۇستىلىق بىلەن سۆز باشلىدى.

ئۇ سورۇن ئەھلىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، تۇرلۇك مىساللار بىلەن ئۇسۇلى جەدىدنىڭ قائىدىسىنى چۈشەندۈردى. مەھمەد بەگ ئەپەندىنىڭ سۆزىنى سورۇن ئەھلى بەك ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ ئابرۇيلۇق كىشى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن مەكتەپ ھەققىدە خېلى كۆپ سۆزلەپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. مەكتەپنى بەك ئاددىي ئىش دەپ يۈرگۈچىلەر مەھمەد بەگنىڭ سۆزىنى ئويۇن - كۈلكىگە، لەتىپىگە ئېلىپ چىققۇچىلارمۇ چىقىپ قالدى. مەھمەد بەگ باشقا ۋاقىتلاردا لەتىپىچى، سۆزمەن كىشى بولسىمۇ، بۇ سورۇندىكى ھەربىر كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. سورۇن ئەھلىنى ئورتاق پىكىرگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، مەھمەد بەگنىڭ ئۇستىلىقى بىلەن پىكىر بىرلىكى ۋۇجۇدقا چىقتى. مەكتەپنىڭ دەرىجىسى (يىللىقلارغا بۆلۈش)، كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلىنىپ، جامائەت پەۋقۇلئاددە تەسىرلەندى.

مۆھتەرەم بەگ ۋە ئۇلۇغ بايلار مەكتەپنىڭ دائىم قىلىنىشى ئۈ-
چۈن ھەر ۋاقىت پۇل ئىئانە قىلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىشتى.

ئىمىن ھاجى، قۇربان ھاجى، روزى ھاجى ھەر يىللىقى 15 سەر (بىر سەر بىر سوم 50 تىيىنغا تەڭ)دىن بېرىپ تۇرىدىغان بولدى ۋە ئامبال ھاجى، سۇپۇرگە ھاجى، توختى ھاجى، سابىر ئاخۇن، توختىبەگ، يەھيائىدىنبەگ، ئەھمەدئاخۇن شاگىرتلىق، ئۆمەر ئىبراھىم ھاجى، مەقسۇد بەگ ئۈچ سەردىن، ئېزىزھاجى، ئەپرۇزبەگ، خوجا ئەھمەد بەگ بىر يېرىم سەر-دىن بەرمەكچى بولدى. مۇئەللىم ئەپەندىنىڭ مائاشى ئۈچۈن ئېيىغا 10 سەر (15 سوم)دىن بەرمەكچى بولدى.

شۇنداق قىلىپ خوتەندە تەرتىپلىك بىر مەكتەپ ئېچىلىپ، بالىلارنى ئوقۇتۇش يولىغا كىرگۈزۈلدى. مەكتەپ ئۈچۈن بىنا ئېلىپ، مۇئەللىم ئەپەندىگە ۋەزىپىسى بىلەن تاپشۇرۇلدى. مۇنتىزىم ئوقۇتۇش باشلاش كۆز ئالدىمىزدىكى ئىش بولۇپ قالدى.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈندىكى ئومۇمىي 1927 - سانىدىن).

# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (6)

## ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى

چىندا ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرى خېلى ياخشى. يېقىنقى يىللاردا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىمۇ ئوبدانلا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان. ئەمما، ئالتەشەھەردىكى تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، كاشغەر، ياركەنت ۋە خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى ئىقتىسادىي ئىشلاردىمۇ، ئىلمىي ئىشلاردىمۇ بەك ئاستا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. شەھەرلىرى، مەكتەپ ۋە مەدرىسەلىرى، ئومۇمىي تۇرمۇشى ۋە مەئىشەتلىرى پۈتۈنلەي قەدىمكى پېتىدە كېتىۋاتىدۇ. ھەر شەھەردە ئىككى ـ ئۈچتىن ئوچۇق پىكىرلىك زاتلار بولسىمۇ، ئىككى ـ ئۈچ ئەسىردىن بېرى كاردىن چىقىپ كەتكەن بىر مىللەتنى ئورنىدىن قوپۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار يېتىشمەيدۇ.

ئالتەشەھەر خەلقى بىرنەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئۆز-ئارا ئۇيۇشالمىغاچقا، بەك چېچىلاڭغۇلۇق ئىچىدە ياشاپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئۆزئارا نىزالىرىدىن پايدىلانغان قىرغىزلار ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇرۇش سەۋەبىدىن مەدەنىي ۋە مەنىۋى ئىشلىرى پەقەت ئالغا باسمىدى، ئەكسىچە كەينىگە كەتتى.

ھاكىملىرى مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھېچبىر ياخشى ئىش قىلمىدى. بەدۆلەت ياقۇپبەگ كېلىپ، 13 ــ 14 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئۇمۇ ئارتۇق بىر ئىش

قىلالمىغان. ئالتەشەھەردە ياقۇپبەگدىن قالغان ئىلمىي ۋە مەدەنىي ئەسەرلەر كۆزگە چېلىقمايدۇ. خەلق ئاغزىدا ئۇنىڭ پەقەت باتۇرلۇقى ۋە ھىيلىگەرلىكىلا ھېكايە قىلىنىدۇ. ئۇ پەقەت ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشىنى توسۇيالىغان. ئۇ بۇ يەرگە ئاياغ باسقاندىن كېيىن، ئالتەشەھەر خەلقى ئۆزئارا ئۇرۇشالمىغان. دۈشمەنلىرى بار بولسىمۇ، ئۆچمىنى ئىچىدە ساقلىغان.

مەيلى ھاكىم، ياكى ئاۋام پۇقرا بولسۇن، ئومۇمەن ھەممىسى نادان ۋە جاھىللىقى سەۋەبىدىن كېلەچەكنى ئويچۇن بىرەر تەييارلىق كۆرمىگەن ھەم ئىلىم - مەرىپەتكە ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئاۋام خەلق: «بۈگۈن بار، ئەتىگە يوق. بەش كۈنلۈك دۇنيا ئۈچۈن جاپا تارتىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. خۇدا جان بەرگەنگە جۇپ بېرەر، باللار بولسا ئۆز پېشانىسىگە يېزىلغاننى كۆرەر»، دەپ بۈگۈن تاپقاننى شۇ كۈنى يەپ، ئەتىسىنى ئويلىمىغان. مانا ئەمدى باللىرى شۇ سەۋەبلىك ھاياتىدا ياخشى كۈن ۋە راھەت كۆرمەيدۇ. ئوبدان ئويلاپ كۆرسەك، بۇرۇنقىلارنى سۆكىدىغانغا ئورۇن يوق. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا بىر ئالتەشەھەر خەلقىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا بۇ خىل ھالەت ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇڭا ئۇ زاماندا تەرەققىيات ۋە يېڭىلىققا كۆسەي كۆتۈرگەن مۇسۇلمانلارلا ئەمەس. شۇڭلاشقا، شەھەر بىنالىرىنىڭ ياسىلىشى، قورالىلارنىڭ تاش ۋە ياغاچ دەۋرىدىكىدەك تۇرۇشى، ھەممىشە ئارتۇشلۇقنىڭ كاشغەرلىككە، ياركەنتلىكنىڭ خوتەنلىككە قارا سانىشى، بۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ئاسانلىقچە بىرلىككە كېلەلمەسلىكىگە سەۋەب بولغان. بۇلار ئەمدى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ قايسى زاماندا ۋە قايسى دۇنيادا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تۆۋەنلەپ، باشقىلار قولىدا ئەسىر ۋە مەھكۇم قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى

بىلمەيدۇ. ئەجنەبىي مىللەتلەردىن 50 پىرسەنت ئۆسۈم بىلەن قەرزگە پۇل ئېلىپ، ئۇ پۇلغا دېھقانچىلىق قىلىپ، پاختا ۋە يىپەك تەييارلاپ، شۇ پۇلنىڭ يېرىمىغا ھېسابلاپ بېرىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيدۇ. قەرزنى تۆلىيەلمىگەنلەر ئۆيدىكى بالىلىرىنى، مال ـ مۈلكىنى بېرىشتىن خورلۇق ھېس قىلمايدۇ.

چۈشەنسە، خورلانغىنىنى ھېس قىلسا، ئار ـ نومۇس تۇيغۇسى بولسا، ئۇ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىز ـ دەيتتى، سەۋەبىنى قىلاتتى، ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىنەتتى. ئىقتىسادىي شىركەتلەر قۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئىش قىلاتتى، سانائەت ۋە زىرائەت ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلاتتى. سودا ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىشقا تىرىشاتتى. بۇلاردا ئەمدى بۇنىڭ بىرىمۇ يوق، يوقىلىپ بولغانىكەن.

تىرىشقان ئادەم بېيىيدۇ. ئازراق پۇل بىلەن ئالتەشە ـ ھەرگە كېلىپ بەك تېز بېيىغان كىشىلەرنىڭ ھېسابى يوق. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئىشقا يارىسىمۇ، يېرى ئىشقا يارىمايدۇ. چەت مەملىكەتتىن كېلىۋاتقان 3000 ـــ 4000 لاپ سودى ـ گەر بۇ يەردە جىق پايدا ئېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە يىل ئاۋۋال، ئىستانبۇلدىن خوتەنگە بىر ئەرمەنى كەلگەن، ئۇ دەسلەپ خوتەن خەلقىگە يىپەك قۇرتى ساتقان. ئۇنىڭ سايە ـ سىدە خوتەندە يىپەك ئۆستۈرۈش ئىشى بەك تەرەققىي قى ـ لىپ كەتكەن.

مەزكۇر ئەرمەنى ھازىرمۇ بىر تەرەپتىن يىپەك قۇرتى ساتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يىپەكلەرنى ئۆزى سېتىۋېلىپ، شاھى ـ بەقەسەم توقۇتىدۇ. يۇڭ ئېلىپ گىلەم توقۇتىدۇ. ئاخىردا ھەركىمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك گۈزەل مەھسۇلاتلارنى چىقىرىدۇ. خەلققە ئىش ئۆگىتىدۇ. ئىشچى بىلەن خام ئەشيا ئەرزان. شۇڭا، بۇ ئەرمەنى بەك پايدا ئېلىۋا ـ

تىدۇ. مۇسۇلمان يەرلىك بايلار بولسا بۇنىڭدىن تۆرنىڭ ئال-مايدۇ. كاشغەردىن گەزلىمە ئەكېلىپ ساتىدۇ. ھايانكەشلىك-كىلا كۆنگەن. مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ئورنىغا قۇللۇق، چا-كارلىق قىلىدۇ.

*　　*　　*　　*

خوتەننىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل، يېرى مۇنبەت، سۇيىمۇ ئۆزگە يېتەرلىك. شەھەر ئىچىنىڭ 35 مىڭ، يېزىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 250 مىڭ نوپۇسى ۋە 660 مىڭ مو يېرى بار. 2 مىليون چارەك بۇغداي، 4 مىليون 276 مىڭ چارەك قوناق، 150 مىڭ چارەك گۈرۈچ، 18 مىڭ پۇت پاختا، 200 مىڭ پۇت پىلە ـ خام يىپەك چىقىدۇ.

بىر ئامبال، 22 بەگ، 20 قازى، 20 مىراب، 103 يۈز-بېشى، 440 ئونبېشى بار.

100 ئۆيلۈك رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئۆزبېكلەر ۋە شۇ مىقداردىكى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى پۇقرا بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

*　　*　　*　　*

مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەر خارابە ھالىتىدە. ۋەخپىلەر «99 يىللىق ئىجارىگە بېرىلگەن» دەپ سېتىلغان. بۇ يەرنىڭ قازى ۋە مۇدەررىسلىرى بەك نادان. مەدرىسەلەر خېلى كۆپ بولسى-مۇ، ئوقۇيدىغان تالىپ ئاز، شۇ سەۋەبتىن بەك كۆپ مەدرى-سەلەر ئائىلىلىك كىشىلەرگە ئىجارىگە بېرىلگەن. بەزى مەد-رىسەلەردە ئائىلىسى ۋە بالىچاقىسى بىلەن ئوقۇغۇچى شا-گىرتلار بىرگە تۇرىدۇ. قايسىبىر مەدرىسەدە ئەرسىز خو-تۇنلارمۇ ئىستىقامەت قىلىدىكەن.





*　　　*　　　*　　　*

باجگىر توختى ھاجى، گېزىت ئوقۇيدىغان تەرەققىيپەرۋەر بايلاردىن قۇربان ھاجى ۋە راشىدىن ئاخۇن جانابلىرىنىڭ ھىممەت ۋە غەيرەتلىرى بىلەن ئۆتكەن يىلى بۇ يەردە تەرتىپلىك بىر مەكتەپ ئېچىلغانىكەن. مۇئەللىم ھەققى ئەپەندىنىڭ تىرىشىپ ئوقۇتۇشى بىلەن ياخشى داۋام قىلىنىۋاتىدۇ.

*　　　*　　　*　　　*

خوتەن ئەتراپىدا ئىككى يىلدىن بېرى ۋابا ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. بۇ يىل ۋابا بەكرەك كۈچىيىپ قالدى. نامازدىن كېيىن ھەر مەسچىتتە بىرلىكتە ئەزان ئوقۇيدۇ. ھەر كۈنى 10 ــ 15 كىشىنى كۆمۈۋاتىدۇ. كارانتىن قىلماستىن ئۆلگەنلەرنىڭ كىيىملىرىنى بازارغا ئاچىقىپ سېتىۋېتىدۇ. پاكىزلىق ۋە تازىلىققا رىئايە قىلىنمىغانلىقتىن، ۋابا باشقا يۇرتلارغىمۇ تارقىلىۋاتىدۇ. خۇسۇسەن سىغلىس كۆپىمىش.

*　　　*　　　*　　　*

خوتەننىڭ باشقا شەھەرلەردىن بىر ئارتۇقچىلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ دىۋانە ـ قەلەندەرنىڭ ئازلىقى ۋە خەلقىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتىكى ماھارىتىدۇر. بۇلار قول ھۈنەرۋەنچىلىككە بەك ئۇستا كېلىدىكەن. ئەگەر بۇلارغا يول كۆرسەتكۈچى، ئىش باشلاپ بەرگۈچى بولسا، نازۇك ۋە نەپىس ئىشلارنى قىلالايدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1930 ـ سانىدىن).



www.uyghurkitap.com

## ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (7)

بىر زامانلاردا كۈچلۈك مائارىپ ۋە مەدەنىيىتى بىلەن كۆكتە پەرۋاز قىلغان ئىسلام ئالىمى تۇرۇپلا قانىتى سۇنغان قۇشتەك پالاققىدە قىلىپ يەرگە چۈشتى. ئەمدىلىكتە ئۇچۇشقا تەمشىلىدۇ - يۇ، ئۇچالمايدۇ.

بۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپلىرى، كۆرەلمەسلىك ۋە ئۆچ - ئاداۋەت سەۋەب بولدى. باشلاندى سۈركىلىش. ياۋروپالىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشلىرىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. ياۋروپا ئىسلام دۇنياسى بىلەن ئۇچراشقان كۈندىن باشلاپ، بۇ سۈركىلىش تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، ئاستا - ئاستا ئىسلام دۇنياسى چۆكۈشكە باشلىدى. قوللىرىدىن كۈچ - قۇۋۋەت كەتتى. ئاقىۋەتتە مەدەنىيەتلىك ۋە مەرىپەتلىك مىللەتلەر قولىدا مەھكۇم بولدى. بۇمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، تەبىئىي زامان تەقەززاسى بىلەن بولۇۋاتقان ئىشتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئالىمى ياۋروپاغا سېلىشتۇرغاندا قانچىلىك دەرىجىدە كەينىدە قالغان بولسا، ئالتەشەھەر ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ھالەتتە كەينىدە قالغان. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مىسكىن بىچارىلىرىدۇر. بۇلار شۇ دەرىجىدە ئېزىلگەنكى، پۇت - قوللىرى جاھالەت زەنجىرى بىلەن باغلانغان، قىمىرلىغۇدەك ھالىمۇ قالمىغان. ئىلگىرىكى شانلىق مەدەنىيەت - سەنئەت ئاساسىدىن، ئۆتمۈشتىكى شان - شەۋكىتى ۋە قۇرغان دۆلەتلىرىدىن ھېچقانداق نام - نىشان قالمىغان. سىياسەت ۋە ئىقتىساد مەيدانىدا پۈتۈنلەي ئەسىر ۋە تۇتقۇنغا

ئايلانغان. يۈرەكلىرى، قانلىرى، ئىلىكلىرى ۋە سۆڭەكلىرىدگە قەدەر خۇراپات بىلەن زەھەرلەنگەن. مىللىي ئاڭ، مىللىي تۇيغۇ، مىللىي تىل، مىللىي ئەدەبىياتلىرىغا قەدەر يوقاتقان. قىسقىسى، قۇرۇق گەۋدىسىلا قالغان، خالاس.

يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا يېڭىلىققا ئىنتىلىشتىن ھېچقانداق ئەسەر يوق، قىمىرلاشلىرىمۇ جاراھەتلەنگەن قۇرتنىڭ مىدىرلىشىغا ئوخشايدۇ.

پاكىزلىق ۋە سالامەتلىككە قەتئىي رىئايە قىلمايدۇ. تۇرغان ئۆيلىرى قەبرىدەك تار ۋە قاراڭغۇ، كىيگەن كىيىملىرىمۇ كىر ۋە پاسكىنا. ئۆزلىرىمۇ ئۆلۈكتەك جانسىز ۋە روھسىز، توپا، چاڭ - توزان ئىچىدە ھايۋاندەك ئېغىناپ يۈرىدۇ. كىر يۇيۇش، مۇنچىغا چۈشۈشتەك ئىشلارنى بىلمەيدۇ. ۋۇجۇدلىرىنى غاپىللىق باسقان. ئىشلىمەيدۇ، شۇ سەۋەبلىك خار ۋە زەبۇن بولۇپ يۈرىدۇ. ئار - نومۇسلىرىنى يوقاتقان. ئىشلەشكە ئېرىنىپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ. مىللەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقىدۇ. بۇلارنىڭ نەزەرىدە نامراتلىق، تىلەمچىلىك قىلىش ئەيىب ئەمەسمىش، ئەكسىچە باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىش ئەيىب سانىلارمىش. بۇلار باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلغان كىشىنى «غالچا» دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ.

ئۆتكەن يىلى ياركەنتتىن كەتكەن بىر ئامبال خوتەنگە بېرىپ بەش - ئالتە سەردىن 40 قىز بالا ئالغان. مەزكۇر بالىلارنى ئاپىرىپ ئەمەلدارلارغا سوۋغات قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مۇنداق ئىشلار ئەيىب ئەمەس.

ئالتەشەھەرنىڭ موللىلىرى «بۇ دۇنيادا پېقىر ۋە موھتاج بولغان كىشىلەر ئاخىرەتتە ياخشى ئۆيلەردە گۈزەل قىزلارنى قۇچاقلاپ كەيىپ - ساپا سۈرىدۇ»، دەپ تەرغىب قىلىپ، ئۇ بىچارىلەرنى ئۈمىدلەندۈرۈپ كېرەكتىن چىقىرىدۇ.

قىسقىسى، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يىلتىزىنى كېسىدۇ. مىللەت ھۇرۇنلۇققا ئۆگىنىدۇ. ھۈنەر ـ كەسىپ، ئىش ـ ئوقەتتىن توختايدۇ. ئاقىۋەتتە بوغۇلىدۇ، يېرىدىن، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قەلەندەرچىلىك قىلىشقا باشلايدۇ. ئۆزىدە كۈچ ـ قۇۋۋەت قالمىغاندىن كېيىن ئالدىراش مازارلارغا بېرىپ ئۆلۈكلەردىن ياردەم سوراشقا كىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ ـ دە، ئاخىرەتكە سەپەر قىلىدۇ.

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ئىززەتلەپ بەك باي يەرلەرنى ئىنئام قىلغان. يەرنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش ئۇچۇن ئەقىلنى ئاتا قىلغان. كۆرۈشكە كۆز، تۇتۇشقا قول، مېڭىشقا پۇت بەرگەن، ئىشلەشكە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەن. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆز كىتابىنى چۈشۈرۈپ «ئىشلەڭلەر، تىنىماي ھەرىكەت قىلىڭلار...»، دەپ يارلىق قىلغان. مۇسۇلمانلار تەڭرى ئاتا قىلغان شۇنچىۋالا قىممەتلىك بايلىقلاردىن پايدىلىنىشنى بىلگەن بولسىدى، دۇنيادا ئۇلاردىن باي، ئۇلاردىن بەختـ ـ سائادەتلىك مىللەت بولمىغان بولار ئىدى.

ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلار بۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدى. تېمەتلەرگە كۇپۇرلۇق قىلدى. يەرلىرىنى، ئەقىللىرىنى ۋە باشقا ئەزالىرىنى سۇيىئىستېمال قىلدى. يەر ـ زېمىنغا شۇنچە باي تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلمەسلىكنىڭ ئۆزى ئەقىل ـ ئىدراك ۋە غەيرەت ـ شىجائەتنىڭ يوقلۇقىدىندۇر. ئەقىلنىڭ يوقلۇقى بولسا تەربىيەسىزلىكتىن كەلگەن ۋابادۇر.

ئۆسۈملۈك ۋە جاندارلاردىن تارتىپ ھەر نەرسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە كامالىغا يېتىشى تەربىيەگە موھتاج بولغاندەك ئەقىل ۋە پىكىرنىڭ ئۆسۈشىمۇ تەربىيەگە موھتاجدۇر.

زىرائەت، بېدە، گۈل ـ گىياھلارنى تېرىغان ۋە تىككەن

كۈندىن باشلاپ پەرۋىش قىلىش لازىم بولغىنىدەك، ئادەم بالىسىمۇ تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپ تەربىيەلەشكە موھتاجدۇر. بالىنى يېگۈزۈش، ئىچكۈزۈش، يۇيۇندۇرۇش، كىيىندۇرۇش، تەۋرىتىش، ماڭغۇزۇشتا مەخسۇس قائىدىلەر بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بالىنىڭ تېنى ساق - سالامەت بولىدۇ. تېنى ساق بالىنىڭ ئەقلىمۇ ساق ھەم كۆپ بولىدۇ. مانا شۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدىغان قائىدىلەرگە ناھايىتى قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك.

تەن ۋە ئەقىل تەربىيەسىنى ئۆز يولىدا ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئانا بولغۇچى قىز بالىلارغا «بالا تەربىيەسى» ئىلمىنى ئۆگىتىش كېرەك.

بالا تەربىيەلەشنىڭ ئۇسۇل - قائىدىلىرىنى بۇ ساياھەت خاتىرىلىرى ئىچىدە يېزىپ كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىش مېنىڭ ۋەزىپەممۇ ئەمەس. ئۇ ئۆز ئالدىغا چوڭ ۋە جىددىي كېرەكلىك بىر ئىلىمدۇر. بۇ ھەقتە بۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلار بار. بالىسىنى ياخشى تەربىيەلەپ ئادەم قىلغۇسى كەلگەن كىشى شۇ كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلسۇن.

مەن ئۆز نامىمدىن پەقەت شۇنىلا دېيەلەيمەن: بالىنى تىلى چىقىشقا باشلىغان چاغدىلا چىرايلىق، چۈشىنىشلىك سۆزلەشكە ئۆگىتىش كېرەك. ئاندىن چىرايلىق گۈل - چېچەكلەر، يايلاقلار، دەل - دەرەخلەر، زىرائەتلەر، مېۋە - چەۋىلەر، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق مەدەنلەر ھەمدە قىممەتلىك تاشلار، ئېقىن سۇلار، ئېگىز تاغ، ئويمانلىق، ھايۋانات ۋە ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، شۇ نەرسىلەر ھەققىدە بالىنىڭ ئەقلىگە قاراپ ئىلمىي سۆزلەرنى قىلىپ بالىنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپ تۇرۇش كېرەك.

ئاندىن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن نەپىس كىتابلار ۋە چىرايلىق سۆزلەر يېزىلغان كىتابلارنى كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئوقۇغان كىشى بىلەن ئوقۇمىغان كىشىنىڭ پەرقىنى ئىلمىي رەۋىشتە كۆرسىتىپ بالىنىڭ كۆڭلىدە ئوقۇشقا، ئىلىم ـ پەنگە مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىش كېرەك.

تىلى بەك ياخشى چىقىپ كۆرگەن ـ ئاڭلىغىنىنى ياخشى چۈشىنىپ ئەقىل كەلتۈرەلىگۈدەك ھالغا يەتكەندىن كېيىنلا مۇنتىزىم مەكتەپكە بېرىش كېرەك. مەكتەپ بالىنىڭ تېنى، پىكرى ۋە ئەقلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئۇيغۇنلاشقان بولۇشى، بالىغا دۇنيادا بەختلىك ياشاش يوللىرىنى، يەردىن پايدىلىنىش ئۇسۇللىرىنى بىلدۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە مۇنتىزىم بولۇشى كېرەك.

بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن شۇنداق ئاڭ ۋە چۈشەنچىلەرنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ھاياتلىق ئۈچۈن كېرەكلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنەلەيدۇ.

مانا مۇشۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ ئەقلى ئۆسىدۇ، پىكرى ئېچىلىدۇ. يەرنىڭ تەبىئىي بايلىقىدىن پايدىلىنالايدىغان چىن ئالىم، ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىپ راھەت تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. مانا شۇ چاغدا سىزنىڭ يېرىڭىزدە ئەخمەق، دىۋانە، قەلەندەر، گاداي دېگەندەكلەر دورىلىققىمۇ تېپىلمايدۇ.

ھازىرقى كۈندە ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇدى. ئوقۇغۇچى ئاز بولغاچقا نۇرغۇن مەدرىسەلەر ئۆي ۋە سارايلارغا ئايلاندۇرۇلغان. ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇشنىڭ سەۋەبى مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ تەرتىپسىزلىكى، شۇ سەۋەبلىك ئوقۇپ چىققانلارنىڭ ئىشقا يارىماس بولۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت.

بۇ ئىشنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. چۈنكى، ئىنسان بىرەر ئىشنىڭ ياخشى نەتىجىسىنى كۆرمەي ۋە ئۇنىڭ تەمىنى تولۇق تېتىماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەرگىز كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنى زامانغا لايىق قىلىپ ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان ئىلىم - مەرىپەت زامانىدۇر. بەخت - سائادەتنىڭ ئاچقۇچىمۇ شۇدۇر. بېشىدا ئەقلى، قولىدا ئىلىم - ھۈنىرى بار بولسا، مۇسۇلمانلارمۇ باشقىلاردەك راھەت - پاراغەتتە بەختلىك ياشىغان بولاتتى. شۇنداق باي يەرگە خوجا بولۇپ تۇرۇپ ئالتەشەھەرلىكلەر يەنە ئۆزلىرىنىڭ گادايلىقىنى خۇدادىن، تەقدىر - قىسمەتتىن كۆرىدۇ. بۇ پەقەت ئەقىلگە سىغمايدىغان، قاملاشمىغان ئىش.

نامراتلىق، موھتاجلىق، بۇزۇقلۇق، ساپاسىزلىق، خار - زەبۇنلۇق، بىچارىلىك، دەرۋىشلىك، مىسكىنلىك، قەلەندەرلىك، دىۋانىلىك دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلىقنىڭ، ئىسلامنىڭ بەلگىسى ئەمەس. بۇ ئىشلار ئىسلام نەزەرىدە بەك قەبىھ، ناچار ئىللەت دەپ قارىلىدۇ. مۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش كېرەك. بۇنىڭ تومۇرى ھورۇنلۇق، تەييارتاپلىق، ئاڭسىزلىق، ئەقىلسىزلىك، جاھالەت ۋە نادانلىقتۇر. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ يىلتىزى بولغىنىدەك ياخشىلىق، يامانلىقنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق يىلتىزى بولىدۇ. دەل - دەرەخنىڭمۇ ھارام شېخى پۇتىلىپ، يىلتىزىغا ئوغۇت بېرىلىپ پەرۋىش قىلىنىدۇ. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش بايلىق ۋە نامراتلىقنىڭمۇ يىلتىزىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بايلىقنىڭ يىلتىزى بولسا ئىلىم - مەرىپەتتۇر. سانائەت، تىجارەت ۋە تېرىقچىلىق ئىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىش كېرەك.

ياۋايىلىق ۋە مەدەنىيلىك، تەرەققىيات ۋە زىددىيەت، ھۆكۈمرانلىق ۋە مەھكۇملۇق، ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئىلىم ـ پەنگە باغلىقتۇر.

نوشىرۋان يائۇشېف، ياركەنت

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1946 ـ سانىدىن).

# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (8)

## (خوتەن - كېرىيە)

ئېتىزلار ئاق، دەرەخ يوپۇرماقلىرى سارغايغان، ھاۋا سوغۇق، ئەتىگەن - كەچتە قىروۋ چۈشۈشكە باشلىدى. كۈز كەلگەن پەيتتە كۈز يامغۇرى ياغمىدى. كۈز بورىنى توختىمىدى. غاز - ئۆردەكلەر ئۇچمىدى. سەھرادىكى پىچانلار قۇرۇپ بولدى. ئامبارلار ئاشلىققا تولدى. غازلار سەمرىپ كۆچۈشكە ھازىرلىنىپ بولغان بولسىمۇ ئۇچۇشقىنى كۆرۈنمىدى. بۇخارا ۋە تۈركىستان تەرەپلەردىكىدەك «سۈننەت تويى» قىلىپ، ئوغۇللىرىنى جابدۇپ، كاناي - سۇناي چالغان ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ. پەسىل ئۆزگىرىشىگە قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ ھاۋا تەبىئىتى ئانچە ئۆزگەرمەيدۇ. ئادەملەرمۇ بىر تەرزدە تۇرۇۋېرىدۇ. ياز، كۈز، ئەتىياز ۋە قىش پەسىللىرىگە قاراپ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىۋەرمەيدۇ. بالىلارمۇ قىش كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇغىلى ئاتلاندى. ئۆمۈر ئۆتەر، سۇ ئاقار، شامال ئۇچار، لېكىن ئىشلىگەن ئىش كۆرۈنمەس.

توختا، بۇنداق يېتىۋەرسەم بولمايدۇ. 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېرىيەگە قاراپ ئاتلاندىم. ئاران تەستە لوپ بازىرىغا كەلدىم. لوپ — خوتەنگە قارايدىغان بىر يۇرتنىڭ مەركىزىدۇر. لوپنىڭ يېرى مۇنبەت، ھاۋاسى ياخشى. 50 — 60 مىڭچە نوپۇسى، يەتتە - سەككىز قازى، بېگى بار. خەلقى ئېكىنچىلىك، بۆز ۋە گىلەم توقۇشنى كەسىپ قىلغان.

بىر سارايغا كىرىپ چۈشەر - چۈشمەيلا خوتەندە تونۇش-

قان ئاغىنىلەردىن بىرى كېلىپ «سىزنى ھاجى مۇھەممەت بەگ چاقىردى»، دەپ ئالدىرىتىپ ئېلىپ ماڭدى. مۇھەممەت بەگ ئەپەندى چىن مۇپەتتىشى شۇن يۇشى دارېنغا مۇۋەققەت تۇختىچى — تىلماچ بولۇپ كەلگەنىكەن. كىچىكرەك بىر ئۆيدە دارېننى ئۇزىتىپ كەلگەن خوتەن بەگلىرى ۋە قارشى ئېلىش-قا كەلگەن چىرا ۋە كېرىيە بەگلىرى ھەم بىرنەچچە بايلار شورپا پىشۇرۇپ ئولتۇرۇپتىكەن. سالام بىرىپ ئۆيگە كىر-دىم. ھەممەيلەن ئورنىدىن قوپتى. مەنمۇ ھەممىسى بىلەن قا-ئىدە بويىچە كۆرۈشتۇم. تۆردىن ئورۇن كۆرسىتىشتى، ئول-تۇردۇم. ھېسسىپ ئەكەلدى. بەك تەملىك، يېيىشلىك تائامكەن. مۇھەممەت بەگ ئەپەندى «بىز مۇشۇنداق بەك ياخشى بىر تائام ئەتتۇق»، دېدى. بىرەيلەن مۇھەممەت ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇل-لىرى 300 مىڭ سوم خىراجەت قىلىپ بىر دانە يوڭ يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى ئېلىپ كەلمەكچى بولدى. «بۇ ئىشقا ھۆكۈمەتنىڭ ئىجازىتىنىمۇ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ»، دېدى.

— بەك ياخشى ئىشكەن. ئاللاھ مۇۋەپپەقىيەت بەر-سۇن، — دېدىم. سەھەردىلا يولغا چىقتىم. قۇملۇق يولنى بويلاپ 60 چاقىرىم چامىسىدا يول يۈرۈپ ئەتىسى چىرا با-زىرىغا كەلدىم. چىرا — كېرىيەگە تەۋە بىر يۇرتنىڭ ئوتتۇ-رىسى. رۇس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرىدىن باشقا 2000 ئۆيلۈك خەلق بار.

بۇ ئەتراپتا ۋاقتىلىق نىكاھ ۋە بۇزۇقچىلىق بەك تەرەق-قىي قىلغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن يۇقۇملۇق كېسەللەر كۆپ تارقىلىدىكەن. مەيلى لوپ، ياكى چىرىدا بىرەرمۇ تەرتىپلىك مەكتەپ يوقكەن. بالىلىرى ئىلىم، ئەدەپ ۋە ئەخلاقتىن مەھرۇمكەن. تازىلىق ۋە تاھارەتكىمۇ رىئايە قىلمايدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ۋابا دېگەندەك قورقۇنچلۇق كېسەللەر يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. ھەركىمنىڭ ئۆز ئادىتى ۋە ئۆزگە يارىشا قارىشى

بولىدۇ. مەن بۇ خەلقنى تازىلىققا رىئايە قىلمايدىكەن دەپ ئە-
يىبلىسەم، ئۇلار مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ياراتمىدى. بىر سە-
پەردىشىم ماڭا: «سىز ئەمدى سوپۇن بىلەن يۇيۇنماڭ. بۇ يې-
زىنىڭ خەلقى شۇنداق قىلىشنى قاتتىق ئەيىب كۆرىدۇ»، دې-
دى. سەۋەبى شۇ ئىكەنكى، بۇ يەردە خوتۇن ـ قىز ۋە بەچ-
چىۋازلارلا سوپۇن بىلەن يۇيۇنارمىش.

چىرىنىڭ يوللىرىدا قولىغا تاياق تۇتقان، بېشىغا سەللە
ئورىغان جاپاكەش كىشىلەر بەك كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار سودى-
گەر ئەمەس، ئېشەكچى ياكى تۆگىچىمۇ ئەمەس، باشقا بىر
ئىش بىلەنمۇ ماڭمايدۇ. بۇلار زىيارەتچى دەرۋىشلەردۇر. بۇلار
بىرىنچى 15 كۈنلۈك، يېرىمى 15 كۈنلۈك يەرگە ئىمام جەپە-
رى سادىق مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىمىز دەپ ماڭىدۇ.
بۇلارغا: «ئۇ ئىمام جەپىرى سادىق مازىرى بۇ يەردە يوق. ئۇ
بۇ يەرگە كەلمىگەن. يوق نېمىگە مۇشەققەت تارتىپ يۈرۈيسى-
لەر» دېسەڭ، بېشىڭغا قىيامەت كۈنىنى كۆرسىتىدۇ.

گۇلاخ[①]، تەماكو[②]، قاراقىيا[③] دېگەن مەنزىللەرنى بېسىپ
ئۆتۈپ، تۆتىنچى كۈنى كېرىيەگە يېتىپ كەلدىم. كېرىيە بى-
لەن خوتەننىڭ ئارىلىقى 370 چاقىرىم چامىسىدا بولۇپ، بۇ
يەرلەر قۇملۇق، قومۇشلۇق، ئاندا ـ ساندا يىكەنلىك ۋە دە-
رەخلىكلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇلاردىن باشقا دىققەتنى جەلپ
قىلغۇدەك گۈزەل مەنزىرىلەر، بۈيۈك تاغلار، تېرەن جىل-
غىلار، كۆللەر، يىلقىلار كۆرۈنمەيدۇ. دىققەتنى جەلپ قىلغۇ-
دەك نەرسە بولسا يول بويىدىكى قەبرىلەردۇركى، ھەربىر
قەبرىگە ئۇزۇن خادىلار ئورنىتىلغان، خادىلارنىڭ ئۇچىغا قو-
تاز قۇيرۇقى ئېسىلغان. ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسىگە بولسا خا-

① گۇلاخ ـــ چىرا ناھىيەسىنىڭ گۇلاخما يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.
② تەماكو ـــ چىرا ناھىيەسىنىڭ دامۇكۇ يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.
③ قاراقىيا ـــ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ قاراقىي يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

دىلار تېخىمۇ كۆپ ئورنىتىلىدۇ. لېكىن خوتەننىڭ ئۆچىغا قوتاز قۇيرۇقى ئورنىغا ئۆچكە تېرىسى[1] ئېسىپ قويىدۇ. بۇ تەرەپتە ئەۋلىيالار قەبرىسى بەك كۆپ بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەربىر قەبرىگە 30 — 40 تىن ئۆچكە تېرىسى ئېسىپ قويىدىكەن.

خوتەندىن كېرىيەگە قەدەر قاسىم ھاجى ئىسىملىك بىر سودىگەر بىلەن بىللە كەلگەنىدىم. قاسىم ھاجى مېنى ئۆيىگە چۈشۈرۈپ قونۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ يەردە بىر كىشى ئۇزاق سەپەردىن قايتىپ كەلسە يېقىنلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى كۆرۈشكىلى كېلىدىكەن. شۇ ئادەت بويىچە قاسىم ھاجىنىڭ ئۆيىگە بەك كۆپ كىشى كەلدى. قوقاندىكى ۋە ئەنجاندىكى بازار ئەھۋالىنى بەك ئىنچىكە سوراشتى. مويسىپىتلار «ساقىلىنى سىلاپ ياتقان بۇيرا، پۇرگەك چۇيدە» دې. دى. بۇ سەپەرگە چىققان ئادەم ئالتە ئايدا ئەنجانغىچە بېرىپ كەلدى دېگىنى ئىكەن. كېرىيەنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ياش بايلىرىدىن تۇرسۇن ئاخۇن جانابلىرى مەن ئۈچۈن مەخسۇس ئۆي ھازىرلاپ مېنى شۇ ئۆيىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. تۇرسۇن ئاخۇن جانابلىرىنىڭ بۇ ئېھتىرامىغا تەشەككۈردىن ئاجىزمەن. مېھمانسارايلىرى بەك قاراڭغۇ ھەم قالايمىقان بولىدىكەن. ئىشىكىنىڭ ھاۋا ئۆتۈشىدىن قۇلاقلىرىڭ پۈتۈپ كېتىدىكەن.

تۇرسۇن ئاخۇن تاتارچە گېزىتلەرنى بەك سۆيۈپ ئوقۇيدىكەن. تاتار مەتبۇئاتى بىلەن دوست بولۇپ قالغانىكەن. تاتارچە پەننىي ۋە يېڭى چىقىدىغان ئەدەبىي كىتابلارنى ھەۋەس ـ ئارزۇ قىلىشى بەك ياخشىكەن. ئورېنبۇرگدىن كىتاب سورىتىپ كاشغەردە بىر كىشىگە 60 سوم پۇل بەرگەن بولسىمۇ،

① ئۆچكە تېرىسى — ئىچىگە سامان چىڭقىلىپ مازارلاردىكى خادىلارنىڭ ئۇچىسىغا ئىشلىتىدىغان تۇلۇمنى كۆرسىتىدۇ.

يەتتە ـ سەككىز ئاي بولۇپتۇ. نىمە سەۋەبتىندۇر كىتابلار تېخىچە قولغا كەلمەپتۇ. بۇ يەردىكى مەدرىسە تالىپلىرىمۇ كىتابقا بەك موهتاج ئىكەن. «گېزىت سېتىۋېلىشقا پۇل تۆلىگەن بولساقمۇ كەلمىدى»، دېگەن سۆزلەرنى بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەردىمۇ، مەسىلەن، ياركەنتتىمۇ بىرنەچچە كىشىدىن ئىشىتكەنىدىم. ئالتەشەھەردىمۇ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار يوق ئەمەس. ئاز بولسىمۇ ئىشقىلىپ بار. پەقەت گېزىتلەرنى قانداق ئالدۇرۇپ كېلىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا چىن پوچتىسى روسىيەدىن كەلگەن خەتنى ئالمايدۇ. چىن شەھەرلىرىدە روسىيەدىن كەلگەن خەتلەرنى كىرگۈزۈش توغرىسىدا كېلىشىم يوقمۇ؟ مەن بۇ خەقنىڭ كۆپ كىشىلىدرىگە، ھەتتا پوچتا مەمۇرلىرىغىمۇ مۇراجىئەت قىلىپ باقتىم. لېكىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ۋە مەلۇمات ئالالمىدىم. مەن ئۆزۈم چىن ماركىسى بىلەن بىرنەچچە پارچە خەت ئەۋەتتىم. ئۇلار تەگدى بولغاي، روسىيە ماركىسى بىلەن ئەۋەتكەن خەت ـ گېزىتلەر نىمە سەۋەبتىن بۇياققا كەلمەيدۇ؟ بۇ ھەقتە، يەنى گېزىت ئېلىش توغرىسىدا مۇنداق مەسلىھەت بېرىمەن. كاشغەر، غۇلجا، ئورۇمچىدەك روس پوچتىسى كېلىپ تۇرىدىغان شەھەرلەرگە بارىدىغانلارغا ھاۋالە قىلىپ، شۇ كىتابخانىلار ئارقىلىق ئالتەشەھەرگە گېزىت ۋە رىسالىلەرنى تارقىتىش كېرەك ياكى گېزىت ۋە كىتابخانا ئىدارىلىرى مەزكۇر شەھەرلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىش كېرەك. ئەگەر راسخوتىنى كۆتۈرسە، ئاۋامدىن مۇۋاپىق بىرسى تېپىلسا شۇ شەھەرنىڭ ئۆزىدە تۇرغۇچىلار ئارىسىدىن ئىشەنچىلىك كىشى تېپىپ قويسا بولىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالغا قارىتا بىر چارە كۆرۈش كېرەك.

جاھاندىن خەۋەردار، ئوچۇق پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن سۆزلەشسە بەك قىزىق ۋە راھەت بولىدىكەن. تۇرسۇن ئاخۇن

بىلەن سائەت 4 كە قەدەر ئولتۇردۇق. نىھايەت، مەن ئۆزگە ئۇخلاشقا ياندىم. ئەتىسى سەھەردىلا يېقىن بىر مەسچىتتىكى نامازغا باردۇق. بىز بارغاندا مەسچىتتە بىرمۇ كىشى يوق ئىدى. بىرئازدىن كېيىن مۇئەززىن كېلىپ ئەزان تۇۋلىدى. ئارقىدىن جامائەت يىغىلدى. ناماز ئوقۇدۇق. پەرز ناماز تامام بولغاندىن كېيىن بىر كىشى تۇرۇپ: «قېرىنداشلار! مەن ھاجى ئىدىم، خىراجىتىم تۈگىدى. ياردەم قىلساڭلار»، دېدى. كىشىلەرنىڭ كۆپرەكى چىقىپ كەتتى. قالغان 10 نەچچە ئادەم بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇردى. ھېلىقى كىشى تىلەشنى داۋام قىلدى. شۇ ئارىدا ئىمام مېھرابتىن بىر قاپچۇقنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئاچتى. «ھاجىغا پۇل بېرىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم. پەقەت ئۇ قاپچۇقنى نامازخانلار ئارىسىغا ئېلىپ كېلىپ تۆككەندە، كۆردۇمكى، قاپچۇق ئىچىدە پۇرچاقتەك كىچىك تاشلار تۆكۈلدى. بۇلار نېمە بولغىيتتى ئەمدى؟ بۇ چۈشۈم بولمىغىدى. مەسچىتتىكى كىشىلەر تاشلارنى سىقىمىغا ئېلىپ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دەپ بىرى بىرىگە بېرىشىپ تۇردى. قولىغا ئالغان تاشنى ئېشىپ قالغان تاشقا قوشمىدى. بۇ ئىشنى كۆرۈپ خوجا نەسىردىننىڭ كۈن ھېسابىنى چىقىرىشقا ئىشلەتكەن تاشلىرى ئېسىمگە كەلدى. «بۇنى تاش بىلەن ھېسابلاش دۇنيادا بار ئىش بولغاچقا نېمىگە قويسا يۇرۇۋېرىدۇ. بۇ (تاشتا) بىر ھېكمەت بار»، دېگەنلەرنى ئويلاپ تاشنىڭ ھېكمىتىگە كۆز تىكتىم. مەسچىتنىڭ ئىچى ھەرە كۆنىكىدەك بولۇپ «لائىلاھە ئىللەللاھ» كەلىمىسى بىر باشتىن يەنە بىر باشقا تەكرارلانغىلى تۇردى. بىرئاز ئولتۇرۇپ ياققان بولسامۇ، تىزلىرىم ئۇيۇشۇشقا باشلىغانلىقتىن، چىدىيالماي مەسچىتتىن چىقىپ كەتتىم. مەسچىتتىكىلەر ئايەت ئوقۇپ قېلىشتى. بۇ ئىش ماڭا ئاجايىپ تۇيۇلغاچقا، بىرمۇنچە كىشىلەردىن بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى

سوراپ باقتىم. بىرى «خەتمە» دەپ جاۋاب بېرىپ، «ئاشۇ تاشلار تۈگىگەنگە قەدەر، ‹لائىلاھە ئىللەللاھۇ›، ‹سۇبھانەللاھ›، ‹ئەلھەمدۇلىللاھ›، ‹ئاللاھۇ ئەكبەر› دەيدۇ. بۇ تاشلار قۇياش چىقىپ ئازراق كۆتۈرۈلگەندە ئاندىن تۈگەيدۇ»، دېدى.

كېرىيەدە 70 — 80 ئۆيلۈك رۇس پۇقراسى ۋە 40 — 50 ئۆيلۈك ئىنگلىز پۇقراسى بار. يەرلىك خەلقنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 70 — 80 مىڭ ئەتراپىدا چىقىدۇ. يېزا نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. كېرىيە خەلقى ياركەنت ۋە خوتەن خەلقىگە نىسبەتەن باي، ئەمگەكچان كېلىدۇ. كەسىپلىرى ئالتۇنچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قىسمەن سودىگەرچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى ئومۇمىي 1963 - سانىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مەركىزىي ئاسىيادا دىنىي ۋە مىللىي بايراملار

مەيلى رۇس تۈركىستانى ياكى ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىدا ئىككى ھېيت ئۆزگىچە ئۆتىدۇ. نامازدىن چىققان دوست - بۇرادەر، ئاغا - ئىنى: «ئايەم مۇبارەك بولغاي»، دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ئۆيدىن - ئۆيگە پەتىلەپ يۈرۈپ تەبرىكلىشىدۇ. بۇ يەردە ئاش - سۇ ئۈنچىلىك تۆكمە بولمايدۇ. سۈننەت تويىدىكىدەك ئارتۇقچە تەكەللۇپلەرمۇ بولمايدۇ. ئاچچىقلىشىپ قالغانلارمۇ ئۇچرىمايدۇ. باينىمۇ ئۆزىگە يارىشا كۈتىدۇ. تىلەمچى كەلسىمۇ، بۇ كۈندە ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ.

ئىككى ھېيت كۈنىدە ۋە نورۇز بايرىمىدا خالىغان يېڭى كىيىملىرىنى كىيىدۇ، ياسىنىپ رەتلىك يۈرىدۇ. ياش باللار يېڭى چىققان كۆكلەر ۋە دۇمباقلار بىلەن ئوينايدۇ. قول - ئىلكىدە بارلار بۇ كۈنلەردە خوراز سوقۇشتۇرىدۇ، ئوغلاق تارتىشىپ ئوينايدۇ.

ئالتەشەھەردە بايرام شادلىقىغا خوتۇن - قىزلارمۇ قېتىلىدۇ. مەيلى دىنىي بايرام، ياكى مىللىي بايرام بولسۇن، ئەرلەردىن قاچمايدۇ. خوتۇنلارمۇ ئەرلەردەك بايرامنى قۇتلۇقلىشىپ يۈرىدۇ. ئوينايدۇ، كۈلىدۇ، يېقىنلىرى - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ.

پەقەت خوتۇن - قىزلار دۇنياسىغا بەك تار كۆز بىلەن قارايدىغان پەرغانە مۇسۇلمانلىرىدا كۆپ سانلىق شەھەرلەردىكىدەك باراۋەرلىك ئاساسى يىمىرىلىشكە باشلىغان، يەنى خوتۇن - قىزلار بايرام قىلالمايدىغان بولغان. پەرغانىدە نو-

رۇز بايرىمى ئاساسەن «كۆكەردى» ئويۇنى بىلەن ئۆتىدۇ. ئالتەشەھەردە بولسا ياز بېشىدىن ئورما ۋاقتىغىچە، ئەۋلىيا مازارلىرىغا زىيارەتكە چىقىپ كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئېلىشىش ۋە چېلىشىشتەك كۈچ سىنىششلار بولمايدۇ. دېمەك، مىللىي بايراملاردا مىللىي پائالىيەتلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋلۇت كۈنى ۋە مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشى مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى مەكتەپلەردە بايرام قىلىدۇ. ئەمما، ئالتەشەھەردە بۇ كۈنلەردە بايرام قىلىنمايدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1970 ـ سانىدىن).



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (9)

## ئۇلار پۇل تېپىش ئۈچۈنلا

كاشغەردە قىزىق ئىشلار جىق. بىرنەچچە چىنلىق مۇسۇلمان بولۇپ، تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىدى. قازىلارغا مۆھۈر باستۇرۇپ، مۇسۇلمانلىق «شاھادەتنامە»سىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆيمۇ ئۆي تىلەپ يۈرۈپ پۇل يىغىشقا تۇتۇندى. «شاھادەتنامە»دىكى: «خۇدا ھىدايەت بېرىپ مۇسۇلمان بولدى، ئۆزى كەمبەغەل ئىكەن، ياردەمگە موھتاج»، دېگەن خەتنى كۆرگەن خەلقلەر ھېچبىر ياردەمدىن تارتىنمايدۇ. ئاخىرىنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن، خۇشلۇقىدىن ھەممە نەرسىسىنى بېرىدۇ.

ئەگەر بۇ يېڭى مۇسۇلمانلار ئىشتىن قالغان قېرى ياكى زەئىپ كىشى بولسا، سۆزلىمىسەكمۇ بولىدۇ. دىن ئۈچۈن بولمىسىمۇ، ئىنسانىيلىق يۈزىسىدىن ياردەملىشىشى كېرەك دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۇلار ئىسلامىيەتنىڭ روھىنى بىلىپ، مۇقەددەسلىكىنى چۈشىنىپ، قائىدە ـ نىزاملىرىغا بويسۇنۇپ، چىن كۆڭلىدىن مۇسۇلمان بولمايدۇ. مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلىقنى دەسمايە قىلىپ تىلەمچىلىك قىلمىغان بولسا، بايلىرىمۇ مۇسۇلمان بولسا، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پۇلنى تېپىپ بېيىغاندىن كېيىن، ئۆز دىنىغا قايتىپ كەتمىسىدى!

مەن بۇ ئىش بىلەن مۆھۈر باسقان قازىلارنىمۇ، سەدىقە بەرگەن بايلارنىمۇ قوللىمايمەن. خۇشلۇقىغا قوشۇلمايمەن.

بەلكى، ئەپسۇسلىنىمەن. بۇنداق «مۇسۇلمان كۆپەيدى» دېيىش ئورۇنسىزدۇر. چۈنكى، بۇ بەك ناچار ئىش بولۇپ، ئىسلامىيەتنىڭ نامىغا قارا سۈرۈشتىن باشقا پايدىسى يوقلۇقى كۆزدەك ئوچۇق ئىشتۇر.

مېنىڭ يۈرىكىمنى تاتىلىغان ھەم بۇ ھەقتە ماقالە يېزىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە شۇكى، روھانىيلىرىمىز بۇ «يېڭى مۇسۇلمانلار»غا دىنىمىز ئىسلامنى گادايلىق ۋە تىلەمچىلىكتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتكەنلىكىدۇر.

چىنلىقنى مۇسۇلمان قىلىمەن دەپ جاپا تارتقۇچە، ئۆزلىرىنى «چىن مۇسۇلمان» قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپسا ياخشى بولار ئىدى.

ئاجايىپ ئەھۋال! بىزنىڭ كۆزىمىزگە نېمە بولدىكىن؟ تويمىغاننى كۆرىمىز، تويغاننى كۆرمەيمىز. بىر چىنلىق مۇسۇلمان بولسا، مۇسۇلمان دېگەن نامنى ئالسا شادلىنىمىز، شادلىقىمىز ئىچىمىزگە سىغمايدۇ. ئەمما، 100 لەرچە مۇسۇلمان بالىلىرى چىنلىقلارغا سېتىلىپ، چىنلىق بولۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋىرىمىز يوق، كۆرەلمەيمىز. كاشغەر ۋە ياركەنتتە شۋېت مىسسىيونېرلىرى نەچچە يىللاردىن بېرى مۇسۇلمان بالىلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە تەربىيەلەۋاتىدۇ. بىز بۇنىمۇ كۆرمەيۋاتىمىز. كۆزلىرىمىزنى چوڭراق ئېچىپ قارىساق، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپەيگىنىنى ئەمەس، بەلكى ئازدىيىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

بىز شۇنداق دەپ كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا قول سوزۇپ، يەردىكى قۇندۇزلاردىن قۇرۇق قېلىۋاتىمىز. بىر باشقۇرت: «پالتا بېرىپ چوشلى ئالدىم، تاتارنى ئالدىدىم!» دەپتىكەن. ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى دەل شۇ باشقۇرتقا ئوخشايدۇ.

خۇلاسە: چىنلىقلار مۇسۇلمان بولمايدۇ. ئىشسىزلىق ۋە ھۇرۇنلۇقىدىن پۇل تېپىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. بىرنەچ-

چە چىنلىقنىڭ «لايلالا» دېيىشلىرى بىلەنلا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپەيمەيدىغانلىقى بىزگە مەلۇمدۇر. شۇڭا، تىلەمچى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپەيمىگىنىمۇ ياخشى. بۇنداقلار بىزنىڭ ئۆزىمىزدىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ئىشقا سۆيۈنۈش ئەمەس، ئېچىنىش كېرەك. گادايلارنى كۆپەيتىشكە ئەمەس، مۇمكىنقەدەر ئازايتىشقا تىرىشىش كېرەك. بۇ ئىش يېتىم ۋە بىچارىلەرگە «ياردەمخانا»لەرنى ئېچىپ، ئىشقا يارايدىغانلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تۈزىلىدۇ.

چىنلىقلار چىنلىق پېتىچە تۇرسۇن. بىز ئۆز بالىلىرىمىزغا ئىگە بولايلى! ئۇلارنى چىن مۇسۇلمان ۋە چىن ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە تىرىشايلى. بۇ ئىز تەرتىپلىك مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ يۈرەكلىرىگە خۇراپاتلىقتىن پاكىزلانغان، ساپ بولغان ئىسلامىيەت ۋە چىن مىللەت روھىنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، مۇسۇلمانلار كۆپىيىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا سەپالەت، ئاسارەت ۋە رەزالەتتىن قۇتۇلىمىز.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، كاشغەر

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى ئومۇمىي 1993 - سانىدىن).





# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (10)

## ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە «ھۇرۇن، ئىشلىمەيدۇ، ئىقتىساد يولىنى بىلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۇرمۇشى بەك ناچار»، دېگەندەك مەزمۇندا كۆپ ماقالە يېزىلدى. بۇ يازغانلىرىم ئۆز نۆۋىتىدە توغرا بولسىمۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، «ھەرىكەت بار، بەرىكەت يوق»كەن دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم.

قەلەندەر، گاداي ۋە ئىشانلاردىن باشلاپ، نانچى ـ سۇچى، كىرچى ـ سوپۇنچى، ئېشەكچى ـ تۆگىچى، ئوتۇنچى ـ سامانچى، تۆمۈرچى ـ تىككۈچى، ئاشپەز ـ نانباي، باققال ـ سودىگەر، دېھقان ۋە گىلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى «جان ساقلاش» يولىدا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئېشىنى ئىسراپمۇ قىلمايدىكەن، بېيىشقا تىرىشىۋاتسىمۇ، بېيىمايدىكەن.

شۇنىڭغا ئوخشاش مەكتەپ ـ مەدرىسەلەردە قىش ـ ياز، كېچە ـ كۈندۈز ئوقۇسىمۇ، ھېچبىر نەرسە بىلەلمەي، چۆپچى(ئەخلەتچى) ـ نادان بولۇپ قالىدىكەن. دېمەك، ھەرىكەت بار، بەرىكەت ۋە سەمەرە يوق. بۇنىڭ سەۋەبى قىلغان ئىشنىڭ تەرتىپسىزلىكى ۋە ھەرىكىتىنىڭ مەنتىقسىزلىكىدىندۇر.

بۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاساسىي جەھەتتىن «يالغان مۇدا»، نېسى، جازانىدەك چىرىك بويۇنتۇرۇقلار ئۈستىگە قۇرۇلغان.

مەئىشەت ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ سايمانلىرى ئۆز يەرلىرىدىن تېپىلسىمۇ، ئۆز قولى بىلەن ئىشلىيەلمەي-

دۇ. بۇ سەۋەبتىن مەئىشەت ئەسۋابلىرىنىڭ كۆپىرەكىنى چەت-تىن ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگۈ-چىلەرنىڭ سانى ھەر شەھەردە ئۈچ - تۆت كىشىدىن ئېشىمايدۇ. مانا مۇشۇ سودىگەرلەر چەتتىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرى-نى بىرگە بىر ئۆسۈم بىلەن شەھەردىكى كىچىك دۇكانلارغا تارقىتىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئۇ ماللار قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يۈرۈپ، بىر تىيىنلىك مال بەش تىيىنغا چىقىدۇ.

يۇقىرىقىلار چەتتىن كېلىپ تارقىلىۋاتقان ماللار ھەق-قىدە سۆزلەيدىغانلىرىم. ئۆز يەرلىرىدىن چىقىدىغان يېمەك - ئىچمەكمۇ شۇ ئۇسۇلدا سېتىلىدۇ. بۇ يەردە ئۆز ئاشلىقى بى-لەن تاماق ئېتىپ يەيدىغانلار بەك ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن-مۇ نۇرغۇن كىشى يالغان سودىگەرلىك قىلىدۇ. بۇلار بۇغداي ياكى ئۇن ئېلىپ ئۆزى پىشۇرۇپ يېمەيدۇ. بازاردىن تەييار نان سېتىۋېلىپ يەيدۇ. شۇڭا، كۆپىنچىسى ئاشخانىدا ئىشلەيدۇ. شۇنداقلىقىدىن مەيلى ئىشلەپچىقىرىش، ياكى دېھقانچىلىق ھەممىسى قىممەتكە چۈشىدۇ. بۇنداق «يالغان ھەرىكەت»تە قانداقمۇ بەرىكەت بولسۇن؟.

ئالتەشەھەرنىڭ بايلىقىنى يوقىتىپ ۋە بەرىكىتىنى ئۇ-چۇرۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسە — «سودىگەرچىلىك» نامى بىلەن نېسىگە تارتىشىپ، بىر كىشىلىك ئورۇننى مىڭلارچە كىشى-نىڭ ئىگىلەپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، ئىقتىسادنىڭ تومۇرىنى بوغۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى نەرسىدۇر. بۇنىڭ بىرى - «گۆرۈ» بولۇپ، بۇ ئىش چىنلىقلارغا مەخسۇس بىر تىجارەتتۇر. چىنى-لىقلار بۇنىڭ سايىسىدە بەك بېيىپ كەتكەندەك، مۇسۇلمانلار ئەكسىچە، بىرنەچچە كۈندە مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ ئاند-دىن تۇغما بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، گۆرۈخانىنى چىنلىقلار ئاچسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىجارىتىنى روناق تاپقۇزىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلاردۇر. يەنە بىرى بولسا جازانىخورلۇق بولۇپ، شەرىئەتتە ھارام قىلىنغان ئۆسۈمدىنمۇ ئېشىپ كې-

تىدۇ. بۇ ئىش ھىندى ۋە چىنلىقلارغا خاس ئىش بولسىمۇ، بۇنىڭدىن مۇسۇلمان بايلارمۇ قۇرۇق قالمىغان. ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، بىرنى بىر يېرىم قىلىپ ياندۇرۇش ۋەدىسى بىلەن جازانىگە پۇل تارقىتىدۇ. بۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بۇ ئازغۇنلۇقى ئاڭسىزلىق ۋە نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئاڭسىزلىق ۋە نادانلىقنىڭ سەۋەبى بولسا، زامانغا مۇۋاپىق تەربىيە كۆرمىگەنلىكىدىندۇر.

بۇلارنى ھازىردىن باشلاپ، مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغىنى مۇئەللىم ۋە مەتبۇئات، يەنى گېزىت ـ ژۇرناللاردۇر.

گېزىت ـ ژۇرناللار، مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئىچىدىن ئەڭ مۇھىم بولغانلىرىنى تاللاپ چىقىپ، قىسقىچە بولسىمۇ، مەلۇمات بېرىپ تۇرىدۇ. گېزىتنىڭ خىزمىتىغۇ شۇ! گېزىت ۋە مەتبۇئات — تۇرمۇش ۋە ھاياتنىڭ كارتىنىسىدۇر. مىللىي مەتبۇئات — مىللىي تۇرمۇشنىڭ ئەينىكىدۇر. ئۇ تۇرمۇشنى ئوڭدىنمۇ، سولدىنمۇ كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇش ئۈچۈن پايدىلىق ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. «مانا بۇ پايدىلىق، بۇنى قىل! مانا بۇ زىيانلىق، بۇنى قىلما»، دەپ تۇرتۇپ كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، گېزىتنىڭ خىزمىتى بەك مۇھىم ھەم بەك مۇقەددەستۇر. گېزىت — ئوقۇرمەننى توغرا يولغا باشلايدۇ، بېشىغا توغرا پىكىر كىرگۈزىدۇ. بۇ كۈنلەردىمۇ گېزىت پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مەقبۇل ۋە مۆتىۋەردۇر. شۇڭا ئالتەشەھەرلىك قېرىنداشلاردىن: «گېزىت سۆزى كىتاب سۆزى ئەمەس»، دېگەندەك سۆزلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن ئاڭلىمىسام، ئۆزۈمنى بەك بەختلىك ھېسابلار ئىدىم.

دۇرۇس، «گېزىت سۆزى كىتاب سۆزى ئەمەس»، ئەمما، خۇراپات ۋە ئەپقاچتى رىۋايەت بىلەن تولغان كىتابلار بىلەن

گېزىتنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بەك چوڭ!

دۇرۇس، ئالتەشەھەردە مەتبۇئاتنىڭ قىممىتىنى بىلى-
دىغان مۆھتەرەم زاتلار يوقمۇ ئەمەس، بار، ئەمما بەك ئاز
بولسىمۇ، بارلىق ئۈمىد شۇلارغا باغلانغان. ئۇلارنىڭ ھەربىرى-
بىردىن سائادەت يۇلتۇزى ۋە ئەزىز مىللەت خادىمىدۇر. جاھا-
لەتتە ئاداشقان قېرىنداشلىرىغا يولباشچىلىق قىلىش، ئۇلار-
نى توغرا يولغا سېلىشمۇ شۇ ئاڭلىق ۋە پىكىرلىك، كۆزى ئو-
چۇق زاتلارنىڭ ئىشىدۇر، قەرزىدۇر، مۇقەددەس خىزمىتىدۇر.

سىز خەلقنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى بىلەمسىز؟ يۇقى-
رىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك سۆزلىرىڭىز تەسىر-
سىز قالمايدۇ. شۇڭا، داۋاملىق سۆزلەڭ! داۋاملىق ئىشلەڭ!
ھەيدەكچىلىك قىلىڭ! باشقىلار بىلەن بىللە يولباشچىلىق
قىلىڭ! شۇنداق قىلسىڭىز، كەلگۈسىدە كېيىنكى ئەۋلادلار
سىزنى ئاتىسىنى سۆيگەندەك ياد ئېتىدۇ. رەھمەت ئوقۇيدۇ.
تارىختا نامىڭىز قالىدۇ!

مىللەتنىڭ ئىسلاھى — سىزدەك مەرت - قەھرىمانلارغا
موھتاجتۇر. بۈگۈندىن باشلاپ ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنى ۋۇ-
جۇدقا كەلتۈرۈڭ. ئىپتىدائىي تەلىم - تەربىيەگە مەزمۇت
ئۇل سېلىش كېرەك. بۇ ئىش بەنايى ئىسلام ۋە بەنايى مىل-
لەتنىڭ ئەڭ پايدىلىق، ئەڭ مۇھىم ئاساسىدۇر.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن، قىلغان ھەرىكەتتىن بەرىكەت،
ياخشى سەمەرىلەر كۈتكەنگە بار، بولمىسا يوق!

نوشىرۋان ياۋۇشېۋ، كاشغەر

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدى-
كى ئومۇمىي 2000 - سانىدىن).





# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (11)

## ئالتەشەھەردە تىجارەت

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ «سودىگەر» نامى بىلەن كۆز بويامچىلىق قىلىشلىرىدىن زارلىنىپ ئىلگىرىكى ماقالىلىرىمدە يازغانىدىم. ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىجارەت ۋە ئىقتىساد مەيدانلىرىدا پۈتۈنلەي يوقىلىپ قاراڭغۇلۇققا ئادىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇلار ئەمدى دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن مېنىڭ بۇ ئويۇم پۈتۈنلەي دۇرۇس بولۇپ چىقمىدى. كېيىنچە بارماق بىلەن سانىغۇچىلىك بولسىمۇ ئىچكىرى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان زاتلارنىڭ بارلىقىنى بىلدىم. مەن بۇنى تۈرك يۇرتىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بىر پۇچقىقىدا تۇرۇۋاتقان كېرىيەگە كېلىپ كۆردۈم.

بۇ ئىش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىمىز ئۈچۈنمۇ بىر ئىبرەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە قىسقىغىنە بولسىمۇ مەلۇمات بېرىپ پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

كېرىيە مۇسۇلمانلىرى يىراق شەرقتىكى چېگدۇ سېيڭ ئارىسىدا سودا قىلىدۇ. چېگدۇ سېيڭ بىلەن كېرىيەنىڭ ئارىلىقى ئات بىلەن ماڭسا سەككىز ئايلىق يولدۇر. يول پۈتۈنلەي چۆلدىن ئىبارەت. سودىگەرچىلىك يولىدا كېرەكلىك ئەسۋاب ۋە نەرسىلەرنى ئۆز ئۆيلىرىدىن ئېلىپ چىقىدۇ. يولدا يەيدىغانلىرىنى ئۆزلىرى پىشۇرۇپ يەيدۇ. يېتىشقا قونالغۇ، ئىس-

تىراھەت قىلىشقا لەڭگەردەك يەرلەر بولمىغانلىقتىن، يازنىڭ
ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرى، قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق كۈنلىرى
دالادا قونۇپ ماڭىدۇ. يولدا چۆلنىڭ تۇزلۇق سۇلىرىدىن باش-
قا ئىچىملىكلەرمۇ تېپىلمايدۇ. مەنزىللەردە ئاش - سۇت كەب-
بى نېمەتلەرنى يېگۈسى كېلىپ كەتسىمۇ، پۇل بويى پەقەت
يېيەلمەيدۇ. ئۇ نېمەتلەر بەلكىم ئۇلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىر-
مەس. پاچاقلىرىمۇ تۇزلۇق سۇدا تىلىنىپ كېتىدۇ. مۇشۇ ئا-
رىدا ئىككى سودىگەر چېڭدۇ سېڭغا سەپەر قىلدى. بۇلارنىڭ
بىرنەچچە ئايدىن بۇيان يولغا تەييارلىنىشلىرى ئادەمگە شى-
مالىي قۇتۇپقا ساياھەت قىلغۇچىلارنىڭ تەييارلىق قىلىشىنى
ئەسكە سالىدۇ. ئۇ سودىگەرلەرنى 50 — 60 لاپ ئادەمنىڭ
بىرنەچچە چاقىرىم يەرگىچە ئۇزىتىپ بېرىشلىرى، ئايرىلغان
چاغدا بەزىلەرنىڭ يىغلاشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم،
بۇ سەپەرنىڭ نەقەدەر زور بىر ئىش ئىكەنلىكى ئۆزلۈكىدىن
مەلۇم بولىدۇ. بۇلار سەككىز ئايدا بارىدۇ، سەككىز ئايدا قاي-
تىپ كېلىدۇ. ئىككى ئاي چېڭدۇ سېڭدا تۇرۇپ سودا قىلى-
دۇ. ئېسەن بولسا تولۇق بىر يېرىم يىل يول يۈرۈپ قايتىپ
كېلىدۇ.

سودىگەرلەر پۇلدىن باشقا نەرسە ئېلىپ ماڭمايدۇ. ئۇ
يەرگە بېرىپ مالنى نەق پۇلغا ئالىدۇ. ئېلىپ كەلگەن مالل-
ىرى چېڭدۇسېڭدىكى چىنلىقلارنىڭ قول ئىشلىرى، يىپەكتىن
توقۇلغان خوتۇن - قىزلار كىيىملىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ.
بۇنى مۇسۇلمان خوتۇن - قىزلىرى بىلەن بىرگە چىنلىقلار-
مۇ كىيىدۇ.

بۇ تىجارەتنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە سۆزلەپ تۇرغۇ-
چىلارمۇ جىق. سەۋەبى: «مېھنەتتىن كېيىن راھەت، سەۋر
قىلغانغا مۇراد ئىكەن»، دېگەن سۆز بىلەن ماختاپ تۇرۇشى-
دۇ. يەنە نەق ئېلىپ ساتقانلىقىدىن ھەم ئېلىپ كەلگەن

ئېسىل نۇسخىلىق ماللار خەلق ئارىسىدا قارشى ئېلىنغاچقا سودا ئىشلىرى بەك راۋاج تاپىدۇ. يولدا بۇلاڭ ـ تالاڭدەك كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ھەرگىز ئۇچرىمايدۇ. بۇ تىجارەت ئىلگىرى چىنلىقلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ قولىدا ئىكەن. كېيىنچە ئۇلاردىن كېرىيە مۇسۇلمانلىرى قولىغا ئۆتۈپتۇ. ھازىرمۇ چىقىدۇ. چىن ماللىرى پۈتۈن ئالتەشەھەرگە كېرىيە ۋە قومۇل ئارقىلىق تارقىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ تىجارەتنىڭ كېرىيە مۇسۇلمانلىرى قولىغا ئۆتۈپ قېلىشىنىڭ تارىخى مۇنداقكەن:

چېڭدۇسېڭنىڭ 60 كۈنلۈك يېرىسىدا لەنجۇسېڭ[1] دېگەن بىر شەھەر بار. تۇڭگانلار شۇ شەھەردىن چاي ۋە ئەپيۇن ئېلىپ، كېرىيە ۋە خوتەن تەرەپلەرگە ئېلىپ كېلىپ سېتىپ يۈرگەنىكەن. بۇنىڭدىن 10 يىللار ئىلگىرى كېرىيەنىڭ نوپۇزلۇق بايلىرىدىن ۋە مۆتىۋەر سودىگەرلىرىدىن قاسىم ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى بۇ سودىنى كۆرۈپ سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر مالىيىنى لەنجۇسېڭغا ئەۋەتكەن. مالاي ئۇ يەردىن بىرئاز چاي ئېلىپ كەلگەن. چاي بەك ياخشى سېتىلغان. ئۇ مالاي لەنجۇسېڭنىڭ نېرىسىدا چېڭدۇسېڭ دېگەن بىر شەھەر بارلىقىنى ۋە تېگى فابرىكىدا توقۇلغان رەختلەرنىڭ شۇ شەھەردىن چىقىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، بەك چوڭ بىر «كەشپىيات» يارىتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىلگەنلىرىنى بايلارغا سۆزلەپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم نۇرغۇن پۇل بىلەن شۇ شەھەرگە كىشى ئەۋەتىپ تۇرغان. مانا بۇ شۇنىڭدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن كېرىيە ـ چېڭدۇسېڭ تىجارىتىدۇر. بۇ كۈنلەردە كېرىيەدىن چېڭدۇسېڭغا بارغۇچىلار ھەسسىلەپ كۆپەيگەن. قومۇلدىن ئونلاپ كىشى بىرگە بارغان دەيدۇ. بۇ يىل خوتەندىمۇ ئىككى كىشى (بۇنىڭ بىرى

① گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى لەنجۇ شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بىر نەچچە ئون يىللاردىن بىرى تىببەت يولى بىلەن ھىندىس-تاندىن مال ئېلىپ كېلىپ ساتقۇچى مەشھۇر سودىگەر ئى-كەن) مېڭىپتۇ.

كېرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرى، بۇرۇنقى پەر-ماندارلىرىمىزنىڭ تىجارەت دەستۇرى ئەمەس، بەلكى غەيرەت ۋە باتۇرلۇقنى ئەسكە سالىدۇ. كېرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرى مىڭلاپ تەھسىنگە لايىقتۇر. ھەر ئىشتا يېڭىلىق، پائالىيەتچانلىق ھەم ئۇنىڭغا يارىشا تولۇق غەيرەت كېرەك. خۇسۇسەن سودا ئىشلىرىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ شۇنداق پۇل تېپىشى شەرتتۇر. پۇل تېپىش ئوڭاي ئىش ئەمەس، جاپا تارتماي پۇل تاپقىلى بولغان بولسىدى، دۇنيادا پۇلنىڭ قەدرى بولمايدۇ. كېرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئىشىغا تەھسىن ئېيتىش بىلەن بىرگە بەزى تەنقىد قىلىشقا تېگىشلىك ئازراق يەرلىرىمۇ بار. بۇ كۈنلەردە كېرىيەدە 15 تىن ئارتۇق سودىگەر بار ئىكەن. مانا مۇشۇ سودىگەرلەر ئۆزئارا ئۇيۇش-ماي، كۆپىنچە بىمەزگىل يولغا چىقىپ يۈرىدىكەن. شۇ سە-ۋەبتىن يولغا چىققاندا ھەمراھ ياللاشقا مەجبۇر بولىدىكەن. يول بەك ئۇزۇن بولغاچقا، بۇ ھەمراھلار بىرنەچچە يۈز سوم، ھەممىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، بىرنەچچە مىڭ سومغا توختايدىكەن. بۇ بىر ئىش، ئىككىنچىدىن، بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ، مىڭبىر جاپا ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن ئېلىپ كەل-گەن ماللىرىنى تېزرەك سېتىشقا ئالدىراپ كېتىدىكەنكى، بۇ ئالدىراڭغۇلۇقتىن كەلگەن زىيان 1000 سومدىنمۇ ئېشىپ كېتىدىكەن. چۈنكى ۋاقتى ئۆتكەن مالنىڭ قەدرى قالمايدۇ، باھانىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەنە شۇنداق سەۋەبلەردىن تۈرلۈك قوللاردىن ئېلىنغان، تۈر-لۈك قوللاردا سېتىلغان بۇنداق نەرسىنىڭ زىيىنى بار ئىش ئىكەنلىكى تىجارەت ئەھلىگە مەلۇم بولسا كېرەك. ئەگەر يۇ-

قىرىقى ئىشلارنى ئېتىبارغا ئېلىپ، 15 كىشى بىرلىشىپ، بىر شىركەت قۇرسا بەك ئوبدان بولاتتى. بىھۇدە خىراجەت ئازىيىپ پايدىنىڭ كۆپەيگىنىنى بىلگىلى بولاتتى. چۈنكى ئۇ چاغدا بىر چېكىدۇسىغا 30 كىشى بارغۇچە ئۈچ كىشى بارسا بولىدۇ. ماللار بىر قولدىن ئېلىنىپ بىر قولدا سېتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئەلۋەتتە پايدىدىن خالىي ئەمەستۇر. يەنە شىركەت بولسا پۇل كۆپىيىدۇ. پۇل كۆپ بولسا، چوڭراق پايدىلىق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ يەرنىڭ خەلقى قول ئىشىغا — يۇڭدىن گىلەم، يىپەكتىن شايى ۋە بەقەسەم قاتارلىق نەرسىلەرنى توقۇشقا بەك ئۇستا، يۇڭ يىپ ۋە يىپەك، پاختا كەبى نەرسىلەر بەك ئەرزان، شۇنداق بولغانلىقتىن. بۇ نەرسىلەر كۆپىنچە خام پېتى سېتىلىدۇ. تېخى ئۇستىكارلار ياردەمگە موھتاج بولغانلىق سەۋەبىدىن بىكار يېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ياردەم بەرگۈچىلەرنىڭ يوقلۇقىدىن تەبىئىي ھالدا ئىشسىزلىق ۋە بىكارچىلىقتا قېلىپ بىچارىلىكتىن ھۇرۇنلىشىپ كېتىدۇ، ئاخىرى تىلەمچىلىك يولىغا كىرىپ مىللەت ئۈستىگە ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئاشۇ جانلىق ماشىنىلارنى قوزغىتىپ ئىشقا سالغۇچىلار بار بولسا، بۇنىڭدىن كەلگەن پايدا بايلارنىمۇ بېيىتىدۇ، ئىشلەمچىلەرنىمۇ ھۇرۇنلۇق، تىلەمچىلىكتەك ماڭقۇرتلۇقتىن پاكلايدۇ. بۇ يەردە گىلەم ۋە بەقەسەم توقۇشنى بىلمەيدىغان بىرەر ئەر ياكى خوتۇن بولمىسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئىش بىلەن ئاجىزدۇر.

ئەگەر ئۇلار بىرلىشىپ شۇنداق بىر شىركەت تەسىس قىلىپ قالسا، بۇ شىركەت تىجارەت ۋە سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىرگە ئېلىپ بارسا، شىركەتنىڭ بۇ ئىشى ئۆزى ئۈچۈنمۇ، خەلق (تېخى ئىش تاپالماي ھۇرۇنلىشىپ ياتقان، خۇدانىڭ ئۆزى ياراتقان)لەر ئۈچۈنمۇ بەك پايدا-



لىق ئىش بولغان بولاتتى. بۇ ئىشنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن قانچىلىك رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئورنى يوق، ئەلۋەتتە!

تەبىئىيكى، بۇ جەھەتتە دىن زور رول ئوينايدۇ. بۇ ئىش دىنىي فىقھى (ئىسلام قانۇنى) نەزەرىدىمۇ بەك ساۋابلىق ئىش. مېنىڭ نەزەرىمدە بۇ ئىش كىشىلەردىن پۇل قەرز ئېلىپ ھەج قىلغاندىن ۋە كۈنگە نەچچە رەكەت نەفلى ناماز ئوقۇغاندىن مىڭ قات ئەۋزەلدۇر. ئۆيدە بالىچاقىنى ئاچ ۋە يالىڭاچ قويۇپ مەككىگە بارغاندىن تىجارەت نىيىتى بىلەن ئىچكى شەھەر بولغان چىگدۇسىگىغا بېرىش مىڭ مەرتىۋە ئارتۇقتۇر. شۇنىڭدەك مازار يېنىغا ئۆي سېلىپ، دۇنياغا نەزەر سالماي، كېچە - كۈندۈز قۇرئان ئوقۇپ تىلاۋەت قىلىپ، تائەت ۋە ئىبادەت بىلەن ياتقانغا قارىغاندا، بازاردىن يۇك ئېلىپ بىر گىلەم توقۇپ سېتىش مىڭ مەرتىۋە ياخشىراق ۋە ساۋابلىق.

نوشىرۋان يائۇشېف، كېرىيە

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى ئومۇمىي 2011 - سانىدىن).





## چىن مۇسۇلمانلىرى هالىدىن

بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ نادانلىقىدىن، ئىككىنچىدىن، مەركىزىي هۆكۈمەت ئىدارىسىنىڭ بەك يىراقلىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇ يەردىكى چىنلىق مەمۇرلار مۇسۇلمانلارنى خالىغانچە ئېزىپ ئۆز هۆكۈمىتىنىڭ ئادىللىقى ۋە قانۇنلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتىدۇ. بىچارە نادان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي هوقۇقلىرىغا قەدەر تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى.

ئىلگىرى قازىلار تەرىپىدىن شەرىئەت بىلەن سورالغان دەۋالارنى بۇ كۈنلەردە ئامبال سوراۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ هەقتە قەيەرگە مۇراجىئەت قىلىشنى بىلمەيۋاتىدۇ.

هەرقانداق دەۋانى شەرىئەت مەهكىمىسىمۇ، هۆكۈمەت قانۇنلىرىمۇ توغرا سورىمايدۇ، دەيدىكەن كىشىلەر. بۇلار ماددىي بۇيۇم ۋە گۇۋاه بولىدىغان نەرسىلەرگە ئەهمىيەت بەرمەيدۇ. بەلكى ئامبالنىڭ ئارزۇسى بويىچە هۆكۈم قىلىنىدۇ. دەۋانىڭ هەق ۋە ناهەقلىقىنى تەكشۈرۈپ يۈرمەيدۇ. پەقەت ئامبالنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق تەرىپىگىلا قارايدۇ. ئامبال نېمە دېسە شۇ بولىدۇ. ئامبالنىڭ دېگىنىگە كۆنمىگەن كىشى زىندانغا چۈشىدۇ. 100 دىن 1000 غىچە كالتەك يەيدۇ. يېرىنىكرەكى زەخىملىنىدۇ. ئېغىرراقىنىڭ بىرەر ئەزاسى سۇندۇرۇلىدۇ. ئامبالدىن چىقىپ باشقا يەرگە ئەرز بېرىشكە قورقىدۇ. بارغان بىلەنمۇ پايدىسى يوق. بارسىمۇ توسۇلۇپ قالىدۇ. بۇ يەردە دەۋا ۋەكىلى[1] دېگەندەك نەرسىلەرمۇ يوق.

① ئادۋوكاتنى دېمەكچى.

شۇ سەۋەبتىن كۆپ كىشىلەر ناھەقتىن ناھەق زۇلۇم تارتىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت بولسا بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نېمە ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەمۇرلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۇستىگە ئاچ بۆرىدەك ئاتلانغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بولسىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مەرھەمەت ۋە ئادالەت قۇچىقىغا ئالاتتى. لېكىن تەكشۈرۈپ كۆرمىدى، بىلمىدى. زالىم مەمۇرلارنىڭ بۇنداق تۈگىمەس ھەرىكەتلىرى مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىغا جىنايەت بولغاندەك ھۆكۈمەتكە زور خىيانەتتۇر. زۇلۇمدىن، بۇلاپ - تالاشتىن قۇتۇلۇش ئويى بىلەن كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تەۋەلىكتىن قېچىپ رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ پاناھلانغانلىقى كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتىدۇ.

دۇرۇس، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىدىمۇ ئەيىب يوق ئەمەس، بۇ جەبىرنىڭ تومۇرى ئۆزىدىدۇر. بۇلار ئوقۇمىغانلىق، تەربىيە كۆرمىگەنلىكتىن ئۆزئارا تىنچ ئۆتۈشنى بىلمەيدۇ. ئەخلاقلىرىمۇ بەك بۇزۇلغان. ئىشسىزلىق ۋە ھورۇنلۇقتا مەشھۇردۇر. كۈچ چىقىرىپ، تەر تۆكۈپ، تىرىكلىك دۇنياسىدا كۈرەش قىلىشتىن كۆرە، زىنا قىلىشنى، سوتلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ناھەق دەۋالار، بوھتان ۋە ماجىرالار بەك كۆپىيىپ كەتكەن. بۇ يەردىكى مەمۇرلار بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالغا بېسىشىغا قىلچە ئەرك بەرمەيدۇ. ئۆز قورسىقىنى تويدۇرۇشنىڭلا كويىدا.

دىنىي ۋە مىللىي ھوقۇقىنى، ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلىغۇسى كەلگەن مىللەت ئەزەلدىن تەربىيەلىك، ئەخلاقلىق، ئەمگەكچان ۋە ھونەرۋەن بولۇشقا تايىنىدۇ. ھازىرقى

زاماندا ھېچبولمىغاندا، ئۇرۇشنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن ئىبرەت ئال، بۇ زامان ئىلىم ۋە مائارىپ زامانىدۇر. بۇ دۇنيا كۈرەش ـ مۇسابىقە مەيدانىدۇر. مەسچىتكە كىرىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە تاش ساناپ ئولتۇرۇشتىن ھېچ پايدا چىقمايدۇ. جاھىل مىللەت بۇنىڭلىق بىلەن زۇلۇمدىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. قولۇڭدا ئىلمىڭ، ھۈنىرىڭ بولمىسا، 30 ــ 40 يىل مەدرىسەدە يېتىپ چىققاندىن نېمە پايدا؟ ئۆزىڭىزگە نېسىپ بولمىغانىكەن، ئەمدى بالىلىرىڭىزنى مىللىي روھتا تەربىيەلىشىڭىز كېرەك. شەرھچى موللىلىرىڭىزنى مىڭ قېتىم ئىزىپ ئىچسىڭىزمۇ دەردىڭىزگە دورا بولالماس. يېڭىچە ئوقۇشقا تىرىشىڭ. ئەزىز بالىلىرىڭىزنىڭ سائادەتلىرى ئۈچۈن ئىشلەك ئېچىڭ.

نوشىرۋان يائۇشېف، كېرىيە

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2016 ـ سانىدىن).



# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (12)

## (كېرىيەدە مەكتەپ ئېچىلدى)

زامان ئۆز ئىشىنى ئوڭشاپ تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ «تەرتىپلىك ئوقۇتۇش ھارام» دېگىنىگە قارشى ئۇسۇلى جە- دىتنى ياقلىغۇچىلار كۆپىيىۋاتىدۇ. كېيىنكى يىللاردا بۇخارا ۋە تۈركىستاننىڭ رىقابەتچىسى بولغان ئالتەشەھەردىمۇ تەر- تىپلىك مەكتەپلەر ئېچىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەلنىڭ غۇلجا ۋە كاشغەر شەھەرلىرىدە مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىدىن مۇسابا- يېفلارنىڭ ھىممەتلىرى سايىسىدە ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى مىللىي مەكتەپلەر داۋام قىلىنىۋاتىدۇ.

بۇلتۇر خوتەندە ۋە بۇ يىل كېرىيەدە يەنە بىردىن مەكتەپ ئېچىلدى. پەقەت ياركەنت، ئاقسۇ، كورلا، كۇچا، ئۇچتۇرپان ۋە كونا تۇرپان شەھەرلىرىلا مىللىي مەكتەپ ۋە مىللىي تەر- بىيەدىن مەھرۇمدۇر. زامان ھارۋىسى تېزدىن ئۇلارنى ئۆز تەركىبىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

كېرىيەدە مەكتەپ ئېچىلىشقا سەۋەب بولغان زات مەر- ھۇم قاسىم ھاجى ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇن جانابلىرىدۇر. تۇر- سۇن ئاخۇن گېزىت ئوقۇيدىغان، ئوچۇق پىكىرلىك، ھەقىقەت ھالىنى ئاڭلىغان ۋە كېرىيەنىڭ ئەڭ باي ۋە نوپۇزلۇق بىر كىشىسى بولغانلىقىدىن، ئوقۇش ۋە مائارىپ تەھسىل قىلىش ھارام دەپ چىقىرىلغان مەنتىقىسىز پەتىۋالارغا قۇلاق سال- ماستىن (ھىجرىيەنىڭ) 1334 - يىلى 12 - مۇھەررەم[1]دە

① مىلادىيە 1915 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.

يېڭى ئۇسۇلدا بىر مەكتەپ ئاچتى ۋە مۇئەللىم تاپالىغانغا
قەدەر بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ماڭا تاپشۇردى.
مەنمۇ بىرىنچىدىن، مىللىي ۋەزىپىمىز، ئىككىنچىدىن، ھا-
ياتىمنىڭ كېچىككىنە يادىكارى بولۇپ قېلىشىنى ئېتىبارغا
ئېلىپ، بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلدىم.

تۇرسۇن ئاخۇننىڭ ئۈچ ئىنىسى بىلەن بىرگە 12 ـــ 13
بالىغا مىللىي تەربىيە بېرىۋاتىمەن. ئىلگىرى ئۈچ ـ تۆت
يىل ئوقۇپ ھېچ نەرسە بىلمىگەن بالىلار ئىككى ـ ئۈچ ئاي
ئىچىدە بەك قابىلىيەتلىك ۋە ئىستېداتلىق بولۇپ يېتىلدى.
ئوغۇل بالىلار بىلەن قىز بالىلارنى زامانىۋى تەربىيە بىلەن
ئوقۇتۇشتا ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ ئىستىقبالى تەلەپكە مۇۋا-
پىق رەۋىشتە بولۇپ چىقىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئالتەشەھەردىكى ھەر-
بىر شەھەردە يۈزلەپ رۇسىيەلىك، ئۆزبېك ۋە سارتلار توپلى-
شىپ قالغان. بۇلار دېگۈدەك سودىگەرلەر بولۇپ، ھەممىسى
بايلاردۇر. لېكىن، شۇنىسى قىزىقكى، بۇلار ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش
ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مىللىي ۋە ئىجتىمائىي
ئىشلاردا ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىغا قوشۇلمايدۇ. ئۆزلىرى
مەخسۇس مەكتەپ ئېچىش شەرىپىدىن مەھرۇم بولۇپ تۇرۇق-
لۇق، بۇ يولدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي مەكتەپ-
لىرىگىمۇ ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ. تاپقان پۇللىرىنى «قىز
ئېلىش»قا سەرپ قىلىپ تۇرۇشۇۋاتىدۇ. بۇ كېيىنكى كىشى-
لەرنىڭ ئىستىقبالى ياخشى بولمىسا كېرەك.

نوشىرۋان يائۇشېف، كېرىيە

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدى-
كى ئومۇمىي 2018 ـ سانىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## چىندىكى «ئالتەشەھەر»دىن

كۈز ئۆتتى، قىش كەتتى، مانا ئەمدى ياز كەلدى. 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىدى. مانا بۇ ۋاقىتتا خوتەننىڭ ۋە كېرىيەنىڭ ئەتراپىدا ئازراق بولسىمۇ قار ياكى يامغۇر ياغمىدى. ياغمىدىلا ئەمەس، كۈز ۋاقتى ئۆتۈپ مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىر تامچە بولسىمۇ قار ياكى يامغۇر كۆرمىدۇق. ئەتىياز كۈنلىرى يامغۇرنى كۈتۈشكە يار بەرمىدى.

بۇ يىل شۇنداق بولدى. ئەمما، باشقا يىللاردا كۈز كۈنلىرىدە يامغۇر، قىش كۈنلىرىدە ئاز بولسىمۇ قار يېغىپ تۇراتتى، دېيىشىدۇ يەرلىكلەر.

ماڭا شۇنىسى بەك ئاجايىپ تۇيۇلدىكى، بۇ يەردە قار ياكى يامغۇرنى بىرمۇ كىشى سېغىنمايدىكەن. بۇ ھەقتە سۆزلىگۈچىلەرمۇ يوقكەن. چۈنكى قار ـ يامغۇرنىڭ بۇ يەر ئۈچۈن ئۇنچىۋالا چوڭ ئەھمىيىتى يوقكەن.

ھازىر بۇ يەرنىڭ بازارلىرىدا، خوتەن زاۋۇتلىرىدىن چىققان يىپەك قۇرتى سېتىلىۋاتىدۇ. بىر تارتما قۇرتنى ئۈچ سەر (ئالتە سومغىچە) ئالىدۇ.

يىپەك قۇرتىنى ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن باقىدىكەن، بۇنداق باقسا بەك ياخشى پايدا تاپقىلى بولىدىكەن، مەسىلەن، خۇدا بەرسە ئۈچ سەرلىك ئۇرۇقتىن 20 ــ 25 سەرلىك يىپەك بولىدۇ، دېيىشىدۇ.

يىپەك چىقىرىدىغان ئىش كېرىيە، خوتەن، گۇما، قاغىلىق تەرەپلەردە بەك تەرەققىي قىلغانىكەن. بۇ يەرنىڭ تىرىك-



چىلىك ۋە مەئىشىتىمۇ تامامەن توقۇمىچىلىققا باغلىق دې-
يەرلىكتۇر.

كېرىيەدە 3000 تارتما، خوتەندە 4000 غىچە، گوما، قاغىلىقتىمۇ شۇ مىقداردا يىپەك قۇرتى سېتىلىدىكەن. بۇنىڭدىن چىققان يىپەك مەھسۇلاتى تەخمىنەن 700 — 800 مىڭ سەرلىك بولىدىكەن. بۇ يىپەكلەر رۇسىيە ۋە ھىندىستان تەرەپلەرگە چىقىرىلىپ، كۆپىنچە خام پېتى سېتىلىدىكەن. ئەگەر ئۆز يېرىدە ئىشلىسە، مىليونلارچە پايدا تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

كېرىيە تەۋەلىكىدە ھەر يىلى 400 — 500 مىڭ سوملۇق ئالتۇن چىقىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە (ئالتەشەھەردە) باشقا تۇرلۇك مەدەنلەرمۇ بار. لېكىن خەلقى مۇسۇلمان، ھۆكۈمىتى چىنلىق بولغانلىقتىن تىرىشىپ باقسىمۇ پايدىلىنىلمايدىكەن.

بۇ يەر تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق ئۈچۈنمۇ بەك قولايلىق ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بەك ناچار، شۇنداق ياخشى ۋە باي يەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلغۇدەك كۈنلەرگە دۇچار بولۇشى مۇشۇلارنىڭ ئۆزىدىندۇر.

مۇسۇلمانچىلىق — پەسلىك ۋە دەرۋىشلىكتىن ئىبارەت ئىشمۇ!... قاچان ئادەم بولاركىن بۇ بىچارىلەر.

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈندىكى ئومۇمىي 2024 - سانىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىلىشى

# ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (13)

بۇ يىل بۇ يەردە قىش كىرىپ قار، ياز بولۇپ تامچە يامغۇر ياغمىدى. چىرا يېزىسى پۈتۈنلەي سۇسىز قالدى. چىرىلىقلار 20 ــ 25 چاقىرىم يەردىن ئېشەك بىلەن سۇ توشۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. قىشتا ئېلىپ قويغان مۇزلارنى ئېرىتىپ ئىچىۋاتىدۇ. لوپ ۋە قاراقاش بازىرىدا ۋابا يۇقۇمى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. قاراساي[1] دېگەن بىر يېزىدا جامەدە، جۈمە نامىزى ئوقۇشقا كىرگەن كىشىلەردىن 12 كىشى ئۆلگەن. ئۈچ كىشىنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ جامەدىن چىقىپ كەتكەن. خوتەندىمۇ ۋاقىتسىز ئۆلگەنلەر ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر كۈنى پېشىندىن كېيىن مەسچىتلەردە توپلىشىپ ئەزان ئوقۇۋاتىدۇ. ئىشىك بېشىغا ئايەتلەرنى يېزىپ چاپلايدۇ.

باتۇر مۇھەممەد بەگ ئەپەندىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر مەكتەپ ئېچىلغانىدى. لېكىن بەختكە قارشى ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. مەكتەپ تاقىلىپ مۇئەللىمى كەتتى. ھازىر ئەمدى مەكتەپنى تىلغا ئالغۇچىلارمۇ يوق. شەھەرنىڭ مۆتىۋەر سودىگەرلىرى ھەر كۈنى باغلارغا چىقىپ مەشرەپ ئويناپ كەيپ ـ ساپا قىلىشىۋاتىدۇ. قىمار ئويناپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. بالىلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن پەقەت قايغۇرمايدۇ. بالىنى ئوقۇتۇپ تەربىيەلەشنىڭ ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەن دىنىي ۋە مىللىي ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ئويلىمايدۇ. بۇنداق ئىشلار خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ.

بۇزۇقلۇق ۋە پاھىشىۋازلىق بولسا كۈندىن ـ كۈنگە

[1] قاراقاش ناھىيەسىنىڭ قاراساي يېزىسى.

ئەۋج ئېلىنىۋاتىدۇ. ۋاقىتلىق نىكاھ پەۋقۇلئاددە تەرەققىي
قىلغانلىقتىن، يۇقۇملۇق، ئەجەللىك كېسەللەر تارقىلىۋاتىد-
دۇ. ساقلىقنى ساقلاشقا رىئايە قىلمايدۇ. دوختۇرلارمۇ يوق.

خوتەندە ھەر يىلى رۇسىيەدىن كەلتۈرۈلگەن 100 مىڭ
تارتما يىپەك ئۇرۇقى سېتىلىدۇ. دەسلەپتە بىر تارتما ئۈچ
سەر (ئالتە سوم)غىچە سېتىلغان. لېكىن ھازىر بىر سەر
ئەتراپىدا سېتىلىدۇ. چۈنكى يىپەك ئۇرۇقى قورقۇنچلۇق
نەرسە. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

يىپەك قۇرتى ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يەپ تىرىلىپ چىقىد-
دۇ، يوغىنايدۇ. يىپەك ئۆستۈرۈش غايەت پايدىلىق كەسىپ-
تۇر. بىر تارتما (بەش سوملۇق) ئۇرۇقتىن ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 20 ـــ 25 سوم پايدا ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت
مۇشۇنداق ئىشلارغا ياردەم بەرسە، يىپەك چىقىرىش ئۇسۇلى-
نى يېڭىلىسا، ئۇرۇقنى ئۆز يېرىدە يېتىشتۈرۈپ، يىپنى
خام پېتى ساتماي توقۇش فابرىكىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈر-
سە، مىليونلاپ پايدا ئېلىش شۈبھىسىزدۇر.

بۇ يىل بۇ يەردە يىپەك ئۇرۇقى كۆپرەك كەلتۈرۈلگەن-
لىكتىن بەزىبىر سودىگەرلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى ئېشىپ قال-
غان. يەنى ئالتەشەھەرگە قانچىلىك ئۇرۇق كېتىدىغانلىقى بۇ
ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇ مىقداردىن ئاشۇرۇۋەتمەي،
يېتەرلىك كەلتۈرسە بولمامدۇ؟

خوتەننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن تۆت كۈنلۈك يەردىكى
كېرىيە شەھىرىدە تۇرىدىغان تەرەققىيپەرۋەر بىر بايدىن يې-
قىندا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتنىڭ مەزمۇنى
مۇنداق: «بىز دۇنيانىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بىر چوڭقۇرىدا تۇرۇۋا-
تىمىز، ئۆمرىمىز غەپلەت ۋە جاھالەت ئىلكىدە ئۆتمەكتە.
مۇئەللىملىرىمىز يوق. باللىرىمىز تەربىيە كۆرمەيدۇ. كاش-
غەردە ئېچىلغان مەكتەپلەردە مۇئەللىملەر يېتىشىپ چىقار

دەپ ئۈمىدلىنىپ تۇرغانىدۇق. بىر يىلدىن بېرى مەكتەپ ھەققىدە سۆزلەپ يۈرۈپ خەلقىمىزگە ئۇسۇلى جەدىتنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرۈپ تىرىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىمىز ئۈچۈن ئىچكىرىدىن بىر مۇئەللىم كەلمەكچى بولغان. ئەمدى ئىش باشلايمىز دەپ تۇرغاندا، بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەن بىر داموللا ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇخارائى شەرىفتە بىر چاغدا ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپى ئېچىلغان. لېكىن بۇخارا ئۆلىماسى ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغان كىشى دىندىن چىقىدۇ»، دەپ مەزكۇر مەكتەپنى تاقىتىۋەتكەن، دەپ خەلقنى تەشۋىشكە چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەكتەپ ئېچىش ئىشى توختاپ قالدى. خەلقىمىز ئاڭسىز، زاماننىڭ ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئالمايدۇ، بۇ توغرىسىدا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشىمۇ يوق. خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان ۋە پىكرىنى نۇرلاندۇرىدىغان نەرسە مەتبۇئات ۋە ئەدەبىياتتۇر. گېزىت ۋە ژۇرناللاردۇر. لېكىن ئۇ نەرسىلەر بىزدە يوق. ئەگەر كاشغەر ياشلىرى ئۆلگە بولۇپ ئۆز كۈچى بىلەن بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارسا، نەتىجىسىز قالماس ئىدى. مىللەتنىڭ پىكرىنى ئېچىش يولىدا بەك چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇر ئىدى».

نوشىرۋان يائۇشېۋ، كېرىيە

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2027 ـ سانىدىن).

## كاشغەر نەشر ـ مائارىپ جەمئىيىتى

كاشغەردىكى تۇنجى ئۇسۇلى سەۋتىيە مەكتىپى ھىجرىيە 1330 ـ يىلى[1] ئابدۇقادىر داموللا تەرىپىدىن ئېچىلدى. بۇ مەكتەپ تۇنجى يىلى خېلى ياخشى داۋاملاشتى. كېيىن ئابدۇقادىر داموللا ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ، ئورنىغا شاگىرتلىرىدىن بىرىنى قويدى. شاگىرتلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن بۇ مەكتەپ ئىككىنچى، ئۈچىنچى يىللىرىغا ئۆتۈپ خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ ئاقىۋەتتە ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى.

ھىجرىيە 1332 ـ يىلى[2] جامائەت ئەربابلىرىدىن باھاۋۇدۇن مۇسابايېف، ئىمىنئاخۇن باقى ھاجى ئوغلى، سىدىق ئاخۇن، كامالئاخۇن، ئەلى ھاجى، ئابدۇرېھىمئاخۇن، نىياز ھاجى، نۇرئاخۇن، مەھمۇد ئاخۇن، يۈسۈپ ئاخۇن، ئابدۇكېرىم مەخدۇم، شەمسىددىن دامولla، ئابدۇقادىر دامولla، زەينىدىنبەگ، ياقۇپبەگ ۋە باشقا تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنىڭ ھىممەت ۋە غەيرەتلىرى ئارقىسىدا «نەشر ـ مائارىپ جەمئىيىتى» تەسىس قىلىنىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش يولىدا جىددىي ئىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. شۇ چاغدا ھۈسەيىنباي مۇسابايېف جانابلىرى چەتتىن بىر مۇئەللىم كەلتۈرۈپ ئارتۇشتا بىر مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپ بىر يېرىم يىل بىر نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. 1334 ـ يىلى[3] بۇ ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىككىسىنى

① مىلادىيە 1911 ـ يىلى.
② مىلادىيە 1913 ـ يىلى.
③ مىلادىيە 1915 ـ يىلى.

كاشغەرگە ئېلىپ كېلىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىككى مەكتەپ ئاچتى. بۇ چاغدا مەنمۇ كاشغەردە ئىدىم. مەكتەپ ئېچىلىش بىلەن كاشغەرنىڭ نوپۇزلۇق بايلىرىدىن ئۆمەرئاخۇن بۇ ئىشقا قارشى چىقتى. سەۋەبى مۇسابايېفلارنىڭ ئابرۇيي قازىنىپ كېتىپ ئۆمەربايدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك. ئاخىرىدا ئۆمەرباي مەزكۇر مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنى «بۇ ئىش ئالتەشەھەردە ئىستىقلالىيەت قازىنىش يولىدىكى بىر تەييارلىقتۇر»، دەپ ھۆكۈمەتكە چاقتى. مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئەھمەد كامال ئەپەندى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى تەقىب قىلىندى. ئەھمەد كامال ئەپەندى بېيجىڭدىكى گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدىن خەۋەر كەلگەنگە قەدەر 85 كۈن قاماقتا ياتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مەكتەپنىڭمۇ، جەمئىيەتنىڭمۇ سىياسىيدىن خالىي ئىكەنلىكى، بەلكى پۈتۈنلەي ئىلمىي تەشكىلات ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەر يېڭىدىن ئېچىلدى. جەمئىيەتمۇ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولدى. بىراق، ئەھمەد كامال ئەپەندىنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى ھەم يېڭىدىن ئېچىلغان مەكتەپلەردە چىنچىنىمۇ ئوقۇتۇش شەرت قىلىندى.

ئۆمەربايىنىڭ بۇ ھەرىكىتى نەتىجىسىز قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇزغۇنچىلىقىنى توختاتمىدى: «كۆردۈڭلەرمۇ بۇلارنى، بالىلىرىڭلارنى چىنچە ئوقۇتۇشقا باشلىدى، ئىستىت، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز»، دەپ خەلقنى قۇترىتىشقا باشلىدى. بۇ ئىشتىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى شۇكى، ئۆمەر باي مەكتەپتە چىنچە ئوقۇتۇش، چىنلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ئېلىپ كېلىشكە ئۆزى سەۋەبچى بولۇپ تۇرۇپ، ئەمدى بۇ ئەيىبنى ياشلارغا ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىغا دۆڭگەشكە تىرىشتى. ئىشقىلىپ، بۇ



ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ھەرقانداق ئادەم بۇ ئىشنى ئاڭقىرىۋالالايدۇ.

ئوقۇتۇش ئىشلىرى پەرز ئەمەللەرنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغان بىر ئىنساننىڭ بۇ ئىشقا شۇنچىۋالا جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى پەقەت ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. بەلكى بۇ ئىشتا بىرەر چۈشىنىشمەسلىك بارمىدۇر، دەپمۇ ئويلىدىم ئىچىمدە. مەيلى قانداقلا بولسۇن، مۇسۇلمان بايلىرى شەخسىي ئەرزلىرىنى كەينىگە چۆرۈپ تاشلاپ ئىززەت ـ ئابرۇيىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بەخت ـ سائادىتىدە دەپ بىلىشلىرى كېرەك ئىدى. مۇنداق كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر بۇنىڭدىن كېيىن بولمىسا بولاتتىغۇ ئىشقىلىپ.

نوشىرۋان يائۇشېۋ

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىكى ئومۇمىي 2037 ـ سانىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# ئالتەشەھەردە تىجارەت

دۇنيادا تىجارەت ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق يەر شۈبھىسىز ئالتەشەھەردۇر. تۆمۈر ۋە سۇ يوللىرى بولمىغانلىقتىن ماللار كارۋان ۋاستىسى بىلەن يۆتكىلىدۇ ۋە ۋە شۇ سەۋەبتىن مەدەنىي مەملىكەتلەردە بولمىغان پايدىلىق تىجارەتنى بۇ يەردىن تاپقىلى بولىدۇ. ئالتەشەھەرگە كېلىپ تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەر يىلدا 50 پىرسەنتتىن ئارتۇق پايدا ئالىدۇ. تۆمۈريوللارنىڭ يوقلۇقىدىن سودىگەرلەر قانچىلىك پايدا ئالسا، ئومۇمىي خەلق بالانس ھالدا شۇنچىلىك نىسبەتتە زىيان تارتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ماللىرىنى ئەرزان سېتىپ، چەتتىن كەلگەن نەرسىلەرنى قىممەت ئېلىشقا مەجبۇردۇر.

ئالتەشەھەر تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي ئىشلاردا رۇسىيەگە باغلىنىپ قالغانلىقى ھەم بۇ يەردە رۇسلارنىڭ قەغەز پۇلى ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىككى يىلدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ياۋروپادىكى ئۇرۇش بۇ يەرگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. ئالتەشەھەر ھازىرمۇ بىتەرەپتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇرۇشۇۋاتقان مەملىكەتلەردەك ئىقتىسادىي ئىنقىلابتىن قۇرۇق قالمىدى. ئۇرۇش سەۋەبىدىن ھەممە نەرسە قىممەتلىشىپ كەتتى. پەقەت رۇسلارنىڭ قەغەز پۇلى ئەرزانلاشتى. رۇس پۇلىنىڭ بىر سومى ئاۋۋالدا 12 تەڭگە ئىدى، بۇ كۈنلەردە ئالتە تەڭگىگە چۈشتى.

ياۋروپادىكى ئۇرۇش ئالتەشەھەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەسىر قىلىپلا قالماستىن، سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگى-

مۇ سەۋەب بولدى. ئىلگىرى رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى زېمىن ۋە ئېغىر مەنقۇل مۈلۈك (ئۆزگەرمەس مۈلۈك)لەر تىلىگەن باھاغا سېتىلىپ تۇراتتى. ھازىر ئۇ ئىش توختىدى. ئىلگىرى سودا مۇئامىلىسىدە رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەرگە چىن مەمۇرلىرى ياردەم بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. ھازىر بولسا ئۇمۇ يوق. شۇ سەۋەبتىن نېسىگە مال ساتقان سودىگەرلەر پۇللىرىنى يىغىۋالالمايدىغان بولدى. ھەتتا، بەزى ئامباللار رۇسىيە پۇقرالىرىنى ئۆز پۇقرالىرىدەك يالىڭاچلاپمۇ قويدى. ئاتىسى رۇسىيە پۇقراسى بولۇپ، بۇ يەردە تۇغۇلغانلارنىڭ قوللىرىدىكى كىملىكىنى تارتىۋېلىپ، چىن پۇقراسى قىلىۋەتكەن قاراقچى ئامباللارمۇ مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن، گۇما ئامبىلى 30 لاپ رۇس پۇقراسىنى شۇنداق قىلغان. لېكىن، كېيىن كاشغەردىكى رۇس كونسۇلى كىشى ئەۋەتىپ كىملىكلەرنى قايتۇرۇپ بەرگۈزگەن.

چىن بىلەن رۇس مۇناسىۋىتى قانداق بولسا بولسۇن، ئەمما ئالتەشەھەردە سودا قىلىۋاتقان پەرغانە مۇسۇلمانلىرى، يەرلىك خەلقمۇ چاغاتاي تۈركلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، بۇ ئىككى قېرىنداش مىللەت ئۆزئارا تونۇشۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، نېمە سەۋەبتىندۇر بۇلار بۇنداق ئەمەس. كۆپ يىللاردىن بېرى ئېلىش - بېرىش قىلىۋاتقان بولسىمۇ، پەقەت ئۇلپەتلىشەلمىدى ھەم ئۆزئارا چۈشىنىشمەيدۇ. ئارىسىدا قانداقتۇر بىر خىل سوغۇقچىلىق مەۋجۇت. بىر - بىرىگە يات كۆز بىلەن قارايدۇ، ئىچلىرىدە قانداقتۇر دۈشمەنلىك باردەك تۇيۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى تۇغقان مىللەت ئۆزئارا يېقىنلىشىپ ئۆتسە، ھۆكۈمەت بۇنىڭغا قارشى تۇرمايدۇغۇ، دېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. ئەسلىدىمۇ ھۆكۈمەت خەلقنىڭ تىنچ ئۆتۈشىنى تىلەيدۇ. مانا شۇنداق ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ خەۋەر بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە



شۇنىڭ نەتىجىسىدە كۆپ ئامباللار ئورنىدىن چۈشۈرۈلدى. ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ تىنچ ئۆتۈشى ۋە راھەت ياشاش يولىدىكى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدىغان يېڭى ئامباللار مەيدانغا چىقتى. بەلكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار ياخشىلىنىپ كېتەر!

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2041 ـ سانىدىن).





# چىن مۇسۇلمانلىرى ھاياتىدىن (1)

چىن مەملىكىتى 22 «سېڭ[1]»غا بۆلۈنگەن. ھەر سېڭ بىردىن دۇدۇ[2] ۋە بىرنەچچە دوتەي[3]نىڭ قارىمىقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ - كىچىك ھەربىر شەھەردە بىردىن ئامبال[4] تۇرىدۇ.

شۇ 22 سېڭنىڭ بىرى ئالتەشەھەردۇر. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى تامامەن مۇسۇلمان بولسىمۇ، قازىدىن باشقا مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى چىنلىقتۇر. پۈتۈن ئالتەشەھەردە پەقەت ئىككى مۇسۇلمان ئامبال بار.

مەنسەپدارلارغا «ئايلىق» بېرىلمەيدۇ. ئۆزلىرى خالىغانچە ئاھالىدىن تەلەپ قىلىپ يۇلۇۋالىدۇ. بۇنىڭمۇ بىر چېكى يوق. ئامباللار ئارىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ نادانلىقى ۋە ياۋاشلىقىدىن پايدىلىنىپ تۇرغۇچىلارمۇ ئاز بولمايدۇ.

مانا، يېقىن ئارىدا كېرىيەدە بەك كۆڭۈلسىز بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى: بىر مۇسۇلمان تۇرۇپ، ئىككىنچى بىرى ئۇستىدىن «مېنىڭ پالانى مەرھۇمدا 2700 سەر (4000 سوم چامىسىدا) ئېلىشىم بار ئىدى، شۇنى ۋارىسلىرىدىن ئېلىپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن»، دەپ ئامبالغا بارغان ۋە شۇ چاغدا ئامبالنىڭ قۇلىقىغا «نېسىپ قىلساڭ نىسبەت بېرىمەن»، دەپ قويغان. ئەمما، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ مەرھۇمدىن ئېلىشى يوق ئىكەن. بۇ دەۋاغا گۇۋاھ ۋە ھۆججەت تاپالمىغان. ئامبالمۇ

---

① سېڭ — ئۆلكە.
② دۇدۇ — ئۆلكە باشلىقى، تۇتۇقبەگ.
③ دوتەي — ۋالىي.
④ ئامبال — ھاكىم.

كۆپ تەھقىقلەپ ئولتۇرماي، يېتىملەرنىڭ كۆزىدىن قان ئاق-غۇزۇپ، 2700 سەرنى مەزكۇر ئېلىشى يوق تۆھمەتچىگە بەر-مەكچى بولغان. بۇنى كۆرۈپ شەھەرنىڭ مۆتىۋەر سودىگەرلە-رى، موللا ۋە بايلىرى: «بۇ ئىش ناھەق. ئۇ ھاجىمنىڭ مە-ھۇمدىن ئېلىشى يوقلۇقىنى بىز بەك ياخشى بىلىمىز»، دەپ ئامبالغا شىكايەتنامە سۇنغان. ئامبال بولسا ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. ئاخىرى 2700 سەرنى ۋارىسلاردىن ئې-لىپ تۆھمەتچى ھاجىغا بەرگەن، ئاندىن خەلق ۋە جامائەتكە: «بوھتانچىنىڭ بۇ دەۋاسى ناھەق ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ (كې-يىن) بىلدىم. لېكىن ئىلگىرى ھۆكۈم قىلىپ قويغانمەن، ئەمدى ئۇ ھۆكۈمنى بۇزغىلى بولمايدۇ»، دەپتۇ. ئامبال يې-تىملەرگە قاراپ: «خاپا بولماڭلار، سىلەر تېخى ياش، سىلەر-گە خۇدا بېرۇر، ئۇ ھاجىمۇ بۇ پۇل بىلەن باي بولۇپ كەت-مەس، ئىشلارمۇ ھەمىشە مۇشۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ»، دەپ ئۇلارنى بۇ ئىشقا رازى بولۇشقا دەۋەت قىلغان. يېتىملەرمۇ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن رازىلىقىنى بىلدۈرگەن. چۈنكى رازى بولمىسا پۈتىنىڭ سۇندۇرۇلۇشىنى بىلىدۇ.

شۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلار مەيدانغا چىقىشقا باشلىغاچ، كېرىيە مۇسۇلمانلىرى بۇرۇنقى چاغلاردىكى قازىلارنى ئەسكە ئېلىشقا باشلىدى. بىچارىلەر «شەرىئەت»نىڭ يوقىلىپ كې-تىشىدىن بەك قورقىدىكەن. چۈنكى ئەمدى دەۋالار كۆپىنچە ئامباللار تەرىپىدىن تەكشۈرۈلىدىغان بولغان.

كىشىلەر شۇنىڭدىن قورقىدۇ، ئەمما بۇ توغرىسىدا ئۆز-لىرىنى تېشىغا چىقىرالمايدۇ. دەردىنى ئىچىگە يۇتىدۇ، ئاخىرى ھەقىقەت تەلەپ قىلىمەن، دەپ ئاياغسىز قالىدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، كېرىيە

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىكى ئومۇمىي 2044 ـ سانىدىن).

# ئالتەشەھەردە مەشرەپلەر

ئالتەشەھەر بايلىرى باھاردىن كۈزگىچە شەھەر ئەتراپىدىكى باغلارغا چىقىپ، نۆۋەت بىلەن مەشرەپ يىغىلىشى قىلىپ كەيىپ ـ ساپا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

مەشرەپ — ھەركۈنى بىرىنىڭ باغچىسىغا چىقىپ، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە يەپ ـ ئىچىپ ئويناشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يىغىلىشقا موللىلارمۇ قاتنىشىدۇ.

مەشرەپ ئۈچۈن بىر كىشى ئاۋۋال «بارغاق» تارقىتىدۇ. چاقىرىلغان كىشىلەر ئەتىسى ئات ـ ئېشەكلەرگە مىنىپ، ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ، مەشرەپ بولىدىغان يەرگە يىغىلىشقا باشلايدۇ. يەپ ـ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، موللىلار «مەكتۇبات» ئوقۇيدۇ.

«مەكتۇبات» — خوجا رەببانى دېگەن بىر ئىشاننىڭ مۇرىتلىرىغا يازغان مەكتۇپلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، پارس تىلىدا كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىنغان. بۇ مەكتۇپلار مەدرىسەلەردە ھەدىس ۋە تەپسىر دەرسلىرى ئورنىدا ئوقۇتۇلىدۇ. موللىلارنىڭ بۇ كىتابقا ئىخلاسى شۇنچىلىك چوڭكى، «مەكتۇبات»نىڭ يېنىدا «قۇرئان كەرىم» ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتارمىش.

شۇنداق، بايلار سالقىن ھاۋالىق باغلاردا لەززەتلىك ئاشلارنى يەپ كەيپ سۈرىدۇ. خوتۇن ـ قىزلىرى بولسا كېچە ـ كۈندۈز شەھەر ئىچىدىكى قاراڭغۇ، پەنجىرىسىز ئۆيلەردە تۇنجۇقۇپ ياتىدۇ. ياش ئۆمرىنى، باللىرى تەربىيەسىز، ۋاقتىنى بىكارچىلىقتا ئۆتكۈزىدۇ.

بايلار ئۆز شەخسىي راھىتىنى ئويلاپ باغچىلاردا، چوڭ ھەم ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى بىنا قىلسىمۇ، بالىلىرىنىڭ راھىتى ۋە سائادىتىنى ئويلىمايدۇ، مەكتەپ سالمايدۇ، بالىلىرىنى ئوقۇتمايدۇ.

دۇنياغا ئۆز كەيپ ـ ساپاسى ئۈچۈنلا تۇغۇلغان پەرغانە ۋە ئالتەشەھەر بايلىرى بۇنداق مەشرەپلەرگە شادلىق بىلەن قوشۇلىدۇ.

بۇ يىل مەرغىلانلىق بىر بايۋەچچە ئىككى ـ ئۈچ ئاي ھەر كۈنى 30 — 40 كىشى ئىشلىتىپ، مەشرەپ ئۈچۈن شەھەر سىرتىدىكى باغچىسىغا چوڭ ھەم ھەشەمەتلىك بىر ئىمارەت سالدۇردى. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن پەۋقۇلئاددە چوڭ بىر مەشرەپ قىلىپ ئۆزىنىڭ ھىممىتىنى كۆرسەتتى. شەھەرنىڭ بايلىرىنى ۋە موللا ـ مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرىپ، ئۈچ كۈن ـ ئۈچ كېچە زىياپەت بەردى. مەشرەپكە مەنمۇ چاقىرىلغانىدىم.

موللىلار «مەكتۇبات» ئوقۇدى. بۇ كۈن ئوقۇلغان «مەكتۇبات»نىڭ مەزمۇنى بۇنىڭدىن ئىبارەت بولدى: «دۇنيا ۋە بايلىق ئازغۇنلۇق ۋە بۇزۇقلۇقا سەۋەب بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن ساقلىنىش كېرەك. دەرۋىشلىك ۋە قەلەندەرلىك ئەڭ ياخشى ئىش. بەس، خۇداغا يېقىنلىششىنى تىلىگەن كىشى غارلارغا كىرىپ، تائەت ۋە ئىبادەت قىلسۇن». پەيغەمبىرىمىز ئاللاھتىن پېقىرلىقتىن ساقلاشنى تىلىگەن ئەمەسمىدى؟

«مەكتۇبات» تامام بولۇپ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن: «تەقسىر! بايلىق ئۇنداق زىيانلىق ۋە ئەخلاق بۇزۇشقا سەۋەبچى بىر نەرسە بولمىسا كېرەك. پەيغەمبىرىمىزنىڭ: ‹پېقىرلىق كۇپۇرلۇقتۇر› دېگەن سۆزىمۇ بار. ئەرەب شائىرلىرىدىن بىرى:





ما اخسن الدين وادنيا،
و ما انبخ الكفر والافلاس.

يەنى، بايلىق ـــ دىندەك گۈزەلدۇر، موھتاجلىق بولسا كۇ-
پۇردەك ناچار ۋە قەبىھتۇر، دېگەن. سىياسىي ۋە مەدەنىي
ئىشلار، مەدەنىي ۋە مەئىشەت، مەكتەپ ۋە مەدرىسە ۋە ئۇنىڭ
مۇئەسسەسەلىرى، قالدۇرغان ۋەخپىلەر - پۇللار دەل بايلىق-
نىڭ مېۋىسىدۇر. پېقىر ۋە مىسكىنلەردىن مىللەتكە بىر
پۇللۇق پايدا كەلمەيدۇ. بەلكى، ئۇلار خەلق ئۈستىگە يۈك بو-
لۇپ تۇرۇۋاتىدۇ»، دېدىم.

بۇ يەردىكى ئاۋامنى ئاجايىپ بولىدىكەن. ئۆزىنىڭ پاي-
دىسىغا سۆزلىسە، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمىدەك قۇلاق-
لىرىغا بارماقلىرىنى تىقىپ ئېتىۋالىدىكەن، ئاڭلىغىلى ئۇ-
نىمايدىكەن. ئەگەر شۇ موللىلار يۇرتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىجتى-
مائىيىتىدىن خەۋەردار كىشى بولسا، ھازىرقى ئەھۋالغا
قاراپ بەك مۇھىم مەكتۇپلارنى، تۇرمۇش مەكتۇپلىرىنى ئو-
قۇپ بېرەتتى، ئۇنىڭ پايدىسىمۇ بولاتتى.

ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، موللىلار
ئۆيلىرىگە ياندى. كاشغەردىن كەلگەن ئىمىن ئاخۇن ۋە بىر-
نەچچە خوتەن بايلىرى ۋە بەگلەر بىلەن بىز باغدا قالدۇق.
ئىمىن ئاخۇن: «بىزنىڭ يۇرت بېشلىرىمىز، روھانىي ۋە
موللىلىرىمىز مانا شۇنداق، بار - يوق مەسىلىلەر بىلەن
ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. زامانغا مۇۋاپىق سۆزلەشنى بىلمەيدۇ.
بايلار مەكتەپ ۋە مائارىپنىڭ پايدىسىنى چۈشەنمەيدۇ، 1300
يىلدىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ھەم ئىپتىدائىي مەكتەپ
باللىرىغىچە مەلۇم بولغان ناماز، روزا، زاكاتتىن باشقىنى
سۆزلەشنى بىلمەيدۇ. مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى

تىلغا ئالمايدۇ. ئەگەر ئىلىمنىڭ قىممىتىنى، ئەھمىيىتىنى چۈشەنسە ئىدى، مەشرەپ ئۆچۈنلا شۇنچە جىق پۇلنى ئايىمە-غان بايلار بىر مەكتەپ سالالماسمۇ؟ ۋەخپىلەر تەرتىپكە سې-لىنسا، ۋەخپە پۇلى بىلەنلا پۈتۈن شەھەردىكى يېتىم بالىلار-نى تەربىيەلەپ ئوقۇتقىلى بولاتتى، ئۇ چاغدا مىللىتىمىزنىڭ ياش - ئۆسمۈر، ئەرلىرى ۋە ئىپپەتلىك قىزلىرى چىن-لىقلارغا، ھىندىلارغا سېتىلىپ كېتىشتىن قۇتۇلاتتى. شۇن-چە سۆزلىسىمۇ چۈشەنمەيدۇ»، دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، بەگلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مىل-لىي ۋە دىنىي ھوقۇقلىرى ھەققىدە سۆزلەشتۇق. چىنچىنى ياخشى بىلىدىغان بىر بەگ: «ھۆكۈمەت ئالتەشەھەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئالتەشەھەرگە مەخسۇس بېگى قانۇن چىقمايۋاتىدۇ. بۇنى بىلدۈرىدىغان ۋە ھوقۇق تە-لەپ قىلىدىغانلار بولسا، ھۆكۈمەت قوبۇل قىلىدۇ»، دېدى. يەنە بىرى، دۆلەت مەجلىسىگە ئالتەشەھەردىن ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىش كېرەكلىكى بايان قىلىنىسىمۇ، بىر قارارغا كېلىد-شەلمەي قالدى.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدى-كى ئومۇمىي 2051 - سانىدىن).



www.uyghurkitap.com

# چىن مۇسۇلمانلىرى ھاياتىدىن (2)

چىن مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن كۆزگە چېلىقىدىغان نەرسە ئىشسىزلىقتۇر. بۇلار ئوتتەك قىزىق ئىش ۋاقىتلىرىدا لاغايلاپ يۈرۈشىدۇ. كىيىملىرىنىڭ يېڭى ئۇزۇن، ئېتەكلىرى سۆرەلمە بولىدۇ. كەتمەن ـ گۈرجەكتەك نەرسىلەرنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن تۇتىدۇ. قارا ئىشچىلاردىن باشلاپ سودىگەر ۋە موللىلارغا قەدەر ھۇرۇن بولىدۇ.

ھېچقانداق بىر يەردە يېڭىلىق ۋە باشقا پائالىيەتلەرنىڭ ئەسىرى كۆرۈنمەيدۇ. ۋۇجۇدىدا ھېچبىر ئۇيات ۋە ھايانىڭ بارلىقى بىلىنمەيدۇ. ئۇياتلىق ـ ھايالىق ئايال بوسۇغىدىن ئاتلا ـ ئاتلىماس يەنە ئېرىنىڭكىگە قايتىدۇ. بۇلاردا جېنىنىڭ بارىچە ئىشلەيدىغان، ئايىغىدىن ئوت چىقىرىپ جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغان پائالىيەتچى ئادەملەردىن بىرىنىمۇ ئۇچرىمايدۇ. تەپسە تۆمۈر ئۈزگۈدەك، دەسسىسە مىس ئۈزگۈدەك ياش ـ ئۆسمۈر يىگىتلەرنىڭ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگىنى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۇنداق ئىشلار ھەر جايدا ھەر خىل بولىدىكەن. مەسىلەن، جاپاكەش تىلەمچىلەر كېرىيەدە يوق دېيەرلىك. كاشغەر ۋە ياركەنتتە بەك كۆپ. كېرىيە خەلقى ئارىسىدا رىزقىنى تەگرىدىن كۈتىدىغان ئىش يوق. ئىشلەپ ئۆز كۈنىنى ئالىدۇ. تاغلارغا چىقىپ ئالتۇن قازىدۇ. بۇ تەرىپىدىن قارىغاندا، كېرىيە مۇسۇلمانلىرى ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىغا ئۆرنەك بولۇشقا مۇناسىپ.

بۇلارنىڭ تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىمۇ ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. سودىگەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاۋارنى يىراق يەرلەردىن ئېلىپ كېلىپ ساتىدۇ. مەسىلەن، بۇيىللىق يەرگە — «لەنجۇسىك»غا بېرىپ تىجارەت قىلىپ كېلىدۇ. مېھنەتلىرى بىكارغا كەتمەيدۇ. ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى ئىككى - ئۈچ ھەسسە باھاسىدا سېتىپ ئوبدان پايدا ئالىدۇ. ئالتەشەھەردە (مەسىلەن، خوتەن، كاشغەر، ياركەنت، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، غۇلجا ۋە ئۇرۇمچى شەھەرلىرىدە) رۇس ۋە غەربىي ياۋروپا ماللىرى بازارنى بىر ئالغاندەك، كېرىيەدىمۇ لەنجۇ سىڭنىڭ ماللىرى بازارنى بىر ئالغان. بۇ يەردە لەنجۇ سىڭنىڭ ماللىرى كۆپرەك كەلتۈرۈلىدۇ. كېرىيە مۇسۇلمانلىرى ئالتۇنچىلىق، تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قاراپ قالمايدۇ. ھەممە ئادەم بىر ئىشنىڭ كويىدا بولغان بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە موھتاجلىق ئۇ قەدەر يۈرەككە ئۆتكۈدەك دەرىجىدە پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالمىغان. دۇرۇس، بۇ يەردە مەجۇسى① چىنلىقلارغا قىز بېرىشتەك كۆڭۈلسىز ئىشلار بار. ئەمما، بۇ ئىشلارنى ئالتەشەھەرنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە بولۇۋاتقان ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئارتۇقچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

خەلقنىڭ ئەخلاقىي بۇزۇلۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭراق شەھەرلەردىكى بۇزۇقچىلىققا سېلىشتۇرغاندا «لاشى②» بولۇپ قالىدۇ. مۇساپىرلار (كۆچمەنلەر) كۆپ ئارىلاشمىغانلىقتىن، بۇلارنىڭ تىللىرى ۋە ئەخلاقى ياخشى ساقلانغان. بۇ يەردە ئوغرى، قىمارۋاز، بۇزۇق، دىۋانە - قەلەندەر، گاداي ۋە تىلەمچى، ئىشان - داخان،

① مەجۇسى — ئەسلىي ئاتەشپەرەسلەرنى كۆرسىتەتتى. بۇ يەردە بۇددىستلارنى خاتا ھالدا مەجۇسى دەپ ئاتىغان.

② لاشى — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئەڭ كىچىك، ئەرزىمەس، يوق»، دېگەن مەنىدە.

مازارپەرەس ـ خوجاپەرەس دېگەندەك مەخلۇقلار ئۇچرىمايدۇ. بارلىقىمۇ بار، لېكىن ئەھمىيەت بەرگۈدەك دەرىجىدە كۆپ ئەمەس.

بۇلاردىكى بىر كەمچىلىك شۇكى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تاھارەت ۋە تازىلىق قىلمايدۇ ياكى ئۇلارنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىپ يەتمەيدۇ. مەرىپەت بولمىغانلىقتىن تازىلىقنىڭ سالامەتلىككە، پاسكىنىچىلىقنىڭ تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ تارقىلىشىغا، كۆپىيىپ كېتىشىگە قەدەر تەسىرى بارلىقىنى ئاڭقارمايدۇ.

ئۆيلىرى بۇخارا مەدرىسەلىرىگە ئوخشاش قاراڭغۇ بولىدىكەن، قۇياش نۇرى چۈشمەيدىكەن، ھاۋاسى ئالماشمايدىكەن. شەھەرنىڭ قورۇلۇشى، كوچىلىرىنىڭ تازىلىقى، ياسىلىش ئۇسلۇبىمۇ بۇخارايى شەرىفنى ئەسكە سالىدۇ. بازار كۈنلىرىدە (پەيشەنبە كۈنى) كوچىدا ماڭغىلى بولمايدۇ. ئېشەك بىلەن ئادەمنىڭ تولىلىقىنى بىر دېمەڭ! ئالەمنى چاڭ ـ توزان قاپلاپ كەتكەن. ھەممە يەر توپىلاڭ! شۇ توپىلاڭلىق ئىچىدە ئەمچەكتىكى بالىسىنى كۆتۈرۈپ، ئېمىتىپ يۈرگەن خوتۇنلار باشقىچە دىققەتنى تارتىدۇ. يول ئۈستىدە باققاللار قوغۇن ـ تاۋۇزنى تىلىملاپ كېسىپ ساتىدۇ. يولدا مېڭىۋاتقانلار توپا توزىتىپ مېڭىشىدۇ. ئاشخانىلارمۇ شۇنداق توپا ئالىمى بولۇپ كەتكەن. ئۆتكۈنچىلەر تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاش يەيدۇ. كوچىدا، يولنىڭ بېشىدا ئاش ـ نان پىشۇرۇۋاتقانلارمۇ شۇنداق. ھەممە يەر توپىدا بۇلغىنىپ كەتكەن....

ئىچىدىغان سۇلار كۆل سۈيىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كۆللەرگە چۈشمىگەن نەرسە قالمىغان. ئېشەك ئالدىدىن، ئەسكى ئېرىقلاردىن ئېقىپ كەلگەن، سۇلار شۇ كۆلگە قويۇلىدىكەن. كىر يۇغان، قازان تازىلىغان، ئاياق ـ تاۋاق يۇغان سۇلارنى كۆلدىن ئېلىپ، كۆلگە قۇيۇۋېتىدىكەن. كۆزدىكى

دەرەخ يوپۇرماقلىرىمۇ، ئۇچقاندەك شۇ كۆلگە چۈشىدۇ. كۆل-گە كىرگەن سۇ ئېقىپ چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆل ئىچى تىنىپ كېتىدۇ.

مەسچىتلەرنىڭ ئىچى ھەممىدىن بەتتەر: چاڭ - توزاڭ ئەخلەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن سەجدە قىلىشقا شۇركىنىدۇ كى-شى. شۇنىڭغا قارىماي خەلق ئۆتۈكى بىلەن كىرىپ ناماز ئو-قۇيدۇ. ئايىغىدىن چۈشكەن ئەخلەت ۋە نىجاسەتلەر مەسچىتتە قالىدۇ. سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىلمەيدۇ. مەسچىتكە كىرىپ نا-ماز ئوقۇپ چىققان كىشىنىڭ پۈتۈن ئەزاسى، كىيىملىرى چاڭ - توزانغا مىلىنىپ، خۇددى سۇدىن چىقىپ توپىدا ئې-غىنىغان ئاتنىڭ سىياقىغا كىرىپ قالىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر تېخى: «مەسچىتتىن ھېلىلا چىقىشىم، تاھارىتىم بار، قولۇم پاكىزە» دەپ شۇ قوللىرى بىلەن ئاش يەيدۇ.

پەرزەنت تەربىيەسى مەسىلىسىگە كەلسەك، بەكمۇ قىزىق ئىش، بۇلار پەرزەنت تەربىيەسىدە قوش، قۇرت ۋە ھايۋاناتچە-لىكمۇ ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. مەسىلەن، قۇشلار ئۆز بالىلىرى-نىڭ راھەت ۋە سالامەت ياشاپ ئۆسۈشى ئۈچۈن، چاۋا تو-شۇپ، ئىسسىق ۋە يۇمشاق ئۇيلەرنى ياسايدۇ. ھايۋانلارمۇ با-لىلىرىنى تىلى بىلەن يالاپ تازىلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەرلىكلەر بۇ-نى پەقەت بىلمەيدۇ. بالىنى يۇيۇندۇرۇش، كىيىندۇرۇش، ئۇستىبېشىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، پىكرىنى ئېچىپ ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىش، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىش، مەكتەپتە ئوقۇتۇشتەك تەربىيەلەر يوق. ھەر ئىشتا يامىنىنى چىڭ تۇت-قاندەك بالا تەربىيەسىدىمۇ ئاتا - ئانىلار ئاتا - ئانىلىق يو-لىدا مېڭىشى كېرەك.

بالىنى قانداق تەربىيەلەش، قانداق ئوقۇتۇش، سالامەت-لىكىنى قانداق ساقلاش، نادانلىقتىن قانداق قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمايدۇ. دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى-

نى بولسا ئۆتتۆپ كەتكەن. ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن موللا بولۇپ چۈشمەيدۇ (خۇددى «قۇرئان كەرىم»دىكى «ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالدا چىقاردى»، دېگەن ئايەتتىكىدەك). ئادەم تەربىيە بىلەن ئادەم بولىدۇ. لېكىن بۇلارنى ئويلىمايدۇ.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يىلدىن - يىلغا كۆچىيىۋاتىدۇ. بۇلار يەنىلا شۇ «قەدىمىي بۇخارا» ئۇسۇلىدا كېسەللەر بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ، بىر تاۋاقتىن ئاش يەپ، بىر ئاياقتىن سۇ ئىچىۋاتىدۇ ھەم ئۇستىگە ئۆلگەنلەرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋاتىدۇ. پاكلىق ۋە سالامەتلىكنىڭ قەدىر - قىممىتى بۇ يەردە مۇشۇ دەرىجىدە تۆۋەن.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى ئومۇمىي 2055 - سانىدىن).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى (14)

(ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئىنقىراز ئالدىدا ــ خوتۇن ـ قىزلار ھوقۇقى، ۋاقىتلىق نىكاھ بالاسى)

ئالتەشەھەردە خوتۇن ـ قىزلار ئىنسانىي ھوقۇق ۋە مە-
دەنىيەت ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇمدۇر. قىز بالىلارنى
ئوقۇتۇش، ئانىلارغا مىللىي تەربىيە بېرىش، ھۈنەر ـ كەسىپ
ئۆگىتىش، ئۆي تۇتۇش ۋە بالىلارنى تەربىيەلەشتەك ئىشلارنى
ئەسكە ئېلىپمۇ قويمايدۇ. ئالتەشەھەردە خوتۇن ـ قىزلار پۈ-
تۈنلەي زۇلۇم ـ ئىستىبدات ۋە جاھالەت ئاستىدا ياشايدۇ.
بىچارىلەرنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ھايۋانچىلىكمۇ ئىززەت
ۋە ئېتىبارى يوق.

ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىپ، چىرا يېزىسىدا ماكانلىشىپ
قالغان ئوبدانلا بىر باي ــ نوپۇزلۇق ۋە مۆتىۋەر ھەمدە خې-
لىلا كۆزى ۋە پىكرى ئېچىلغان تەرەققىيپەرۋەر بىر زات يې-
قىن ئارىدا خوتەنگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ ئېيتىپ
بېرىشىچە، مەزكۇر ئەپەندى خوتەنگە مېڭىش ئالدىدا خوتۇنىد-
نى پەنجىرىسىز بىر ئۆيگە سولاپ قويغان. ئۆي ئىچىگە يې-
يىشكە نان، ئىچىشكە سۇ تاشلاپ بەرگەن. بۇ كىشى خو-
تەنگە كېلىپ، 15 ــ 20 كۈن تۇردى ۋە بۇ ئارىدا ئۈچ ـ تۆت
خوتۇنمۇ ئالدى.

بۇ ئىشنىڭ تەئەججۇپكە سەۋەب بولغان يېرى شۇكى،
مەزكۇر زات كىشىگە ۋىجدانلىق، ئوچۇق پىكىرلىك ۋە تە-
رەققىيپەرۋەر بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە بۇنداق ئىشلارنىڭ

مىسالى ئاز ئەمەس.

خوتۇنىنى نان بىلەن ئۈيگە سولاپ قويۇپ، ئۆزى مەشـ-رەپلەردە ئويناپ يۈرگەن ئەرلەرنىڭ سانىمۇ - ھېسابىمۇ يوق.

ئوقۇمىغان ۋە تەربىيە كۆرمىگەنلىكتىن، مەيلى ئەر، ياكى خوتۇن - قىزلار بولسۇن، ئومۇمەن بۇزۇقچىلىق ۋە جىنسىي كېسەللىكلەرگە مۇپتىلادۇر.

قازى، مۇپتى ۋە روھانىيلار بىر تەرەپتىن زىنا بىلەن تۇتۇلۇپ قالغانلارنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ، «ھەد» (80 دەررە) ئۇرۇپ يۈرۈۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق ئىشلار كۆپىيىۋاتىدۇ. پاھىشىلىك كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىۋاتىدۇ. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، كىشىلەر: «ئەدەپ - ئەخلاقنى تاياق بىلەن قوغداپ، بۇزۇقچىلىق ۋە پاھىشىلىك بالاسىدىن دەررە ئازابى بىلەن قوغداش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن»، دېگەن ئويغا كېلىدۇ.

بۇنداق ئىشلارنىڭ مەنبەسى ۋە سەۋەبچىسى تەن ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلدۇر. ئەخلاق ۋە ئەخلاقسىزلىق سۈپەتلىرىمۇ تەنگە ئەمەس، كۆڭۈلگە خاستۇر. بەس، ئۇلارنىڭ بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشى ۋە مىللەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى چارىسى ۋە كۈچلۈك ئامالى بولسا مۇنتىزىم مەكتەپلەردە گۈزەل تەربىـ-يەلەر بېرىش. مەن بۇ ھەقتە ئاۋۋالقى ماقالىلىرىمدە يازغانـ-دىم. لېكىن، بۇنداق قارا ۋە نادان خەلق ئارىسىدا مەتبۇئات يوق، گېزىت - ژۇرناللار، ئەدەبىي ۋە ئەخلاقىي رىسالىلەر تارقالمايۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يازغانلىرىمىزنى كۆرمەيدۇ، سۆزلىگەنلىرىمىزنى ئاڭلىمايدۇ.

بۇزۇقچىلىقنىڭ بىرىنچى ئاملى ۋاقىتلىق نىكاھتۇر. چۈنكى، ۋاقىتلىق نىكاھلار كۆپەيگەنسېرى، يېتىم باللار، تول خوتۇنلارمۇ كۆپىيىدۇ. ئىككىنچى، تەربىيەسىزلىك ۋە

موھتاجلىق. ئۇچىنچى، ئەرلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىقلىرى ئۇ بىچارە يېتىملەرنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بۇ مۇدھىش ۋاقىتلىق نىكاھ خوتەن شەھىرىدە شۇنچىلىك كۆپ، شۇنچىلىك ئومۇمىيلاشقان.

شۇ سەۋەبتىن تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللەر كېڭىيىۋاتىدۇ. بىئەجەل ئۆلۈۋاتقانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. خوتەن ئەتراپىدا ۋابا بىلەن ئاھالىسى پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىگەن يېزىلار بار، دېيىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ چارىسىنى بىلىدىغانلارمۇ، قىلغۇچىلارمۇ يوق. قازىخانىلار بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تۇتۇش قىلسا بولاتتى. يۈزلەرچە يېتىم «تەقسىم ئۇمىچى» كۈتۈشۈۋاتىدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى ئومۇمىي 2062 - سانىدىن).





## ئالتەشەھەردە ئەرەبلەر

جاھالەت قەيەردە كۆچەيسە ئەرەب، سەئىد، ئىشان، داخان دېگەندەك مىللەت مىكروبلىرىمۇ شۇ يەردە باش كۆتۈرىدۇ.

بۇ مەخلۇقلار كېيىنكى يىللاردا ئالتەشەھەردە بەك كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسى خەلقنىڭ نادانلىقى بولغاچقا، بۇلار خەلقنى ھەمىشە جاھالەتكە باشلاپ ماڭىدۇ. خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچماسلىقتا، ئالتەشەھەرگە ئىلىم نۇرىنى چۈشۈرمەسلىككە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ جانابلار كۆرۈنۈشتە بەك سوپى ۋە تەقۋادار كۆرۈنگەچكە، نادان خەلق مۆكىببەن ئەلا ۋەجھىھى ئۇلارنىڭ قىپقىزىل يالغانلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ ۋە ئىشىنىدۇ.

تېخى يېقىن ئارىدىلا ياركەنت شەھىرىدە بىر ئەرەب پەيدا بولدى. بۇ زات بۇ يەردە گوياكى بىر پەيغەمبەرگە ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالدى. بۇ جاناب قارماق سېلىشقا بەك ئۇستا بولسا كېرەك، سوپىلىقى، تەقۋادارلىقى بىلەن پۈتكۈل ياركەنت خەلقىنى ھەيران قالدۇردى. خەلق ئۇنى «ساھىبى كارامەت» (كارامەت ئىگىسى) دەيدىكەن. ئۇ يەنە تېۋىپلىقمۇ، داخانلىقمۇ قىلىدىكەن. كارامەتلەردىن قولى بوشىغاندا، ئارىلاپ ۋەز - نەسىھەتمۇ قىلىپ تۇرىدىكەن.

خەلق: بۇ كىشى بىرىنچىدىن، تېۋىپ، ئىككىنچىدىن، سەييىد بولغانلىقى ئۈچۈن قىلغان داۋالىرى بەك ياخشى پايدا قىلىدىكەن، دېيىشىدۇ.

بىر كۈنى بۇ كىشىنىڭ سۆھبىتىگە مەنمۇ مۇشەررەپ بولۇپ قالدىم. خەلققە قىلىدىغان ۋەز - نەسىھەتىنىڭ ھەم-

ـمىسى: دۇنيا بۇزۇلدى، زامانە ئاخىر بولدى، «ئۇسۇلى جەـ دىت» دېگەن بىرنېمە پەيدا بولۇپ ئادەملەرنى دىندىن چىقىـ ـرىشقا باشلىدى، دېيىشتىن ئىبارەت ئىكەن.

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئۇستىگە ئىلىم نۇرى چۇشسە، بىچارە سەيىد، ئىشان، تېۋىپ، داخانلارغا بارىدىغان يەر تېپىلماي تەشۋىشكە چۇشۇشى تۇرغان گەپ. نېمىدېگەن ئۇستاتلىق ـ ھە! ئۇلار ھازىردىن باشلاپ ئۆز ئىستىقباللىـ ـرىغا قايغۇرۇپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خەلقنىڭ كۆـ زىنى ئاچقۇزماسلىقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەقسەتلىرىدۇر.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، ياركەنت

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۇنىدى- كى ئومۇمىي 2064 ـ سانىدىن).

# چىن مۇسۇلمانلىرىدا رامىزان ئېيى

جۇمە كۈنى تەراۋىھ ئوقۇلۇپ، شەنبە روزا تۇتۇلدى. رامىزان ئېيى كىرىش بىلەن ۋابا كېسەللىكى يەنە ئەدەشكە باشلىدى. خوتەن ئۆلىماسى بۇنى پاھىشىۋازلىقتىن كۆردى. لېكىن بۇ ئىشنى يىلتىزىدىن قومۇرۇش توغرىسىدا «ھەد» (80 دەررە ئۇرماق)تىن باشقا چارە تېپىلمىدى. پاھىشىۋازلىق بولسۇن ياكى ۋابا كېسەللىكىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ سەۋەبى ـــ مىللىي ۋە مۇنتىزىم مەكتەپلەرنىڭ يوقلۇقى ۋە شۇ سەۋەبلىك خەلقنىڭ نادانلىقتا قېلىشىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى ياخشى مەكتەپ ۋە تەربىيە ۋاستىسى بىلەن خەلقنى ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئۆگىتىش، بالىلارنىڭ روھىنى ياشلىقىدىن تارتىپ تازىلاشقا ئۆگىتىشتىن ئىبارەت.

خەلق نادان، ئىلىمدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز. شۇڭا قۇرتلاپ كەتكەن كۆل سۇلىرىنى ئىچىدۇ، پاسكىنا ۋە بۇزۇلغان مېۋىلەرنى يەيدۇ، ئومۇمەن تازىلىققا دىققەت قىلمايدۇ، شۇڭا ۋابا قاتارلىق دەھشەتلىك كېسەللىكلەر يامرايدۇ.

رامىزان ئېيىدا كۈندۈزى چىڭقىچۇشتىن كېيىن، ئاخشىمى تەراۋىھدىن كېيىن مۇنارغا ئوخشاش ئېگىز يەرلەردە داپ، ناغرا چېلىنىدۇ. دۇتار، تەمبۇر، قالۇن دېگەندەك مىللىي سازلار بىلەن نەغمە ـ ناۋا قىلىنىدۇ. مىللىي ناخشىلار ئېيتىلىدۇ، نەۋايى، فۇزۇلى شېئىرلىرى ئوقۇلىدۇ. بۇ بەك ياخشى ئۆتكۈزۈلىدۇ. 17 ـــ 18 سائەتلىك ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن سولغان كۆڭۈلنى كۆتۈرىدۇ. تۈركىستان ۋە بۇخارا ـ

دىكى كىچىك چايخانىلاردا ئولتۇرۇش ۋە باشقا تاماشا قىلىش ئىشلىرى يوق، شۇڭا بۇ يەردە تەراۋىھدىن چىقسىمىز يەنە مۇڭلۇق ناخشا ۋە قالۇن سادالىرىنى ئاڭلىغاچ، تاتلىق ئۇخلاپ قالىمىز. مۇزىكا توختاش بىلەن زوھۇرغا قوپىمىز، روزا تۇتىمىز.

بۇ يەردە رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن زاكات بېرىش ئادىتى بار. خوتەن ئۆلىماسىنىڭ تەلىمى بويىچە بايلار زاكاتلىرىنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا بېرىدۇ. بىرىنچى، باي بولسىمۇ ئۆلىماغا، ئىككىنچى، سەييىد ئەرەبلەرگە، ئۈچىنچى، پېقىر، مىسكىن، قەلەندەرلەرگە. پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىلمىي ئورۇن، مىللىي مەكتەپلەرگە زاكاتتىن ئۇلۇش تەگمەيدۇ. مەدرىسە ۋەخپىلىرىنى سېتىپ مىللەت بالىلىرىنى يىغلىتىپ، تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن مۆھۈرلىرىنى بېسىپ، دۇنيا تاپقان ئۆلىمالار سىنىپىدىن ھېچنېمە ئاشمايدۇ. ئۇلار بار يەردە مىللەتنىڭ مىللىي ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجلىرى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ...

نوشىرۋان يائۇشېۋ، ياركەنت

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2078 ـ سانىدىن).



# چىن مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا

رامىزاننى غەلىبىلىك تاماملاپ، 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۈشەنبە خوتەن شەھىرىدە ھېيت نامىزى ئوقۇلدى. «ئۈزۈن كۈنلەردە روزا»[1] تۇتۇپ قارشى ئالغان بۇ مۇبارەك ھېيت چوڭ شادلىق بىلەن يېتىپ كەلدى.

ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەر ئىچى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، يېپيېڭى كىيىملەرنى كىيىپ كەلگەن خوتۇنلار شەھەرگە باشقىچە زىننەت بېرىپ تۇراتتى.

مىللىي ئادىتىمىز بويىچە، بۈگۈن بىزمۇ خوتەندىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىللە ھېيتلىشىپ يۈردۇق. كاشغەرنىڭ مۆتىۋەر بايلىرىدىن - ئوچۇق پىكىرلىك كىشىلەردىن بولمىش مۆھتەرەم ئىمىن ئاخۇن جانابلىرى بىلەن تونۇش - بىلىشلەرنى زىيارەت قىلىپ يۈرگەندە، زور غەيرەت ساھىبى بولغان ئۇلۇغ بايلىرىمىزدىن ئەمەتجان ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ھاجى ئۆيىدە يوق ئىكەن. بىزنى ئىسھاقجان ئىسىملىك كۈيۈ ئوغلى قارشى ئالدى. شىرەگە تۈرلۈك يېمەكلىكلەر تەييارلانغان مول داستىخاندا چاي ئىچىپ،

---

① مۇسا جارۇللاھ بىگىيېفنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى. 1911 - يىلى قازاندىكى «ئېلېكترو - تىپوگرافىيە ئۈمىد مەتبەسى»دە بېسىلغان. 204 بەتلىك بۇ ئەسەردە قۇياش پاتمايدىغان ياكى كۈندۈز ئۇزۇن بولىدىغان يەرلەردە نامازنىڭ ۋاقتى ۋە روزا تۇتۇش مەسىلىسى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئاخىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالام، زۇلقەرنەيننىڭ يارىتىلىشى، ئەقلىنىڭ ئەركىن بولۇشى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى شەرھلەنگەن.

غىزالانغاندىن كېيىن، ئىمىن ھاجى جانابلىرى ئابدۇللاخان ھاجىمنىڭ شەھەرگە بىر مەدرىسە سېلىش ئويىدا بولۇۋاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزگە كىرىشىپ، تەنقىدىي سۆزلەرنى سۆزلەپ: ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا، مەدرىسەلەرنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن، بەك كۆپ مەدرىسە بۇزۇقلارغا، ئەينەكچى ـ ياماقچىلارغا ئىجارىگە بېرىلگەنلىكىنى، 20 ــ 30 يىل ئوقۇپ يېنىپ چىققان پىكىرسىز شاگىرتلارنىڭ، موللىلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشقا، يۇرتنىڭ ھاجىتىگە يارىمىغانلىقى، ئىمام، مۇدەررىس، قازى ـ مۇپتىلارنىڭ يۇرتقا بىر پۇللۇق پايدىسى بار ئىش قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتى بىلەن بايان قىلدى. نادانلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق سەۋەبىدىن تۇرمۇشى ۋە مەئىشىتى ناچارلىشىش، كىچىك قىزلارنىڭ ئازغىنە پۇلغا گول بولۇپ ئەرگە تېگىشكە ماقۇل بولۇشى، ھىندى ۋە باشقا تائىپىلەرگە تېگىشى، مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ ۋە مىللىي ھوقۇقىنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئىشسىزلىق ـ ھۈنەرسىزلىكتىن كۆچسىز، يارىماس، زەئىپ ۋە بىچارە بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بەك تەسىرلىك سۆزلەرنى دېدى. بۇنداق قورقۇنچلۇق ۋە مىللەت نامىغا ئار ـ نومۇس كەلتۈرىدىغان يامان ئىشلارنىڭ تومۇرىنى كېسىدىغان پالتا ــ مەكتەپتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈردى.

«بۇنداق پايدىلىق مەكتەپلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇھتەرەم بايلىرىمىزنىڭ ھىممىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ»، دېدى ئىمىن ئاخۇن جانابلىرى، ئۆزىنىڭ شۇ پىكرىنى خېلىدىن بېرى سۆزلەپ، چۈشەندۈرۈش نىيىتىدە بولغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە باشقا يەرلەردىمۇ ھەر خىل مۇناسىۋەت بىلەن مىللەتنىڭ بۈگۈنكى ئېھتىياجىنى ئەسكە چۈشۈرۈپ: «ئۆتكەن ئىشقا ئۆكۈنگەندىن پايدا يوق. ئەمدى ئىستىقبال ئۈچۈن، يېڭى يوللارنى ئېچىپ، پالاكەت چوققىلىرىدىن ئۆتۈپ، كې-

لەچەك ئۇچۇن ئەپلەك كۆۋرۈك سېلىش كېرەكلىكى»نى ئېيـ-
ـتىپ ئىچۇردى.

ئەمەتجان ھاجى ئەپەندىنىڭمۇ بۇ كۈنلەردە پىكرى ئۆز-
گىرىپ: مەدرىسە سېلىشتىن مەكتەپ سېلىشنى ئويلاپ تۇر-
غانلىقىنى سۆزلىدى. ئابدۇللاجان ئەپەندى پايدا بىلەن زىياد-
نى ئايرىشنى بىلىدىغان ئەقىل ۋە پاراسەت ئىگىسىدۇر. ئەل-
ۋەتتە، مەدرىسە سالىدىغان پۇلنى مىللەتنىڭ ئېھتىياجى
كۆپرەك چۈشۈپ تۇرغان مەكتەپكە، مىللىي ۋە مۇنتىزىم
مەكتەپكە سەرپ قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن بىللە، شە-
ھەردە مەدرىسەنى ئېھتىياجقا قاراپ ئېچىش كېرەك.

نوشىرۋان يائۇشېف، ياركەنت

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندى-
كى ئومۇمىي 2086 ـ سانىدىن).

www.uyghurkitap.com

# چىن مۇسۇلمانلىرى تۇرمۇشىدىن

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن نەقەدەر ئارقىدا قالغانلىقى ھەققىدە بۇنىڭدىن ئاۋۋالمۇ كۆپ ماقالىلەر يېزىلغانىدى. قالايمىقان نىكاھ ھەققىدە بۇگۈنگىچە بىرەر ماقالە يېزىلمىدى. بۇ خوتەننى بۇلغاپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئېغىر تەبىئەتلىك ئىش ھەققىدە سۈكۈت قىلىپ تۇرالمىدۇق. بىز بۇنى مىللەت ۋە ئىسلامىيەتنىڭ نەزەرىگە تەقدىم قىلىمىز. بۇنداق نەپرەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ ـ سۆزلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. بەس، ئەمدى مۇشۇ كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن بىرنەچچە ۋەقەنى بايان قىلىمىز:

(1) خوتەنگە تەۋە بىر بازار بار. بۇ يېزا كاشغەرگە بارىدىغان كارۋان يولى ئۈستىدە بولۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن سودىگەرلەر بۇ يەرگە چۈشۈپ قونۇپ ئۆتىدۇ. مانا شۇ يېزىغا بىر سودىگەر كېلىپ، كارۋانسارايغا چۈشىدۇ. ساراي خوجايىنىنىڭ قېرى خوتۇنىدىن باشقا يەنە بىر ياش خوتۇنىمۇ بار ئىكەن. سودىگەر ساراي خوجايىنىنىڭ قېرى خوتۇنىغا: «بىرەر چىرايلىق چوكان تېپىلسا، مەن بۈگۈن ئۆيلىنەتتىم»، دەيدۇ. قېرى خوتۇن: «بار، تېپىلىدۇ» دەپ، ئۆزىنىڭ كۈندىشىنى سارايغا ئېلىپ كىرىپ، سودىگەرگە كۆرسىتىدۇ. چوكان يارىغاندىن كېيىن، نىكاھ ئوقۇش ئۈچۈن ساراي خوجايىنىنى چاقىرىدۇ. خوجايىنى ئەرگە تېگىدىغان چوكان ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، قېرى خوتۇنىدىن قورقۇپ، نىكاھنى ئوقۇپ، سودىگەرنى ئۆيلەپ قويغان.

(2) بۇ يەردە ئادەتتە بىر كىشىنىڭ ئىككى خوتۇنى بولىدۇ. بىر كۈنى ئىككى كىشى بىر بەگنىڭ ئۆيىدە قىمار ئوينايدۇ. ئۇلاردىن بىرى ئۇتتۇرۇپ، 30 سەر كۈمۈشكە قەرزدار بولۇپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇتتۇرغىنى شۇ يەردىكى بىر بەگدىن 30 سەر ئېلىپ، پۇل ئورنىغا بىر خوتۇنىنى بېرىۋېتىدۇ ۋە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە نىكاھىنى ئوقۇتۇپمۇ قويىدۇ.

(3) كۇچادىن بىر سودىگەر كېلىپ سارايغا چۈشىدۇ. شۇ يەردە بىر كىشى ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى سىڭلىم دەپ، مەزكۇر سودىگەرگە كۆرسىتىدۇ. سودىگەر چوكاننى يارىتىپ قالغاچقا، نىكاھىنى ئوقۇتۇپ ئالىدۇ. لېكىن، كېيىن بۇ ئىشنى مەھەللە خەلقى بىلىپ قېلىپ، قازىخانىغا مەلۇم قىلىدۇ. قازى: «خوتۇن بىلەن كونا ئېرىنى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، كوچىلاردا سازايى قىلىش»قا پەرمان چىقىرىدۇ.

بۇنى يېزىشتىكى مەقسىتىمىز غەيۋەت قىلىش ئەمەس، بەلكى، تەنبىيە ۋە ئىبرەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، ياركەنت

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2094 ـ سانىدىن).



## خوتەندىن

خوتەن شەھىرىدىكى مۇساپايېڧلار تىجارەتخانىسىدا مۇدىر ۋە ۋەكىل بولۇپ ئىشلەۋاتقان مۇنھاجىدىن تەرجىمانوف ئەپەندى (قازانلىق تاتار) 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدە ۋابا تېگىپ ۋاپات بولدى. مەرھۇم غايەت جىددىي ۋە ئىشچان زات ئىدى. ياخشى ۋە توغرا مۇئامىلىسى بىلەن خوتەننىڭ باي ۋە مۆتىۋەرلىرىنى قىسقا بىر زامان ئىچىدە ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. دەپتەردارلىقى ۋە ھېساب تۇتۇشىدىن ھەممەيلەن خۇش ھەم خۇرسەن ئىدى. مۇنھاجىدىن ئەپەندى مۇناسىۋىتى بار خوتەننىڭ مۆھتەرەم بايلىرىغا مەكتەپ ئېچىش ۋە مەرىپەتچىلىك ھەققىدە تەشۋىق قىلاتتى. ئەخلاقلىق، خۇش مۇئامىلىلىك ھەمدە ئوچۇق ۋە توغرا پىكىرلىك، زامان ئەھۋالىدىن خەۋەردار بۇ ئەپەندىنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتى كۆڭلىمىزگە بەك ئاچچىق تەسىر قىلدى. بۇ زاتنىڭ ياش كېتىشىگە قايغۇرمىغان، خۇش مۇئامىلىسىنى ئەسكە ئېلىپ كۆزىدىن ياش تۆكمىگەن كىشى قالمىدى. مەرھۇم 40 — 45 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، مېيىت نامىزىغا خوتەننىڭ ئۆلىما ـ مۆتىۋەرلىرى قاتناشتى. خوتەن دەرياسى بويىدىكى شەيخ بۇرھانىددىن مازىرى يېنىغا دەپنە قىلىندى. جانابىي ھەق ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! دوست ـ ئاشنىلىرىغا سەۋر ـ تاقەت بەرسۇن!

مەرھۇمنىڭ ئاتىسىغا مۇساپايېڧلار خەۋەر بەرگەن بولسا كېرەك، بىز ئادرېسىنى بىلەلمىدۇق.

نوشىرۋان يائۇشېڧ

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2109 ـ سانىدىن).





## «ئالتەشەھەر» مۇسۇلمانلىرىدا مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش مەسىلىسى

پۈتكۈل دۇنيا خەلقى مەيلى مائارىپ، سانائەت ۋە تىجارەت ساھەسىدە ئالغا كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە كۈندىن ـ كۈنگە كەينىگە چېكىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

ئالدىنقى يىللىرى مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىدىن مۇسابايېفلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كاشغەردە بىر يېڭىچە تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى ئېچىلغانىدى. بۇ مەكتەپ بەش ـ ئالتە يىل داۋاملاشقان بولسا، ئالتەشەھەر ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشىپ قالغان بولاتتى. لېكىن بەختسىز مىللەت شۇ بىردىنبىر ئىلمىي ئورۇنىنىمۇ تۇتۇپ تۇرالمىدى. بۇ مەكتەپ بىر يىللا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ـ دە، كۆزنى ئېچىپ يۇمغاندەكلا يېپىلىپ كەتتى، قايتىدىن ئېچىلمىدى. ئوقۇتقۇچىسى نازارەت ئاستىدا قالدى. مانا شۇ سەۋەبلىك كاشغەر دىيارى بۇلتۇرقى ھالىدىكىدەك ئوقۇتقۇچىسىز، تەربىيەسىز قالدى. مىللىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلغۇدەك زىيالىيلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە قايتا گەپ قىلىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى. ئەگەر بۇ مەكتەپنى قايتا ئېچىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ھۆكۈمەت چوقۇم رۇخسەت قىلغان بولاتتى. لېكىن ھۆكۈمەتتىن تەستىق سورىغۇچىمۇ، بۇ ئىشقا ئالدىرىغۇچىمۇ، قايغۇرغۇچىمۇ چىقمىدى. ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقىمۇ ھۆكۈمەتتىن تەلەپ قىلىدىغان نى ـ نى نەرسىلەر بار. پەقەت ئۇنى تەلەپ قىلغۇدەك كىشى بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا،



بۇ ئىشلار جاۋابسىز قالماقتا. مىللەتنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇدەك بىرمۇ كىشىنىڭ يوقلۇقى كىشىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىغان ئىشتۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەكتەپ يېپىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئوقۇشتىن توختاپ قالغان مەزلۇم شاگىرتلار بىر نەچچە ئورۇندا مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ يۈرمەكتە. لېكىن مەلۇماتى بەك ئاز ۋە يۈزەكى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەپەندىلەر تەلەپكە لايىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشتىن تېخى يىراق. بۇ ئەپەندىلەرنىڭ كەمچىلىك ۋە يېتىشسىزلىكلىرى تەبىئىي ئىش بولۇپ، كەچۈرۈشكە لايىق بولسىمۇ، ياش ئوقۇتقۇچىلارغا يول كۆرسىتىش نىيىتى بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ:

(1) بارلىق يېڭىچە مەكتەپلەردە ئۇسۇلى سەۋتىيە بىلەن ئوقۇتۇش، يەنى سوزۇق تاۋۇشلۇق ھەرپلەرنى ئىشلىتىش قائىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەپەندىلەر بۇ يولدا ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. ئۇلار بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىنمۇ ياكى سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، يېڭىچە مائارىپ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلماي، كونا ئىملا بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئوقۇتقۇچى ئەپەندىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۇچۇندىمۇ، بالىلار ئۈچۈنمۇ خېلى ئېغىر، قىيىن ئىش.

(2) بالىلارنى سوزۇق تاۋۇشلۇق ئىملا بىلەن ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇش - يېزىشقا ئۆگىتىش ھەم يەڭگىل، ھەم پايدىلىق. يېڭىچە مائارىپنىڭ شەرتى شۇ. بۇ ئىشقا ئوقۇتقۇچى ئەپەندىلەرنىڭ دىققەت قىلىشىنى سورايمەن.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى ئومۇمىي 2117 - سانىدىن).



# ئالتەشەھەردە ۋابا

خوتەن ۋىلايىتىدە ۋابا ئۈچ - تۆت يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ، قىش - ياز تىنىمسىز «ئىشلەپ» تۇرغان بۇ كۈنلەردە بەكرەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇ كېسەل چىش تارتقاندەك ھەر كۈنى ھەر مەھەللىدىن ئونلاپ - يىگىرمىلەپ كىشىنى ئۆز ئەمرىگە بويسۇندۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ نەرسە شۇنداق كۈچلۈككى، مەيلى مۇساپىر بولسۇن، مۇھاجىر بولسۇن ھېچقانداق كىشى بويۇن تولغىيالمايدۇ.

بۇ كېسەل دەسلەپتە بوياقچى ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق ئىچىگە تارقالغانىدى. بۇ كۈنلەردە يار كەتكەندەك ھەممە يەرنى باستى. ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى ۋە ئەمەلدارلار بۇ ھەقتە بىرەر چارە ياكى تەدبىر تاپالمىدى. ئۆلگۈچىلەرنىڭ ھېسابىنى ئالغىلى بولمايدۇ. شۇڭىمۇ «بۇ كېسەل خەلقنى كاردىن چىقاردى»، دېسە توغرا بولىدۇ. يەرلىك مۇسۇلمانلار بۇ ھەقتە: ئۈچ يىل بۇرۇن دۈشەنبە بازاردا خەلقنىڭ كۆپلۈكىدىن ماڭغىلى بولمايتتى، بۇ يىل بازارغا كىرگەنلەرنى سانىغىلى بولىدۇ، دەپ تەخمىن قىلىشىدۇ.

خوتەن ئەتراپىدا ۋابا كىرمىگەن ئۆي يوق دېسە خاتا بولماس. يۇڭ ۋە يىپەك ئىشلىگۈچى بايلار ئىشچى ۋە ئۇستا تاپالمايۋاتقانلىقىدىن زارلىنىدۇ ۋە: «ئۇستىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاغرىق - سىلاقتىن ئۆلدى»، دەيدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە، ۋابا يەنە ئۈچ - تۆت يىل تارقىلىدىغان بولسا، خوتەندە بىرمۇ كىشى قالمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەزان توۋلاپ، ئىشىك بېشىغا دۇئالىقلارنى ئېسىپ، نەزىر -

www.uyghurkitap.com

قۇربانلىق قىلىشلار ئىزدىگەن يېرىگە يەتمىسە كېرەك. «ۋابا-دىن ئۆلگەن كىشى شېھىت بولغان بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە ئورۇنسىزدۇر. خوتەن ئۆتمۈشتە «شەھىدانە خوتەن» ئىدى، ۋابانى ئۇنچىلىك ئەركىلىتىش بىھاجەت ئىدى، ئۇنداق ئەر-كىلىگەن نەرسىگە ئېتىلىپ، قوشىغا تېپىدىغان ۋاقىت بول-غانىدى، ئەمدى مۆمىنلەرگە ئىمان ئېيتقۇچى ئۆلىمالار شۇ دۈشمەنلىك ۋابانى ئارىدىن يوقىتىش مۇمكىن دەپ بىلىپ جار سېلىۋاتىدۇ. شۇلارغا مەلۇم بولسۇنكى، ۋابا بىزلەرنىڭ ماددىي دۈشمىنىمىزدۇر. ۋابانى يېڭىپ، ئارىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشتا ماددىي قورال بولۇش كېرەك. دۈشمەنگە باش قو-يۇپ تۇرغاندىن كۆرە بويۇن تولغاپ قارشى تۇرۇش مىڭ مەر-تىۋە ئەۋزەل ۋە ئالىيدۇر.

ۋابا بىلەن ئۇرۇشقۇچى پالۋان — دوختۇرلار بار. ۋابانى يوقىتىش ياكى شەھەردىن قوغلاش ئۈچۈن، رۇس ۋە يەرەڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ چىققان دوختۇرلار لازىم. بۇ ئىش داخان - دەرۋىشلەر، مەجۇنچى تېۋىپلارنىڭ قولىدىن كەلمەي-دۇ. كاشغەردىكى ئىنگلىز كونسۇلى تەرەپتىن مەخسۇس خو-تەنگە ئەۋەتىلگەن بىر پەرەڭ دوختۇر «بۇ يەردىكىلەر مال گۆشى يېگەنلىكتىن تارقالغان»، دېگەن ھەم ئىچىۋاتقان كۆل سۈيىدىمۇ ۋابا قۇرتى بارلىقىنى ئېيتقان. ئېقىن سۈيى بار تۇرۇپ، كۆل سۈيى ئىچىۋاتقانلىقىنى قاملاشماپتۇ، دەپ كەت-كەن. بۇ خەلق بۇنى بىلمىگەنلىكتىن، ۋابانى «بالايى ئاسما-نى» دەپ قاراۋاتىدۇ. مىڭ پەرەڭ كېلىپ، مىڭ تۈرلۈك دە-لىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەرسىمۇ، ۋابا قۇرتىنى دۈربۇن (مىكروسكوپ) بىلەن كۆزلىرىگە كۆرسىتىپ بەرسىمۇ ئى-شەنمەيدۇ. پەن ۋە تەبىئەت ئىلمىدىن خەۋەرسىزلىكىنىڭ كاساپىتىدىن خوتەندە ۋابانىڭ غەلىبىسى ۋە ئىستىلاسى غايەت قورقۇنچ ئەكەلدى. بىر تەرەپتىن چىققان ئوت پۈتۈن شەھەر-

نى كۆيدۈرۈۋېتىدىغاندەك بىر كىشىدىن باشلانغان ئوتنىڭ يالقۇنى، پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنى يالمىۋالدى. بۇ ئوت گويا جەھەننەمنىڭكىدەك ئىتتىكلەپ كەتتى. بەك جىددىي چارە كۆرۈلمىگەندە، خوتەن خەتەرگە مەھكۇم بولىدۇ.

بۇنداق جانغا قورقۇنچ سالىدىغان ۋابانىڭ ئالتەشەھەرنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ھازىردىن باشلاپ ئەڭ كېرەكلىك ئۇسۇللارنى ئۆگىتىپ قويۇشى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋابادىن مۇداپىئەلىنىش ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى تارقىتىش ۋە شۇ رىسالىلەردىكى قائىدىلەرگە ئىشىنىپ، ئەمەل قىلىشى كېرەك. بولمىسا، كۆزگە كۆرۈنمەي تۇرغان بۇ دۈشمەن پۈتۈن ئالتەشەھەرنى «شېھىت قىلىپ» جەننەتكە ئۇزىتىۋېتىدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېۋ، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى ئومۇمىي 2129 - سانىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى



# خوتەندە چۇما

خوتەن شەھىرىدە چۇما بىلەن ئاغرىپ ئۆلگۈچىلەرنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇپ كەتكەچكە، شەھەرنىڭ ئۆلىما ۋە مۆتىۋەرلىرى مازارلارغا چىقىپ دۇئا - تەلەپ قىلدى. يەتتە كۈن تۇتاش قەبرە بېشىدا نەزىر قۇربانلىقى قىلدى. مەشھۇر، ئۇلۇغ دىۋانە ۋە ئەۋلىيالارنى چاقىرىپ دۇئا قىلدۇردى. ئەمما، ۋابا دۇئالىرى نىشانغا تەگمەي ئۇچۇپ كەتتى. بۇنداق دۇئا ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ھېچقانداق پايدىسى كۆرۈلمىدى. خەلق: «دىۋانە ۋە ئەۋلىيالارنىڭ دۇئالىرى قوبۇل بولمايۋاتسا كېرەك»، دېگەن پىكىرگە كېلىپ قالدى. شۇڭا، كاشغەردىكى ئېگەرچى ئىشاننىڭ ئوغلىنى دەۋەت قىلىپ ئېلىپ كېلىپ، شۇ زاتنى دۇئا قىلدۇرۇش پىكرىگە كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭمۇ دۇئاسى قوبۇل بولمىسا، بارغۇدەك يەر قالمىغانلىقىنى ۋە باشقا دۇئاسى قوبۇل بولىدىغان ئەۋلىيا تاپالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، خەلق بەك تىت - تىت بولۇۋاتىدۇ. ئۇنداقتا يىراقراق بولسىمۇ، بۇخارايى شەرىفتىن بىرەر ئەۋلىيانى چاقىرمىسا، ۋابانى توسۇغىلى بولمىغۇدەك...

بۇگۈنگىچە دۇئا ۋە كارامەتلىرى بىلەن داڭ چىقارغان مەشھۇر دىۋانە ۋە ئەۋلىيالارنىڭ دۇئالىرى قوبۇل بولمايدىغانلىقى خۇسۇسىدا خوتەن ئۆلىمالىرى ئارىسىدا مەخسۇس بىر مەجلىس بولۇپ ئۆتتى. مەجلىسكە شەھەرنىڭ باي ۋە مۆتىۋەرلىرىمۇ قاتناشتى. خوتەن ئۆلىمالىرى بۇ ھەقتە كىتاب كۆرمەكچى بولۇپ، بىرنەچچە كۈن كىتاب مۇتالىئە قىلدى. نىھايەت، ئىزلەۋاتقان دۇئانى ماڭدۇرمايۋاتقان سەۋەب تېپىل-



دى، بۈگۈنگىچە تىلىگەن تىلەكلەرنىڭ خۇداغا يېتىشىگە تو-سالغۇ بولۇۋاتقان نەرسە — ئات ئىكەن. ئات بار يەردە دۇئا قوبۇل بولماسمىش. شۇ سەۋەبتىن شەھەردىكى ھەممە ئاتلار-نى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش قارار قىلىندى.

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندى-كى ئومۇمىي 2141 ـ سانىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا

كېيىنكى يىللاردا ئالتەشەھەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىسىدىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى خېلى ياخشى تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن مۇشۇ كۈنلەردە رۇسىيە ھۆكۈمىتى يېقىلدى، ئالتەشەھەر پۇقرالىرىنىڭ رۇسىيە تۇپرىقىغا ئۆتۈشى چەكلەندى دېگەن گەپلەر تارقالدى. شۇ سەۋەبلىك ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن سودا قىلىۋاتقان كىشىلەر تىجارەتتىن توختاشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن رۇسىيە تەۋەسىگە يول ئوچۇق.

مۇشۇ ئارىلىقتا چىن جۇمھۇرىيەت مەجلىسىگە ئالتەشەھەر خەلقىدىن ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىش ئىشلىرى بولۇپ ئۆتتى. جۇمھۇرىيەت رەئىسى ۋەكىللەرنىڭ يەرلىك خەلقتىن سايلاپ ئەۋەتىلىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ئازا ئەھمىيەت بەرمىدى. تەرتىپلىك سايلام يىغىنلىرىمۇ بولمىدى. بەلكى بۇ ئىش بەگ ۋە ئامباللارغا تاپشۇرۇلدى ـ دە، بولدى قىلىندى. ئۇلارنىڭ قانداق كىشىنى سايلاپ ئەۋەتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كارى بولمىدى. خوتەن مۇسۇلمانلىرىمۇ شۇ رەۋىشتە ۋەكىلنى چىنلىقلاردىن سايلاپ ئەۋەتىپ بەردى. پەقەت كاشغەر مۇسۇلمانلىرىلا ئابدۇقادىر داموللىنى ۋەكىل قىلىپ سايلاپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. ئابدۇقادىر داموللا چىن تىلىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار زاتتۇر. مىللەتكە ئۇچۇن ياخشى خىزمەت قىلالايدۇ، دېگەن ئۈمىدتىمىز. مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، باشقا شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارمۇ

ۋەكىللەرنى ئۆزلىرىدىن سايلىسا ياخشى بولاتتى. ھۆكۈمەت بەرگەن شۇنداق كەڭ ھوقۇقلارنى قوش قوللاپ قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك ئىدى. ھېچبولمىغاندا ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، قانۇن چىقارغۇچىلارنىڭ مۇنبەرلىرىدە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. دۇنيا خەلقى ئۆز ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا قانغا بويىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئاغزىغا چايناپ سېلىپ بەرگەننىمۇ يۇتۇشنى بىلمەيدۇ. جاھاندا ئۆز ئىستىقبالىدىن قايغۇرماي غەپلەتتە يېتىشنىڭ بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن دەرىجىسى بولمىسا كېرەك.

تىنچ زامانلاردا ئالتەشەھەردىن ياۋروپا سەيياھلىرى تۈرلۈك نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەرنى ئېلىپ كېتەتتى. گېرمانىيە سەيياھلىرى بولسا زاماننىڭ پەۋقۇلئاددە مالىمان بولۇشىغا قارىماي بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. لېكىن بۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ساياھەتلىرى زامان تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا سىياسىيغا، ئۇرۇشقا مايىللىراق بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار بىتەرەپ مەملىكەت خەلقلىرىنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە تارتىش يولىدا ھەرىكەت قىلماقتا. بۇلارنىڭ بىر قانچىسى ئىران، ئافغانىستان ئارقىلىق ياركەنتكە كېلىپ ئۈرۈمچىگە ئۆتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ساياھەتچىلەرنى چىن مەمۇرلىرى پەۋقۇلئاددە ئىلتىپات بىلەن قارشى ئالغان. ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قويغان. بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە بېرىشقا يۈزلەپ ئەسكەر قوشۇپ قويغان.

شۇ كۈنلەردە خوتەنگىمۇ شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى كېلىپ كەتتى. بۇ كىشى مۇسۇلمان سىياقىدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ بۇخارالىق ھەمزە ئەپەندى ئى-

مىش. بېيجىڭدىن چىقىپ لەنجۇ، دۇنخۇاڭ، جەرچەن، چاقىلىق ۋە كېرىيە يولى بىلەن كېلىپ، ياركەنت تەرىپكە ئۆتۈپ كەتتى. يېنىدا ھۆكۈمەت قوشۇپ قويغان ئىككى سولداتمۇ بار. بۇ ئەپەندى جۇمەگە كەلگەندە، بۇ ئىككى سولداتمۇ تەڭ كېلىپ ئىشىك تۈۋىدە پوستتا تۇرغاندەك مىلتىقلىرىنى تۇتۇپ تۇردى.

بۇ كىشى بىلەن سۆھبەتتە بولغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

ئاخىر زامان بولغاندا، يەر يۈزىدىكى بارلىق ناسارالار مۇسۇلمانلارغا ياغى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىنلىرىغا، مىللەت ۋە مىللىيەتلىرىگە سۇيىقەست قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنى ئەسىر ۋە مەھكۇم قىلىپ ئىسلامىيەتتىن ناسارالىققا دەۋەت قىلىدۇ. ئەمما، شۇ ئارىدا ناسارالار ئارىسىدىن بىر گۇرۇھ ھامىيلار چىقىپ مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دىنى ۋە مىللىتىنى قوغداش يولىدا قان تۆكۈپ كۆرەشلەر قىلىدۇ. مانا مۇشۇ زامان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر بەرگەن زاماندۇر. مۇسۇلمانلارنى قوغدىغۇچى ناسارا مىللىتىمۇ دەل گېرمانلاردۇر.

گېرمانلار ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىش يولىدىكى ئىزگۈلۈكلىرىنى بايان قىلىپ، توم - توم كىتابلارنى نەشر قىلغان ۋە بۇ كىتابلارنىڭ بىرمۇنچىسى بېيجىڭغىمۇ يېتىپ كەلگەن.

بىزنىڭچە مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىي ۋە مىللىي ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىشتا ئۆز ياشلىرىغا تايىنىش كېرەك. بولۇپمۇ بۇ يولدا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ھەرىكەت قىلىشقا تېگىشلىكتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىشقا تىرىشىپ، توم - توم كىتابلار يېزىلغان

نىڭ ئەكسىچە بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن
يېزىلغان كىچىكرەك بىر رىسالىنىڭمۇ بولماسلىقى كىشىنى
ئۆكۈندۈرىدىغان كەمچىلىكىمىزدۇر. ئالتەشەھەر مۇسۇلمان-
لىرىدا ئېلىپبە كىتابلىرىمۇ، مەكتەپلەرمۇ، ساۋات چىقىرى-
دىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ يوق. دىنىي ۋە مىللىي ئىسلاھاتنى
چەت مىللەتلەردىن كۈتۈپ ئولتۇرماي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز-
لىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسۇن، ھەرقانداق ئىشنى ئۆزلىرى قول
سېلىپ ئىشلىسۇن. ئۆزلىرى ھەرىكەت قىلسۇن. ھەربىر
شەھەردە بىرەردىن بولسىمۇ مىللىي ۋە مۇنتىزىم باشلانغۇچ
مەكتەپلەرنى پەيدا قىلىشقا، بۇ مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك
كىتابلار، ئوقۇتقۇچى ۋە تەربىيەچىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە
كۆڭۈل بۆلسە بولاتتى.

گېرمانلارمۇ، ئىنگلىزلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەملەر.
ئۇلارمۇ مائارىپ ئارقىلىق چىن ئىنسان، زامانغا لايىق كىشى
بولۇپ يېتىشكەن. بىز بىچارىلەر تەربىيە كۆرمىگەنلىكىمىز-
دىن ئىنسانىيەت بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نېسۋىلىرى-
مىزدىن قۇرۇق قالدۇق. ئەگەر بىزمۇ گېرمان، ئىنگلىزلارغا
ئوخشاش مۇكەممەل تەربىيەگە ئىگە بولغان بولساق، ئۇلار-
دىنمۇ ياخشىراق مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان بولار ئىدۇق. چۈن-
كى تۈركلەرنىڭ سانائەتكە بولغان قابىلىيەتلىرى ناھايىتى
كۈچلۈك.

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى-
دىكى ئومۇمىي 2149 ـ سانىدىن).



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مەركىزىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ۋە مەتبۇئات

ئومۇمەن مەركىزىي ئاسىيا خەلقى مەتبۇئاتنى تونۇمايدۇ. گېزىت – ژۇرناللار ۋە تۈرلۈك ماۋزۇلاردا يېزىلىۋاتقان مۇھىم رىسالىلەر بۇلارنىڭ ئارىسىدا تارقالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بەك كېرەكلىك مەسىلىلەر بىلەن تونۇشالمايدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ بۇلار ئارىسىدا تارقىلالماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، يەنىلا شۇ ئاڭسىزلىقتۇر.

گېزىت ئوقۇغۇچىلارمۇ پەقەت ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى ئوقۇيدۇ. مىللىي تۇرمۇشقا دائىر ماقالىلەرگە قاراپمۇ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مىللىي مەتبۇئات ئۇرۇشنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈنلا چىقىرىلغاندەك قىلىدۇ. ھالبۇكى، مىللىي گېزىتلەردە ئوقۇشقا تېگىشلىك نەرسە ئۇرۇشتىنمۇ بەكرەك مۇھىم بولغان مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردۇر. مىللىي مەتبۇئات — مىللىي تۇرمۇشنىڭ تىلى، ئاۋامنىڭ پىكرى ۋە تەرجىمانىدۇر. مەتبۇئاتنىڭ مىللىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قۇلاقنىڭ تىلغا بولغان ئالاقىسى ۋە مۇناسىۋىتىدەك يېقىندۇر. قۇلىقى ئاڭلىمىغان كىشىنىڭ تىلى بولمىغاندەك، مەتبۇئاتى بولمىغان مىللەت — ساق - سالامەت مىللەت بولالمايدۇ. مەتبۇئاتقا ئەھمىيەت بېرىلمىسە، پىكىر بىرلىكى شەكىللەنمەيدۇ. پىكىر بىرلىكى شەكىللەنمىسە، «ئومۇمىي پائالىيەت» ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. بۇ كۈنلەردە دۇنيادا مەتبۇئاتنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ۋە مىللىي مەتبۇئاتى بولمىغان مىللەت قالمىغان بولسىمۇ، پەقەت ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئۆتمۈشتىكى پېتى قالدى. ھالبۇكى، بىر



تەرەپتىن ئىران ۋە ھىندىستاننىڭ خوراپاتلىرى بىلەن قايمۇقسا، يەنە بىر تەرەپتىن چىنلىقلار بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ئايىنىپ، بىر يوروش سەپسەتىلەر ئاستىدا بولغىنىپ، مىللىي ئادەتلىرى، مىللىي تىل ۋە ئەدەبىياتىنى يوقىتىۋاتقان بۇ بىچارە ـ مەزلۇم مىللەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مىللىي مەتبۇئات بولۇشى كېرەك. دوروس، بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەررىر ئەمەس، مۇئەللىمۇ يوق. ئەمما بۇ زاتلارنى تۇغدۇرۇپ بولغۇچە، نوغاي ـ تاتار مەتبۇئاتىدىن پايدىلىنىپ تۇرسا بولىدۇغۇ! ئۇلار تاتار دۇنياسىدىكى تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرناللار بىلەن يېڭى نەشردىن چىققان رىسالە ۋە كىتابلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكە ئېھتىياجلىق!

نوشىرۋان يائۇشېف

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1917 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2153 ـ سانىدىن).

# چىن ۋە رۇسىيە تۈركىستانى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت

ئالتەشەھەر بىلەن رۇسىيە ئارىسىدىكى تىجارەت بەك مۇھىمدۇر. بۇ يەرنىڭ تىجارىتى پۈتۈنلەي رۇسىيەگە باغلىق. ئالتەشەھەردە توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى، تۆمۈر ۋە ئاياغ كىيىم زاۋۇتلىرى ۋە باشقا سانائەت كارخانىلىرى يوقلۇقى ھەمدە تۆمۈر ۋە سۇ يوللىرى يوقلۇقى سەۋەبىدىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن مال ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئېلىپ كېلىش تەس. ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرمۇ يولنىڭ ئۇزاقلىقى سەۋەبىدىن بەك قىممەت چۈشىدۇ. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئالتەشەھەرلىكلەر ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنى رۇسىيەدىن ئېلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. رۇسىيەنىڭ زاۋۇت - فابرىكىلىرىدا ئىشلەنگەن نەرسىلەردىن ئالتەشەھەرگە كەلمەيدىغىنى يوق. شۇنىڭدەك ئالتەشەھەردە تەييارلانغان بۆز، يۇڭ، تېرە، يىپەك، كىگىز - گىلەمدەك نەرسىلەر رۇسىيەگە چىقىرىلىۋاتىدۇ. توشۇش ئىشلىرىنىمۇ مۇسۇلمانلار قىلىۋاتىدۇ.

ماللارنى كارۋان بىلەن توشۇيدۇ. تۆمۈريوللار بولمىغاچقا، ئالاقە ئۈچۈن تېلېگراف لىنىيەسىمۇ يوق، سودىگەرلەر 50 — 60 كۈن كۈتۈپ، خەت بىلەن خەۋەرلىشىدۇ. خەت بىۋاسىتە ئىگىسىگە تەگمەيدۇ. مەسىلەن، خوتەندىكى تۇردىئاخۇن ئەنجاندىكى تۇرغۇن بايغا خەت ئەۋەتسە، كاشغەردىكى ئاكىسى (ياكى ئىنىسى) تۇرسۇن ئاخۇننى ۋاسىتە قىلىدۇ. تۇرسۇن ئاخۇن بولسا، تۇردىئاخۇننىڭ چىن پوچتىسىدا ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى ئېچىپ، ئىككىنچى كونۋېرتقا سېلىپ،

روسچە ئادرېسنى يازدۇرۇپ، تۇرغۇن بايغا ئەۋەتىدۇ. تۇرغۇن بايدىن كەلگەن جاۋاب خەتمۇ تۇرسۇن ئاخۇن ئارقىلىق تۇردى ئاخۇنغا تېگىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاقسۇ ـ كۇچا تەرەپلەردىكى سودىگەرلەر بولسا، غۇلجى ـ دىكى بىرەرىنى ۋاستىچى قىلىشقا مەجبۇردۇر.

گېزىتلەرمۇ مۇشۇ رەۋىشتە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ يۇرگەچكە، بەزى بەتلىرى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىدۇ. باشقا كىشىنى بىلمەيمەن، مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئايدا بىر قېتىم گېزىت كېلىدۇ. نومۇرى بارلىرىنى ساناپ باقسام ئىچىم پۇشۇپ كېتىدۇ. بىر، ئۇچ، بەش، يەتتە، 10، 15، 12، 18، مانا بۇ سانلىرى ئارىدا يوقىلىپ كەتتى.

«بىۋاستە ئۆزىمىزگە كەلسە، گېزىتكە يېزىلاتتۇق»، دېگۇچىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەسلىدىمۇ، ۋاستىچىلەر ئارقى ـ لىق گېزىت ئېلىپ كەلدۇرۇپ ئوقۇش قىيىن. ئۇنچىلىك كۆپ كىشىلەرگە ۋاستىچىلىك قىلىپ بېرىدىغان دوست ـ بۇرادەرمۇ تېپىلمايدۇ. ئەگەر ئالتەشەھەر بىلەن روسىيە ئا ـ رىسىدا پوچتا ۋە مەكتۇپ يەتكۇزۇش لىنىيەسى يولغا قويۇل ـ سا، يۇقىرىقىدەك قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت بولمايدۇ. سودى ـ گەرلەر ئۇچۇنمۇ، مەتبۇئات ئەربابى ئۇچۇنمۇ غايەت زور شاد ـ لىق ۋە ئاسانلىق مەيدانغا كېلەتتى. بۇ ئىش ھۆكۈمەت ئۇچۇن ئېغىر بىر مەسىلە ئەمەس. پەقەت، ئەھمىيىتىنى چۇشەنمى ـ گەنلىكى ئۇچۇن ئېتىبارسىز قالغان بولسا كېرەك.

بۇ ئىشتا ئىككى تەرەپنى نەزەرگە ئالغاندا، «ئادرېس» مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. روسىيەدە چىنچە ھەرپ يوق، چىنچە ئادرېس يازىدىغان كىشىمۇ تېپىلمىسا كېرەك. روسچە يېزىلغاننى چىن پوچتىسىدىكى خادىملار بىلمەيدۇ. شۇنداق ـ تىمۇ، بۇ ئىشنى قىلماقچى بولۇپ قالسا، بىر چارىسى تې ـ پىلاتتى. ئادرېس فىرانسۇزچە يېزىلسا ياكى روسچە ـ چىنچە

بولسىمۇ بولىدۇ. خوتەندىكى تۆردى ئاخۇن ئۆزىنىڭ ئادرې-
سىنى چىنچە يېزىپ، ئەنجاندىكى خەۋەرچىلەرگە بەرسە يالكى
گېزىتخانىلەردەك كىچىك قەغەزلەرگە باستۇرۇپ ئەۋەتسە، بۇ
تەرەپتىن ئەۋەتىدىغان مەكتۇپلارنىمۇ شۇنداق ئەۋەتسە بولى-
دىغۇ!

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1917 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى ئومۇمىي 2156 - سانىدىن).



# ئالتەشەھەردە خوتۇن ـ قىزلار ھاياتى

ئالتەشەھەردە ئەڭ بۇرۇن كۆزگە چېلىقىدىغان نەرسە خوتۇن ـ قىزلار مەسىلىسىدۇركى، بۇ ھەقتە قانچە يازسىمۇ ئازدۇر. بۇ يەردە جېدەل ۋە دەۋالارمۇ كۆپىنچە خوتۇن ـ قىزلار مەسىلىسى ھەققىدە بولىدىكەن.

بىر خوتۇن بىردىن ئىككى ئەرگە تەگكەندە، ئاۋۋالقى ئېرى كېيىنكى ئەر ئۈستىدىن ئەرز بەرگەن ياكى بىر خوتۇن بۈگۈن بىر ئەردىن ئاجراشقان ـ دە، ئەتىسى باشقا بىر ئەرگە تەگكەن، ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يۈزگە قارا سۈرتۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىنگۈزۈپ سازايى قىلىشقان.

جېدەلنىڭ مەنبەسى بۇ يەردە شۇ نەرسىلەردىن ئىبارەت.

كەچتە كوچىغا چىققانىدىم، شەھەرنىڭ ئەڭ قايناپ تۇرغان بىر يېرىدە يۈزلەرچە ئادەم بىر ـ بىرىدىن بەكرەك تەلمۈرۈپ، تاماشا كۆرۈۋېتىپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسام، ئاۋامنىڭ ئارىسىدا دارغا ئېسىلغان بىر خوتۇن تۇرىدۇ، كىشىلەر شادلىنىپ كۈلۈشۈۋاتىدۇ. بىر چاغدا سېمىز ئاتقا مىنىپ تۇرغان يوغان سەللىلىك قازى ھەزرەتلىرىمۇ كۆرۈندى. كىشىلەر ناھايىتى كۆپ، تاماشىچىلار ئارىسىدا مۆتىۋەر سودىگەرلەر ۋە بىرنەچچە گېزىت ئوقۇيدىغان تەرەققىيپەرۋەرلەرمۇ بار ئىدى. «شەرىئەت، شەرىئەت! ئۇر، ئۇر، قاتتىق ئۇر، ئۇ كاپىرنى!» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. «بۇ دەللال خوتۇندۇر، ئىددىتى توشمىغان خوتۇننى ئەرگە بەرگەن»، دېيىشتى.

بۇنداق ئىشلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بولۇپ تۇرغانلىقتىن

ھەم تاياقنىڭمۇ يوغان بېشى خوتۇن - قىزلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنلىكتىن، مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

«ئەيىب كىمدە؟»

كۆپ تەھقىق ۋە تەتقىقلەردىن كېيىن، ئەيىبنىڭ ئەرلەردە ئىكەنلىكىنى، يەنى توغرىسى قازى ۋە روھانىيلاردا بولغانلىقىنى بىلدىم.

مۇنداق ئىش ئىكەن: بىر قىز ياكى بىر چوكاننى ئىككى سەر تويلۇق بېرىپ ئالىدىكەن. ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ھېچبىر سەۋەبسىز تالاق قىلىپ قوغلايدىكەن. ئەمما، نەپىقىسى ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ بەرمەيدىكەن. ئاندىن كېيىن، ئۇ خوتۇن ئۈچ - تۆت ئاي ئۆز قورسىقىنى ئۆزى بېقىپ ئىددەت ساقلاشقا مەجبۇر بولىدىكەن. مىڭ جاپا ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن ئىددەتنى توشقۇزۇپ، ئىككى سەر مېھىر ھەققى بەدىلىگە يەنە بىر ئەرگە تېگىدىكەن. بىچارە بۇ ئېرى بىلەنمۇ ئۇزاق تۇرالمايدىكەن. كۆپ تۇرسا بىر ئاي تۇرىدىكەن! يەنە ئىددەت ساقلىشى كېرەككەن، لېكىن قولىدا بىر پۇلمۇ يوق بىچارە بۇ ھال بىلەن، جېنى بىلەن ھاياتىنى ساقلىسۇنمۇ، ئىددەتنىمۇ؟

قازىلار بولسا ئىشتا ۋە ھەر مەسىلىدە يۈزەكى قارايدىكەن. بىر ئىشنىڭ ئەسلىنى، سەۋەبىنى ۋە ئۇنىڭ ئاملىنى تەكشۈرۈشنى بىلمەيدىكەن. ئىسلامىيەت شەرىئىتىنى ساختىلاشتۇرۇپ بۇرمىلايدىكەن. خوتۇن - قىزلارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە پەرز قىلىنغان تۇرۇقلۇق، بەرمەسە سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىكەن، بۇ بىچارە مەزلۇملارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمايدىكەن.

مويكىلاردا، يىپەك زاۋۇتلىرىدا ئىشلىگۈچىلەرنىڭ يۈزدە توقسانى ئېرىدىن نەپىقىسىز قالغان خوتۇن - قىزلاردىن بولىدىكەن. بۇلار يۈك زاۋۇتىغا ئېيىغا ئالتە تەڭگىگە سېتە-



www.uyghurkitap.com

لىدىكەن، كېيىن ئۆز ھېسابلىرىدىن، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدىكەن. ئۇ ئالتە تەڭگە تۆت كۈنگە يەتمەيدىكەن، ئۆيدە بەش بالىسى بولسا، بۇ پۇل بىر كۈنگىلا يېتىشى مۇمكىن.

دېمەك، ئىددەت ساقلاش توغرىسىدىكى ئەيىب خوتۇن ـ قىزلاردا ئەمەس، بەلكى ئەرلەردە، قازى ۋە روھانىيلاردا. ئە ـ گەر مەن قازى بولسام، ئەڭ ئاۋۋال كۆپ خوتۇن ئالىدىغان ئەرلەرنى «مۇئاھىدە»[1] قىلاتتىم ۋە خوتۇننى ئاجراشتۇر ـ غاندا، «مۇتەللەقە»[2] نىڭ ئۈچ ئاي ئون كۈنلۈك نەپىقىسىنى بەرگۈزەتتىم (ئۈچ ئاي ئون كۈن ئۈچۈن ئوتتۇرا ھېساب بى ـ لەن 30 سەر پۇل كېتەر). ئەگەر بۇنى ئەرلەر ئېغىر كۆرسە، ئۇلارنىڭ سەۋەبسىز خوتۇندىن ئايرىلىشىنى مەنئى قىلات ـ تىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ۋاقىتلىق نىكاھ ۋە ئىددەت تۇش ـ ماستىن ئەرگە تېگىشتەك غەيرىي ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يو ـ قىلار ئىدى.

نوشىرۋان يائۇشېف، خوتەن

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1917 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدى ـ كى ئومۇمىي 2167 ـ سانىدىن).

① مۇئاھىدە ـــ توختام، بىتىم.
② مۇتەللەقە ـــ تالاق قىلىنغۇچى ئايال.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كاشغەردە

روسىيەدە ئىنقىلاب باشلانغاندا، مەن كاشغەردە ئىدىم. «هۆررىيەت»تىن كېيىنمۇ ئۇ يەردە 15 كۈنچە تۇردۇم. كاشغەرگە «ۋاقىت»، «يۇلتۇز»دەك مۇسۇلمانچە گېزىتلەر كېلىپ تۇرسىمۇ، خەلق گېزىت خەۋەرلىرىگە ئىشەنمەيدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىز روسىيەدىكى ئىنقىلابنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىلمەيدۇ. ئەگەر رۇس يۇقراسى بولغان مۇسۇلمانلار يېنىغا بېرىپ: «نىكولاي پادىشاھلىقتىن چۈشتى، ئەمدى ئۆلكىمىزدە ئازادلىق، هۆررىيەت بولدى» دېسەك، هالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئاقساقاللار مۇتلەق كونا ھەم زالىم ھۆكۈمەتنىڭ تىرىلىشىنى تىلەيدۇ. «بىكار گەپ، پادىشاھنى ھېچكىم تەختتىن چۈشۈرەلمەيدۇ. بۇگۈن بىر سەۋەب بىلەن چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەتە يەنە تەختكە چىقىدۇ!» دەپ، خەلقنى گوللايدۇ. بۇ ئىش، يەنە ئىنقىلاب خەۋىرىنى خەلققە چۈشەندۈرۈش كونسۇلخانىنىڭ ۋەزىپىسى بولسىمۇ نېمە سەۋەبتىندۇر، يەنىلا قەلبىدە كونا ھۆكۈمەتنىڭ سۆزلىرىنى سۆرەپ يۈرىدۇ.

كاشغەردىكى كونسۇلخانا ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرگە ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلىدۇ. مەسىلەن، بايلاردىن بەش مىڭلاپ پۇل قەرز ئالىدۇ. پۇللارنى چىن پۇلىغا ئالماشتۇرىدىغان بولۇپ، بەش ـ ئالتە ئايدىن كېيىن، سوممىنى 50 پىرسەنت زىيىنىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. خەلق كونسۇلدىن بەك قورققاچقا، چىداپ ئۆتىدۇ. شۇڭا كونسۇلخانىنى چەيلەپ، ھەممە نېمىسىنى قوشۇپ سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك.



ئۇ يەردە ياشايدىغان خەلقنىڭ تۇگىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، كونسۇلنىڭ مۇسۇلمانلاردىن قويۇلۇشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمىز.

نوشىرۋان يائۇشېف

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1917 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2226 ـ سانىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

## ئەندىجاندىن

سابىق تاتار مەكتەپى بىناسىدا 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سائەت 6 دە خەيرىيە جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىلىشى بولدى. مۇزاكىرىگە قويۇلغان ئۇششاق - چۈششەك مەسىلىلەر ئارىسىدا مەكتەپ مەسىلىسىمۇ بار ئىدى. نەچچە يىللاردىن بېرى ئەندىجاندىكى تاتار مەكتەپى ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بىلەن خەۋەردار بولمىغان باشلىقلار قول ئاستىدا ئېزىلىپ كەلگەنىدى.

بۇ توغرىدىكى مۇزاكىرە بەكمۇ قىزىق بولدى. بۇ چاغقىچە بۇ يەردىمۇ بەزىبىر كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققان ئەپەندى مۇئەللىملىك مەنسىپىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئالغان تەربىيەسى بىلەن ئەخلاقى ۋە ئىقتىدارى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. ئۆتكەن ھەپتە خەيرىيە جەمئىيىتىگە ئەزا سايلىغان ۋاقىتتىكى كۆز قىسىش ۋە ئىڭەك ئىشلار، 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شاكىر ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە ئالىمجان بارۇدى ھەزرەتلىرىنىڭ شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەتتە بىرمۇنچە سۆز - چۆچەككە سەۋەب بولدى. ئەمدى مەكتەپنىڭ ياش باللار قولىدا ئوينىتىدىغان قورچاق ئەمەسلىكىنى ئەندىجاندىكى تاتارلار بەك ياخشى چۈشىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشى كونسۇلخانا بىلەن بولىدۇ.

بۇ كاشغەر كونسۇلىغا تەۋە 28 شەھەر ۋە بازاردا 29 ئاقساقال بار. كونسۇل گويا پادىشاھ! ئاقساقاللار بولسا ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىدەك! بىزنىڭ چەت مەملىكەتلەردىكى سودىگەرلىرىمىزنىڭ تەقدىرى ۋە بۇ تەقدىرنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى

تامامەن كونسۇل بىلەن ئاقساقاللارنىڭ قولىدىدۇر. سودىگەر-
لەر ئومۇمەن مۇسۇلمانلار بولۇپ، كاشغەر كونسۇللىنىڭ باش-
قۇرۇش تەۋەلىكىدىكىلەرنىڭ جان سانى 6000 غا يېتىدۇ.

ئاقساقاللارنىڭ پۇقرالار بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرى
تامامەن زۇلۇم ۋە جەبرىدىن ئىبارەتتۇر. نېمىشقا؟ سودىگەر-
لەر ماللىرىنى نېسى ساتىدۇ. نېسىلەرنى يىغقاندا، ئىشقا
ئاقساقاللار ئارىلىشىدۇ. ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئەرزلىرىنى چىن
مەمۇرلىرىغا ھەل قىلغۇزۇپ، ئۆزى ۋاستىچىلىك قىلىدۇ.
بۇ ئىشنى ئاقساقاللار قىلمىسا، سودىگەرلەرنىڭ نېسىسى كۆ-
يۈپ كېتىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئاقساقاللار «خىزمەت ھەققى»گە
سودىگەردىن نۇرغۇن پارا ئالىدۇ. بىر ئاقساقالنىڭ بىر سوم
نېسى ئۈچۈن 25 تىيىن خىزمەت ھەققى سوراپ تۇرغىنىنى
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. مەن كۆرمەي قالغانلىرىمۇ
نۇرغۇن بولۇشى تەبىئىي.

بۇنداق ئەيىب ۋە نۇقسانلارنىڭ بېشى، ئەلۋەتتە كونسۇل-
غا بېرىپ تاقىشىدۇ. كونسۇلمۇ ئاقساقاللارنىڭ ئەھۋالىنى
بەك ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنى ئاقساقاللار پارا بىلەن تە-
مىنلەيدۇ. بۇ ئىشلار كونا زالىم ھۆكۈمەت زامانىدا يۈز بەر-
سە، سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئەمما، ھۆرد-
يەتتىن كېيىنمۇ ئىستىبدات ھۆكۈم سۈرۈشى كىشىنىڭ
كۆڭلىگە بەك ئېغىر تەسىر قىلىدىكەن!

بۇنداق ئىشلار كاشغەرگىلا خاس بولۇپ قالماي، باشقا
كونسۇلخانىلىرىمىزدىمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەرھەمەت-
لىك يېڭى ھۆكۈمىتىمىز خارىج (چەت ئەللەر)دىكى بالىلى-
رىنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىسۇن! ئۇلارنىمۇ ھۆررىيەت شەرىپى-
دىن بەھرىمەن قىلسا بولار ئىدى!

ئىمپېراتورلۇقنىڭ غولىنى كېسىپ تاشلاش بىلەنلا
قالماي، ئۇنىڭ يەر ئاستىغىچە يىلتىز تارتقان تومۇرىنىمۇ

كېسىپ تاشلاش كېرەك! ئۇ يەردىكى خەلقنى يوقالمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، كونسۇلنىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىدىن قويۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىمىز!

نوشىرۋان يائۇشېف

(«ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1917 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2229 ـ سانىدىن).



قوشۇمچە:

# نوشىرۋان يائۇشېۋ ماقالىلىرىنىڭ تىزىملىكى

(ماقالە ئېلان قىلىنغان ژۇرنالنىڭ سان نومۇرى، ئېلان قىلىنغان ۋاقتى، بەت سانى، ماقالىنىڭ تېمىسى ۋە يېزىپ ئەۋەتكەن يەر ئىسمى كۆرسىتىلدى).

«ئايىنە»

3/1913.11.15/68/شېئىر يازغاندا

5/1913.11.23/115/«ئايىنە» ئىدارىسىگە سوئال

5/1913.11.23/119-120/سەمەرقەنتتىكى خانىم مەد-رىسەسىدىكى خارابە

15/1914.2.1/156-259/ئۆتمۈشتە مۇسۇلمانلار مەد-رىسەسىدە نېمىلەر ئوقۇتۇلاتتى؟

18/1914.2.22/333/قىممەت باھالىق گۆش

22/1914.3.22/316-318/ئۆتمۈشتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلمىي جەمئىيەتلىرى

7/1915.1.14/149-153/ئىسلام تارىخىدىن بىر پارچە

«قۇياش»

101/1913.4.21/سەمەرقەنتتىكى «سەمەرقەنت» تەھ-رىراتى بىلەن سۆھبەت

104/1913.4.24/سەمەرقەنت

136/1913.6.2/تۈركىستاندا خەتنە توي

140/1913.6.7/ئاجايىپ «قىرىق كۆز» بۇلاق

142/1913.6.10/سەمەرقەنتتە يېڭى ئېچىلغان شەھەر-لىك مۇزېي

146/14.6.1913/ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى
157/28.6.1913/سەمەرقەنتتىكى ئەۋلىيالارنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ كارامەتلىرى
167/1071913/ئىشلارنى ئايالLAR قىلىدۇ
170/14.7.1913/سەمەرقەنتتە
189/27.8.1913/روزا تۇتۇشنىڭ ئورنىغا ئۇخلاش/سەمەرقەنت
201/27.8.1913/سەمەرقەنتتە بايرام نامىزى/سەمەرقەنت
241/23.10.1913/تۈركىستاندا بۇزۇقچىلىق ئادەتلىرى
304/3.1.1914/تۈركىستاندا ئىلىم ئۆگىنىش
327/2.2.1914/تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بايرىمى/سەمەرقەنت
358/11.3.1914/تۈركىستان ئۆلىمالىرى ئارىسىدا/سەمەرقەنت
379/4.4.1914/سەمەرقەنتتە نەزىر - نورۇز بايرام
391/18.4.1914/سەمەرقەنتتىن قوقانغا/قوقان
395/23.4.1914/قوقانغا/قوقان

«شۇرا»

6-8/15.4.1913/130-231/مۇنازىرە: «تۈركىي ئىملانى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا»
6-8/15.4.1913/242/مۇنازىرە: «ئىپتىدائىي مەكتەپلەر ھەققىدە سوئال»
6-10/15.5.1913/ئىچ مۇقاۋىدا: «قەدىمىي قەبرە تېپىشى»
6-15/1.8.1913/466-467/ئاجايىپ «قىرىق كۆز» بۇلاق، («قۇياش»تىن كۆچۈرۈپ بېسىلغان)



www.uyghurkitap.com





500/5.8.1913/16_6/مۇنازىرە: «ئىملا مەسىلە-
سى»/سەمەرقەنت

530_529/1.9.1913/17_6/تىلنى بىرلىككە كەلتۈر-
مەك، يەنە تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلماق

583/1.10.1913/20_6/ئورتاق تىل ۋە بۈيۈك سۆز-
لۈك/سەمەرقەنت

630_629/15.10.1913/20_6/سەمەرقەنت مەدرىسە-
لىرى/سەمەرقەنت

686/15.11.1913/22_6/مۇنازىرە: «ئىجتىھات - تە-
رىشچانلىق مۇسۇلمانىنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟»/سەمەرقەنت

118_117/15.2.1914/4_7/تۈركىستاندىكى مەكتەپ،
مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرى

142_141/1.3.1914/5_7/بىر ئەسىر ئارىلىقىدىكى
ئىملا

239_238/15.4.1914/8_7/تۈركىستان/سەمەرقەنت

648_647/1.11.1914/21_7/ئورتاق تىل

111_110/15.2.1915/4_8/مەركىزىي ئاسىيا/كۇچا

169_168/15.3.1915/6_8/يېرى بايىنىڭ ئېبلى-
باي/كۇچا

206/1.4.1915/7_8/ئۆلۈكتىن ياردەم كۈتۈش/كۇچا

234_232/15.4.1915/8_8/ئالتەشەھەر تۈركلىرى
تۈرمۇشىدىن/كۇچا

2549/15.4.1915/8_8/كۇچادا

262_261/1.5.1915/9_8/دىن ئالىملىرى ئارى-
سىدا/كۇچا

281_280/1.5.1915/9_8/ئىلىم تارقىتىش/كۇچا

336_332/1.6.1915/11_8/ئالتەشەھەردە ساياھەت

363_362/15.6.1915/12_8/ئافاق خوجام مازىرى

392_390/1.7.1915/13_8/ئالتەشەھەردە سايادەت
426_424/15.7.1915/14_8/ئالتەشەھەر تۈركلىرى-
نىڭ تۇرمۇشىدىن/كۇچا
457_455/1.7.1915/15_8/مەركىزىي ئاسىيا
490_488/15.8.1915/15_8/مىللەتنىڭ مۇنازىرەسى
509/15.8.1915/15_8/ئىدارەگە سوئال/كاشغەر
520_518/1.9.1915/17_8/ئارتۇش تەسىراتى
552_551/15.9.1915/18_8/ئالتەشەھەر خەلقى نېمە-
دىن لەززەتلىنىدۇ؟
626/15.10.1915/20_8/ئالدانماڭلار!
715_714/1.12.1915/23_8/ئالتەشەھەر تۈركلىرى
748_747/15.12.1915/24_8/ئالتەشەھەر تۈركلىرى
9_8/1.1.1916/1_9/تۈركىي تىل
44_43/15.1.1916/2_9/مەتبۇئات ۋە ئەدەبىيات
196/15.4.1916/8_9/ئىزاھ
225_224/1.5.1916/9_9/چىن مۇسۇلمانلىرى ۋە
تۇڭگانلار
292_291/15.6.1916/12_9/مەتبۇئات ۋە ئەدەبىيات
321/1.7.1916/13_9/مۇسابايىفلار مويكىسىدا
363_362/1.8.1916/15_9/ئالتەشەھەر تۈركلىرى
437_435/15.9.1916/18_9/ئالتەشەھەر تارىخىدىن
بىر پارچە
460_458/1.10.1916/19_9/ئالتەشەھەر تارىخىدىن
بىر پارچە
481_479/15.10.1916/20_9/ئالتەشەھەر تارىخىدىن
بىر پارچە
512_511/1.11.1916/21_9/ئالتەشەھەر تارىخىدىن
بىر پارچە

9_22/15.11.1916/527_528/ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە

9_22/15.11.1916/535_536/دىنىي ۋە ئېتىقادىي بىر مەسىلە

9_23/1.12.1916/552_553/ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە

9_24/15.12.1916/581_583/تۈركىي تىل

9_24/15.12.1916/583_585/ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە

10_3/1.2.1917/53_56/ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە

10_5/1.3.1917/109_110/ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە

10_7/1.4.1917/151_154/تۈرلۈك مەسىلىلەر

10_8/15.4.1917/174_176/تۈرلۈك مەسىلىلەر

10_10/15.5.1917/222_224/ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە

10_12/15.6.1917/273/ئالتەشەھەر

10_13/1.7.1917/297_298/ساياھەتتىن بىر پارچە

10_15/1.8.1917/345_348/ئالتەشەھەرلىكلەر ھايا- تىدىن

10_16/15.8.1917/367_370/ئالتەشەھەر تۈركلىرى ھاياتىدىن

10_17/1.9.1917/389_392/ئالتەشەھەر تۈركلىرى ھاياتىدىن

10_18/15.9.1917/414_415/ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە

10_21/15.12.1917/486_487/ئالتەشەھەر تۈركلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھاياتىدىن

«ۋاقىت»
1745/11.4.1916/چىن مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن شەرئىي ئىدارىسىنىڭ كېرەكلىكى
1784/30.5.1915/كاشغەر خاتىرىلىرى
1795/12.6.1915/ئالتەشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار
1808/27.6.1915/ئالتەشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار
1813/4.7.1915/كاشغەردە ئۆزگىرىش
1816/8.7.1915/ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ھالىدىن
1820/12.7.1915/كاشغەر مەدرىسەلىرى
1830/24.7.1915/كاشغەر مۇسۇلمانلىرى ھالىدىن
1836/4.8.1915/كاشغەر
1939/8.8.1915/ئورۇس ۋە چىن مۇسۇلمانلىرى؟
1853/26.8.1915/كاشغەر مۇسۇلمانلىرىدا توي
1860/3.9.1915/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى
1873/20.9.1915/ئالتەشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار
1884/4.10.1915/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى - I -
1892/17.10.1915/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى - II -
1908/6.11.1915/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى - III -
1914/29.11.1915/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى - IV -
1927/29.11.1915/خوتەندە مەكتەپ ئېچىلىش تارىخى
1930/3.12.1915/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى - V -
1946/22.12.1915/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى - VI -
1963/17.1.1916/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى - VII -
1970/27.1.1916/ئالتەشەھەردە دىنىي ۋە مىللىي بايراملار
1993/2.3.1916/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى

2000/15.3.1916/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى

2011/3.4.1916/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى

2016/15.4.1916/چىن مۇسۇلمانلىرى ھالىدىن

2018/19.4.1916/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى

2024/29.4.1916/چىندىكى «ئالتەشەھەر»دىن

2027/4.5.1916/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى

2037/25.5.1916/كاشغەر نەشىر - مائارىپ جەمئىيىتى

2041/3.6.1916/ئالتەشەھەردە تىجارەت

2044/8.6.1916/چىن مۇسۇلمانلىرى ھاياتىدىن

2051/21.6.1916/ئالتەشەھەردە مەشرەپلەر

2055/28.6.1916/چىن مۇسۇلمانلىرى ھاياتىدىن

2062/10.7.19116/ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى

2064/13.7.1916/ئالتەشەھەردە ئەرەبلەر

2078/12.8.1916/چىن مۇسۇلمانلىرىدا رامىزان ئېيى

2086/28.8.1916/چىن مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا

2094/13.9.1916/چىن مۇسۇلمانلىرى تۇرمۇشىدىن

2109/12.10.1916/خوتەندىن

2117/26.10.1916/«ئالتەشەھەر» مۇسۇلمانلىرىدا مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش مەسىلىسى

2129/16.11.1916/ئالتەشەھەردە ۋابا

2141/11.12.1916/خوتەندە چۇما

2149/25.12.1916/ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا

2153/3.1.1917/مەركىزىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ۋە مەتبۇئات

2156/8.1.1917/چىن ۋە رۇسىيە تۈركىستانى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت



2167/27.1.1917/ئالتەشەھەردە خوتۇن ـ قىزلار ھايا-
تى

2226/21.5.1917/كاشغەردە
2290/29.5.1917/ئەندىجاندىن

## نوشىرۋان يائۇشېف ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى

«شۇرا»
23ـ531/31.12.1917/24ـ532/رىزائىددىن فەخرىد-
دىن: نوشىرۋان ئەپەندى يائۇشېف

ئىمام شەيخۇللاھ ئىبىنەتۇللىن سەرىبىكوف: نوشىرۋان يائۇشېف

سەدرۇددىن(سابىق بۇخارا مۇدەررىسى): مەرھۇم نو-
شىرۋان يائۇشېف ھەققىدە خاتىراتىم

«ۋاقت»
2290/29.5.1917/ رىزائىددىن فەخرىددىن: نوشىرۋان ئەپەندى يائۇشېف

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل كوررېكتور: خالمۇرات ئىمىن

# ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى

## ئاپتورى: نوشىرۋان يائۇشىف (رۇسىيە)



| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2013 ـ يىل 8 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2013 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 15.125 |
| باھاسى | : | 35.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-12668-2/K • 2198 (维 101)

**图书在版编目(CIP)数据**

阿尔提沙尔书信 ：维吾尔文 / (俄罗斯) 亚乌谢夫著；乌买尔江·努日，阿布力孜·买买提力编译. -- 北京:民族出版社，2013.3

ISBN 978-7-105-12668-2

I. ①阿… II. ①亚… ②乌… ③阿… III. ①维吾尔族－民族历史－史料－南疆－1916～1917－维吾尔语（中国少数民族语言） IV. ①K281.5-53

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 052402 号

---

责任编辑：阿合买提江·吾守尔
责任校对：哈尔木拉提·依明
出版发行：民族出版社　　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　　次：2013 年 8 月第 1 版 2013 年 8 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32
印　　张：15.125
定　　价：35.00 元

ISBN 978-7-105-12668-2/K·2198（维 101）